يۇسۇپجان ئەيسا



# ۋىسال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ISBN 7-228-09322-4
9 787228 093229 >

ISBN 7-228-09322-4
(民文) 定价 :19.60 元

15
1247.5
117

يۇسۇپجان ئەيسا

# [redacted]

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئايگۈل ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ۋىسال

يۈسۈپجان ئەيسا

*　*　*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى كائىلىن قەغەزچىلىك ـ مەتبەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 13.437 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2005 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—09322—4
باھاسى: 19.60 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据
相聚/玉斯甫・艾沙编。一乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.1
ISBN 7-228-09322-4

Ⅰ.相… Ⅱ.玉… Ⅲ.长篇小说一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 01072 号

责任编辑： 阿依古丽・阿西木
责任校对： 热娜古丽・阿布里米提
封面设计： 艾克拜尔・沙力

**相聚**(维吾尔文)
玉斯甫・艾沙 著

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
康林纸业印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 13.437 印张 2 插页
2005 年 4 月第 1 版 2005 年 4 月第 1 次印刷
印数:1—3000

ISBN 7-228-09322-4 定价：19.60 元

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇھەررىردىن

يۇسۇپجان ئەيسا 1926 - يىلى 6 - ئايدا قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر رايونى ئاقسۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1933 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىسى «بىرلىك مەكتەپ»، 1940 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان.

1943 - يىلىدىن 1944 - يىلى 11 - ئايغىچە چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىلمىي مۇدىر، مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1944 - يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلاش بىلەن ئۇنىڭغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان. 1944 - يىلى 11 - ئايدىن 1947 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى 2 -، 3 - شۆبە ساقچى ئىدارىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1947 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار نازارىتىدە مەسئۇل تەرگەۋچى، 1948 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە توققۇزتارا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، كۆنەس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە تەرگەۋ بۆلۈمچە باشلىقى، 1949 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار نازارىتى نوپۇس بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1950 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە غەربىي شىمال جامائەت خەۋپسىزلىكى مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1951 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە سابىق ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى سىياسىي قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ 1956 - يىلىدىن 1957 - يىلد-

غىچە تۇرپان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى؛ 1957 ـ يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە پىچان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى؛ 1958 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى ۋىلايەتـ لىك ج خ باشقارمىسى سىياسىي قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان؛ 1959 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق ج خ نازارىتى مەدەنىيەت قوغداش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشـ قارما باشلىقى بولغان؛ 1981 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە 3 ـ تـۈرمىنىڭ مـۇئـاۋىـن تۈرمە باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، 1987 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

خىزمەت جەريانىدا «پىدائىي»، «ساداقەت»، غەربىي شىـ مالنى ئازاد قىلىش، خاتىرە ئوردېنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتـ كوم، خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان شىنجاڭدا 30 يىل خىزمەت قىلغانلار خاتىرە ئوردېنى، مەركىزىي ئەدلىيە مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن بېرىـلـگـەن 30 يىللىق ئـەدلىيە خىزمەت خاتىرە ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

ئۇ ئالدىراش خىزمەت مۇھىتىدىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ۋاـ قىت چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبېكلەر ھەققىدە بىرمۇنچە ئەسلىمىلەرنى، ئەخمەتجان قاـ سىمىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن 32 پارچە ھېكايە، «مەرىپەتپەرۋەر ھېزىزەم ئاخۇنۇم»، «ئاشۇ يىللاردا»، «چۆلگە ئاققان شەربەت» قاتارلىق مـاقـالـىـلـەرنـى يېزىپ، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخـ مەتجان قاسىمى ھەققىدىكى ھېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا خېلى كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى ھەمدە «ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. قولىڭىزدىـ كى «ۋىسال» رومانىنى ئۇ 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزىشقا

كىرىشىپ، قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىش، پىششىقلاش ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى.

ئۇنىڭ بۇ رومانىدا بىر جۇپ ياشنىڭ پاك مۇھەببىتىنى يىپ ئۇچى قىلغان ئاساستا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ ۋەقە-لىكى قىزىقارلىق ھەم تەسىرلىك، چىنلىق تۇيغۇسى كۈچلۈك بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئەينى يىللاردىكى مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرەلەيدۇ.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 1

بىرىنچى قىسىم ئەجەل ھودۇقۇشىدا ........................ 1

بىرىنچى باب ........................................ 2

ئىككىنچى باب ........................................ 22

ئۈچىنچى باب ........................................ 57

تۆتىنچى باب ........................................ 72

بەشىنچى باب ........................................ 89

ئالتىنچى باب ........................................ 107

ئىككىنچى قىسىم قىساس ................................ 154

بىرىنچى باب ........................................ 155

ئىككىنچى باب ........................................ 229

ئۈچىنچى باب ........................................ 260

تۆتىنچى باب ........................................ 296

بەشىنچى باب ........................................ 311

ئۈچىنچى قىسىم مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ........................ 347

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكىتى ئادرېسى

# بىرىنچى قىسىم

## ئەجەل ھودۇقۇشىدا

# بىرىنچى باب

## 1

گۈزەل ئەۋلىيا چوققىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ يېزىنىڭ ئالدى ساي بولۇپ، سايدا بۇلاق سۇلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سۈپسۈزۈك ئېقىن ئېقىپ تۇراتتى. ساي بويىدىكى كۆپكۆك چىمەنزارلىقتا ئوتلاپ يۈرگەن ئوغلاق - قوزا، ئات - كالىلارنىڭ ئاۋازلىرى تاغ سۈيىنىڭ ئۆركەش ياساپ ئېقىشلىرىغا قوشۇلۇپ، مۇڭلۇق كۈي ھاسىل قىلاتتى. باغلاردىكى ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت چېچەكلىرى، رەڭمۇ رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ پۇراقلىرى تاغنىڭ مەيىن شامىلىغا قوشۇلۇپ، جانغا راھەتبەخش ئاتا قىلاتتى. يېزىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان ئەۋلىيا چوققىسى خۇددى ئۆينىڭ تۆرىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، ئاپئاق ساقال بوۋايدەك تارىخنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە كەڭ ۋادىغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن زىيالىيلار، شائىرلار، ئەدىبلەر مۇشۇ يېزىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگۈسى ئۈمىد - ئارزۇ پىلانلىرىنى باشلىغانىدى. شۇلارنىڭ بىرسى ئەلپاتتا ئاكا ئىدى. ئۇ ئالمائاتادىكى سوپى زارۋات ئالىي تېخنىكومىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، 1907 - يىلى ئۆز يېزىسىغا كۆچۈپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا يېزا خەلقىنى قاراڭغۇلۇق، ساۋاتسىزلىق، خۇراپاتلىق قارا تۇمانى قاپلاپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

ئەلپاتتا ئاكا يېزىدىكى ئىلغار كىشىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن مەسچىت يېنىدىكى ئىككى ئېغىز ۋەخپە ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ، ئىككى سىنىپ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، يېزىدا ئىلىم - مەرىپەت گۈللىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. 1908 - يىلى مىسماخان ئانا تۇنجى ئوغلى پولاتنى تۇغدى. مىسماخان ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغقان بولسىمۇ، قىزىل چىقىش، چېچەك چىقىش سەۋەبلىرى بىلەن تۈگەپ كەتتى. پولات كىچىكىدىن تارتىپلا ئەخلاقلىق، ئەقىللىق، زېرەك بولۇپ ئۆستى. ئۇ بىر نەۋرە تۇغقىنى گۈلنار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوينايتتى. ئۇلار مەكتەپ يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئەلپاتتا ئاكا ھەر ئىككىسىنى مەكتەپ تەربىيىسىگە ئېلىپ ئوقۇتتى، ئۇلار ئەلاچى بولۇپ بەشىنچى سىنىپنى تۈگەتكەندە ئەلپاتتا ئاكا سىنىپ سانىنى بەشكە كۆپەيتىپ، باشلانغۇچ سىنىپ دەرسلىرىگە پولات بىلەن گۈلنار ياردەملەشتى.

ئەلپاتتا ئاكا پولات بىلەن گۈلنارغا ھەر كۈنى كەچتە يېڭى دەرسلەرنى ئۆتۈش بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقى يېرىدە يۈز بەرگەن يېڭىلىقلار ئۈستىدە سۆزلەپ، خەلقىمىزنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېكسپىلاتاتسىيە زۇلۇمى بىلەن نادانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تاغنىڭ زىيىنىنى، ئىنسان ئۈچۈن ئازادلىق، ھۆرلۈكنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشەندۈرەتتى.

1929 - يىلى مىسماخان ئانا يالغۇز ئوغلى پولاتنى بىر قورساق سىڭلىسى جەنساخان ھەدىنىڭ تۇنجى قىزى گۈلنارغا ئۆيلەپ قويدى. گۈلنار ھۆسن - جامالى تولغان، ئېگىز بوي، قوشۇما قاش، قارا كۆزلۈك، ئەخلاق - پەزىلەتلىك قىز ئىدى. گۈلنار تويى بولۇپ يىلدىن ئېشىپلا ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئىش

ئەلپاتتا ئاتا بىلەن مىسماخان ئانىلارغا ھاياتىي كۆچ، خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى مەردان قويدى. ئەلپاتتا ئاكا پولات، گۈلنار قاتارلىق ئۆزى تەربىيىلىگەن سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچىنى غۇلجىدا ئېچىلغان سەككىز ئايلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتتى. يۇرت - جامائەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ 10 ئېغىزلىق يېڭىدىن مەكتەپ سالدۇردى. 1938 - يىلى جاللات شىڭ شىسەي ئەلپاتتا ئاكىنى «خائىن» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە يوقاتتى. بۇنداق پاجىئە ئالدىدا پولات باش ئەگمىدى. ئاتا ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ سىنىپ سانىنى 15 كە يەتكۈزدى، ھەر يىلى بىر قانچىلىغان ئوقۇغۇچىلار ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئىنستىتۇت، تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا كىرىپ، نۇرغۇن بىلىملىك كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. بىراق، ۋەزىيەت تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ پۈتۈن شىنجاڭنى، جۈملىدىن ئىلى ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. مۇشۇ گۈزەل يېزا كوچىلىرىدا كېچىلىرى لالما ئىتلار ھۇۋلايتتى. قايسىبىر ئەسكى تام يوچۇقلىرىدا ھۇۋقۇشلار سەت ھۇۋلاپ ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلاتتى. سوغۇقتا قېلىپ توڭلىغان ئىتقا ئوخشاش ئىشپىيون - جاسۇسلار كوچىمۇ كوچا، ئىشىكمۇ ئىشىك، دېرىزىمۇ دېرىزە ماراپ قاترىشىپ يۈرەتتى. تۇت، ئۈر، باغلا، يىغا - زارلار كۈن ئارىلاپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پولات ئەپەندى ئوڭدىسىغا ياتقان پېتى كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ كۆڭۈللۈك، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى باشتىن - ئاخىر ئويلاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى. بىر چاغدا قاراڭغۇ كېچە چىرمىغان يېزىنىڭ يۇقىرىقى كوچىسىدا ئىت قاۋىدى. ھايال

www.uyghurkitap.com

قالمايلا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىتلار قاۋاش بىلەن تۈننى بېشىغا كىيدى. قايسىبىر ئىتلار ئۆز تۈكىنى ئۆزى يۇلۇۋالغاندەك قەھرى ـ زەھرى بىلەن رەقىبلىرىگە ھاۋشىپ ھۇجۇم قىلاتتى.

— يەنە نېمە بالا بولغاندۇ؟ — دېدى پولات ئەپەندى ئورۇنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ.

— شۇنى دەيمىنا، ئىتلارنىڭ قاۋىشىغا قارىغاندا بۈگۈن يەنە ئادەم تۇتتىمۇ نېمە؟! — گۈلنار جوزا ئۈستىدىكى كۆرۈۋاتقان تاپشۇرۇقلاردىن بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، دېرىزە تەرەپكە قارىدى، — قاراڭ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازمۇ بار، ھەي ئىپلاسلار، بۈگۈن يەنە بىر نەچچە بىگۇناھ كىشىنى قاقشىتىدىغان بولدى ـ دە.

— چىراغنى ئۆچۈرگىنە، لالما ئىتلارنىڭ بۈگۈن ئىشىكمۇ ئىشىك، دېرىزىمۇ دېرىزە تىنىڭ ـ تىڭلايدىغان كۈنى، ھەي، ھەي، ئامال قانچە.

پولات ئەپەندى ئېغىر تىنىدى، گۈلنار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى تېخى كۆرۈپ بولالمىغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان مەردانىغا قاراپ يوتقىنىنى تۈزەپ يېپىپ قويدى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈردى. كوچىلاردىكى ئەنسىزچىلىك، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، ئاياللارنىڭ يىغا ـ زارلىرى بۇ ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇلار دېرىزىگە كېلىپ بىر پەس سىرتنى تىڭشىدى.

— قانداق قىلىش كېرەك، — دېدى گۈلنار ئېچىنىش ئىچىدە، — مانا قاراڭ، كۈن ئارىلاپلا بىگۇناھ كىشىلەرنى بۇنداق تۇتقۇن قىلسا، مېنىڭ جاپادا تاپقان ـ تەرگىنىمنى بۇلاپ ئەكەتسە، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ـ ھە!؟

— شۇنداق، گومىنداڭچىلار هازىر ئەجەل هودۇقۇشىدا. سىرتقى جەهەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ قارشىلاشتى. ئىچكى تەرەپتىن جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ ياپو-نىيە فاشىستلىرىغا قارىتا تەسلىمچىلىك پوزىتسىيىسىگە ئۆتۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، تەشكىلىي تەرەپتىن راسا چىرىكلە-شىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەمدى بىگۇ-ناه خەلقنى بۇلاش - تالاش، ئۇرۇش، قىيناش، ئاياغ ئاستى قىلىش، قاماش، ئۆلتۈرۈش بىلەن هاكىمىيەتنى ساقلاپ قالماق-چى. بىراق، زۇلۇم قانچىلىك ئاشسا، خەلقنىڭ قارشىلىقى، نارازىلىقىمۇ شۇنچىلىك ئاشىدۇ - دە.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، «ئۈزۈم پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ كۈتۈپ تۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ - دە. بۈگۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مىش - مىش سۆزىگە قارىغاندا هېلىقى هىممەت دېگەن مۇناپىقمۇ ئىشپىيون بوپتىمىش. بۇ جاللاتلار جەمئىيەت-تىن ئەمدى تىغ ئۇچىنى مەكتەپتىكى زىيالىيلارغا قاراتتى دېگەن سۆز. ئەنسىرەپلا يۈرىمەن، ئاخىر قول سالىدىغاندەكلا قىلىدۇ.

— هىممەت، — پولاتنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى. ئۇ بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دەپ كونىلار بىكارغا دېمىگەن - دە. ئاللانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي بىر غۇلاچ تەسۋىنى شاراقلىتىپ، خۇدانىڭ ئۆيى — مەسچىتنىڭ ئىمامى بولغان بوۋىسىدىن تارتىپ باۋجاڭ دادىسىغىچە ئىشپىيون بولۇپ يالغان - ياۋىداق سۆزنى توقۇپ ئۆزىنىڭ يۇرتداش - قېرىنداش-لىرىنى قامىتىۋاتقان يەردە هىممىتقا ئوخشاش مەلئۇننىڭ ئىشپى-يون بولۇشى تەبىئىي - دە، — ئۇ ئېغىر تىن ئالدى، ئاندىن

www.uyghurkitap.com

سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھېمىت ئالدى بىلەن مېنىڭ ئۇشتۇمدىن ماتېرىيال بېرىدۇ. مېنى قامىتىپ، ئورنۇمغا مەكتەپ مۇدىرى بولىدۇ. «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن مانا شۇ. ئەھەت باۋجاڭنىڭ مەنسىپى، مال - دۇنياسى شۇنىڭدىن كەلگەن تۇرسا.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەنسىرەپلا يۈرمەن، ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىساق بولمىدى، — دېدى گۈلنار.

— ھە، ھە، ھە! «پىچاق سۆڭەككە يەتتى» دېگەن مانا مۇشۇ، — ھەسرەتلەندى پولات ئەپەندى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز مۇشۇ كۈنگىچە خەلققە قىلچە يامانلىق قىلمىدۇق، يېزىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشىلاپ ئوقۇتقۇچىلىق بۇرچىمىزنىلا ئادا قىلدۇق، بۈگۈنكى كۈندە مۇستەبىت ھاكىمىيەت خەلقىمىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ھەددىدىن ئاشتى. بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەلقىمىزنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بۇ يولدا قۇربان بېرىش شەرەپلىك ئىش.

— شۇنداق، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك، — قوشۇمچە قىلدى گۈلنار.

— شۇنداق، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك». مەن شەھەرگە چۈشەي. بىر سەپدىشىمدىن ئۇقۇشۇمچە، سۈيدۈڭ، نىلقا تاغلىرىدا قېچىپ يۈرگەنلەر قورال ئۇقۇشۇپ يۈرۈپتۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا شەھەردىكى زىيالىيلارمۇ تىنچ ياتماسلىقى تەبىئىي، ئەڭ مۇھىمى شەھەردىكى زىيالىيلار بىلەن بىرلىشىپ پىلانلىق ھەرىكەت قىلىش كېرەك. سەنچە قانداق؟ — سورىدى ئۇ. گۈلنار يولدىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى - دە:

— بولىدۇ، چوشۇق، — دېدى.

ئەنسىز كېچە، ئىتلارنىڭ توك ـ توكىنى يەپ قاۋاشلىرى، ئاتلارنىڭ دۇپۇرلەشلىرى، ئايال ـ بالىلارنىڭ يىغا ئارىلاش نالە ـ زارلىرى تون نىسپىدە جىمىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىگىسىز قالغان ئىتلارنىڭ قورقۇنچلۇق هوۋلاشلىرى بىلەن هوۋقۇشنىڭ سەت هوۋلىشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئىك-كىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپ تاڭغا يېقىن كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى.

## 2

ماي ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىدى. باغلار قاراڭغۇ-لىشىپ كەڭ ۋادىلار يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. يېڭىدىن تاختا بولۇشقا باشلىغان بۇغداي، ئارپىلار مەيىن شامالدا شاۋقۇنسىز دېڭىز سۈيىدەك سىلكىنىپ تۇراتتى. كاككۇك گۈلى، سېرىق چېچەك، كۆپكۈك شىۋاقنىڭ قېرىق پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بوز تورغايلار بەسلەشكەندەك بىرسىنىڭ كەينىدىن بىر-سى تىك كۆتۈرۈلۈپ كۆك ئاسماندا قاناتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ مۇڭلۇق سايرىشاتتى.

ئىككى ئاتلىق كىشى چىغىر يولدىن چىقىپ چوڭ يول بىلەن يېزىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. هەر ئىككىسىنىڭ كىيگىنى قارا كۆك كاستۇم ـ بۇرۇلكا بىلەن قارا خۇرۇم ئۆتۈك، بېشىدا شەپكە، قارىماققا 40 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ئانچىلا پەرقلەن-نىپ كەتمەيتتى. بىرسىنىڭ مىنگىنى كۆل رەڭ قاشقا، يەنە بىرسىنىڭ بوز ئات ئىدى. كۆل رەڭ قاشقا بىلەن بوز ئات بىر ـ بىرسى بىلەن يول تالاشقاندەك يۈگەن سىرىپ

ماڭاتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ چىۋىنقاپ پۇشقۇرۇپ، باشلىرىنى سىلكىشىپ قوياتتى. بۇ ئىككى كىشى بىر نەرسىدىن ئېھتىيات قىلىشقاندەك پات ـ پاتلا ئۇيان ـ بۇيان قارىشىپ قوياتتى.

— ئۆز ۋاقتىدا ھەر يىلى يازدا ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ چىقىپ ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتەتتۇق. شېڭ شىسەي بۇ يېزىدىن ئەلپاتتا ئاكىنى، غۇلجا شەھىرىدىن بىزنىڭ پەدەرنى «خائىن» دەپ قولغا ئالدى. خائىنىنىڭ پۇشتى دېگەن بەتنام بىلەن يۇرۇش ـ تۇرۇشىمىز چەكلىنىپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە چىقالمىدۇق، — دېدى كۆل رەڭ قاشقىغا مىنگەن قاراقاش، قوي كۆزلۈك، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرغان بۇرۇتلۇق كىشى.

— ئۇلار بىزنى تۈرلۈك تەن جازاسى بىلەن قىيناپ ھوشسىزلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۆزلىرى توقۇپ چىققان سوراق خاتىرىلىرىگە بارمىقىمىزنى باستۇرۇۋاپتۇ. ۋاي ئەبلەخلەر، ئۇلار دېگەن جىنايەتلەرنىڭ بىرەرسى بىزدە بولسىچۇ كاشكى، بىز ئۇرۇمچى 4 ـ تۈرمىدە ئەلپاتتا ئاكا بىلەن بىر يىلچە بىرگە ياتتۇق. كېيىن، جەمئىيەتتە ئابرۇيى چوڭراق بولغانلارنى بىر كېچىدىلا ئەكېتىشتى. قاياققا ئاپارغىنىنى بىلمەيمىز، ئۇلار ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىدى. كېيىن ئۇقساق، شۇدىلەڭ دېگەن يەردىكى مەخپىي تۈرمىگە ئاپىرىپ ئۇجۇقتۇرۇپتۇ. تۆت يىللىق تۈرمە ھاياتىدا كۆرمىگەننى كۆردۇق. بۇ جانلارمۇ زاكالەتكە قالغان جان دەڭا، — بوز ئاتقا مىنگەن ئاق سېرىقى شۇنداق دېدى ـ دە، ئېغىر تىنىۋالدى، ئاندىن، — مۇشۇ مۇناپىق گومىنداڭچى ليۇ جۇيجاڭ ئاخىرقى ئىككى قېتىم سوراق قىلىپ، قىيناپ چالا ئۆلۈك قىلىپ يالغان ئىقرارنامىگە قولۇمنى قويدۇرۇۋاپتۇ. بۇ جاللات ھازىر غۇلجىغا كەلدى. ۋاقتى

كەلگەندە ئۆز قولۇم بىلەن جايلىسام دەيمەن، — دېدى.
— شۇنداق، ئارمىنىمىزغا بۇ قېتىم چوقۇم يېتىمىز. «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» دېگەنغۇ. بۇ قېتىم بۇ مۇناپىقنى «مىنەل ھەق» ئۇچۇرۇپ كەلدى. «كىشىگە قىلغان، كىشىدە قالماس» دېگەن شۇدە، — دېدى ئىككىنچىسى.
ئۇلار مەھەللىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ئاتلىرىنىڭ بېشىنى بۇراپلا سايغا چۈشتى. ئاتلىرىنى قامچىلىشىپ، يۈرۈشىنى ئىت-تىكلەتتى - دە، بىر پەس مېڭىشقاندىن كېيىن ئاتلارنى قاپتال يولغا سېلىشتى.
— مەشەدىن چىقساقلا پولاتنىڭ دەرۋازىسى، — دېدى كۆل رەڭ قاشقا ئاتنى مىنگىنى.
ئۇ ئاتنى توختىتىپ، ئۆزەڭگىگە دەسسەپ تۇرۇپ بوينىنى سوزۇپ يولنىڭ ئۇيان - بۇيېنىغا قارىدى - دە:
— ھېچكىم كۆرۈنمەيدۇ، ئاتنى قامچىلاڭ، — دېدى.
ئۇلار سايدىن چىقىپ دەرۋازىغا يېقىنلاشتى. قامچا بىلەن يېپىقلىق تۇرغان دەرۋازىنى ئىتتىرىپ ئاچتى - دە، ھەر ئىككى-سى قورۇغا كىرىپ دەرۋازىنى قانداق ئاچقان بولسا شۇنداق يېپىپ قويۇشۇپ، ئۇتتۇرلا ئات ئېغىلىغا قاراپ مېڭىشتى. لەمپە ئاستىدا كىر يۇيۇپ ئولتۇرغان گۈلنار بۇ ناتونۇش ئادەملەرنى كۆرۈپ قورققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئىككى قولى جەينىكىگىچە سوپۇن يۇقى، غال - غال تىترەيتتى. چىرايى تاتىرىپ ئۆڭسىلى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاخشامقى ئەنسىز كېچىدە قولغا ئېلىنىپ، پۇت - قولى باغلىنىپ ئەتىگەن ناھىيىگە ئېلىپ مېڭىلغان تۆت نەپەر گۇناھ-سىز تۇتقۇن بىلەن قاڭغىر قاقشاپ قالغان ئايالى، تېخى يېشىغا توشمىغان نارەسىدە باللىرى كەلدى. ئۇ ئىككى كىشى ئات

www.uyghurkitap.com

ئېغىلنى ئاختۇرۇپ چىقىپ، «كۆتەر قولۇڭنى، پو-
لات قېنى؟» دەيدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئىچكىرىكى
ئېغىلغا باغلاپ قويۇپ قورۇغا چىقتى - دە، قامچىلىرى بىلەن
ئۆتۈكلىرىدىكى توپىنى قېقىشتى.

«كىملەر بۇ؟ كۆرگەندەكلا قىلمەمەنغۇ؟»

گۈلنار ئورنىدىن تۇرۇپ تىكىلىپ قارىدى.

— هوي، «كۆزۈڭ كۆرمىسە تام تۆشۈكى» دېگەن مۇشۇ - دە. قەمبىرى، قارا، گۈلنار مەشەدە ئولتۇرسا ئىككى ئۆتەك ئادەم كۆرمىگىنىمىزنى. گۈلنار، ياخشىمۇ سىز؟ پولات، باللار ھەممىسى ياخشىدۇ؟ سىلەر بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگە توپتوغرا يەتتە يىل بوپتۇ.

گۈلنار سىنچىلاپ قارىدى:

— ۋاي ئېسىم قۇرۇسۇن، رەخىم ئاكامغۇ، يائاللا، جې-نىمنى ئېلىپ يەرگە قويدۇڭلار - دە، قورققىنىمنى دېمەمسىلەر، — گۈلنار ئۇلار بىلەن ئامانلىق سوراشتى. رەخىم ھەمراھىنى تونۇشتۇرۇپ:

— قەمبىرى، بەلكىم ئىسمىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭلار، — دېدى.

— ھە، ھە، ھە، قەمبىرى ئاكىنىڭ نامىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغاندۇق، تېخى ئاخشاملا پولات ئىككىمىز سىلەرنىڭ گې-پىڭلارنى قىلىشقاندۇق. راستىنلا ئاخىرقى زامان بولاي دېدى-مۇ نېمە؟ سىلەرنى شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندەك. ئەستاغپۇرۇللا رەخىم ئاكا، تۇرغان تۇرقۇمنى قاراڭلارچۇ، — گۈلنار قەمبە-رى بىلەن ئامانلىق سوراشقاچ قوللىرىدىكى مازغاپنى سۈرتۈپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى.

— سىڭلىم، بىزمۇ خۇددى سادىن ئۈركۈگەن چۆچىدەك

ئۆز سايىمىزدىن ئۈركۈپ قورۇغا ئارانلا كىرىۋالدۇق. سىزنى قورقۇتۇپ قويدۇق - ھە؟ «توشقاندەك مىلىك كۆن ياشىغاندىن كۆرە، بۆركۈتتەك بىر كۆن ياشا» دېگەن كۆنلەرمۇ كېلىپ قالار، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.

قەمبىرى ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن:

— شۇنداق كۈنلەرمۇ بىزگە نېسىپ بولار ئىلاھىم، — دەپ قوشۇپ قويدى.

— رەخىم ئاكا، پولات باغدا، ئۆيدىن باغ ئوچىراق، قانداق دەيسىلەر؟ — دېدى گۈلنار ۋە مېھمانلارنىڭ مەقسىتىنى بىلگەندەك ئۇلارنى باغقا باشلىدى.

«ھۆسن - جامالىغا يارىشا ئەقىل - ئىدراكىنىمۇ بىرگە ئاتا قىپتۇ بۇ ئايالغا» دەپ ئويلىدى قەمبىرى.

باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۇپا بولۇپ، سۇپا ئۈستىگە كىگىز - گىلەملەر سېلىنغلىق ئىدى. بىلگەندەكلا بۈگۈن ئەتىگەندە غۇنچەم سۇپىنىڭ ئۈستىنى پاكىز سۈپۈرۈپ تازىلاپ ئەتراپىغا سۇمۇ سېپىپ قويغانىدى. باغنىڭ ئىشىكىدىن تارتىپ سۇپىغىچە بولغان يولنىڭ ئىككى چېتى گۈللۈك بولۇپ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. ئالۇچا، ئالگىرات، ئۆرۈك، ئالما، شاپتۇل، نەشپۈتلەر شاخ - شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي، ئاستىغا تېرەك قويۇلغان. باغ بۇك - باراقسان، بۇلبۇل، كاككۇكلارنىڭ مۇڭلۇق سازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— قارا! — دېدى رەخىم قەمبىرگە مېۋىلەرنى كۆرسىتىپ، — ئەلپاتتا ئاكا ئۆز ۋاقتىدا زارۋاتتا ئاگرو تېخنىك فاكۇلتېتىدا ئوقۇپ ئىككى يىل يەركەنتتە بىر باغۋەنچىلىك مەيدانىدا ئىشلىگەن. بۇ جەريانىدا ئۇ مىچۇرىننىڭ چاڭلاشتۇرۇش

ئۇسۇلىنى تەجرىبە قىلىپ ئۆگەنگەن. بۇ يەرگە كېلىپ مۇشۇ كوچىلەرنى ئۆزى تاللاپ ئۆستۈرۈپ مېچۇرىن تەلىمى بويىچە چاتلاشتۇرۇش بىلەن سورتنى ياخشىلىغان. كوچىلەر مېۋىگە كىرگەن يىلى جاللات شىڭ شىسەي مەرھۇمنى «خائىن» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىپ ئەكەتتى. قارا، شۇنچىلىك ئەجىرنىڭ تەمىنى تېتىغان بولسىچۇ كاشكى، ھەي، تەكشەلمىگەن جاھان - دە، بۇ.

ئۇلار ئېچىنىش ئىچىدە مەرھۇمنى ئەسلەشتى.

— مەردان! ھەي مەردان! داداڭنى چاقىرغىنا، ئۆيگە مېھمان كەلدى، — گۈلنار ئوغلىغا قاراپ توۋلىدى. قولۇپىنىڭ تېرىشىپ يۈرگەن مەردان بىلەن غۇنچەم كېلىپ مېھمانلارغا سالام قىلىشتى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى ئالىيۇمىن جاۋۇردا باش بۇرنى بولۇپ پىشقان قىپقىزىل قولۇپىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇراتتى.

— رەخىم ئاكا، بۇ ھىلىقى ئېغىز گارمونى دەپ جېدەل قىلىدىغان مەردان، بۇ ھەدەمنىڭ قىزى غۇنچەم، — دېدى گۈلنار ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ.

— قارا مەردان سېنى، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپسەن، قېنى ئېيتە، قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىسەن؟

رەخىم بىلەن قەمبىرى ئۇلارنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە سىلاپ تۇرۇپ سوراشتى.

— بۇ يىل 5 - سىنىپتا، — دېيىشتى مەردان بىلەن غۇنچەم.

— ھەببەللى، يارايسىلەر، دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ ئەلاچى بولۇپ، ۋەتەن، مىللەتنىڭ كەلگۈسى ياراملىق ئىگىلىرى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىڭلار كېرەك، قانداق دېدىم؟ ! —



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەمبىرى ئۇلارنىڭ سۆزىگە مەمنۇن بولغان هالدا شۇنداق دېدى.

— بىز چوقۇم تىرىشىپ ئوقۇپ سىز دېگەندەك ئەلاچى بولىمىز، — دېدى مەردان.

— سىزچۇ قىزىم؟ — سورىدى قەمبىرى.

— مەنمۇ چوقۇم ئەلاچى بولۇپ ئوقۇيمەن، — دېدى غۇنچەم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— دادا! دادا!

مەردان باغنىڭ تۆرىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. پولات ئەپەندى قويۇق ئالما شاخلىرى ئارىسىدىن بۇ ئىككى كىشىنى كۆرۈپ بىرپەس تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

«بۇلار كىملەر؟ باغدا نېمە قىلىپ يۈرىدۇ؟» ئۇ پىچىرلايتتى. خىيالىغا ئاللىقانداق ئىشلار كېلىپ ئەنسىرەيتتى.

— دادا! دادا! شەهەردىن ئىككى مېهمان چىقتى، ئاپام سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. بول، يۈرە، — مەردان دادىسىنى ئالدىراتتى.

— كىملەر ئىكەن ئۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— بۇرۇن بىزنىڭ ئۆيگە چىققانىكەن، دادا. بىرى مېنىڭدىن ئوقۇشۇڭلار قانداق، دەپمۇ سورىدى تېخى، ئىسمى قەمبىرى ئىكەن.

— قەمبىرى؟ — تەكرارلىدى پولات ئەپەندى.

— راست، شۇنداق، قەمبىرى، يەنە بىرسىنىڭ ئېتى رەخىم ئىكەن.

— قەمبىرى، رەخىم، — پولات ئەپەندى كەتمەننى قىر بېشىغا قويدى - دە، مېهمانلارغا قاراپ ماڭدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئۆزئارا سالام ـ سەھەت قىلىشىپ، قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— قەمبىرى، — تونۇشتۇردى رەخىم.

— رەھمەت رەخىم ئاكا! قەمبىرى ئاكام بىلەن كۆرۈشكىنىمگە تولىمۇ خۇشالمەن، شۇنداقلا خىجىلمەن، ئالدىڭىزغا چۈشۈپ ئەھۋال سوراش ھەققىم بار ئىدى.

— رەھمەت ئىنىم، ۋاقىت شۇنداق، — مىننەتدارلىق بىلدۈردى قەمبىرى.

گۈلنار بىلەن غۇنچەم دەرھال گىلەم ـ كۆرپىلەرنى ئاچىقىپ سۇپىغا سېلىپ، داستىخان تەييارلاپ ساماۋاردا چاي كەلتۈردى.

— قېنى رەخىم ئاكا! بۈگۈن قونامسىلەر ياكى كېتەمسىلەر؟ — سورىدى پولات ئەپەندى.

— گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەك كېتىمىز. بىزنىڭ كىرگىنىمىزنى ھېچكىم كۆرمىدى، — دېدى رەخىم.

پولات ئەپەندى گۈلنار بىلەن باللارغا تاماق تەييارلاش بىلەن باشقا ئىشلارنى تاپشۇردى.

— مەھەللە ئىچى قانداقراق؟ — سورىدى رەخىم.

— ھە، قويساڭلارچۇ، بىر كۈنلا تۆرۈپ بىر كۈندە ئادەم تۇتۇش. ئاخشام تۆت دېھقاننى «ئاتكەزچى» دېگەن باھانە بىلەن قولغا ئېلىپ بۈگۈن ئەتىگەندە پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئەكەتتى. مۇشۇ كىچىككىنە بىر يېزىدىن «ئاتكەزچى، ئوغرى، قىمارۋاز» دېگەن نام بىلەن قولغا ئېلىنغىنى 37 كىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مىلك جاپادا پىشىپ ـ كۆيۈپ تاپقان ـ تەرگىنىنى ئېلىپ كېتىشتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۈچ ئائىلىگە بىردىن ئىشپىيون قويۇلغان ئوخشايدۇ. ئاكسىز خەلق، نىمە دەيسىلەر، ئايرىملى-

ـرى ئازغىنا پۇل، نەپسىنى دېسە، كۆپچىلىكنى مەجبۇرىي ئىش-
قا سالغان. بىچارىلەردە گۇناھ بولسىچۇ كاشكى. ئامال قانچە،
بىلىپ تۇرۇپ قاراپ تۇرۇۋاتىمىز، بەزىدە غەزىپىم كېلىپ تى-
لىمنى چىشلەپ ئۈزۈۋالاي، كۆزۈمنى ئويۇپ قارىغۇ بولىۋالاي،
دەيمەن. بەزىدە قارىنىمنى يېرىپ بىراقلا تۈگىشەي، دەيمەن. بىز
بىر ئوقۇتقۇچى، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئوقۇتۇشلا ئەمەسقۇ؟ شۇن-
داقمۇ؟

پولاتنىڭ سۆزلىرىدىنى ئاڭلاپ قەمبىرى بىر پەس ئويلاندى ـ دە:

ـــ مەن سىلەرگە بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇپ بېرەي، ـــ دېدى.

ئۆزگە باغلار باھار بولسا، بىزنىڭ باغدا كۈز،
مەيلى ئەمدى مېۋىلەرنى ئۈزگىنىڭچە ئۈز.
ئۈنىڭغا ھەم يۈرەك باغرىڭ قانىمىسا مەلئۇن،
يىلتىزىدىن يۇلۇپ تاشلا بۇ باغنى تۈپتۈز.

مانا بۇ شېئىرنى ئابدۇللا روزى تۈرمىدە يازغانىدى.
قەمبىرى بۇ سۆزدىن كېيىن پولاتقا، ئاندىن رەخىمگە قارى-
دى. رەخىم قەمبىرىنىڭ مەقسىتىنى بىلدى ـ دە:

ـــ پولات ئۇكام، بىز بىر ـ بىرىمىزگە مەلۇم ئادەملەر،
شۇنداقمۇ؟ قېنى ئېيتە، شەھەرگە چۈشۈپ بىزنى ئىزدەشتىكى
مەقسىتىڭ نېمە؟ ياكى بىز چىقىشتىكى مەقسىتىمىزنى
دەيىلىمۇ؟ ـــ سورىدى رەخىم.

ـــ رەخىم ئاكا! قەمبىرى ئاكا ئوقۇغان شېئىردىكى «باغ-
لارنى تۈپتۈز قىلىۋېتىشكە ئەمدى يول قويۇش كەلگۈسى ئەۋلاد-

لار ئالدىدا جىنايەت ھەم خىيانەت بولىدۇ، قىنى مەقسەتلىرىنى دەڭلار، — دېدى پولات ئەپەندى ئۇچۇق قىلىپ.

— شۇنداق، — سۆزىنى باشلىدى قەمبىرى، — بىز تۇرمىدىكى چاغدا مەرھۇم ئەلپاتتا ئاكا ۋە باشقىلار تۇرمىدىن سالامەت چىقىپلا قالساق بىزگە پايدىلىق بىر شەرت - شارائىت، ۋاقىت يېتىپ كەلسە، كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۈچۈن ئازاد يېڭى دۇنيا يارىتىشقا قەسەم ئىچىشكەنىدۇق. ئەپسۇسكى جاللات شىڭ شىسەي كۆپلىگەن يولداشلىرىمىزنى تۇرمىدە نابۇت قىلدى. ئەمەدى ساق قالغانلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىرادە، ئۈمىد - ئارزۇلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلار ئويلىغان ئىشلارنى چوقۇم قىلىشىمىز كېرەك، — قەمبىرى ئالدىدىكى پىيالىدىن ئىككى يۇتۇم چاينى ئىچتى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھازىرقى ۋەزىيەت بىز ئۈچۈن راسا پەيتى. ئېيتايلى، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى ئىچكى تەرەپتە جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ، ياپونغا قارشى ئۇرۇشتا كومپارتىيىگە، ئازادلىق ئارمىيىگە ئاكتىپ قارشى تۇرۇپ، ياپونىيە فاشىستلىرىغا قارىتا تەسلىمچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. جۇڭگو خەلقىنى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي جەھەتتىن ئېزىپ، جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك غەزىپىنى قوزغىدى، — قەمبىرى ئىچكى ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى، — گومىنداڭ ھاكىمىيىتى تاشقى جەھەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سىياسىي - ئىقتىسادىي توختاملارنى بىر تەرەپلىمە يىرتىپ تاشلاپ قارشىلىشىش بىلەن بىرگە ئامېرىكا - ئەنگلىيە بىلەن بىرلىشىپ، ئىچكى تەرەپتە شىنجاڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ئازادلىق ئۇرۇشقا قارشى ھەربىي بازا

قىلىشقا جىددىي تىرىشتى. دېمەكچىمىزكى، گومىنداڭنىڭ بوّن-
داق مەخپىي ۋە ئاشكارا قىلىۋاتقان جىنايى ھەرىكىتىگە جۇڭگو
خەلقى، شۇنداقلا سوۋېت ھۆكۈمىتى ھەرگىز يول قويمايدۇ.
«پىچاق سۆڭەككە يەتكەن» خەلق ئەمدى ھەرگىزمۇ تاقەت قىلىپ
تۇرالمايدۇ. ئەمدىكى مەسىلە تەشكىللىنىش، قوزغىلاڭ كۆتۈ-
رۈشتە قالدى.

قەمبەرى ۋەزىيەت ئۈستىدە توختالغاندىن كېيىن سۆزىنى
تۈگىتىپ رەخمىگە قارىدى.

— ئەھۋال شۇنداق، — دېدى رەخىم بۇرنىنى سىلاپ
تۇرۇپ، — پولات ئۇكا، بىزنىڭ چىقىشىمىزدىكى مەقسەت،
قەمبەرى دېگەندەك ۋەزىيەت جىددىي ھەم كەسكىن، ھازىر ئۇ-
رۇمچىدىن لىيۇ جۇيجاڭ دېگەن جاللات كەلدى. بۇ ئەسلىي غۇل-
جىلىق بولۇپ، شىڭ شىسەينىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقۇ-
رۇش ئىدارىسى مۇئاۋىن باشلىقى. لى جۇيجاڭ، لى يىڭچى،
لى پولىن دېگەن بۇ ئۈچى شىڭ شىسەينىڭ جاللاتلىرى. شىڭ
شىسەي ئاشۇ يەرلىك جاللاتنى ھازىرقى ئىلى تەۋەسىدە يۈز
بېرىۋاتقان داۋالغۇشنى قولغا ئېلىش، قىرىش، چېپىش بىلەن
بېسىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. شىڭ شىسەي ئۆتكەندە ھەرخىل باھانە-
لەر بىلەن خەلقىمىزنى قىرغان بولسا، ئەمدى ئۇلار كېلىپ،
چوڭ تۇتقۇن قىلىش، چوڭ قىرغىن قىلىشقا كىرىشتى. ئىك-
كىنچى ئەھۋال، ھازىر زىيالىيلار ۋە يۇقىرى قاتلام ئىچىدىن
چىققان بىر تۈركۈم ۋەتەن، خەلق سۆيەر كىشىلەر گومىنداڭ
ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭ خەلقىنى ئازاد قى-
لىش ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۈچىنچى ئەھۋال، بىر-
مۇنچە كىشىلەر تاغ - ياقىلاردا قېچىپ يۈرۈپ، قوزغىلاڭ كۆتۈ-
رۈشتەك ھەرىكەت قىلىپ يۈرىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، گومىنداڭ

مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شىنجاڭدىكى ھەر
مىللەت خەلقىنى ئازاد قىلىش ۋاقتى پىشىپ يېتىلىشۋاتىدۇ.
ئەمدىكى مەسىلە تەشكىللىنىش. دېمەك، قەمبىرى ئىككىمىز-
نىڭ چىقىشىمىزدىكى مەقسەت مانا مۇشۇ. چۈشىنىمىزكى، سى-
نىڭ بىزنى ئىزدەپ چۈشۈشىڭدىكى مەقسەتمۇ مۇشۇ بولۇشى
چوقۇم، شۇنداقمۇ؟
پولات ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلارنىڭ باشلىرى
يېقىنلىشىپ، پىكىر، مەسلىھەت، پىلانلىرى بارغانچە
چوڭقۇرلاشتى.
— بۇ ئىشقا دىنىي ساھەدىكى، شۇنداقلا يۇقىرى قاتلامدى-
كى زىيالىيلارمۇ قاتنىشىدۇ. — دېدى قەمبىرى.
— ئۇرۇش ئۇستىدە كىچىك خېنىم بىلەن داڭقال چۆگۈن-
نى ئاتقا بۆكتەرلەپ يۈرىدىغان ئەھۋال تەكرارلانماقچىمۇ، —
پولات ئەپەندى قەمبىرىنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ئۇنىڭ سۆزىنى
بۆلۈۋەتتى. قەمبىرى بىلەن رەخىم ئۇنىڭ سۆزىنىڭ تېگىگە
دەررۇلا يەتتى ــ دە، مىيىقىدا كۈلۈشتى.
— بىرلەشمەي بولمايدۇ، — دېدى رەخىم پولاتنىڭ
سۆزىگە جاۋابەن. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھازىرقى
ئەھۋالدىن ئېيتقاندا، ئۇلارمۇ جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ مۇس-
تەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى
ئاغدۇرۇپ تاشلاپ شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت خەلقىنى ئازاد قى-
لىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئىجتىمائىي جەھەتتىن
ئېيتقىنىمىزدا، شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىگە قارىتا
مۇستەبىت ھاكىمىيەت «كوممۇنىست قىزىل پاچاقلار دىنىنى يو-
قىتىدۇ، بايلارنى يوقىتىدۇ، شەخسىي ئائىلە، تۇرمۇش بولماي-
دۇ، ھەممە ئادەم بىر قازاندا تاماق يەيدۇ» ۋەھاكازا دېگەن

پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىۋاتىدۇ، شۇڭا خەلقتە «كوممۇنىزم ۋەھىمىسى» ئېغىر ساقلىنىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىزدە ھېچقانداق تەييارلىق يوق، شۇنداقلا ۋاقتىمۇ يوق. ئەگەر قوزغىلاڭ كۆتۈرسەك ھەرقايسى ساھەدىكى خەلقنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمىگە تايىنىپلا ئۇرۇش قىلالايمىز. مانا بۇ بىزنىڭ ھازىرقى كۆزدە تۇتقىنىمىز.

رەخىم سۆزىدىن كېيىن قەمبىرىگە قارىدى.

— ئەھۋال رەخىم دېگەندەك، تۇپكى مەقسىتىمىز شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەت خەلقىنى گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمىدىن ئازاد قىلىش بولۇپ، بىز ھازىرقى ۋەزىيەتكە ئاساسەن ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش، پۈتۈن خەلق ئاممىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان تاكتىكا - شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز، — قوشۇمچە قىلدى قەمبىرى.

قەمبىرىنىڭ سۆزىدىن كېيىن، ئۇلار بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە بىرنەچچە مىنۇت جىم تۇرۇشتى.

«قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇمۇ ئۆزى قىلغان، قىلماقچى بولغان ئىشلارنى ئوچۇق دېيىشى كېرەكمۇ؟ قەمبىرى بىلەن رەخىمنىڭ تەلىپى بويىچە بۇنداق ئېغىر، خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەكمۇ؟» — دەپ ئويلىدى پولات ئەپەندى، — ئەگەر ئۇلار بۈگۈن بۇ يەرگە چىقمىغان بولسا، ئەتىگە مەن چوقۇپ ئۇلارنى ئىزدەيتتىم.

— ماقۇل، خەلقىمىزنى ئازاد قىلىش يولىدا ھەرقانداق ئېغىر ھەم خەتەرلىك ۋەزىپە بولسىمۇ قىلىمەن، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى ئۇ ئاخىر.

— يارايسەن ئىنىم، بىز سېنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىدا قۇربان بېرىشتىن قورقماي ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىد-

غانلىقىڭغا ئىشەنگەنىدۇق؟ — دېدى رەخىم ۋە قەمبىرى ئىك-
كىسى پولاتنىڭ قولىنى دوستلارچە قىسىپ تۇرۇپ. شۇنىڭدىن
كېيىن ئۇلار ئۆزئارا مۇناسىۋەت، تەشۋىقات - تەرغىبات، خەلق
ئاممىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈش، مەخپىيەتلىكنى ساقلاش،
ئىقتىسادىي ئىشلار ئۈستىدە بىرلىككە كېلىشتى.

گۈلنار بىلەن مەردان، غۇنچەملەر يېڭى سويۇلغان پاقلان
گۆشىدە تەييارلانغان نېرىن چۆپنى كۆتۈرۈشۈپ كىرىپ مېھمان-
لار ئالدىدىكى جوزىغا قويۇشتى. مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن نې-
رىننى يېيىشتى.

— سەن مېنى كۆرمىدىڭ، مەن سېنى كۆرمىدىم، —
دېدى پولات.

— ئىنىم پولات، سۆزۈڭ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولدى.
ئۇ سۆز سەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى «پارول» بولۇپ
قالسا قانداق دەيسەن؟

— قەمبىرى توغرا دەيدۇ، بۇ سۆز بىز ئۇچۇن
تەجرىبە - ساۋاق، ئەڭ مۇھىمى قەسەم بولىدۇ، — دېدى
رەخىم.

ئاندىن ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشتى. گۈلنار كوچىغا چىقىپ
قارىدى. كوچىدا ھېچكىم كۆرۈنمىدى.

— خەير، سېنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سەن كۆرمىدىڭ.
دوستلار قول ئېلىشتى. ئۇلار ئۇچقاندەك سايغا چۈشۈپ
شەھەرگە قاراپ مېڭىشتى.

— سېنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سەن كۆرمىدىڭ، —
دېدى گۈلنار يولدىشىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

پولات گۈلنارنىڭ قولىنى تۇتۇپ يۈرىكى ئۈستىگە قويدى.
ھەر ئىككى يۈرەك تەڭ سوقۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

# ئىككىنچى باب

## 1

گۈلنار بۈگۈن ئەتىگەندىلا مەردانىنى غۇنچەملەرنىڭ ئۆيىگە قونۇشقا چىقىرىۋەتتى. ئاندىن چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويۇپ، دېرىزىدە ئولتۇرۇپ تالاغا قاراپ تۇردى. مۇزلىغىنىدىنمۇ ياكى ئەنسىرىگەنلىكىدىنمۇ، بويى شۈركۈنەتتى. «تۈنۈگۈن مەھمۇت مەرداندىن، داداڭ نەگە كەتتى، دەپ سوراپتۇ. بۈگۈنمۇ يەنە داداڭ قاچان كېلىدۇ دەپ سوراپتۇ. مەردان ئۇنىڭغا شەھەرگە كەتتى، ئۇقمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. گومىنداڭنىڭ بۇ ئىپلاس ئىشپىيونى نېمىدەپ مەرداندىن يېنىشلاپ سورايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەل ياتقۇدا ياقۇپ مۇئەللىم كېلىپ، «كەچتە غوجەك شوڭگەن بەش چېرىك بىلەن چىقىپتۇ، ئەھەت باۋجاڭنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ. بۈگۈن كېچە يەنە كىملەر تۇتقۇن قىلىنار؟ قانداق قىلىش كېرەك؟» دېدى. بۇ ئىشلارنى ئويلىغىنىدا گۈلنارنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز سوقۇپ، بۇ قورقۇنچلۇق كېچىدە يىرتقۇچ هايۋانلار ئۆيىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەندەك، ئۆيىنىڭ قايسىبىر بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىن كىرىپ كېلىدىغاندەك، شىلدىرلىغان قورقۇنچلۇق ئاۋازلار يېقىنلىشىپ ئۆزىگە هازىرلا قانلىق - زەهەرلىك قوللىرىنى سالىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئالدىغا بارايمۇ؟ بارسام نەنى دەپ بارىمەن؟ ئۇ قاياقتىن كېلىدۇ؟

گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماما بىلەن تەڭ چاقماق چېقىلدى. گۈلنار قارشى تەرەپتىكى ئەسكى تام ياقىسىدا ئولتۇرغان ئىككى كۆلەڭگىنى كۆردى. ئىككىنچى قېتىم يەنە چاقماق چېقىلدى. كۆرۈنگەن كۆلەڭگىنىڭ بىرسى مەھمۇت ئىدى. بۇ ئىككى ئىپلاس ئاشۇ ئەسكى تام ئىچىدە: ھۇۋقۇشتەك تىمىسقىلاپ ئىنسانلار ئۈچۈن شۇملۇق تىلەپ قىلتاق قۇرماقتا ئىدى.

«ھۇ ئىپلاس، ۋىجدانسىز، سەن تېخى مەن دېگەن خەلقنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دەپ، بىز بىلەن ھەقىقەت، ۋىجدان، ھۆرلۈك توغرۇلۇق گەپ ساتاتتىڭ. سېنىڭ ۋىجدانىڭ قېنى؟ سەن ئاشۇ ئاتاڭنىڭ ھارامدىن پۈتكەن مال - دۇنياسىغا سېتىلغان خائىن!» گۈلنار ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. ئېتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، كاچىتىغا سالغۇسى كېلەتتى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ سائىتىگە قارىدى، پولاتنىڭ كېلىش ۋاقتى بولغانىدى. ئۇ سائىتىنى كەينىگە ياندۇرۇپ بۇرغۇسى كەلدى. ئۇنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ قاتتى، تېشىمۇ قاتتى. ئۇ نېرىدا تۇرغان يەنە ئىككى كۆلەڭگىنى كۆردى. بۇنىڭ بىرسى ئەھەت باۋجاڭ ئىدى. ئۇ يامغۇرغا دالدا قىلىپ بېشىغا ئەسكى تاغارنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، قورسىقى بوغاز قورسىقىدەك ساڭگىلاپ تۇراتتى. يەنە بىرسى غوجەك شوڭگەن ئىدى. ئىش ئېنىق، گۈلنار ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى، «قانداق قىلىش كېرەك؟» ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلمىگەن خىياللار كېلەتتى. ئۆگزىگە چىقىپ، «پولات كەلمە!» دەپ ۋارقىرىسۇنمۇ؟ سەنلەر نېمە قىلىپ يۈرۈشىسەن دەپ قەستەن جېدەل چىقىرىپ ۋارقىرىسۇنمۇ؟ پايدىسى يوق.

يولدىن غىل ـ پال كۆلەڭگىلەر كۆرۈندى. گۈلنار ئېنىق تونۇدى.

«پولات، ئاھ جېنىم پولات!» ئۇ يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋا-زىنى ئاچتى ـ دە، «تېز كىرىڭ، تېز كىرىڭ» دېدى. پولات هويلىغا كىرىشى بىلەن گۈلنار دەرۋازىنى تاقىدى. پولات ئەپەن-دىنىڭ ئۈستۈېشى هۆل ئىدى.

— پولات، قانداق قىلىمىز؟ ئىش چاتاق. مەن ئۇلارنى ئېنىق كۆردۈم، — گۈلنار ئۆزىنى تۇتالماي يىغلىۋەتتى. ئۇ-نىڭ ئىككى قولى پولاتنىڭ بويىنىدا گىرە سېلىقلىق ئىدى.

— مەنمۇ كۆردۈم، ئارقامغا يېقىنىشقا، ئات سېلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشكە بولمىدى. غەپلەت، ئالدى ـ كەينىمدىن قورشاۋ ئىچىدە قالدىم، — ئۇ گۈلنارنى مەيدىسىگە باستى ـ دە، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى.

— پولات، قانداق قىلىمىز؟ مۇشۇ ئىپلاسلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشەمدۇق؟ هامان بىر ئۆلۈمغۇ.

— هازىرغا ئامال يوق، مېنىڭ سۆزۈمنى ئوبدان ئاڭلا، ئۆگۈنلۈككە ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىدىغان كۈن. ئاكام ئېتىزغا ماڭغان بولۇپ، قوش كۆزلەك تېمىنىڭ ئۈستىدە بىر دانە قىزىل تاش بار، ئۇنىڭ ئورنىغا يەردىكى قارا تاشنى ئېلىپ قويسۇن. مەردان بىلەن غۇنچەمگە ئوبدان قارا. مەن سەندىن رازى، سەنمۇ مەندىن رازى بولغىن جېنىم، بىز هامان غەلىبە قىلىمىز. پارول ئېسىڭدە بولسۇن، جان كەتسىمۇ هېچ نەرسىگە ئىقرار قىلمايمەن. ئۆزۈڭگە پۇختا بولغىن، جېنىم گۈلنار، بولدى يىغلىما، هازىر يىغلايدىغان ۋاقىت ئەمەس. بىز بۇرۇنلا بۇ ئىشىمىزنىڭ ياخشى تەرىپىنى ۋە يامان ئاقىۋىتىنى ئويلىغان، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، هامان بىز غەلىبە قىلىمىز. سەن دېگەندەك قىلىمەن. مەن سېنىڭدىن ئىككى دۇنيا رازى، جېنىم. پولات گۈلنارنىڭ يۈزىدىكى ياش دانچىلىرىنى ئېرىتتى - دە، ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى.

دەرۋازا قاتتىق ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. «ئاچ، بول» . جاللاتلارنىڭ بىرسى ئىشەكتەك هاڭرىسا، بىرسى لاللما ئىتتەك قاۋايتتى. پولات ئەپەندى ئۇستۇپشىدىكى كىيىملىرىنى يۆتكەدى. ئۇ ئىشنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىلەتتى.

— يىغلىما جېنىم، بالىلارغا ئوبدان قارا. ئۆزۈڭلارغا پۇختا بولۇڭلار، شەھەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ئۈزۈلسۇن، — ئۇ گۈلنارنى ئاخىرقى قېتىم باغرىغا باستى - دە:

— لامپىنى ياندۇر، مەن دەرۋازىنى ئاچاي، — دېدى. گۈلنار يۈزىدىكى ياش دانچىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ لامپىنى ياندۇردى.

جاللاتلار دەرۋازىنى ئۇرۇپ - تېپىپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى.

— كىم سىلەر؟ — پولات ئەپەندى سورىدى.

— بىز، ئاچ دەرۋازىنى! بۇ پۇتكۇل ناهىيىگە سىېستىنامى پۈركەتكەن جاللات غوجەك شوڭگەننىڭ ئاۋازى ئىدى.

پولات ئەپەندى دەرۋازىنى ئاچتى.

— خوش، بۇ كېچىدە نېمە ئىش؟

— كۆتۈر قولۇڭنى! ؟ — جاللاتلارنىڭ بىرسىمۇ كېرىشكە جۈرئەت قىلالماي مىلتىقلىرىنى دېۋەيلىشىپ تۇراتتى.

— ئاناڭنى، كىرىش دەيمەن؟ — غوجەك قورال تۇتقان ئىككى چېرىك بىلەن ئەھەت باۋجاڭنىڭ كۆتىگە تەپتى. چېرىكلەر ئوغرى مۇشۇكتەك ئالاقزادە بولۇپ كىرىشتى.

پولات ئەپەندى ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تىك تۇراتتى. بۇ يېزا ئوقۇتقۇچىسى دۇنيادا ئۆتكەن سانسىز قەھرىمانلارنىڭ دار ئالدىدىكى ئېگىلمەس جاسارەتلىرىنى قانچە قېتىملاپ كىتاب يۈزىدە بولسىمۇ كۆرۈپ، سەپداشلىرىغا، ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەرگەنىدى. «ھەرقانداق كىشى جان ئۈزۈش ئالدىدا سىنىلىدۇ، كۈلۈپ تۇرالىغان كىشىلا ھەقىقىي ئىنسان» دەيتتى ئۇ.

— گۈلنار! — خىتاب قىلدى پولات ئەپەندى، — مەھمۇتنى چاقىرىڭ، ئۇ يامغۇردا قالغان يېغىر ئېشەكتەك ئەسكى تامنىڭ تۈۋىدە تۇرماستىن ئۆيگە كىرسۇن. قامچا تۇتقان دادىسى بىلەن تاپانچا تۇتقان ئاكىسى تۇرغان يەردە يەنە نېمىدىن قورقىدۇ؟

— كۆتۈر قولۇڭنى! — بۇيرۇق قىلدى بىر چېرىك.

— خۇش جانابىي شوڭگەن، نېمە ئىش؟ مەن قول كۆتۈرىدىغان باشقىلارغا ئوخشاش ئوغرىلىق قىلمىدىم، باشقىلارغا زورلۇق قىلىپ مال - مۈلكىنى بۇلىمىدىم.

— ۋالاقلىما، كۆتۈر قولۇڭنى! كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن بىلەمسەن؟ — دوق قىلدى غوجەك. ئۇ كۆردۈڭمۇ دېگەندەك قىلىپ كۆرەڭلەپ بۇرنىنى قاقتى - دە، تاپانچىسى بىلەن قاسقان شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— ئالدىڭدا كىم تۇرىدۇ كۆردۈڭمۇ گەدەنكەش، — ئەھەت باۋجاڭ ھۆرپەيدى - دە، شوڭگەنگە قاراپ ھىجايدى.

— باۋجاڭ، سەن بۇ گېپىڭنى ئۆيۈڭدىكى ئايالىڭغا دېسەڭ قانداق، مەن بىر ئوقۇتقۇچى.

پولات ئەپەندى قولىنى كەينىگە تۇتقان پېتى بۇ مەخلۇقلارنى مازاق قىلىپ كۈلدى.

www.uyghurkitap.com

— ئاختۇرۇڭلار! — بۇيرۇق قىلدى غوجەك. ئالتە چېرىك ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقىقىدىن تارتىپ ئات ئېغىلى، قازناق ئۆيلەرگىچە ئالا قويماي ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ ھېچ نەرسە تاپالمىدى.

— تاپانچا، — ۋارقىرىۋەتتى بىر چېرىك مەردانىنىڭ سومكىسىنى ئاختۇرۇۋېتىپ، شۇئان غوجەك باشلىق چېرىكلەر-نىڭ يۈزىدە قان قالمىدى.

— شوڭگەن جانابلىرى، «قورقىقانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەن شۇدە. ئۇ ئويۇنچۇق ياغاچ، — پولات ئەپەندى بۇ توخۇ يۈرەكلەرنى يەنە مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

غوجەك باشلىق چېرىكلەر ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن ئەلەم بىلەن كۆزىگە كۆرۈنگەن، قولىغا چىققاننى ئۇرۇپ چېقىپ، ياخشى نەرسىلەرنى ئوغرىلىقچە قويىنىغا، يانچۇقلىرىغا سېلىشتى.

— ھەيدەڭلار بۇ گەدەنكەشنى؟ — بۇيرۇق قىلدى غو-جەك.

— ماڭ! — بىر چېرىك مىلتىقىنى شاراقلىتىپ ئۆزىچە ھەيۋە قىلدى.

پولات ئەپەندى بۇ جاللاتلار بىلەن تاكاللىشىشنىڭ «ئىت بىلەن پوق تالاشقان» غا باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئارتۇق گەپ قىلمىدى.

— گۈلنار! خەير، مەن كەتتىم، ئامان بولۇڭلار. مەن قايتىپ چىققۇچە مەكتەپ ئىشلىرىنى ئۆزۈڭ باشقۇرۇپ تۇرغىن، — ئۇ گۈلنار بىلەن خوشلىشىپ چېرىكلەرنىڭ ئالدى-غا چۈشۈپ ماڭدى، گۈلنار ئەمدى ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى تۇتالمىدى.

— سەنلەر ئۇنى نەگە ئاپىرىسەن؟ پولات، جىنىم پولات، — ئۇ ئۆزىنى پولاتقا ئاتتى. ئۇنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلار مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ تۇراتتى.

ئاھ، تەڭشەلمىگەن ئادالەتسىز جاھان، ئاھ، جۇدالىق، تەتۈرىگە چۆرگىلىگەن پەلەك.

پولات ئۆزىنىڭ بۇگۈنكى شارائىتتا يالغان ئېيتسا قۇتۇلۇپ كېتىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىنى بىلەتتى. ئىشپىيون مەھمۇت مەخسۇس پولاتقىلا قويۇلغان. ئۇ «شەھەرگە دوختۇرغا» دەپ ماڭغاندىلا بۇ خەۋەرنى دادىسى باۋجاڭغا يەتكۈزگەن. ئەھەت باۋجاڭ شۇ كۈنىلا ئات چاپتۇرۇپ ناھىيىگە يېتىپ باردى - دە، بىرنى ئونغا كۆپەيتىپ يالغاننى راستقا توقۇپ ساقچى ئىدارىسىگە يەتكۈزگەن، جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگىنى ئىككى چېرىكنى بۇقراچە كىيىندۈرۈپ، ئەھەتنىڭ قېيناتىسى يېزا مەسچىتى ئىدامى سۇنۇرنى قەلەندەرچە ياساپ دەريا بويى كېمە ياقىسىغا پايلاقچى قىلىپ قويغانىدى.

جاللاتلار پولات بىلەن گۈلنارغا پوپوزا قىلىپ نېرى تۇر، بېرى تۇر، دەپ نوقۇشلاپ جار سالاتتى.

— خەير - خوش، پولات، ئامان بولغىن، بىز بىر - بىرىمىزگە مەڭگۈ سادىق ئۆتتۇق. بۇنىڭغا كۈن بىلەن ئاي - يۇلتۇزلار گۇۋاھ.

بۇ چاغدا غوجەك شوڭگەن قانلىق يىغا - زار ئىچىدە تۇرغان گۈلنارنىڭ قوزۇقتا ئېسىقلىق كەھرىۋا مارجىنى بىلەن ساندۇقىدىكى بەش يۈز سوم پۇلىنى غىپلا قىلىپ يانچۇققا سالدى. ئەھەت باۋجاڭ ئوغرى مۇشۇكتەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ گۈلنارنىڭ چەينەك ئىچىدىكى بىر جۇپ ئالتۇن ھالقىسى بىلەن بىر دانە

www.uyghurkitap.com

ئالتۇن ئۈزۈكىنى يانچۇقىغا سالدى. سىرتقا چىققانىدىن كېيىن ئىتتقا ئوخشاش ئەركىلەپ بېرىپ بىر جۈپ ھالقىنى غوجەكنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

گۈلنار سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىدا داق يەرگە يىقىلدى.

— پولات، پولات! ئاھ مېنىڭ پولاتىم! — ئۇ يەر بېغىرلاپ ئالىقىنى بىلەن يەرنى ئۇراتتى. ناله ـ زار قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈرەك ـ باغرى ئېزىلىپ، كۆز يېشى قانغا ئايلىنىپ بىر ئۆمۈر ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ سۈپۈرۈپ سۇ سېپىپ تۇرغان تۇپراققا يامغۇردەك تېمىپ تۇراتتى.

كېچىچە ياغقان يامغۇر تاڭغا يېقىن توختىدى. ئەنسىز كې-چىدە ئۇخلىيالمىغان يېزا خەلقى بىرلەپ ـ ئىككىلەپ كېلىشىپ تۆت كوچىغا يىغىلدى. مىش ـ مىش گەپلەر ھەش ـ پەش دېگۈچىلا راستقا ئايلاندى.

— پولات ئەپەندىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، مۇئەللىملەر قېچىپ كېتىپتۇ.

— نېمىشقا؟

نېمىشقا بولاتتى، ئۇلار سېنىڭ بىلەن مېنىڭ بالامنى ئو-قۇتقان، ئادالەت ئۈستىدە سۆزلىگەن.

مۇنداق سورۇننى كۆن ـ ئاربلاپلا بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ يۈرەكلىرى مۇجۇلۇپ كەتكەن خەلقنىڭ بۇگۈنمۇ يەنە شۇنداقلا يۈرەكلىرى مۇجۇلۇپ ئەنسىز يىغلاپ، باشلىرى، قاپاقلىرى ساڭگىلىغان، مۇشتلىرى تۈگۈلۈپ، چىشلىرى غۇچۇرلىغان چىرايلىرىنى ئەندىشە، تەشۇش كۆلەڭگىسى باسقانىدى. مەكتەپ ئىچى چۆلدەرەپ، ئوقۇغۇچىلار ئانىسى بىرەر پېشكەللىككە ئۇچ-رىغان چۈجىلەردەك بويۇن قىسىشىپ تۇرۇشاتتى.

— قاراڭلار! — دېدى توپنىڭ ئىچىدە تۇرغان بىر يىگىت ئەۋلىيا چوققىسىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئەۋلىيا چوققىسى يىغلاۋاتىدۇ.

— بۇ بىزگە نېمە كۆن؟! قاچانغىچە ئۆكۈزدەك ئىشلەپ، توشقاندەك ياشايمىز! — خىتاب قىلدى يەنە بىر يىگىت.

— يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆل دەپتىكەن، — يەنە بىر يىگىت چاقىرىق قىلدى.

— قاراڭلار، ئەنە چاقماق چېقىلدى، — دېدى بىر ياش.

ئەۋلىيا چوققىسى بېشىدا چېقىلغان چېقىننى كۆرۈپ يېزا خەلقى غەزەپكە كەلگەندى.

2

غۇلجا شەھىرىنىڭ «نوۋى گورت» ① كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىكى ھەشەمەتلىك ئۆينىڭ كوچا تەرىپىگە قارىغان قوش قاپقاقلىق دېرىزىسى كېچە - كۈندۈز ئېچىلمايتتى. كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ تۇرغان قارا دەرۋازا ئىچىدە قارا كىيىم بىلەن ئاق جىيەكلىك قارا شەپكە كىيىپ پاچىقىغا گوجەي ئورىغان ئىككى چېرىك پوستتا تۇراتتى. ئالايېشىل خوتەن گىلىمى سېلىنىپ، دېرىزىلىرىگە قوش دۇخاۋا پەردە تارتىلغان، ئىشىكلىرىگە قارا خۇرۇم ئورالغان ئۆيدە ھەر كۈنى كېچىدە پاكار، سەمرىپ بويۇن گۆرەنلىرى كىرىشىپ كەتكەن بىر كىشى ساپادا ئولتۇرۇپ، سىگارتنى كەينى - كەينىدىن ئۇلاشتۇرۇپ چېكەتتى. ئىشىك، تۈڭلۈكى دۇملەنگەن بۇ ئۆيدە سىگارتنىڭ قاڭسىق ئىسى بىلەن سېسىق تەرنىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇ-

---

① «يېڭى شەھەر» دېگەن مەنىدە.

رەتتى.

بۇ كىشى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقى ئىچىدە «جاللات» دېگەن سېسىق نامى پۇر كەتكەن شېڭ شىسەي، لى يىڭچى، لى پولىن، ليۇ جۈيجاڭدىن ئىبارەت تۆت جاللاتنىڭ بىرسى بولغان ليۇ جۈيجاڭ (مۇخەمەر) ئىدى.

ليۇ جۈيجاڭ سىم كارىۋاتقا چىقىپ بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەنلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ خورەك تارتىشقا باشلىدى. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەيلا نامەلۇم بىر كۈچلۈك قول كانىيىدىن بوغۇۋالغاندەك دەم ئالالماي خارقىراپ كەتتى. بەلكىم شۇ تۇرقىدا بىرەر قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدا بىگۇناھ قۇربان بولغان سانسىز كىشىلەرنىڭ روھى بۇ جاللاتنىڭ گېلىدىن بوغۇۋاتقاندۇ.

تېلېفون ئۈچ قېتىم كەينى ـ كەينىدىن جىرىڭلاپ توختىدى. ليۇ جۈيجاڭ ئۈچ سېكۇنتچە دېمى سىقىلىپ ئۆلگەن ئادەمدەك ئۈن ـ تىنسىز ياتتى. ئۇ تەرلەپ قارا تەرگە چۆمگەنىدى. بىر چاغدا «خارت» قىلدى ـ دە، ئويغاندى. ئۇنىڭ پۇشۇلدىشىدىن ئورۇندۇق ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە قەغەز ئۇچۇپ يەرگە چۈشتى.

— ئاناڭنى، — ليۇ جۈڭجاڭ ئورۇندۇق ئۈستىدىكى ھۆل لۆڭگە بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتتى.

تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى.

— ئاناڭنى، بۇ يېرىم كېچىدە تېلېفون قىلغان قايسى ھايۋان، ئاناڭنى، — ئۇ خۇشياقمىغاندەك تېلېفوننى قولىغا ئالدى، — ھە! سەن كىم؟ ھە، مەن، — دېدى تەكەببۇرلۇق بىلەن.

ليۇ جۈڭجاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى ـ دە، ھە دەپ

تېلېفون تۇرۇپكىسىنى پوۋ - پوۋ دەپ پوۋلىدى ۋە جىددىيلە-
شىپ:
— ئاناڭنى! سەن زادى كىم، ئاغزىڭغا تاڭگا سېلىۋالغان-
دەك تىلىڭنى چاينىماي، ئالدىرىماي دېمەمسەن. ھە، ھە، پو-
لات، مەكتەپ مۇدىرى، دادىسى بۇرۇن خائىن بولۇپ تۈرمىدە
ئۆلگەن ئەلپاتتا، تەشكىلات، قورال ··· تېخى ھېچ نەرسىگە
ئىقرار قىلمىدى. ھە، ھە ··· — ليۇ جۇڭجاڭ «خائىن ئەلپات-
تا» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلىغىنىدا يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك
ئورنىدىن قوزغىلىپ پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كەتتى،
«بۇركۇتنىڭ بالىسى بۇركۇت، يولۋاسنىڭ بالىسى يولۋاس» تە،
دېگەن ئوينى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى. ئاندىن «پولات، مەكتەپ
مۇدىرى، تەشكىلات، قورال، تېخى ئىقرار قىلمىدى» دېگەن
سۆزلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۈنلۈك تەكرارلىدى.
— مېنىڭ بۇيرۇقۇم! — دېدى ليۇ جۇيجاڭ. ئۇ كۆزىگە
قان توشۇپ غالجىرلاشقان ئىتقا ئايلانغانىدى، — بىرىنچى،
گۇمانلىق دەپ قارالغان كىشىلەر ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن،
كىچىك بالا بولسۇن، دەرھال قولغا ئېلىنسۇن، مىڭ كىشى خاتا
قولغا ئېلىنىپ ئۆلسە ئۆلسۇنكى، بىرسى قاچۇرۇپ قويۇلمى-
سۇن. ئىككىنچى، پۈتۈن يېزا ئاختۇرۇلۇپ قوراللار تېپىپ
چىقىلسۇن. ئۈچىنچى، پولاتنىڭ ماڭا ھاياتى كېرەك ئەمەس،
ئىقرارى كېرەك، ھەممە جازا تۈرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇنىڭ
تەشكىلاتىنى ئېنىقلاش كېرەك، — ليۇ جۇيجاڭنىڭ گېلىگە
تۈكۈرۈكى كېتىپ قېقىلىپ بىردەم گەپ - سۆزدىن قالدى.
ئاندىن لۆڭگىگە كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ، مارت قىلىپ مىش-
قىردى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:
— پولات كىچىك بېلىق، چوڭ لەھەڭ غۇلجىدا. ئۇنى

www.uyghurkitap.com

غۇلجىدىكى تەشكىلاتى ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئىقرار قىلغان زامان ئىقرارنى ئۆز قولۇڭ بىلەن ماڭا تاپشۇرىسەن. قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى. قاچۇرۇپ قويساڭ كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن، كاللاڭ بىلەن، ئۇقتۇڭمۇ!؟

لىيۇ جۇيجاڭ سىگارىتنى بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، ئەگىز سۇمۇرگەن كالىدەك بىرنەچچە قېتىم شورىدى. «پولات، مەكتەپ مۇدىرى، ھىم، ئۇنىڭ غۇلجىدىكى مەخپىي تەشكىلات بىلەن چوقۇم مۇناسىۋىتى بار»: ئۇ مەغرۇرلانغاندەك قىلىپ سىگارىتنى ئىككى قېتىم شورىدى. بۇ قېتىم ئۇ سىگارىتنىڭ ئىسىنى ئاغزىدىن ئەمەس، بەلكى قوش كاڭلىق تۇرخۇنغا ئوخشاش بۇرنىدىن چىقاردى ـ دە: «ئەمدى ئاكاڭ قارىغاينىڭ كىملىكىنى بىلىشىسەن، ھىم» دەپ ئوڭ مۇشتىنى سول ئالىقىنىغا ئۇردى.

لىيۇ جۇيجاڭ غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى سىركە چىقىرىپ، ئاشلەڭپۇڭ ساتاتتى. لىيۇ جۇڭجاڭ چېلەك خاڭزىدىكى خۇيزۇ مەكتىپىدە 6 ـ سىنىپقىچە ئوقۇدى ۋە شۇ يىلى ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان ساقچى كادىرلىرىنى يېتىشتۇرۇش كۇرسىغا ئوقۇشقا باردى. ئۇ ھەر قېتىمقى مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلاردا بىرنەچچە دەرستىن ئۆتەلمىسىمۇ، لېكىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلاردا، رەھىمسىزلىك، يۈزسىزلىكتە سىنىپ بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. جاھاننىڭ رەپتارىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلاتتى. ئۇ ئۈچ يىللىق كۇرستا ئوقۇغۇچىلار، يەرلىك ۋە ئۇياق ـ بۇياقتىن كەلگەن خۇيزۇلار ئۈستىدىن يالغان ماتېرىيال توقۇپ چىقىپ، ئۇرۇمچى جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقۇرۇش ئىدارىسى يەتكۈزۈپ بېرىپ يۈرۈپ، كېيىنكى يىلى رەسمىي ئىشپىيون بولۇپ، ئىشپىيونلۇق مائاش ئېلىپ ئوقۇدى. ئۇ كۇرسنى تۈگىتىپ جامائەت خەۋپسىزلىكى

باشقۇرۇش ئىدارىسىغا خىزمەتكە قالدى. ئۇ قارامىلىقى، رەھىم-سىزلىكى، يالغان دېلو تۇرغۇزۇش تەرەپتىكى ئارتۇقچىلىقى بىلەن لىڭچى چۇجاڭغا يېقىپ قالدى ھەمدە بۇ ئىش شېڭ شىسەي-نىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ بىرقانچە يالغان دېلولاردا شېڭ شىسەي-نىڭ رەقىبلىرىنى يوقىتىش جېڭىگە قاتنىشىپ ئىز قالدۇرماس-لىق تەرەپتە ئالاھىدە تونۇلدى. شېڭ شىسەي ئۇچۇن بۇنداق يەرلىك جاللات لازىم ئىدى. شۇڭا، ليۇ بىندىنى مۇئاۋىن جۇي-جاڭ قىلىپ بەلگىلىدى. لى يىڭچى، ليۇ جۇيجاڭ، لى پولىندىن ئىبارەت بۇ ئۈچ جاللات بىر جانغا قېتىلغان ئۈچ ئىت بولۇپ، شېڭ شىسەي قامچا تۇتقان جانىكەش ئىدى. چوڭ سوراق، يالغان دېلولار مۇشۇ جاللاتلارنىڭ قولىدا تۇرغۇزۇلۇپ شېڭ شىسەيگە يوللىناتتى. شېڭ شىسەينىڭ تەستىقىدىن كېيىن مۇشۇ ئۈچ كىشىنىڭ قانلىق قولى بىلەن كىملەردۇر ئۇ ئالەمگە يولغا چۈشەتتى. دېمەك، ليۇ جۇيجاڭ «ئاتالمىش خائىنلار» نى، بىگۇ-ناھ سانسىز كىشىلەرنى، جۇڭگو كومپارتىيە ئەزالىرىنى قىرىشقا قاتناشقان، قولى قانغا مىلەنگەن جاللات ئىدى.

ليۇ جۇيجاڭ كارىۋىتىدىن چۈشۈپ بۈلۈمگە كىردى. ئۇ ئىرغاڭلىغىنىچە ئۇستەلگە بېرىپ ئولتۇردى - دە، سىگارت ئېلىپ چىشلەپ سەرەڭگە ياقماقچى بولغىنىدا تېلېفون يەنە جىر-رىڭلىدى. بۇ تېلېفون دۇبەن ئىشخانىسىغا بىۋاسىتە تۇتاشقان-دى. ئۇ سىگارت بىلەن سەرەڭگىنى ئۇستەل ئۇستىگە تاشلىدى - دە، تېلېفوننى قولىغا ئالدى. ئۇ تىك تۇراتتى.

— ليۇ جۇيجاڭ ياخشىمۇ سىز؟ — بۇ شېڭ شىسەينىڭ ئاۋازى ئىدى.

— دۇبەن جانابلىرىغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن، — ليۇ جۇيجاڭ پۇتلىرىنى جۈپلەپ قېتىپ تۇردى.

www.uyghurkitap.com

— لىيۇ جۇيجاڭ سىزنى ئىشخانىدا كۈتىمەن!
— خوپ، دۇبەن جانابلىرى، باش ئۈستىگە. — ئۇ
تېلېفوننى ئورنىغا قويدى.
شىڭ شىسەينىڭ «سىز» دېگەن سۆزنى لىيۇ جۇيجاڭنىڭ
تۇنجى ئاڭلىشى ئىدى. ئۇ بۇنى «ياخشىلىقتىن بېشارەت»
دەپ بىلدى-دە، 20 مىنۇتقا يەتمەيلا دۇبەن ئىشخانىسى ئالدىدا
ھازىر بولدى. ئۇ دۇبەن ئىشخانىسىغا كىرگەندە ئىشخانىدا شىڭ
شىسەي، لى يىڭچى، لى پولىن ئۈچى ئولتۇراتتى. «كېچىكىپ
قاپتىمەن-دە» دەپ ئويلىدى لىيۇ جۇيجاڭ.
— مەرھەمەت، ئولتۇرۇڭ! — دېيىشتى ھەر ئۈچ جال-
لات ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان لىيۇ جۇيجاڭغا شىڭ شىسەيگە
ياندىش تۇرغان ساپانى كۆرسىتىپ.
— رەھمەت دۇبەن جانابلىرىغا، رەھمەت.
لىيۇ جۇيجاڭ ئەسلىدە لى يىڭچى ئولتۇرىدىغان ساپادا ئول-
تۇردى-دە، لى يىڭچىگە كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويدى.
— لىيۇ جۇيجاڭ سىز ئاۋۋال بۇ ئۈچ پارچە تېلېگراممىنى
كۆرۈپ چىقىڭ، ئاندىن قالغان ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلىشەيلى.
شىڭ شىسەي ئۈچ پارچە تېلېگراممىنى لىيۇ جۇيجاڭغا بەر-
دى. لىيۇ جۇيجاڭ ئۈچ پارچە تېلېگراممىنى بىر-بىرلەپ
كۆرۈپ چىقتى. بۇلار قەشقەر، ئىلى، ئالتايدىن كەلگەن تېلېگ-
راممىلار ئىدى. ئۇ تېلېگراممىلارنى كۆرۈۋېتىپ، لى يىڭچى
بىلەن لى پولىنگە كۆزىنىڭ قىرىدا قارىدى-دە، «مۇشۇ ئىككى-
سى ئاخشام شىڭ دۇبەننىڭ يېنىدا قونۇپ قالغانمىدۇ؟» دەپ
خۇدۇكلەندى. چۈنكى، ئۇلار كۆرۈنۈشتە دوست بولسىمۇ، دىلى-
دا رەقىبلەر ئىدى.
لىيۇ جۇيجاڭ تېلېگراممىلارنى كۆرۈپ بولۇپ شىڭ شىسەيگە

قايتۇرۇپ بەردى ــ دە:

ــ ئەھۋال جىددىي ئىكەن، ــ دېدى.

ــ ليۇ جۇيجاڭ، سىز دېگەندەك ھازىرقى ۋەزىيەت ناھايىتى جىددىي. قەشقەر، ئاقسۇ، تۇرپان، ئىلى، چۆچەك، ئالتايلاردا، قىسقىسى ھەممىلا يەردە ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىق ئىشلىرى بولۇۋاتىدۇ. ئەڭ خەتەرلىكى ھازىرچە ئىلى، چۈنكى ئۇ يەردە ھېلىقى بالا ــ قازا زىيالىيلار كۆپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە چېگرىغا يېقىن.

شېڭ شىسەي سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي قالدى.

ــ شۇنداق، جانابىي دۇبەن ئالىيلىرى، يەنە بىر ئەڭ چوڭ خەتەر ھېلىقى كۆك كۆزلەرنىڭ كونسۇلى، «كۆك كۆز بىلەن بىرگە بولساڭ ئايپالتاڭ يېنىڭدا بولسۇن» دېگەن سۆزنى بىكارغا ئېيتمىغان ــ دە.

ليۇ جۇيجاڭ شېڭ شىسەينىڭ ئاغزىدىن كىرىپ ئارقىسىدىن پۇتۇن چىقتى.

ــ ئىلىخودا «بېزىنى ئالسا، تېزى چىقىپتۇ» دېگەندەك، تارىختىن بېرى سادىر دەمدۇ، سۇلتان دەمدۇ، نۇزۇگۇم دەمدۇ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرسى چىقىپ قوزغىلاڭ توختىمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، خۇددى دۇبەن جانابلىرى دېگەندەك، ــ دېدى لى يىڭچى سۆز قىستۇرۇپ.

ــ ئەڭ مۇھىمى، ئىلىخودا زىيالىيلارنى يوقىتىشىمىز يېتەرلىك بولمىدى. يەنە بىرسى، بىز كۆك كۆزلەرنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىشىغا يول قويدۇق، ــ دېدى ليۇ جۇيجاڭ.

ــ ياخشى، ــ دېدى شېڭ شىسەي ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ ئۆزى دېمەكچى بولغان سۆزنىڭ ليۇ جۇيجاڭنىڭ ئاغزىدىن

چىققانلىقىغا مەمنۇن بولغانىدى. شۇڭا، سىگارتنى چىقىرىپ ئالدى بىلەن لىيۇ جۆيجاڭغا، ئاندىن قالغان ئىككىسىگە تۇتتى. ئاندىن تارتمىدىن تامغا بېسىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى ئالدى:

«بۇيرۇق! جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جۆيجاڭ لىيۇ بىندى ئەپەندى تولۇق ھوقۇقلۇق ھالدا ئىلى ۋىلايىتى مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى، قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتى ساقچى ئىدارىسىگە باشلىق قىلىپ تەيىنلەنسۇن.

شېڭ دۇبەن.»

شېڭ شىسەي بۇيرۇقنى ئۈنلۈك ئوقۇدى ـ دە، لىيۇ جۆيجاڭغا سۇندى.

لىيۇ جۆيجاڭ يەرگە ئۇرغان پومزەكتەك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

ـــ خوپ، جانابىي دۇبەن، ئىشەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن مىڭ مەرتىۋە رەھمەت. قاچان يولغا چىقىمەن؟

لىيۇ جۆيجاڭ ئەگەر ئاۋۇ ئولتۇرغان ئىككى كۆندىشى بولمىغىنىدا، ئۆمىلەپ بېرىپ شېڭ شىسەينىڭ پۇتلىرىغا سۆيگەنمۇ بولاتتى.

ـــ قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، لىيۇ جۆيجاڭ، قوزغىلاڭنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مىڭى خاتا ئۆلتۈرۈلسىمۇ مەيلى، بىرسى قاچۇرۇپ قويۇلمىسۇن. قالغان ئىشلار سىزگە ئايانغۇ.

ـــ خوپ، جانابىي دۇبەن، ئىككى كۈندە غۇلجىدا ھازىر بولىمەن.

لىيۇ جۆيجاڭ كۆزىنىڭ قىرىدا ئىككى «لى»غا ھۆرپىيىپ قويۇپ، سوقچىغىنىچە ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن لى يىگچى «سىزنىڭ غەلىبە خەۋىرىڭىزدىن بۇرۇن ئۆلۈم خېتىڭىزنى ئاڭلارمىز» دەپ لى پولىنگە پىچىرلىدى.

لىۇ جۇيجاڭ قاتتىق - قۇرۇق ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇ-رۇپ يولغا چىقىش ئۈچۈن يەنە ئۇتتۇر ئىشخانىسىغا كەلدى. «تەڭرى ھەربىر بەندىسىنىڭ چاقىنى ئۆمرىدە بىر قېتىم ئوڭغا پىرقىرىتىدىكەن. دېمەك، مېنىڭ چاقىممۇ ئوڭغا.» ئۇ ئۆمرىدە تەڭرىنى بىرىنچى قېتىم ئاغزىغا ئالدى. ئۇ ساپادا ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئىلىنىڭ سۇدەك ئېقىپ تۇرغان بايلىقى كەلدى.

«ئېھ، ئىلى، مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىم. ئاشۇ ئۆ-لۇمتۇك چويى [1] ئىلىنىڭ 25 ماشىنا ئالتۇن - كۇمۇشىنى ئېلىپ ماڭغان يەردە، مەن ئالالمامدىكەنمەن.» ئۇ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىدى.

لىۇ جۇيجاڭ بۇيرۇقنى ئېلىپ ئۈچىنچى كۈنلا غۇلجىدا ئۇندى. ئەتىسى ئۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىسكىلاتلىرىنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى. توپ - توپى بىلەن بېسىلىپ كەتكەن گەزمال، قەنت، سەرەڭگە، سوپۇن...

— ھەممىسى كانترپاندىن كەلگەن، — دېدى باشقۇرغۇ-چى.

— مۇشۇماللارنى دەرھال سېتىپ پۇلىنى ماڭا تاپشۇرۇ-سەن، ئىشلىتىدىغان ئورنى بار. ئالتۇنغا ئايلانسا تېخىمۇ ياخشى، — دېدى لىۇ جۇيجاڭ.

لىۇ جۇيجاڭ قوش ئارغىماق قوشۇلغان كالاسكىدا خوتۇنى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئاتا - ئانىسى، ياش ۋاقتىدا ئوينىغان مەھەل-لىسىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى. ئۇنىڭ بېشىدا قومۇشتىن توقۇلغان شىلەپە، ئاق چۈنچەندىن تىكىلگەن كاستۇم - بۇرۇلكا بولۇپ، كالاسكىدا خۇددى «كارچوك» تا ئولتۇرغاندەك ئولتۇراتتى.

---

[1] چويى — شىڭ شىسەينىڭ قېيناتىسى ئىلىغا ۋالىي بولغان.

www.uyghurkitap.com

تى. ئۇ چېلەك خاڭزا كوچىسىغا كىرىپ ئۆيى ئالدىدا كالاسكىنى توختاتتى. ئۆيدىن قاڭسىق سىركە پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇلار ياغلىقىنى ئېلىپ ئاغزى ـ بۇرنىنى پۈركىدى. «ماڭ، ھەيدە!» بۇيرۇق قىلدى ئۇ. ئۇ قارادۆڭ، توپادەڭ، توخۇ بازارلىرىنى ئايلىنىپ لەڭزە بېشىدىكى سۇغا چۆمۈلۈپ ئوينىغان يەرلىرىنى كۆرمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئېسىگە بىر كۆڭۈلسىز ئىش كەلدى بولغاي، بۇ نىيىتىدىنمۇ ياندى. ئۇ تەشلەيكە، توغرىكۆرۈك، ئۈچدەرۋازا، ساي بويلىرىنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ: «غۇلجىنىڭ ئۈستىڭدىن ماي ئاقىدۇ، ماي، پاھ، نېمىدېگەن بايلىق» دېگىنىدە، غۇلجىنىڭ بايلىقى ئۇنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ، ئاشقازان، ئۈچەيلىرىدە تۇرۇپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

ليۇ جۇيجاڭ غۇلجىغا كېلىپ ئالتىنچى كۈنى ھەرقايسى ناھىيە، شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىنى چاقىرىپ مەجلىس ئاچتى. ھەرقايسى ناھىيە باشلىقلىرىنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، شەھەردىن تارتىپ يېزا ـ قىشلاقلارغىچە ھۆكۈمەتكە قارشى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى چاپلىنىپ تۇرۇپتۇ. ليۇ جۇيجاڭ كېلىپ ئۈچىنچى كۈنى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدىن توغرىكۆرۈك، تەشلەيكە، خەنزۇ بازىرىغا چوڭراق خەت بىلەن يېزىلغان ليۇ جۇيجاڭنىڭ جىنايىتى پاش قىلىنىپ، بۇ جاللاتقا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىنىپ، قايسى ۋاقىت، قايسى جايدا بولسۇن ھۆكۈمنى خەلقنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇرۇلغانىدى.

ليۇ جۇيجاڭ چوڭ يىغىندا بىردەم قايىندى. ئاخىرىدا قارار ئورنىدا مۇنۇلارنى دېدى:

— بىرىنچى، ئىشپىيون ـ جاسۇسلارنى، ساقچى، ژاندارمىلارنى كۆپەيتىش، ئۇلارغا پەۋقۇلئاددە ھوقۇق بېرىش، دادىل

گۇمان قىلىش، قولغا ئېلىش، ئۆلتۈرۈشتىكى خاتالىقنى سۇ-
رۇشتۇرمەسلىك؛ ئىككىنچى، ئىشپىيون - جاسۇسلار،
ساقچى - ژاندارملار ئىقتىسادىي تەرەپتە يوقىرى ئىش ھەققىدىن
بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىرگە، تۆرلۈك ئىقتىسادىي كىرىمنىڭ
%30ى، خەۋەر قىلغۇچى ئىشپىيون - جاسۇسلارغا %50ى،
ساقچى، ژاندارما خادىملارغا %20ى تاپشۇرۇلىدۇ. تەشكىلات
توغرۇلۇق ھەرقانداق يىپ ئۇچى ئۇچرىسا شۇ زامان ليۇ جۇيجاڭ-
غا بىۋاسىتە خەۋەر قىلىنىپ يوليورۇق بويىچە ئىش قىلىدۇ.

ليۇ جۇيجاڭ غۇلجا شەھىرىدىكى بىرنەچچە زىيالىي، يۇرت
مۆتىۋەرلىرىنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇلارنى قاتتىق - يۇمشاق
سۆزلەر بىلەن سوراپ باقتى، مال - دۇنيا بەرمەكچى بولۇپ
ئالداپمۇ باقتى، بىراق ھېچقانداق سادا چىقمىدى. ئۇ «مەن
كۆرگەن ئاق ئېيىقلەر ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دەپ تۇرۇشىغا، سىيا-
سىي رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى ليۇ جۇيجاڭ ئۈستىدىن چىقىرىل-
غان ئىككىنچى قارارنى ئەكىردى. بۇنىڭدا ئۇنىڭ چوڭجاڭلار
مەجلىسىدە تاپشۇرغان قانلىق جىنايەت سۆزلىرى ئەينەن سىتاتا
قىلىنغانىدى.

ليۇ جۇيجاڭ ھۆكۈمنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قارىسىغا
ئۆرتىلىپ، كۆزلىرى پۇرۇلۇپ كەتتى. «ئاناڭنى!» ئۇ ئەسە-
بىيلىشىپ جوزىنى بىر مۇشت سالدى، — ئالدىرىما، سەن
ئوغرىلار تېخى مېنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشتىڭما.» ئۇنىڭ
كۆز ئالدىدا قانداقتۇر بىر رەڭسىز سىرتماق پۇلاڭلاپ تۇراتتى.
ھەش - پەش دېگۈچە ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئۈچ ئاي ليۇ
جۇيجاڭ ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتسىز بىلىندى.

«پولات، پولات، پولات تۇرماق ئالماس بولساڭمۇ قوغۇ-
شۇندەك ئېرىمىگىنىڭنى مەن بىر كۆرەي.»

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تورداكى ئادرېسى

ئۇ ئالچاڭلاپ بېرىپ ئۇستىدىكى قارا تاشلىق دەپ-
تەرنى ئاچتى ــ دە، ئاندىن:

«پولات ئەلپاتتايوپ، ئەلپاتتا 1938 ــ يىلى ئۇرۇمچى ئىك-
كىنچى تۇرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن» دەپ يازدى. بىردىنلا ئۇنىڭ
قولى تىترەپ قەلىمى قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. «ئەلپاتتا» بىر
رەڭسىز گەۋدە ئۇنىڭ ئالدىدا شەكىللەندى. «ئەلپاتتايوپ، ئەل-
پاتتايوپ، پولات.» بايىقى تېلېفون بىلەن يەل ئۇرۇلۇپ پومپاي-
غان ليۇ جۈيجاڭ شۇ تۇرقىدا يېلى قېچىنۋاتقان «كامېر» نىڭ
ئۆزى ئىدى.

3

ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ سوراقخانىسىدىكى ئۈچ بۆ-
لۈك شەكلىدە قويۇلغان ئىككى ئۈستەلدە ساقچى كىيىمى كىي-
گەن تۆت كىشى ئولتۇراتتى. بىرىنچى ئۈستەلدە ئولتۇرغىنى
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گۇدى ئىدى. ئۇ «پىلىكىدە تو-
رۇپ يىگلەپ كەتكەن خەمەك» نىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئۇنىڭ سول
تەرىپىدە ئولتۇرغىنى ۋاڭ لى دوسا (باش سوراقچى) بولۇپ،
قاپلاندەك سېمىز ئىدى. ئىككىنچى ئۈستەلدە ئولتۇرغىنى جۇ
كاتىپ بولۇپ، بۇ كىشى كۈن چۈشمىگەن سايىدە ئۆسكەن قام-
غاقتەك ئېگىز ھەم رەزگى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئۆمرى يالاقچىد-
لىق، چېقىمچىلىق، بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۆتكەن جاللات غوجەك
ئولتۇراتتى.

ئىككى چېرىك پولات ئەپەندىنى مىلتىق ئاستىغا ئېلىپ
مەيدانغا ئەكىردى.

گوجوجاڭ ئىرغىپ قوپۇپ ئۈستەلنى بىر شاپىلاق ئۇردى.

ئۇنىڭ پۇرۇلۇپ كەتكەن كۆزلىرى تېخىمۇ پۇرۇلۇپ كەتتى.

— ئاناڭنى هايۋانلار، پولات شاۋجاڭنى مىلتىق بىلەن ھەيدەپ كىرگىن دەپ سەنلەرگە كىم بۇيرۇق قىلغان! ماڭ، كۆزۈمدىن يوقىلىش!

خوپ دېگىنىچە ئىككى چېرىك چىقىپ كەتتى.

— ھى - ھى - ھى، پولات شاۋجاڭ، سەت ئىش بولدى. ئۇقۇشماستىن بىزنىڭ ئاۋۇ كالۋالار قوپاللىق قىپتۇ. بىز ئۆز ئادەملەرغۇ، قېنى مەرھەمەت، — گۇ جۇجاڭ مۇغەمبەرلەرچە ھىجايدى.

«پاھ، مۇنۇ ھىيلىگەر تۈلكىنى قارا» دەپ ئويلىدى پولات ۋە ئوتتۇرىدا تۇرغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرىنچى بولۇپ تامدىكى، تورۇستىكى بىگۇناھ تۆكۈل-گەن قانلارغا چۈشتى. سوراقخانىنىڭ بىر تەرىپىدە يۆگەكلىك قامچا، توقماق، كويزا، كىشەن، قىل ئارقان، داغمال، جادۇ، تۆمۈنە، بىگىز، ئەينەك پارچىلىرى قاتارلىق جازالاش ئەسۋابلى-رى تۇرۇپتۇ. قارا پەردە ئارقىسىدا ئادەمنى سويۇپ بىر نېمە قىلىۋاتامدۇ ياكى يىلان - چايانلار بارمۇ، ئىشقىلىپ غەلىتە، قورقۇنچلۇق ئاۋازلار چىقىپ تۇراتتى، ئۆيىنىڭ ئىچىدىن خۇن پۇراپ تۇراتتى.

پولات ئەپەندى ئېغىر تىن ئالدى، ئۇ ئاشۇ ئولتۇرغان قاتىللار قولىدىكى ئاشۇ جازا قوراللىرىدىن ھېچبىر قېچىپ قۇتۇلالمايدىغىنىنى ھېس قىلدى - دە، بويى شۈركىنىپ تاپىنىغا نەشتەر سانجىلغاندەك بولدى.

— پولات شاۋجاڭ، بىز سىز بىلەن مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە سۆزلەشمەكچى، سىز بولسىڭىز بىر مەكتەپنىڭ شاۋ-جىڭى، ناھىيىمىزدە ئىناۋىتىڭىز بار، پىرقە دۆلەتكە سادىق

www.uyghurkitap.com

ئادەم دەپ ئىشىنىمىز، شۇنداقمۇ؟

ئۇ جۇجاڭ خالىغاننى كۆرۈپ تاللىۋال دېگەندەك قىلىپ بىرنەچچە مىنۇت جىم تۇرغاندىن كېيىن شۇنداق سورىدى:

— جۇجاڭ جانابلىرى، مەن بىلەن قانداق سۆزلەشسىڭىز ئىختىيار سىلەردە. راست، مەن بىر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچى سۈپىتىم بىلەن ۋەتەنگە، خەلققە ئەلۋەتتە سادىق مەن.

— ھا ـ ھا ـ ھا، ۋەتەنگە، خەلققە سادىق ئادەم ئەلۋەتتە پىرقە دۆلەتكىمۇ سادىق ـ دە، شۇنداقمۇ؟ ھا ـ ھا ـ ھا، — گو جۇجاڭ ئۆزىچە مەسخىرە قىلىپ كۈلدى.

— جۇجاڭ جانابلىرى، بۇ ئىككىسى ئىككى ئىش، پىرقە دۆلەت ئەلۋەتتە ۋەتەنگە، خەلققە سادىق بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق، ھازىر ئۇنداق بولماي بىگۇناھ خەلقنىڭ قولىغا كويزا، پۇتىغا كىشەن چۈشۈۋاتىدۇ. مانا شۇلارنىڭ بىرسى ئالدىڭلاردا ئولتۇرىدىغۇ.

— ھا ـ ھا ـ ھا، — گو مەسخىرە كۈلكىسىنى يەنە كۈلدى ـ دە، — سىز پىرقە دۆلەتكە ئىشىنەمسىز؟ ۋەتەن، خەلق دەپ كىمنى كۆزدە تۇتىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ھەمدە چىراي ھېلىلىدەك پۈرۈلۈپ كەتتى.

— بۇ ناھايىتى ئاددىي، جۇجاڭ جانابلىرى، مەن ۋەتەن دېگەندە پۈتۈن جۇڭگو تۇپرىقىنى، خەلق دېگەندە تۆت يۈز ئەللىك مىليون خەلقنى دەۋاتىمەن، بۇ ئۇقۇشلۇق ئىشقۇ.

گو قۇيرۇقىغا تىكەن سانجىلغاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە:

— مەن سەندىن پەلسەپە سۆزلەپ بەرگىن دېمىدىم، سەن نەگە، نېمە ئىش ئۈچۈن باردىڭ، بىلەمسەن؟ — ئۇ قولىنى شىلتىدى.

— ھە، شۇ ئىشمىدى، مەن شەھەرگە كىرىپ شەھەردىن ئۆيۈمگە قايتىپ چىقتىم. بۇنىڭ مېنى سوراق قىلغۇدەك نېمە ھاجىتى بار؟

— يالغان، بىز ھەممىنى تەكشۈردۇق. بىزدە سېنىڭ ئۇستۇڭدىن بېرىلگەن تولۇق ماتېرىيال بار. مانا، — ئۇ ئۇس-تەل ئۇستىدىكى قەغەزنى ئېلىپ، پولاتقا تەڭلەپ يەنە ئۇستەل ئۇستىگە پاققىدە تاشلاپ قويدى. ئاندىن قولىنى كەينىگە تۇتۇپ تامغا يۆلەكلىك تۇرغان جازالاش ئەسۋابلىرى يېنىغا كېلىپ ئۇيان - بۇيان ماڭدى.

— مېنىڭ گېپىم شۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سىلەرگە دېگۇدەك مەندە ھېچقانداق ئىش يوق، — تەكرارلىدى پولات.

— ھېچقانداق ئىش يوق؟ ھېچقانداق ئىش يوقمىش تېخى، — ئۇ پولاتقا تىكىلىپ قارىدى.

پولات ئېگىز خادا تاش ئۇستىدە تۇرغان قىران بۈركۈتتەك مەغرۇر ئولتۇراتتى.

گۇ ئامالسىز قالدى - دە، ۋاڭ دوساغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

ۋاڭ دوسانىڭ قولىدىن ھەر كۈنى دېگۇدەك قانچىلىغان كىشىلەر ئۇستىدىن ئويدۇرۇپ يېزىلغان سوراق - ھۆكۈملەر، ئالداش، قورقۇتۇش، قىيناش، ئۆلتۇرۇش ۋاستىلىرى ئۆ-تۈپ، تەكرارلىنىپ تۇرغاچقا، ئۇ رەھىمسىز ھەم ھىيلىگەر ئىدى. ئۇ ئالدىدىكى ئىستاكاننى ئېلىپ ئىككى يۇتۇم سۇ ئىچىپ ئىككى قېتىم قىسقا يۆتەلدى.

— پولات، — دېدى ۋاڭ دوسا مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرۇپ، — سەن بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى، بىز بولساق ساقچى ئىدارىسى كادىرى. بىز بىر مەسلەكتىكى پىرقە دۆلەت كىشىلە-

رى شۇنداقمۇ؟ ھەرقانداق كىشىدە بىرەر يېڭىلىشتىن خاتالىق، جىنايەت سادىر بولىدۇ. شۇ خاتالىق، جىنايەتنى ئىقرار قىلىشقا بولىدىغۇ؟ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، ۋەتەنگە، خەلققە قارشى چىقىش جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىك. بۇنى تاپشۇرۇش كېرەك. بىراق، مەندە ۋەتەنگە، خەلققە قارشى جىنايەت يوق؟ — كېسىپ ئېيتتى پولات.

— ھا - ھا - ھا، پولات، سەندە ۋەتەن، خەلققە قارشى جىنايەت بولمىسا، پىرقە دۆلەتكە قارشى جىنايەت بار. ئەگەردە سەن شۇ جىنايىتىڭنى تولۇق تاپشۇرساڭ سېنىڭ خىزمىتىڭ ئۈستۈرۈلىدۇ. قانچىلىك پۇل، مال دېسەڭ مانا ھازىرلا تەييار، — ۋاڭ دوسا ئۈستەل تارتمىسىدىن يوغان بىر كاللەك پۇلنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

— پۇل، مەنسەپ ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كاللىسىنى سات دېمەكچىمۇ؟ ياق، مەن ئۇنداق ۋىجدانسىز، پەسكەشلەردىن ئەمەس.

— ھا - ھا - ھا، پولات سەن تولىمۇ نادان، سەن ساتمىغان بىلەن باشقا ساتىدىغانلار كۆپ ئەمەسمۇ؟ بىلەمسەن، سېنىڭ كاللاڭنى باشقىلار پۇلغا ئاللىقاچانلا ساتقان، — دېدى گو جوجاڭ ئۆزىنى تۇتالماي ئەسەبىيلىشىپ.

— پولات، — دېدى ۋاڭ دوسا گونىڭ سۆزىگە ئۇلاشتۇرۇپلا، — بىز ساڭا بىر سائەت ئويلىنىش ۋاقتى بېرىمىز، بۇنىڭدا سەن ئۆزۈڭنىلا ئويلىما، مۇھىمى ئائىلەڭ بىلەن بالاڭنىمۇ ئويلا، ئۇقتۇڭمۇ؟ كېلىڭلار!

ئۇ سىرتتا ساقلاپ تۇرغان چېرىكلەرنى چاقىردى. ئىككى چېرىك كىرىپ پولاتنى ھەيدەپ ئاچىقىپ كېتىپ، تۈرمە سىرتىدىكى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويۇش ئۆيىگە غولىدىن ئىتتىرگىنى-

چه كىر گۇزۇۋېتىپ، قەلەي قاپلاقلىق قارا ئىشىكنى يېپىپ تېشىدىن قۇلۇپ سالدى. ئۆينىڭ ئاستىغا شال پاخىلى سېلىنغان بولۇپ، ئۆي ئىچى زەي، ئادەم قېنى — خۇن پۇراپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئۇستىدىكى تۈڭلۈكتىن چۈشكەن پىلدىرلاپ تۇرغان يو- رۇق ئۆي ئىچىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. قاراڭغۇ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئۆلۈكمۇ، تىرىكمۇ، ئېنىقسىز بىر كىشى يېند- چە ئۇزۇنىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ باش - يۇزى، ئۇچىسىدىكى ئاق كۆڭلىكى قانغا بويالغان، ئىككى تاپىنى «كا- ۋاپ» تەك قېتىپ قۇيقا پۇراپ تۇراتتى.

— ۋاي بىچارە، — پولات ئىشىككە يېقىن بىر جايغا كېلىپ ئولتۇردى. ھېلىقى كىشى ئىڭرىدى. پولات بېرىپ ئۇ- نىڭ بېشىنى يۆلىمەكچى بولدىيۇ، بىراق بايىقى ۋاڭنىڭ سۆزى ئېسىگە كەلدى. «بىر سائەت»، دېمەك ۋاقىت قىس ئىدى.

بايىقى ۋاڭ دوسانىنىڭ سۆزى ماڭا بېرىلگەن سىگنال، نې- مىشقا گۇلنارغا مەردانىنى ئېلىپ ۋاقىتلىق بىر يەرگە يوشۇرۇ- نۇڭلار دېمىدىم؟ بالام، ئايالىمنى دەپ، زادى بولمىغاندا ئۇلار بىلەن كۆرۈشكىلى بولسىمۇ ئىقرار قىلسام بولارمۇ؟ بۇلارنىڭ قولىدا مەن توغرۇلۇق زادى قانچىلىك پاكىت بار؟ ياق، پاكىت يوق، پەقەت گۇمان. ۋاقىت ئاز قالدى، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلسىلا بۇلارنىڭ ئىشى تۈگەيدۇ. بىز غەلىبە قىلىمىز. تەشكىلگە، يولداشلارغا ھەرگىزمۇ خائىنلىق قىلمايمەن، ھەرقانداق قىيىن - قىستاقتا چىداشلىق بېرىمەن. گۇلنارمۇ شۇ، ئەگەر تۇرمىدە قۇربان بولسام، بۇ كەلگۇسى ئەۋلادلار ئۇچۇن.

پولات زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خىياللارنى كاللىسىدىن ئۆتكۇزدى - دە، «مەن پولات تېنىمنى قىيما - چىيما قىلىۋەتسەڭمۇ چىدايمەن» دېدى. بايىقى سوزۇلۇپ ياتقان

كىشى يەنە ئىڭىردى. ئۇ ئىتتىك بېرىپ ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى.

— ۋايجان، — ئۇ كىشى يەنە جىمىپ قالدى.

پولات ئۇ كىشىنى تونۇيالمىدى. ئۇنىڭ بېشى، يۈزى تاياق زەربىدىن يېرىلىپ، بەدىنىنىڭ ئىككى يېرىگە داغمال بېسىلغان، چوغقا دەسسەتكەنلىكىدىن ئىككى تاپىنى كۆيۈپ تېرىلىرى تارتىشىپ قاپتۇ.

«ئىپلاس فاشىستلار، سەنلەر شۇنچىلىك قىيناپ ئازابلىغۇدەك دۇنيادىكى ھەممە ئەسكى ئىشلارنى مۇشۇ كىشىنىڭ پېشانىسىگە يېزىپ قويۇپتىمۇ؟ سەنلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى ئۇنىڭ تېنىنى بويسۇندۇرۇش، لېكىن قەلبىنى بويسۇندۇرۇش ھېچقاچان قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ.»

پولات مۇشۇكىنىڭ كۆزىدەك پىلدىرلاپ تۇرغان تۈڭلۈكتىن ئاسمانغا قارىدى - دە، بىر توپ كەپتەرنىڭ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كەتكىنىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئاشۇ يورۇقنى، ئاشۇ كەپتەرلەرنىڭ ئاسماندا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرگىنىنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغاندەك تەشنالىق بىلەن يەنە بىر قېتىم ئۇچۇپ ئۆتسىدى دەپ تەلمۈرۈپ ئولتۇردى.

پولات كىتابلاردىن ھايۋانات باغچىسىدا تۆمۈر قەپەسكە سولاپ قويۇلغان يولۋاس، شىر، بۆركۈتلەرنى كۆرگەنىدى. چەكسىز كەتكەن ئورمانلىق، ئايدالادا ئەركىن، بىمالال يۈرگەن بۇ جانىۋارلار ئادەتتىكى بىر ئويۇنچۇق بولۇپ، بىر پارچە گۆشنىڭ «تىلەمچىسى» بولۇپ ھورۇنلۇق بىلەن ئەتىدىن - كەچكىچە ياتاتتى. يانپېشى ئاغرىغاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ قەپەس ئىچىدە كېرىلىپ ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى - دە، يەنە بېشىنى ئىككى ئالقىنى ئۈستىگە قويغىنىچە كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ياتاتتى

ياكى كۆزىنى يىراق جايلارغا تىككىنىچە تۇراتتى. ئېھتىمال ئۇلارنىڭ خىيالى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئاشۇ تار قەپەستە سائەت-لەپ، كۈنلەپ، ئايلاپ، قانچە يىللاپ سۇرۇلگەچكە تۈگەپمۇ قالغاندۇ ۋە ياكى ئاشۇ ئازادە كەڭ جاھانغا ئىنتىلگەندۇ.

پولاتقا مۇنۇ خۇن پۇراپ تۇرغان ئۆينىڭ ناھەق قىزىل قانلار بىلەن نەقىشلەنگەن تۆت تېمىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تۆمۈر قەپەستە قىسقاندەك تۇيۇلدى.

«ئاھ ئەركىنلىك، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ئىنقىلاب بولىدىكەن قۇربان بېرىش بولىدۇ، شۇنى جەزملەشتۇرۇشىمىز كېرەككى، ئىنقىلاب چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ، قۇربانلار بەدىلىگە ۋەتىنىمىز، خەلقىمىز، مىللىتىمىز ئازاد بولىدۇ. ئىنقىلابنى قۇربانلار ئازاد ئەۋلادلار قەلبىدە مەڭگۇ ياد ئېتىلىدۇ. سېنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سەن كۆرمىدىڭ.

پولات تار قەپەس ئىچىدە ئولتۇرۇپ قەمبىرىنىڭ شۇ سۆز-لىرىنى ئەسلىگىنىدە قەمبىرى، رەخىم، گۇلنارلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. «دۈشمەنلەر ئەجەل ھودۇقۇشىدا، ئۇلارنىڭ يىلى تۈگەپ ئېيى، كۈنىلا قالدى.» قەمبىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاۋاتقاندەك قىلاتتى. «جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتكى-لى بولماس.» گۇلنارمۇ پىچىرلايتتى. «راست، ئاي تۈگەپ كۈنلا قالدى. ئازادلىق تېڭى بىزنىڭ ۋەتەنىدىمۇ ئاتىدۇ. گۇلنار، جېنىم گۇلنار، راست دەيسەن، تېنىمنى قىيما قىلىپ توغرىسىمۇ دېگىنىم دېگەن.» چالا ئۆلۈك كىشى يەنە ئىڭرىدى، پولات ئىتتىك بېرىپ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى.

— سۇ، سۇ، — ئۇ قان بىلەن چاپلىشىپ قالغان كالپۇكلىرىنى تەستە ئېچىپ قۇرۇپ كەتكەن تىللىرى بىلەن يالايتتى، — سۇ، سۇ...

پولات بۇ بىچارىگە نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. ئۇ بۇ بىچارىنىڭ بېشىنى يەرگە قويۇپ، «سۇ!» دەپ ئىشىكنى ئۇرۇپ چېرىكلەرنى چاقىرماقچى بولدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە كېلىشىگىلا ئىشىك جالاق قىلىپ ئېچىلدى.

— ماك، — دېدى چېرىكلەرنىڭ بىرسى مىلتىقىنى دېۋەيلەپ.

— ئاۋۇ كىشى ئۆلەي دەپتۇ، «سۇ» دەيدۇ، — دېدى پولات چېرىكلەرگە ئۇ كىشىنى كۆرسىتىپ.

— چاتىقىڭ بولمىسۇن، ئۆلسە ئۆلمەمدۇ، ماك دەيمەن، — دېدى چېرىك قوپاللىق بىلەن. چېرىكلەرنىڭ كىيىگەن كىيىمى قانچە قارا بولسا ئىچى ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتكەن قارا، دىلى ھەم تىلىمۇ شۇنچە زەھەر ئىدى.

بىر سائەتتىن بېرى ئېغىز - بۇرۇن يالاشقان جاللاتلار ھەممە جازالاش قوراللىرىنى تەق قىلىپ قويۇپ قاپاقلىرىنى تۈرۈشۈپ ئولتۇرۇشاتتى. پولاتنى ئىككى ساقچى ھەيدەپ كىردى. ئۇنىڭ كۆزى سوراقخانىنىڭ جازالاش قوراللىرى تەرىپىدە يەڭلىرى تۈرۈلگەن، قارا كۆزەينەك تاقاپ ئۆرە تۇرغان ئىككى جاللاتقا چۈشتى، ھەر ئىككىسىنىڭ كىيگەن كىيىمى ئالا - بۇلا بولۇپ، ئادەم قېنىدىن چىپكىلگەن ئالا - بۇلىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. ئۇلار كۆزەينەكلىك يىلان زەھىرىنى چېچىشقا تەييار تۇرغاندەك، ئېتىلىدىغاندەكلا تۇراتتى.

— ئولتۇر! — بۇيرۇق قىلدى ۋاڭ دوسا.

پولات كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بايىقى ئۆينىڭ يېرىمىدىكى قارا پەردە يىغىۋېتىلىپ چويۇن مەش ئىچىدىكى قىزىل چوغدا ئىككى دانە داغمال چوغقا ئوخشاش قىزىل تۇرۇپتۇ. مەشنىڭ ئۈستىدىكى قازاندا قايناپ تۇرغان ماينىڭ بۇسى چىقىپ

تۇراتتى. پولات ئېغىر تىن ئالدى.

— ئويلاندىڭمۇ؟! — سورىدى ۋاڭ دوسا.

— ئويلانغۇدەك نېمە ئىش بار. مەن بىر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپەمنىلا ئادا قىلدىم، — دېدى پولات.

— بىز سېنىڭ جىنايىتىڭنى دەۋاتىمىز.

— مەن سىلەرنىڭ نېمىنى سوراۋاتقانلىقىڭلارنى زادىلا بىلمىدىم. مەن نېمە جىنايەت قىلدىم، پاكىت بولسا دەڭلار، مەن ئىقرار قىلاي.

— نېمە؟ نېمە؟ سەن بىزدىن پاكىت سورامسەن؟ بىز سەندىن تەشكىلات مەسىلىسىنى سوراۋاتىمىز. بىر - بىرلەپ جاۋاب بەر.

گو جوجاڭ سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ها - ها - ها، — پولات گوڭنى مەسخىرە قىلىپ كۈلدى - دە، دېدى، — گو جوجاڭ، سىلەرنىڭ باياتىن بېرى بىلمەكچى بولغان ئىشىڭلار مۇشۇمىدى، تەشكىلات، ئۇ قانداق تەشكىلات؟ بۇ ناھايىتى قىزىق ئىش بولدى.

— نېمە؟ نېمە؟ سەندە جىنايەت يوق؟ — گو ئۆزىنى تۇتالماي ئۈستەلنى بىر مۇشت ئۇردى.

— شۇنداق، مەندە جىنايەت يوق، بۈگۈنكى بۇ بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەتتە قانۇنسىزلىق، پارىخورلۇق، ئوغرىلىق، خىيانەت، قاتىللىق، زورلۇق - زومبۇلۇق، بۇلاڭچىلىق، باسقۇنچىلىقتىن ئىبارەت جىنايەتلەر نەدە يۈرۈپ خەلقتە بولسۇن. بىگۇناھ خەلق ئاشۇ جىنايەتچىلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن پۇل ئۈچۈن، مەنسەپ، ئابرۇي ئۈچۈن ۋىجدانىمنى ساتمايمەن، — كەسكىن جاۋاب قىلدى پولات.

— ھەي جېنىغا ئىچى ئاغرىمىغان ئەخمەق،

كېلىڭلار! ــ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى گۇ جوجاڭ. تالادىن يەنە يەڭلىرى تۇرۇلۇپ، كۆزلىرىگە قان تولغان ئىككى جاللات كىردى. گۇ غوجەككە يېنىچە قارىغان بولۇپ، كۆزىنى قىسىپ قويدى. ھەر كۈنى قانچە قېتىملاپ بۇنداق قۇۋلۇق ـ شۇملۇقلار-نى بىرگە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ بىر جاڭگالدىكى يىرتقۇچ چىلبۆرىلەرنىڭ بىرى بولغان غوجەك شوڭگەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى ـ دە، سۆزگە ئارىلاشتى:

ــ پولات ئەپەندى، سەن بولساڭ ئوقۇمۇشلۇق، ئاق ـ قارىنى بىلىدىغان ئادەم، بىكارلا ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ قىلىسەن. سەن بىلىسەن، مەن دىنىي قېرىنداش ھەم قان قېرىنداش، سېنىڭ پۇتۇڭغا كىرگەن تىكەن مېنىڭ پۇتۇمغا، سېنىڭ كۆ-زۈڭگە كىرگەن يىڭنە مېنىڭ كۆزۈمگە كىرىدۇ. خۇدا ئۇرسۇن، قۇرئان ئوقۇپ، نانمۇ دەسسەپ بېرەي، سەن راستىنى دېسەڭلا، سېنى ھازىرلا قويۇپ بېرىدۇ. تېخى كۆردۈڭغۇ، ئاشۇ ئۇستەل-دىكى شۇنچىلىك جىق پۇلمۇ سېنىڭ بولىدۇ، ئەزبىرايى خۇدا سېنىڭ بولىدۇ.

غوجەك شوڭگەن سۆزىنى بىر-دە كىچىك ئىتقا، بىر-دە پولاتقا قاراپ كۈچۈكلىنىپ دەپ تۈگەتكۈچە پېشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى.

ــ شوڭگەن، دەپ باقە! سەن تۇتۇپ كېلىپ مۇشۇ تۈرمى-دە سەنلەرنىڭ قولۇڭدا بىگۇناھ ئۆلگەن ئاشۇ قان ـ قېرىنداش-لارنىڭ پۇتىغا، كۆزىگە كىرگەن تىكەن بىلەن يىڭنە سەن بىلەن ئەھەت، مەھمۇتقا ئوخشاش مۇناپىق، خائىنلارنىڭ پۇتىغا، كۆ-زىگە كىرىپ باققانمۇ؟ سەن مېنىڭ مۇشۇ ئىقرارىمنى مۇنۇ ئولتۇرغان خوجايىنلىرىڭغا تولۇقى بىلەن تەرجىمە قىلىپ بەر-گىن.

— باس بۇ غەرەز ئۇقمىغان دودەننى! — ۋاڭ دوسـا ۋارقىرىشى بىلـەن تـەڭ تۆت جاللات ئېتىلىپ كېلىپ پولاتنى پۇت - قولىدىن تۇتۇپ سۆرەپ ئاپىرىپ، قولىنى كەينىگە باغ-لاپ، تىزىنىڭ ئۇستىنى ئىككى ياغاچ ئارىسىغا ئېلىپ گاڭزىغا باستى. پولات چىشلىرىنى چىشلىگىنىچە ئاغرىق ئازابىدا پېشاند-ىسىدىن مۇنچاقتەك تەر چىقىپ كەتتى. «ھى» دەپ شەرەت قىلدى كىچىك ئىت غوجەككە قاراپ بۇيرۇق قىلىپ.

«ۋايـجـان، ۋايـجـاي، ۋايـجـان، ئىپـلاس، ۋەھشي فاشىستلار! » پولات ئاغرىققا چىدالمىدى. ئۇلار پولاتنىڭ پۇتد-ىنىڭ باشمالتاق تىرناق ئاستىغا ھە دەپ تۆمۈر تىقىۋاتاتتى.

— ئېيتامسەن يوق، قورال نەدە، تەشكىلاتچۇ؟

— گېپىم گەپ، مەندە قورالمۇ يوق، تەشكىلاتمۇ يوق.

— باس! — ۋارقىرىدى بىرى.

تۆت جاللات بار كۈچى بىلەن گاڭزىنى باستى. پولات ئاغ-رىققا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر ھوشىدىن كەتتى. جاللاتلار ئۇنىڭ پۇتلىرىنى سۇندۇرۇپ، دۈمبىسىگە داغمال باسقانىدى. بىر جاللات بىر چېلەك سوغۇق سۇنى ئەكېلىپ چاچتى، لېكىن ئۇ مىدىرلىمىدى.

— ئۆلدى، — دېدى ئۇ جاللات.

— نېمە؟ نېمە؟ — سورىدى يەنە بىر جاللات.

— ئۆلدى، — تەكرارلىدى بايىقى جاللات.

— ئاناڭنى، تەييارتاپ نان قېپىلار، سەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ قويغىن دەپ كىم ئېيتتى. ۋاي ئاناڭنى خۇمپەرلەر، تۆلەش، تۆلەش دەيمەن، — ئۇ غالجىرنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئالدىغا كەلگەن-ىنىنى تېپەتتى، ئۇراتتى، پۇتلىشىپ كېتىپ يەرگە يىقىلاتتى. «گۇ جۇجاڭ! ماڭا ئۇنىڭ ئىقرارى كېرەك، قانچە تېز بولسا

www.uyghurkitap.com

شۇنچە ياخشى، ئىقرارى كېرەك، ئىقرار، كاللاڭ بىلەن جاۋاب قىلىسەن، ئۇقتۇڭمۇ؟ كاللاڭ بىلەن!» گۇنىڭ كۆز ئالدىغا چوڭ غالجىر ئىت لىۋ جۇيجاڭ كەلدى. «كاللاڭ بىلەن!» ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بۇ ئۆلۈم ساداسى ۋاڭىلدايتتى.

تۆت جاللات پولاتنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرگىنىچە تۈرمە قورۇسىغا ئەكىرىپ شال ياخىلى سېلىنغان بىر كامېرغا ئەكىرىپ تاشلىدى ــ دە، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كېتىشتى. پولات شال ياخىلى ئۈستىدە ئۆلۈك ئادەمدەك دۈم ياتاتتى. كامېرنىڭ تۆڭلۈكىدىن چۈشكەن يورۇق كامېر ئىچىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. كامېر ئىچىدە كىمدۇر بىرى پولاتنىڭ ئەتراپىدا سەكپارە بولۇپ يۈرەتتى. «ئاھ، بىچارە تەلەيسىز، پۈتىنى سۇندۇرۇپ، داغمال بېسىپتۇ ــ دە. شۇنچىلىك قىيىنىغۇدەك نېمىمۇ قىلغانسەن؟ ھەي جاللاتلار، ئادەم سىياقىغا كىرىۋالغان چىلبۆرىلەر، سېنىڭمۇ سورىغۇڭ بولار، ــ دەپ كوتۇلدايتتى، ــ سەن بىر مۇسۇلمان ئەھلى ئوخشايسەن، ئوڭداڭغا ياتقىن». ئۇ كىشى پولاتنى تەسلىكتە ئوڭدىسىغا ئۆرىدى. پولات دۈمبىسى شال ياخىلىغا تېگىش بىلەن «ۋايجان!» دەپ توۋلىدى.

«خۇداغا شۈكۈر، جېنى باركەن». ئۇ پولاتنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ يۈزىدىكى قانلارنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتتى ــ دە، چۆچۈپ كەتتى.

ــ پولات! پولات! مەن جالال، كۆزۈڭنى ئاچ! مەن جالال! ــ جالال چىداپ تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ھالسىزلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ئاققان مۆلدۈردەك ياشلار پولاتنىڭ يۈزىگە تېمىپ تۇراتتى، ــ پولات! پولات! كۆزۈڭنى ئاچ دەيمەن! مەن جالال، مەن جالال، خەپ مۇنۇ مۇناپىقلارنى، ئەمدى سەن-

لەرنىڭ ئىپلاس قوللىرىڭ مۇشۇنىڭغا يەتتىمۇ؟ خەپ، ئالدىراش-
ما، بىرگىمۇ گىزى كېلەر، پولات! پولات!
جالال ئۇنىڭ بېشىنى ئاۋايلاپ يەرگە قويۇپ ھېجىردىكى
قايناق سۇنى قوشۇق بىلەن پولاتنىڭ ئاغزىغا تېمىتتى. ئۈچ
قېتىمقى سۇ كالپۇكىدىنلا يېنىپ چىقتى. تۆتىنچى قېتىم قۇ-
يۇلغان سۇ پولاتنىڭ كېكىردىكىدىن «غىرت» قىلىپ ئۆتۈپ
كەتتى. «خۇداغا شۈكۈر» دېدى جالال. ئاندىن كەينى ـ كەينى-
دىن بىر نەچچە قوشۇق سۇنى ئىچكۈزدى.
پولات كالپۇكىنى يالاپ ئىڭرىدى.
ــ پولات، مەن جالال، كۆزۈڭنى ئاچ، مەن جالال، ــ
جالال ئۆزىنى باسالماي، ئۆپكىدەپ يىغلىدى، ــ پولات، سەن
قانداق پولات ئىدىڭ ـ ھە؟ قارا سېنى، بۇنچىلىك ئازابلىغۇدەك
سەن نېمە گۇناھ قىلدىڭ؟ ئاھ خۇدا، بۇ زاماندا زادى ھەقىقەت
دېگەن نەرسە بارمۇ؟
پولات مىدىرلىماقچى بولدىيۇ، بىراق مىدىرلىيالمىدى.
ــ جا ـ جا ـ جالال، يىغلىما دوستۇم، يىغلىما، بۇ
جاھان شۇنداق جاھان، ــ پولات بۇ سۆزلەرنى بىرمۇ بىر ئاران
دېيەلىدى.
جالال قوشنا يېزىدىكى بىر دېھقان بولۇپ، ئۇنى «كانتىر-
بان» دېگەن بوھتان بىلەن قولغا ئېلىپ ئالتە ئايدىن بېرى
تۈرمىدە ياتتى. پولات بىلەن جالال ئەينى ۋاقىتتا بىرىنچى سى-
نىپتىن تۆتىنچى سىنىپقىچە ئەلپاتتا ئاكىدا بىر سىنىپتا ئوقۇ-
غان ساۋاقداش ھەم يېقىن دوست ئىدى.
گۇ جۇجاڭ ئۆتتۈرۈپ قويغان قىمارۋازدەك گىلدىڭلىغىنى-
چە ئىشخانىسىغا كىردى ـ دە، ئىستاكاندىكى سۇنى بىر نەچچە
يۇتۇم ئىچتى، ئاندىن ئۆزىنى ساپاغا تاشلىدى.

«ئاناڭنى، گەپ ئۇقمىغان ياۋا ئېشەك، بىز يېمەيدىغان مۇشۇك نەدە بار. مىڭ سومغا دەل 200 قوي، ھەي ئەخمەق، مەن بولسامزە، ئۇ تېخى پۇل ئۇچۇن ۋىجدانىنى ساتمىغۇدەكمىش، ھەي ئەخمەق!» گۇنىڭ كۆز ئالدىدا بايىقى سوراقخانىدا ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان ئىككى كاللەك پۇل ئۇچۇپ يۈرەتتى. دەل شۇ چاغدا تۇيۇقسىز جىرىڭلىغان تېلېفون ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

— ئاناڭنى، كىمدۇ بۇ، — گۇ ئېرەنسىزلىك بىلەن تېلېفوننى ئالدى، — ۋەي، مەن گۇ جۇجاڭ.

— ئاڭلاۋاتامسەن، مەن ليۇ جۇجاڭ.

گۇ پۇتلىرىنى جۇپلەپ تىك تۇردى.

— خوپ، جۇجاڭ جانابلىرى، مەن، مەن گۇ جۇجاڭ.

— خوش، قانداق بولدى؟ — گۇ تۇيۇقسىز بېرىلگەن بۇ سوئالغا نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ھە دەپ تىرنىقى بىلەن ئۈستەل ئۈستىدىكى قەغەزنى تاتىلايتتى.

— قانداق بولدى دەۋاتىمەن!؟ نېمىگە زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ كەتتى - ھە؟ — ليۇ جۇيجاڭ شىر كەيپى كېلىپ كىچىك خوتۇنىنى باشقۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ليۇ جۇيجاڭ، پولات، پولات ... ئۆل ... ياق، ياق، تېخى ئىقرار قىلمىدى، ئۆتۈپ كەتكەن جاھىل ئىكەن، بىز ئۇنى چوقۇم ئەيۋەشكە كەلتۈرىمىز، خۇددى پىلىكتەك، — پېشانىسىدىكى تەرنى ئالقىنى بىلەن سۈرتتى ئۇ.

— ھۇ نان قېپىلار، ئىقرار قىلدۇرالمىدىڭما؟! ئۇ پولات تۇرماق ئالماس بولسىمۇ پىلىك قىلىۋېتىش كېرەك. سوراقنى پۈتتىنىڭ ئۇچىدىن باشلاپ بېشىدىكى چېچىغىچە قىل، ئۇقتۇڭمۇ؟

— خوپ، جۇيجاڭ جانابلىرى، ئۇقتۇم.

ليۇ جۇيجاڭ پۇتىنىڭ تىرناق ئاستىغا مىخ قېقىشتىن باشلاپ چېچىنى بىرتالدىن يۇلۇشقىچە بولغان جازالاش ئۇسۇللىرىنى تونۇشتۇرۇپ، يەنە بىر قاتار يوليورۇق، تاپشۇرۇقلارنى قىلدى. ئۇلار ئىت تالاشقاندەك بىر - بىرسىگە خىرىس قىلىشتى - دە، ھەر ئىككىسى «ئانانىڭ نى» دېگىنىچە تېلېفوننى جاققىدە قويۇشتى.

ليۇ جۇيجاڭ قورۇق قايتقان ئۇۋچىدەك بۆلۈمىنىڭ ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئۇ تېخى قارا تىزىملىكتىكىلەرنى قولغا ئېلىش ۋاقتى، قاماش ئورنى، ساقچى - ژاندارمىلارنىمۇ بېكىتىپ قويغان، پولاتنىڭ ئىقرارىغىلا قاراشلىق ئىدى. تېلېفون جىرىڭلىدى، ليۇ جۇيجاڭ تېلېفوننى ھورۇنلۇق بىلەن ئالدى.

— ھە، مەن شۇ، ليۇ جۇيجاڭ، نېمە - نېمە؟ — ليۇ جۇيجاڭ جىدديي سورىدى، — نېمە - نېمە، ئاستا سۆزلە دەيمەن، ئاناڭنى، قوزغىلاڭچىلار، ھە، ئۇلاستاي شۆبە ساقچىنى بېسىۋېلىپ قورالىلارنى بۇلاپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بۈگۈن كېچە ناھىيىگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار.

ئۇ قارشى تەرەپنىڭ دوكلاتىنى بىرمۇ بىر تەكرارلىدى - دە، يەنە «ئاناڭنى» دېدى. ليۇ جۇيجاڭ تېلېفوندا سۆزلىشىپ ئۇستەل ئۈستىدىكى بايىقى رازۋېدكا بۆلۈم باشلىقى ئەكىرىپ قويغان قەغەزگە كۆزى چۈشتى. «ھۆكۈم» دەپ چوڭ خەت بىلەن يېزىلغان بۇ خەت ليۇ جۇيجاڭ ئۇستىدىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈمى چىقىرىلىپ، كوچىغا چاپلانغان ئۇچىنچى قېتىملىق خەت ئىدى. ليۇ جۇيجاڭنىڭ قولى تىترەپ، تېلېفون تۇرۇبكىسى ئۇستەلگە چۈشۈپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى

# ئۈچىنچى باب

## 1

يېقىنقى بىر ھەپتىدىن بېرى ئاسماندىن سېرىق توپا يې-غىپ، دەل - دەرەخلەردىن تارتىپ سوقما تاملارغىچە ساپسې-رىق، تولىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ئادەملەرنىڭ چىرايلىرى ئۆتى يېرىلىپ بەدىنىگە تاراپ كەتكەن كىشىدەك سارغىيىپ، ئەنسىزچىلىك چىقىپ تۇراتتى.

— كونىلار ئاسماندىن توپا ياغسا ئۇرۇش بولۇپ قان تۆكۈلىدۇ، ئەل ئىچىدە ئەنسىزچىلىك بولىدۇ دەيدىغان، — دېدى تام ياقىسىدا سايىداپ ئولتۇرغان قۇربان ئاكا.

— شۇنداق، ئالدىمىزدىكى يىل ئات يىلى، زامان - زاماندىن ئېيتقاندا، ئات يىلى قار قېلىن يېغىپ زىرائەت ياخشى بولىدۇ. بىراق، ئەنسىزچىلىك بولۇپ قان تۆكۈلىدۇ. خۇداي-تائالا ئاتنى ئۇرۇشقا ياراتقان ئەمەسمۇ، — دەپ قۇۋۋەتلىدى ھېتاخۇن بوۋاي.

— ھەي، ھەي، ھەي، — دەپ سۆزىنى باشلىدى قادىر بوۋاي ساقىلىنى يېنىك سىلاپ قويغاندىن كېيىن، — ھازىر بۇ جاھاندا كىممۇ خاتىرجەم بولالىسۇن. بۇگۈنى بارى ئەتىگە يوق، ئەتىسى ئۆگۈنىگە. ھەر كۈنى بىرسىنىڭ بېشى قانىسا، بىرسىنىڭ بۇرنى، بىرسىنىڭ قولى باغلانسا، بىرسىنىڭ پۇتىدا كىشەن، بىرسى جان قايغۇسىدا بولسا، بىرسى پۇل قايغۇسىدا، بىرسى قاڭغىر قاقشاپ، زار يىغلاۋاتسا، نېمە، ھېلىقى ئىشپې-

يۇن دەمدا، ھە ئېسىم قۇرۇسۇن، ئىشپىيون دېگىنى لالما ئىتتەكلا بىر نېمىلەركەنغۇ. مۇشۇمۇ جاھان بولدىمۇ؟ مۇشۇنداق بولسا ئاسماندىن توپا ياغماي نېمە ياغاتتى.

— قادىر ئاكام راست دەيدۇ، — قۇۋۋەتلىدى نادىر ئاكا، — ئادەم تۇرماق ئىتلارمۇ ئەنسىز، ھېلىقى بىزنىڭ ئالاياق كۆزى يۇمۇلسا ئۆزىچىلا چۆچۈپ ئويغىنىپ ھويلىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا سوكۇلدايدۇ، تېخى دېمەيسىلەر، ئۆزىنىڭ سايىسىدىنمۇ ئۈركۈپ قاۋايدۇ. كونىلار «بۇ مەينەت مەندە تۇرماس، بۇ دۆلەت سەندە» دېگەندەك، مال - دۇنيا، مەنسەپ ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتقانلارمۇ بېشىغا يە؟

— شۇنداق، شۇنداق ئىلاھىم.

دېمىسىمۇ بەش كۈندىن بېرى پۇل ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتقان ئۈچ مۇناپىق گۈلنارنىڭ كەينىدە سايىدەك ئەگىشىپ يۈرەتتى، ماڭسا ماڭاتتى، تۇرسا تۇراتتى، كېچىلىرى شۇملۇق تىلەپ ئەسكى تاملىقلاردا ھۇۋقۇشتەك مارىشىپ يۈرەتتى.

گۈلنار ئاشۇ يامغۇرلۇق كېچىسى خەۋەر قىلىدىغانلارغا خەۋەر قىلىپ بولۇپ ئۆيگە قايتىپ كەلدى. تاڭ سۈزۈلۈشكە يەنە ۋاقىت بار ئىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى بىر چوڭ ئىش تۇراتتى. «توختا، ئاكامنى ھازىر ئويغاتسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشىغا ئۆزۈممۇ خاتىرجەم بولالمايمەن. ئۇنىڭدىن كۆرە، بۇگۈن ئۆزۈملا ...»

ئۇ قولىغا قەلەمنى ئالدى ۋە «بىر توپ كەپتەر ئۇچۇپ كەتتى، چىلەكنىڭ يىپى ئۈزۈلۈپ قۇدۇققا چۈشۈپ كەتتى» دەپ يازدى. ئاندىن خەتنى تۆت قاتلاپ سىقىمداپ تۇتتى - دە، ئۆيدىن چىقىپ قېلىن يامغۇرلۇق تون پەردىسىنى يېرىپ ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قورۇق بىلەن مەھەللىنىڭ ئاستىدىكى كونا كۆزلەككە

باردى. ئۇ خەتنى كۆزلەكنىڭ تۇرخۇنى ئىچىدىكى كىسەكنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ قويۇپ، ئاق تاشنى تامنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى. تاش «خەتەرلىك، دىققەت قىلىڭ» دېگەن مەنىدە ئىدى.

گۈلنار ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ بۇرۇنقىدەكلا مەكتەپكە باردى. كەلمىگەن ئوقۇتقۇچىلار ئورنىغا چوڭ سىنىپ بالىلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. ھەش - پەش دېگۈچىلا بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بىر ھەپتىدىن بېرى ئۇ تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمىدى، خىيال بىلەن بولۇپ قىلغان - ئەتكىنىنى بىلمەيتتى. قاسقان شەپكىلىك جاللاتلار كۆزىدىن كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېزىدا تۈرلۈك گەپلەر. ھېلىقى ئەھەت بىلەن ھىمىت چېقىپ قويۇپ، پولات ئەپەندىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ، مۇئەللىملەر قېچىپ كېتىپتۇ. پاھ، پاھ، ئەگەر ساقچىلار بىلمىگەن بولسىزە، پولات ئەپەندى ئۇلارنى نېمە قىلىۋېتەر ئىدى»، «ھەي، ئۇقتۇڭلارمۇ، نىلقىدا قوزغىلاڭ بوپتۇ. پولات ئەپەندى ئەسلىدە ئاشۇ نىلقىلىقلار بىلەن ئىش باشلىماقچىكەن. ھەي، قولغا چۈشۈپ قېلىپ يامان بولدى». «ئوغۇل بالىنى ئات ئۈستىگە ياراتقان، خوپ غوجام دەپ قانچە يىللاپ باش ئېگىپ ئۆتتۇق. ئاشۇ نىلقىلىقلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەردۇر؟»

يېزىدا بىر ھەپتىدىن بېرى كۆكرەك كېرىپ، قامچىسىنى پۇكلەپ چىققۇچىلارمۇ، قۇرئان تۇتۇپ ئاللانىڭ دۇئا - تىلاۋەت ئۆيى - مەسچىتتە «ھۆكۈمەت ئەمرى ۋاجىپ» دەپ ئەمرىمەرۇپ ئېيتقۇچىلارمۇ چىقتى، ئىشقىلىپ يېزا تەۋرىنىش ئۈستىدە تۇراتتى.

گۈلنار بۈگۈن مەكتەپتىن بۇرۇنراق قايتىپ كەلدى. ئۇ ئۆي ئىچىنى بىرقۇر بېسقتۇرغاندىن كېيىن، مەردانىنىڭ يازلىق، قىشلىق كىيىملىرىنى بىر قۇر رەتلەپ قويدى - دە،

ئېھتىمالغا قارشى ئۆزىنىڭمۇ بىر نەرسىلىرىنى رەتلەپ، كىيىم ماشىنىسى ئۈستىگە قويۇپ قويدى. مەكتەپتىن مەردان بىلەن غۇنچەم بىرگە قايتىپ كەلدى. مەكتەپتىكى ھەر ياڭزا گەپلەردىن بۇلارمۇ بۇرۇقتۇرما بولۇپ، بالىلارغا ئارىلاشمايتتى، دەرستىن چۈشۈپلا ئۆتتۈر ئۆيگە كېلەتتى، ئۇلارنىڭ يۇمران كۆزلىرىدىن ياش ئەگىپلا يۈرەتتى.

— بالىلىرىم، — دېدى گۈلنار ئۇلارنى باغرىغا بېسىپ، — نېمە بولدۇڭلار، يىغلىماڭلار، ئوغۇل بالا دېگەن ھەرگىزمۇ يىغلىمايدۇ. مەن سېنى ئوغۇل دەپ تۇغقان، ھەرقانداق ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ، چىداملىق بولۇش كېرەك.

مەردان بىلەن غۇنچەم ئانىنىڭ كۆكسىدە بۇقۇلداپ يىغلاۋاتاتتى. ئانا كۆز يېشىنى زورىغا توختىتىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن يۈرىكىدە بۇقۇلداپ يىغلىماقتا ئىدى.

— ئاپا! ئېيتقىنا، دادامنى ساقچىلار تۇتۇپ ئەكەتتىما؟ — ئانا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

— كىچىك ئاپا، راستما؟ ئەھەتنىڭ قىزى شۇنداق دېدى.

ئانا ئەمدى يوشۇرۇشنى خالىمىدى.

— شۇنداق، بالىلىرىم، داداڭلار قايتىپ چىقىدۇ، مەن ئەتىگە داداڭلارنىڭ يېنىغا چۈشۈپ چىقاي دەيمەن. مەن چىققۇچە سىلەر ئۆتتۈر مەكتەپكە بېرىپ، ئۆتتۈر ئۆيگە قايتىڭلار، باشقىلار نېمە دېسۇن ئاڭلىماڭلار. بىرسى گەپ سورىسا، ئۆيگە كىم كېلىپ، كىم كەتكەن دېسە ھېچكىم دەڭلار، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل، ئاپا! سەن دادامنى ياندۇرۇپ چىقامسەن؟

— شۇنداق، بالام، ياندۇرۇپ چىقىمەن.

— كىچىك ئاپام كىچىك دادامنى چوقۇم ئاچىقىدۇ، شۇنداقمۇ، كىچىك ئاپا؟

— شۇنداق، قوزىلىرىم.

«ياتتىم يائاللا، قوپتۇم ئىنشائاللا». كۈندۈزدىكى كۈنى «ئىنشائاللا» بىلەن ئۆتكۈزگەن يېزا خەلقى «ياتتىم يائاللا» دەپ تۈن پەردىسىگە كىردى. تۈتقۈن قىلىش كېچىسى بولاتتى. گۈلنار مەردانىنىڭ ئورنىنى سىلىپ ياتقۇزدى. ئۇ ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلگەندىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ نېمىشقىدۇر تورۇپ - تورۇپلا بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈيتتى. «دادا، دادا» دەپ ئىڭراپ يىغلىغاندەك قىلاتتى. گۈلنارنىڭ يۈرىكى ئەنسىرىگەندەك قىلىپ، كەينىدىن بىرسى كېلىپ قول سالىدىغاندەكلا تېنى شۈركىنەتتى. ئۇ بىر چېلەك سۇنى ئىسسىتىپ بويىنى سۇغا سالدى، ئاندىن كىيىملىرىنى يۆتكەپ چېچىنى بۇرۇنقىدەك ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈدى. ئۇنىڭ بىر جۈپ چېچى تىزىنى بېسىپ تۇراتتى. زىلۋا بويى، قوشۇما قېشى، قاڭشارلىق بۇرنى، نۇر يېغىپ تۇرغان بىر جۈپ قارا كۆزى، تال - تال كىرپىكلىرى، بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى بىلەن گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭدا ھۆسن گۈزەللىكىلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى روھىي گۈزەللىكمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن يەتتە ئاي بۇرۇن گۈلنار مەكتەپ ئىشخانىسىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ بالىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى، تالادىن غوجەك شوڭگەن كىرىپ كەلدى. «ياخشىمۇ سىز، كېلىڭ». گۈلنار تەكلىپ قىلدى ئۇنى. «رەھمەت گۈلنار خېنىم، — غوجەك ھىجايغان پېتى گۈلنارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سۇندى - دە، — گۈلنار خېنىم، سىز نېمىدېگەن چىرايلىق» دېدى. ئۇنىڭ ئىپلاس قولى گۈلنارنىڭ قولىغا ئەمەس، ئەكسىچە كۆكسى تەرەپكە سۇنۇلدى.

گۈلنار دەررۇ ئارقىسىغا ياندى. غوجەك پەيلىدىن يانمىدى. «ئادەمگەرچىلىكنى بىلمىگەن نومۇسسىز». گۈلنار ئۇنى كېلىشتۇرۇپ بىر كاچات سالدى، ئۇ مەڭزىنى تۇتقىنىچە تامغا يۆلىنىپ قالدى ...

گۈلنار باش - كۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ ئەينەككە قارىدى. ئۇنىڭ ئورۇقلاپ ئىڭەكلىرى چىقىپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى. مەردان «دادا، دادا» دەپ جۆيلۈيتتى، ئانا كېلىپ ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلىدى، مەردانمۇ ئورۇقلاپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئانا ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە - پارە قىلىپ ئېزىپ چىقىۋاتقان ياش دانچىلىرى ئوغلىنىڭ ئۈستىگە مۆلدۈرلەپ چۈشۈپ تۇراتتى.

چوڭلار تولىمۇ ئەنسىز كېلىدۇ، مەردان تۇغۇلۇپ بۆشۈككە سېلىپ ئۈچىنچى كۈنىلا مىسماخان موماي بىلەن جەنساخان موماي بۆشۈكنى كۆتۈرۈپ ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا ئاچىقىپ ئوتتۇرىغا ئېلىپ ياتتى. ئۇلار «ياش نېمىلەر، كېچىسى ئۇخلاپ قېلىپ نەۋرىمىزنى يىغلىتىپ قويىدۇ» دېيىشىپ ئەندىشە قىلاتتى. «خۇدايىم بىزنىڭ تۇخۇمىمىزنىڭ پېشانىسىگە بىر دىنلا پەرزەنت قىلىپ يېزىۋىدىمىكىن» دېيىشىپ خورسىناتتى. بىرسى نەۋرىسىنىڭ بۆشۈكىنى ياسىسا، بىرسى نەۋرىسىنىڭ مۇرىلىرىنى سىلايتتى. جەنساخان موماي مەردان تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى يىلى، مىسماخان ئانا نەۋرىسىنىڭ سۈننەت تويىنى ئالتە يېشىدا ئۆتكۈزۈپ بىر يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەندەك، پولات بىلەن ئانا بۇ يالغۇز يۈرەك پارىسىنى كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ كۆز قارىچۇقىدەك ساقلاپ، كەلگۈسىدە ئۆزلىرىگە ئوخشاش ۋەتەنگە، خەلققە ياراملىق ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلاتتى.

بىزنىڭ كوچىلاردا ئىتلار قالايمىقان هاۋشىپ ئەنسىزچى-لىك باشلاندى. گۈلنار ئىتتىك بېرىپ لامپىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ پەردە يوچۇقىدىن يولغا قاراپ تۇردى. ئۇ تام ياقىلاپ ئۆتۈپ كەتكەن بىر نەچچە قارا كۆلەڭگە بىلەن دېرىزىگە كېلىپ يېپىشقان بىرسىنى ئېنىق كۆردى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولى-شىپ يۈرىكى ئىختىيارسىز ئېغىپ كەتتى.

— ئىپلاسلار، بۇنداق بولارىنى بىلەتتىم. قېنى باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن.

گۈلنار قىشلىق كىيىملىرىنى بىر قۇر كىيدى. ئاندىن مەردانىنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. مەردان پۇشۇلداپ ئۇخلا-ۋاتاتتى. ئانىنىڭ خىيالىغا تۈرلۈك ئىشلار كەچتى. «ئاھ خۇدا، مۇشۇ ئاغزىڭدىن ئوغۇز سۈتۈڭ پۇراپ تۇرغان يېشىڭدا داداڭ بىلەن ئاپاڭدىن ئايرىلىپ قېلىپ كوچىلاردا بوينۇڭنى قىسىپ تېنەپ قالارسەنمۇ؟ — ئانا مەردانىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى، — بالام، جېنىم بالام، يالغۇز قوزام، سېنى ئاق كۆڭۈل ئانىلارغا تاپشۇردۇم». ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇخچۇپ چىققان ئىسسىق ياشلار مەردانىنىڭ يۈزىگە تېمىپ چۈشتى. مەردان كۆزىنى ئاچ-تى، ئۇ بېشىدا تىزلىنىپ يىغلاپ ئولتۇرغان ئاپىسىنى ئاي يورۇقىدا كۆردى.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، نېمە بولدى، ئاپا! ؟ — مەردان ئولتۇردى. ساقچى، ژاندارمىلار دەرۋازىنى ئۇرۇپ، تېپىپ «بول، ئاچ» دەپ قـاردـقـويـۇق ۋارقىرىشىپ كوچىنى بېشىغا كىيدى.

— ئاپا، ئاپا، نېمە بولدى؟ ئۇلار كىملەر؟ قورقۇۋاتىمەن ئاپا!

— قورقما بالام، قورقما، ھېلىقى ساقچىلار كەلگەن

ئوخشايدۇ. غەيرەتلىك بولغىن، ئۇلار سېنىڭدىن سۆز سورىسا بىلمەيمەن دېگىن، ئاپاڭ بىلەن داداڭ شۇنداق دېدى دېسىمۇ ئۇقمايمەن دېگىن. مەن كەلگۈچە چوڭ داداڭ، چوڭ ئاپاڭ، غۇنچەملەر بارغۇ، ئۇقتۇڭمۇ قوزام، — ئانا بۇ سۆزلەرنى ئالدىراپ دېدى - دە، ئېھتىمالغا قارشى ئۇنىڭ كىيىملىرىنىمۇ كىيدۈردى.

ساقچى، ژاندارمىلار تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ كېچە تۈننى بېشىغا كىيىشتى. «بول، ئاچ، ئوق چىقىرىمىز!» ھەيۋە قىلاتتى ئۇلار. ئانا ئوغلىنى ئاخىرقى بىر قېتىم كۆكسىگە بېسىپ تۇرۇپ ئىككى مەڭزىگە، پېشانىسىگە سۆيدى - دە:

— يىغلىما بالام، ئوغۇل بالا يىغلىمايدۇ، ھەرقانداق ئىشقا چىدايدۇ، — دېدى، ئاندىن لامپىنى ياندۇرۇپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى - دە:

— ئوغلۇم، سەن بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىۋەتكىن، — دېدى. مەردان بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. ئانا ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تىك تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا پاختەك تۈكى رەڭلىك پەلتو كىيگەن، پۇتىدا قارا خۇرۇم چېتىك، بېشىغا بېغىررەڭ گەرىس ياغلىق تېڭىۋالغانىدى. جاللاتلار دەرۋازىدىن ھويلىغا، ھويلىدىن ئىچكىرىكى ئۆيگە «سەن كىر، سەن كىر دەيمەن، ئاناڭنى، ھەزىلەك، ھايۋان» دېگەندەك ئاغزىدىن قار - شىۋىرغان ياغدۇرۇپ، مۇشۇكتىن قورققان چاشقاندەك مارىشىپ ئاران كىرىشتى. ئۇلارنىڭ بېشىغا ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن كۈچلۈك بىر كالتەك چىقىپ تېگىدىغاندەكلا قىلاتتى.

«يائاللا، مۇنۇ قانجۇقنىڭ تۇرغىنىنى قارا، يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ» ئويلىدى غوجەك. ئۇنىڭ قان قۇيۇلغان كۆزلىرىدىن رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

— خۇش، بۇ كىچىدە نىمە ئىش؟ — سورىدى ئانا غوجەككە تىكىلىپ قاراپ.

— كۆتۈر قولۇڭنى، — قارا قاسقان شەپكە، قارا كىيىم كىيىپ پۇتىغا گوجەي ئورىغان قارىمۇتۇق چىرىك مىلتىقىنى دىۋەيلەپ پوپوزا قىلدى.

— كىچە تۈندە قورال بىلەن بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىدىغان نىمە ھەققىڭ بار! مەن خەلق ئالدىدا جىنايەت قىلغان يېرىم يوق. نىمىگە قول كۆتۈرىمەن؟ — چەكچىيىپ قارىدى ئانا ئۇ چىرىككە.

— ھى - ھى، — دەپ بۇرنىنى قاقتى غوجەك. ئۇ «ئاكاڭ قارىغاينى كۆردۇڭمۇ» دىگەندەك قىلىپ تاپانچىسىنىڭ ئۇچى بىلەن قاسقان شەپكىسىنىڭ چېكىلىكىنى كۆتۈرۈپ قويدى - دە:

— ھە، باتۇر ئايال، قانداق؟ — دېدى.

— باتۇر ئايالنىڭ قانداقلىقىنى ئۆز ۋاقتىدا كۆرگەنىدىڭ، يەنە نىمىسىنى سورايسەن! ؟

«بولار ئىش بولدى، يېلىنىپ مىڭ كۈن ياشىغۇچە، غادىيىپ تۇرۇپ بىر كۈن ياشىغىنىم ئەلا، سەنلەردىن رەھىم - شەپقەت تىلەش ئۆلۈكتىن ئۆپكە سورىغانلىق» دەپ ئويلىدى.

— ھى - ھى، تېخى بۇنىڭ چوڭچىلىقىنى، بايتال قاچان بەيگىدىن كەلگەن؟ — مازاق قىلىپ ئۆزىچە ھىجايدى.

— سەنمۇ بىلىپ قوي، — دېدى گۈلنار، — چۈشىن ھامان بىر كۈنى خەلقنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ پالاق يەپ ئۆلىدۇ.

— ئاناڭنى، قورال نەدە، ئېيتە! ؟ — دوق قىلدى جاللات غوجەك ئۆزىچە تاپانچىسىنى تەڭلەپ.

— قىزىق گەپ بولدى. مەن بىر ئوقۇتقۇچى، ئوقۇتقۇچى سالاھىيىتىم بىلەن ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش، ئۇلارغا

ھەق ـ ناھەقنى بىلدۈرۈش مېنىڭ ۋەزىپەم. قورال بولسا ئاختۇ-
رۇپ تېپىۋال.

غوجەك باشلىق چېرىكلەر قوقاس دەسسىۋالغاندەك ئورنىدا
تۇرالماي قېلىشتى.

— ئاختۇرۇڭلار! — بۇيرۇق قىلدى غوجەك.

چېرىكلەر ئۆي ئىچى، ھويلا ـ ئارامنى ئالا قويماي ئاختۇ-
رۇشتى. قولىغا چىققىنىنى ئېلىپ، ئۇچرىغان نەرسىنى ئۇرۇپ
چىقىپ ھېچ نەرسە تاپالمىدى. ئاخىر ئۇلار ئانا بىلەن بالىنىڭ
قولىنى بىر كويزىدا چېتىپ ماڭ دېيىشىپ، قەپەسكە
سولانغان يولۋاسنى ئېلىپ مېڭىشقاندەك ئالاقزادە بولۇشۇپ ئې-
لىپ مېڭىشتى.

ئانا ـ بالا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، مىڭ بىر جاپادا تېرىپ تاپقان
ئۆي بىساتىدىن تىرىك تۇرۇپ خوشلاشتى. يەردە چېچىلىپ دەس-
سىلىپ ياتقان ئۆي ـ بىساتى ئاشۇ رەھىمسىز ئادەم سىياقى
ۋەھشىي ھايۋانلارغا لــەنەت ئــوقۇۋاتقاندەك، مېھرىبان ئاتا ـ
ئانا ئىچ كۆيەرلەرگە ئېچىنىپ يىغا ـ زار قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەت-
تى. ئۇيقۇدا ياتقان باغ قاتتىق سىلكىنىپ يوپۇرماقلار ۋاقتىسىز
غازاڭ بولۇپ، ناھەقچىلىققا تۆكۈلگەن ياشتەك يەرگە تۆكۈلمەك-
تە ئىدى. سىدىدىكى تۇخۇم بېسىپ ياتقان بىر جۈپ پاختەك
تۈن قاراڭغۇسىدا «گۇ ـ گۇ ـ گۇ» دېيىشىپ يىغلاپ تۇرىدۇ.
ھەممە تەرەپتىن «گۈلنار، مەردان، خەير خوش، ئامان بولۇڭ-
لار، ئانا تۇپراق، ئەل ـ يۇرت سىلەرگە مەدەتكار» دېگەن
ئاۋازلار ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

## 2

بۈگۈن كېچىدىن بېرى ئەھەت باۋجاڭنىڭ ئۆي ئىچىدىكىلە-

رى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلىشىپ يۈردى. بۇ قېتىمقى تۇتقۇن قىلىشقا ۋاڭ دوسا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، 10 نەپەر چېرىكنى باشلاپ كۈن ئولتۇرۇپ ئەل ئايىغى بېسىلغاندا بىر ـ بىرلەپ «ئوغرى مۈشۈك» تەك باۋجاڭنىڭ ھويلىسىغا كىرىشتى.

— ۋاڭ دوسا، — تونۇشتۇردى غوجەك بۇ سېمىز دوساقنى.

— ھى ـ ھى ـ ھى، ياخشى، دوسا جانابلىرى.

باۋجاڭ دوسانى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى ـ دە:

— ھەي خوتۇن، بول دەيمەن، دوسا جانابلىرىغا قىلىن قىلىپ كۆرپە سېلىڭلار، ھەي، ھەي، مۈشۈ خوتۇن خەق دېگەننىزە، — باۋجاڭ دوساغا ئىككى پۈكلىنىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىچە خوتۇنىغا كايىپ قويۇشنى ئۇنتۇمىدى. ئامىنەـ گۈل ساراي ئۆينىڭ تۆرىگە ئۈچ قەۋەت كۆرپە سېلىپ ئۈچ دانە ماملۇق ياستۇقنى تامغا يۆلەپ قويدى. ئۇ شۇڭگەننىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى. شۇڭگەن ئۈچۈن ئىككى كۆرپىنى قاتلاپ سېلىپ ئىكـ كى دانە ياستۇق قويدى.

ۋاڭ دوسا ئۇزۇن يولدا ئات مىنگەچكە بۇگۈنكى بىر كۈنـ لۈك يول ئېغىر كەلگەنىدى. ۋاڭ دوساغا ئېغىر كەلگىنى ئۇنىڭ كاسىسى يېغىر بولۇپ، تامبىلى چاپلىشىپ قالغانىدى.

ئەھەت باۋجاڭ بىلەن غوجەك، ۋاڭ دوسانى ئاتتىن تاغار چۆشۈرگەندەك تەسلىكتە چۈشۈردى.

«ئاناڭنى» دېدى دوسا ئۆزىچىلا.

بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنى ياكى باۋجاڭنى تىللىغىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى.

ئۇلار دوسانى ئۆيگە ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن:

— دوسا جانابلىرى مانا بۇ تىزىملىكتىكى ئون كىشى

چىگرىغا بىرىپ مال ئەكەپتۇ، — دېدى باۋجاڭ بىر پارچە تىزىملىك قەغەزنى دوساغا سۇنۇپ.

— ھى، — دېدى دوسا خەتنى ئېلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ، باۋجاڭنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دېدى. «ھىم، ئوتتۇز پىرسەنت بولغاندا ھېچبولمىغاندا ئۈچىنىڭ ئۈچ ئات، بىرسى مېنىڭ - دە» خام چوت قىلىپ ئۆلگۈردى باۋجاڭ. ئۇ خۇشاللىقىدا قوزا سويۇپ، قازان ئىسسىتىشقا سونۇر ئىمامغا ئادەم ئەۋەتتى.

— ئاناڭنى، ھېلىقى ئەبلەخ نەدە، دەرھال چاقىرىپ كېلىڭلار، — دېدى دوسا خىرقىراق ئاۋازدا.

— خوپ، دوسا جانابلىرى، ئۇ ئۈچى مۇشۇ يېقىن ئارىدىلا، ئۇلارنى بىردەمدىلا ھەيدەپ كېلىدۇ، — باۋجاڭ ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرماقچى بولدى. دوسا باۋجاڭنىڭ سۆزىگە ئېرەنمۇ قىلمىدى. ئۇ سومكىسىدىن خاتىرە دەپتىرىنى ئېلىپ ئىنجىقلاپ يۈرۈپ ئاختۇردى - دە: «ئاناڭنى، ھىمىت تۈلكە» دېدى.

— ھىمىت؟ — سورىدى شوگەن، بۇ يالاقچىنىڭ بۇ ئىشىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.

— توغرا، ھىمىت، ئاشۇ تۈلكىنى دەرھال چاقىرىپ كېلىڭلار، — بۇيرۇق قىلدى دوسا.

«تۈلۈمدىن توقماق چىقىپتۇ» دېگەندەك، بۇ «توقماق» باۋجاڭنىڭ بېشىغا تېگىپ دوم چۈشۈرگىلى تاسلا قالدى. دوسا ھىمىتنىڭ باۋجاڭنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

— ھوي - ھوي - ھوي، بۇ قانداق ئىش؟ قانداق ئىش؟ — باۋجاڭ بىردە شوگەنگە قارىسا، بىردە دوساغا قارايتتى، شوگەن دولىسىنى چىقاردى. باۋجاڭ «خۇش دوسا جانابلىرى» دېگىنىچە مىڭ ئېگىلىپ ئارقىچە ئىشىكتىن

چىقىپ كەتتى. دوسا ئۆيىنىڭ تۆرىدە بىرىدە يانچە، بىرىدە دۈم ياتاتتى. ئۇ پېشايۋانغا چىققاندا سونۇر ئىمام بىلەن ھەمسە ھويلىدا قارا پاقلاننى سويۇۋاتاتتى. ئەس - ھوشىنى يوقاتقان باۋجاڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر پەس پېشايۋاندا تۇردى. «ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن» دېگەندەك، پولات ئۇستىدىن يېزىلغان ماتېرىيال باۋجاڭغا تايىنلىق ئىدى. ئۇ ھىممىتنىڭ «ناھىيىگە» دېگىنىنى «چېگرىغا»، «مۇمكىن» دېگىنىنى «قورال ئەكەلگەن» دەپ يازغانىدى. «ئاپلا، نېمىشقا بۇرۇنراق ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇپ قويمىدىم. قېرىنشقاندەك مۇنۇ ۋاڭ دېگەن پوداقنىڭ چىققىنىنى قارىمامدىغان.»

باۋجاڭنىڭ بايىقى خۇشاللىقى ئۇنىڭ كۆتەن ئۇچىيىگە كەپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ نائىلاج ھىممىتنى دوسانىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى.

— ئۇلتۇر، — دېدى دوسا قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ.

ھىممىت ئىككى مۈرىسىنى چىقىرىپ شۈمشەيگىنىچە دادىسىنىڭ يېنىدا ئۇلتۇردى.

— سەن پولاتنىڭ قورال ئەكەلگىنىنى كۆرگەنمۇ؟

— ياق - ياق - ياق، ئۇ ناھىيىگە بارىمەن دەپ تۆت قېتىم يوقاپ كەتكەن، — ھىممىت دۇدۇقلاپ يۈرۈپ بۇ سۆزلەرنى ئاران دېيەلىدى.

— قاماپ قويۇڭلار! — بۇيرۇق قىلدى دوسا خۇشياقمىغان قىياپەتتە.

ھىممىت نېمە قىلىشىنى بىلمەي شۈمشەرەپ دادىسىنىڭ چىۋىسىگە كىرىپ كېتەي دېدى.

— ھوي - ھوي، بۇ، بۇ نېمە بولغىنى؟

باۋجاڭ شوڭگەنگە قاردى. شوڭگەن كۆزىنى قىسىپ

قويدى ـ دە، ھېمىتنى «ماڭ» دېگىنىچە ئالدىغا سېلىپ ئاچد-
قىپ كېتىپ، «بۈگۈن كېچە بۇ پوداقنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمە»
دېدى ـ دە، باۋجاڭنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى.

ــ ماقۇل، ماقۇل، ھازىرلا، ــ باۋجاڭ ئالدىراپ ـ
تېنەپ قازناق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى ـ دە، ئۈچ دانە يامبۇنى
كۆتۈرۈپ چىقتى. «خوتۇن، ھەي خوتۇن، پەتنۇس ئېلىپ
چىق». ئامىنىگۈل ئانارگۈللۈك پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى.
سونۇر ئىمامدىن تارتىپ باۋجاڭنىڭ ئۆي ئىچىدىكىلىرى شۇ
تۇرقىدا «پۈتى كۆيگەن توخۇ» ئىدى. باۋجاڭ ئىككى دانە يامبۇ-
نى پەتنۇسقا سېلىپ ۋاڭ دوسانىڭ ئالدىغا قويدى. باياتىن بېرى
خۇيى تۇتۇپ قالغان دوسا ئىككى يامبۇنى كۆرۈپ سۆڭگىچىنىڭ
ئاغىرىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. «ھى ـ ھى ـ ھى» ئۇ
شوڭگەنگە قارىدى. شوڭگەن كۆزىنى قىسىپ قويدى. دوسا
ئىككى يامبۇنى ئالدىراپ ـ تېنەپ سومكىسىغا سالدى. باۋجاڭ
يەنە بىر يامبۇنى پەتنۇسقا سالدى ـ دە، شوڭگەنگە سۇن-
دى. بۇ قىزىل كۆز ھەر ھالدا ئەدەپ ـ قائىدىلىك ئىش
قىلىپ: ۋۇي، ۋۇي، نېمە قىلىپ يۈرىسىز ھوي، رەھمەت،
رەھمەت، ــ دەپ قويدى.

غوجەك شوڭگەن، ئەھەت باۋجاڭ باشلىق چېرىكلەر ئىككى-
گە بۆلۈنۈپ تۇتقۇن قىلىشقا كەتتى. دوسا جوزا ئۈستىدىكى قوزا
گۆشى ۋە قوزا گۆشىدىن قورۇلغان قورۇمىلار بىلەن بىر بوتۇلكا
جۇننى ئالدىغا قويۇپ كەينى ـ كەينىدىن تۆت رومكىنى
ئىچتى ـ دە، جۇننىڭ تەسىرىدە يېنىچە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

غوجەك شوڭگەن، ئەھەت باۋجاڭ باشلىق چېرىكلەر قېچىپ
كەتكەن مۇئەللىملەر قاتارلىق گۇمانلىق كىشىلەرنىڭ ھەم پولات
ئەپەندىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئاختۇرۇپ بۇز-

دى، چاشتى قىلىپ ھېچ نەرسە تاپالمىغاندىن كېيىن ئالغىنى-
نى ئېلىپ، گۈلنار بىلەن مەردان ھەم باۋجاڭنىڭ مەلۇماتى
بويىچە قادىر، تۇرسۇن، گايىتلارنى باغلاپ ھەيدەپ باۋجاڭنىڭ
قورۇسىغا كىردى. تۇتقۇنلارنىڭ باش - كۆزلىرى يېرىلىپ
قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. چېرىكلەر تۇتقۇنلارنى باۋجاڭ ئال-
دىن تەييارلاپ قويغان قازناق ئۆيگە قاماپ قويغاندىن كېيىن،
تۇتقۇنلارنىڭ ئۆيلىرىدىن ئوغرىلاپ كەلگەن نەرسىلىرىنى سوم-
كىلىرىغا سېلىشتى - دە، .قورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېلىقلىق
كىگىز ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇشۇپ، باۋجاڭ بەرگەن ئىككى
بوتۇلكا جۇننى ئىچىشىپ ھويلىنى بېشىغا كىيىشتى.

# تۆتىنچى باب

## 1

ناھىيىدە «جاللات» نامى پۇر كەتكەن، ئەل ئاغزىدا نەپرەتـ-
لىنىپ، ئۆزى پەخىرلىنىپ يۈرگەن غوجەك شوڭگەننىڭ ئەسـ-
لىي ئىسمى توختى بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىسمى كېرەم ئىدى.
يۇرتى ئاقسۇ كەلپىندىن بولۇپ، شىڭ شىسەيگە ئەسكەر بولۇپ
ئۈرۈمچىگە چىقىپ بىر مەزگىل تۈرمە قاراۋۇلى بولغان. ئۇ
تۈرمىدىكى مەھبۇسلارغا قارىتا رەھىمسىزلىكى بىلەن تونۇلۇپ،
ئاندىن تۈرمە باققۇچى بولدى. بۇ جەرياندا ئۇ ئاتالمىش خائىنلار-
نى ۋە باشقا تۇتقۇنلارنى قىيناش، ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشـ-
قان ھەقىقىي جاللات ئىدى.

شىڭ شىسەي ئۆز جىنايىتىنىڭ ئىزىنى يوقىتىش ئۈچۈن،
قاتىللىق جىنايىتىگە قاتناشقان قول ئاستىدىكى جاللاتلارنىڭ
ئاساسلىقىنى يەر يۈزىدىن يوق قىلاتتى، بەزىلىرىنى يىراق جاي-
لارغا يۆتكىۋېتەتتى. شۇ قاتاردا كېرەم توختى دېگەن بۇ جاللاتنى
ئىلى ۋىلايىتى ساقچى ئىدارىسى ئىختىيارىغا ئەۋەتتى. ئۇ غۇلجىـ-
غا كەلگەندىن كېيىن ئىسمىنى غوجەككە، ئەسلىي يۇرتىنى
قەشقەرگە ئۆزگەرتتى. ئۇ غۇلجا شەھەر ئىچى سۇ دەرۋازا ساقـ-
چىخانىدا بىر يىل نوپۇسچى بولغاندىن كېيىن بۇ ناھىيىگە چىـ-
قىپ جىنايى ئىشلار بۆلۈمىگە كادىر بولدى. غوجەك خەلققە
قارىتا رەھىمسىز جاللات، خوجايىنلىرىغا قارىتا يالغانچىلىق،
يالاقچىلىق، خۇشامەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى.

ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تار كوچىغا جايلاش-
قان ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ قارا دەرۋازىسى كىشىلەرگە
«كولاپ قويغان گۆر» دەك تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. ئۆز
ئايىغىدىن ئۆركۈگەن ئەمەلدارلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا دەرۋازا
ئالدىغا مىلتىق تۇتقان ئىككى پوست، ئۆگزىگە ئىككى پوست
قويۇپ مىلتىق - ئاپتومات تۇتقان چېرىكلەر كېچە - كۈندۈز
دېگۈدەك كوچىلارنى ئايلىنىپ يۈرەتتى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ
تۆت بۇرجىكىدە بەش مېتىر ئېگىزلىكتە تۆت پوتەي چوقچىيىپ
تۇراتتى. بۇ كوچىغا كىرىپ قالغانلار بۇ يەردىن ئۆتۈپ كەتكۈچە
زەھەرلىك يىلان - چايانغا ۋە ياكى بىرەر ۋەھشىي يىرتقۇچ
ھايۋانغا دۇچ كېلىپ قالىدىغاندەك ھودۇقۇپ پېشانىسىدىن سو-
غۇق تەر چىقىپ كېتەتتى. ھەر كۈنى قانچىلىغان بوۋاي -
مومايلار، ياش چوكانلار تۇگۈنلەرنى تۇتىشىپ ئاشۇ قارا دەرۋازا
ئىچىدىكى قاراڭغۇ زىنداندا بىگۇناھ ياتقان بالىلىرى، ئەرلىرىنى
يوقلاپ كېلىشىپ، ئاشۇ رەھىمسىز چېرىكلەرنىڭ كۆزىگە قارى-
شىپ نائۈمىد ئولتۇرۇشاتتى. چاچلىرى پاخاللىشىپ گەجگىسى-
گە چۈشكەن، چۈسا، بۇرگە، زەي زىندان ئازابى ھالىدىن كەت-
كۈزگەن،- كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن تۇتقۇنلار پۈتلىرىدى-
كى ئون ئىككى جىڭ تۆمۈر كىشەننى شاراقلىتىپ ھەر كۈنى
تاڭ سەھەردىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئىشلەك، قورۇلارنى سۈپۈرۈپ
يۈرەتتى. ئۇلار بىرەر كىشىگە دوقۇرۇشۇپ قالسا، تىكىلىپ
قاراشقا پېتىنالماي يەر ئاستىدىن قارايتتى - دە، نېرى بارغاندىن
كېيىن نۇرسىز، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە لىق تولغان
ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتىشىپ ئېغىر ئۇھ تارتىشاتتى.

بىر چوك ھارۋا قارا دەرۋازىدىن كىرىپ قورۇنىڭ ئوتتۇرى-
سىدا توختىدى. چېرىكلەر ۋاڭ دوسانى يۆلەشتۈرۈپ يۆرۈپ

مىنىڭ تەسلىكتە ئاتتىن چۈشۈردى. ئۇ پارالىچ كىشىدەك بىر
مەزگىل يەر دەسسىيەلمەي پۇتىنى سوزۇپ ئولتۇردى ـ دە،
ئاندىن باشقىلارنىڭ يۆلەشتۈرۈشى بىلەن ئورنىدىن تۇرغاندىن
كېيىن، غوجەك بىلەن بىللە غايىب بولدى. ھايال قىلماي
قولىغا تاپانچا تۇتقان، ئوڭ كۆزى جىرتاق، شادىپاچاق بىرسى
ئـون چېرىكـىنـى باشلاپ چىقتى ـ دە، بىر چوڭ ھارۋا ئەتراپى-
نى چىلبۆرىلەردەك قورشاپ، ھازىرلا ئېغىز سالىدىغاندەك تەم-
شىلىشتى.
ـــ ئاپا، قورقۇۋاتىمەن، ئاپا، جېنىم ئاپا، ـــ مەردان
ئاپىسىنى قۇچاقلىدى.
ـــ قورقما بالام، قورقما، ئۇلار ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ.
مەن سېنى ئوغۇل دەپ تۇغقان، ھەرقانداق ئىش بولسا چىداملىق
بولغىن، ھېچ نەرسە دېمە جۇمۇ، ـــ ئانا ئەھۋالنىڭ يامانلىقىنى
سەزدى.
ـــ يېشىڭلار! ـــ بۇيرۇق قىلدى شادىپاچاق تۇرمە باش-
لىقى. چېرىكلەردىن ئىككىسى چىقىپ ئانا ـ بالىنىڭ قولىنى
يەشتى ـ دە، سۆرەشتۈرۈپ يەرگە ئېلىپ چۈشتى. ئۇلار بىر
كۈن تىزلىنىپ ئولتۇرغاچقا، پۇتلىرى كۆيۈشۈپ ئۇيۇشۇپ قال-
غانىدى. چېرىكلەرنىڭ چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى.
ـــ ئاپا! قانداق قىلىمىز؟
ـــ قورقما بالام، ئەمدى باشقا كەلگەننى كۆردۇق. ئۆ-
زۈڭگە پۇختا بول قوزام، ـــ ئانا ئوغلىنى يىرتقۇچلاردىن
قاچۇرغاندەك باغرىغا باستى، مەڭزىنى مەڭزىگە ياقتى.
ـــ ئـانـاڭـنـى، نېمـە قـارىشىپ تۇرۇشىسەن، ئېلىپ
مېڭىش، ـــ بۇيرۇق قىلدى تۇرمە باشلىقى.
ئۇچتىن ئالتە چېرىك كېلىپ، ئانا ـ بالىنىڭ قوللىرىنى

www.uyghurkitap.com

قايرىپ يۆرۈپ، ئىككىسىنى ئايرىپ ئىككى ياقىغا سۆرەپ مېڭىشتى.

— ئاپا! ئاپا!

— مەردان! جېنىم بالام. بالامنى نەگە ئاپىرىشىسەن؟ بالامنى مەن بىلەن بىرگە قاماش، — ئانا - بالىنىڭ يىغا - زارى تۈن پەردىسىنى يىرىپ، يۈرەكلەرنى تىترىتىۋەتتى.

مەردان بىر سىلكىنىپ چىرىكلەر قولىدىن چىقىپ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئانىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. رەھىمسىز چېرىكلەر ئانا - بالىنى ئاجرىتىش ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن تارتاتتى.

— ئىپلاسلار، ھۆ يىلان - چايانلار، — ئانا مەردانىنى چىڭ قۇچاقلىدى، جاللاتلار تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ، ئانا - بالىنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن قارىقويۇق ئۇردى. مەردانىنىڭ بۇرنى قاناپ، پېشانىسى يېرىلدى.

— ئاپا! ئاپا!

— بالام مەردان! — رەھىمسىز قارا قوللار ئىككىسىنى ئىككى ياققا سۆرەپ ئەكەتتى.

گۇ جۇجاڭ پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۆرنىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ بىردە ۋاڭ دوساغا خىرىس قىلسا، بىردە غوجەككە قاراپ ھۆرپىيەتتى.

— قېچىپ كېتىپتۇ؟ سەن پاقا ئالالمايدىغان جاغالمايلار تېپىۋالغىنىڭ ئەتكەسچى، ئوغرى، قىمارۋاز، ئۇلارنى ئۇرۇپ - قىيناپ قولۇڭ ئاغرىيدۇ، بىرسىمۇ ئىقرار قىلمايدۇ، يە زاڭ مېلى يوق، تۇرمە توشتى، ئۆلگىنى ئۆلۈپ، پۇت - قولى سۇنغىنى سىپسىپ ياتىدۇ، ئاناڭنى نان قىپىلار!

ئۇ سىگارتنى ئۇزۇلدۇرمەي چېكىپ ئاچچىقىنى ئاچچىق

ئىستىن ئالاتتى.

— ئوقۇ! — دېدى ئۇ باۋجاڭنىڭ دەرۋازىسىغا چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى تەرجىمانىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ. تەرجىمان تەشۋىقات ۋەرەقىسىنى قولىغا ئېلىپ قىسقا يۆتەلدى - دە، قەغەزنىڭ باش - ئايىغىغا قارىدى.

— هوي، كانىيىغا بىر نېمە تۇرۇپ قالغان، تىلىڭنى مۈشۈك ئۇزۇۋالمىغاندىكىن ئوقۇساڭچۇ، — پاكارنىڭ جېنى چىقىۋاتاتتى. تەرجىمان ئوقۇدى:

«هەر مىللەت قېرىنداشلار! گومىنداڭ ئەكسىيەتچى هەر-بىي، مەمۇرىي، ساقچى، ژاندارمىلار بىرلىشىپ بىگۇناھ هەر مىللەت خەلقىنى قاماۋاتىدۇ، ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، زۇلۇم ئاشقانسې-رى خەلقنىڭ ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان غەزىپى ئۆرلەپ، شىن-جاڭنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا گومىنداڭ مۇستەبىت هاكىمىيىتى-نى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قوزغىلاڭلار كۆتۈرۈلمەكتە. هەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ، گومىنداڭ مۇستەبىت هاكىمى-يىتىنى يوقىتايلى! ئەكسىيەتچىلەرگە ئۆلۈم.»

— توختا! نەگىلا بارسا يەنە شۇ گەپ. ئاناڭنى، — ئۇ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر توپ قەغەزگە قارىدى. ئۇلار بۈ-گۈن ئەتىگەندە هاكىم ئىدارە دەرۋازىسىغا، تۆت كوچىغا، مەك-تەپكە، ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى تېلېفون تۈۋرۈكىگە چاپ-لانغان شىبەچە يېزىقتىكى تەشۋىق ۋەرەقىلىرى بولۇپ، ئاخىرىدا «ئەكسىيەتچى گوغا ئۆلۈم جازاسى هۆكۈم قىلىنىپ، خەلق قايسى ۋاقىتدا بولسۇن ئىجرا قىلسا بولىدۇ» دېيىلگەنىدى. گوڭنىڭ بېشى قېيىپ سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ ئۈستەلگە ئولتۇرۇپ قالدى.

— ماڭ، هەممىڭ چىقىش، كۆزۈمدىن يوقىلىش، —

دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ۋاڭ دوسا باشلىق جالالاتلار دومسىيىپ مېڭىشتى، قايسىبىرلىرى «ئاناڭنى» دەپ سالدى.

— توختا! — دېدى ئۇ ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن غوجەككە قولىنى شىلتىپ، غوجەك ئىشىك تۈۋىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى غال - غال تىترەيتتى. «ئولتۇر» دېدى گۇ. غوجەك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. گۇ غوجەكنىڭ قولىقىغا كېلىپ پىچىرلاپ، بۈگۈن كېچىدىكى «قونچاق ئويۇنىنى» ئېيتتى. «بولىدۇ، ياخشى، ياخشى». غوجەكنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈردى.

2

گۈلنارنى چېرىكلەر «پالاس سۆرىگەندەك» دارقىرىتىپ سۆرەپ، ئەسكى تاملىرى تور بېسىپ كەتكەن بىر ئۆيگە ئەكىرىپ داق يەرگە تاشلىدى. گۈلنار بىر پەس يىغلىغاندىن كېيىن كۆز يېشىنى سۈرتتى. «توختا، ھازىر يىغلايدىغان ۋاقىت ئەمەس» دەپ تەسەللى بەردى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. «پولات بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قىلىش كېرەك؟ ئالدىدىكى سوراقتا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەك؟ قىيناش، جازالاشقا بەرداشلىق بېرىش، تۈرمە ئىچىدىمۇ كۈرەشنى توختاتماسلىق، مەردانىنى بىر ئامال قىلىپ چىقىرىۋېتىش كېرەك.» ئۇ يەنە بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىنلا سوراققا كىرىدۇ، ئاندىن قاراڭغۇ زىندانغا قامىلىدۇ. «قانداق قىلىش كېرەك؟» ئۇنىڭ بېشى قاتقانىدى. تالادىن شىبە چېرىك كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇراتتى، ئۇ قولىدىكى بىر ھېجىر قايناق سۇنى گۈلنارنىڭ ئالدىغا داققىدە قويدى - دە:

— نېنىڭ بىلەن ئىچ، — دېدى. ئاندىن ئىشىك تۈۋىدە ئولتۇرغان چېرىككە، — مەن قاراپ تۇرىمەن، سەن تېز چە-قىپ تامىقىڭنى يېگىن، — دېدى.

ئۇ چېرىك چىقىپ كەتتى. شىبە چېرىك ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئەتراپقا قاراپ تېزلا قايتىپ كىردى.

— ھەدە، سىز مۇئەللىم گو يىباۋنى تونۇمسىز؟ مەن ئۇنىڭ ئىنىسى بولىمەن.

— تونۇيمەن، بىز ئۇنىڭ بىلەن ساۋاقداش. ئۇ ھازىر قەيەردە؟

— ئاكام ھازىرمۇ مەكتەپتە شياۋجاڭ، ھەدە، پولات شياۋجاڭ ئۈچىنچى ئۆيدە، جالال دېگەن بىلەن بىر كامېردا، ئۇ ھېچ نەرسە ئىقرار قىلمىدى جۇمۇ، — ئۇ تېز - تېز سۆزلەيتتى.

— سەن قانداق بىلىسەن؟ — سورىدى گۈلنار.

— ئاكام مەندىن بىر خەت كىرگۈزگەنىدى، شياۋجاڭ خەتنى ئالمىدى. ئاكامغا دېسەم «سەن خەتنى بېرىپ، مەن سېنى كۆرمىدىم، سەن مېنى كۆرمىدىڭ، دەپ بەرگىن» دېدى، — ئۇ شۇنداق دەپ خەتنى ئالدى، — پولات ئاكىمۇ خەت يازدى. مەن ئاكامغا ئاچىقىپ بەردىم. ھەدە، مەن ئەتە پوستقا چىقىمەن. شۇ ۋاقىتتا سىلەرنى ئامال قىلىپ كۆرۈشتۇرىمەن، ئوغلىڭىز-دىن ئەنسىرىمەڭ، مەن قاراپ قويىمەن، ئۇنى ئاتخانىغا ئەكىرىپ قويىدى.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى خۇددى ھەممە ئىشقا ئۆزى ئەيىبلىكتەك دېدى.

— رەھمەت ئىنىم، رەھمەت، ئاكاڭغا سالام دېگىن. ھە راست، پولاتقا مېنى دېگىن، مەردانىنى دېمەي تۇر جۇمۇ

ئىنىم، ــ گۈلنار يەنە بىر ئىشنى سورىدى، ــ ئىنىم، تۈرمىدە ئايالـلارمۇ بارمۇ؟

ــ ياق، يالغۇز سىزلا، باشقا ئايالـلار يوق.

ــ رەھمەت ئىنىم، بالامنى ساڭا تاپشۇردۇم، ئاكاڭغا سالام دېگىن.

تۈرمە باشلىقى تاڭ رۇسلىك ئىككى چېرىك بىلەن كىرىپ كەلدى. ئادەم قېنى بىلەن ئاغزى ـ بۇرنى بويالغان بۇ جاللاتنىڭ كۆزلىرى تولىمۇ يىرگىنچلىك ئىدى.

ــ تۇر ئورنۇڭدىن، ماڭ! ــ بۇيرۇق قىلدى ئۇ. ئۇلار گۈلنارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ تۈرمە قورۇسىغا ئاپاردى. تۈرمىنىڭ قارا قەلەي بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاملىرى تولىمۇ سۈرلۈك، يىرگىنچلىك كۆرۈنەتتى. تۈرمە باشلىقى يوغان قارا قۇلۇپنى شاراقلىتىپ ئاچتى.

ــ ماڭ! ــ تۈرمە باشلىقى گۈلنارنىڭ مۈرىسىدىن ئىتتەردى. قورۇنىڭ ئىچى دىمىق، سېسىقچىلىق بولۇپ، ئادەمنى سەسكەندۈرەتتى. قايسىبىر تۆشۈك ـ يوچۇقلاردىن يىلان ـ چايان، يىرگىنچلىك ھاشاراتلار چىقىپ ئادەمنىڭ پۇتىغا يامىشىدىغاندەك تەن شۈركۈنەتتى. ئۇلار قولۇپ سېلىنغان كامېرنى ئېچىپ، گۈلنارنى قولىدىن ئىتتىرگەن پېتى كىرگۈزدى ـ دە، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ چىقىپ كېتىشتى. بۇ زىندان بىنا بولغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ تازىلانمىغانلىقتىن، تاملىرىنى قورۇم باغلاپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن تارتىپ تورۇسلىرىغىچە ساق يېرى يوق، ئۆمۈچۈك تورلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. كامېرنىڭ تېگىگە شال پاخلى يېيىلغان، چۇسا، قان ھىدى ئادەمنىڭ گېلىنى سىققاندەك قىلاتتى. ئادەمنىڭ قولى يەتمىگۈدەك يەردىكى ئۆمۈچۈك تورلىرى ئارىسىدا پىلدىرلاپ تۇرغان

ئون بەش ۋاتلىق لامپوچكا كامىر ئىچىنى تېخىمۇ سورلۇك
كۆرسەتتى. ھەر قانداق تۇتقۇن بۇ يەرگە كىرىپلا بۇ يورۇق
ئالەمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئۇ ئالەمنى ئويلايتتى. «بارسا
كەلمەس دېگەن مۇشۇكەن - دە، تىرىك چىقىدىغان كى-
شى بۇنداق كامېرغا قامالمايدۇ.» ئۇ ئەدىيالنى شال پاخىلى
ئۈستىگە سېلىپ ئولتۇردى. تامدىكى سانسىز ئادەم ۋە چۇسا
قانلىرىدىن بۇ تىلسىم زۇلۇم ئوچىقىدا قانچىلىغان بىگۇناھ كى-
شىلەرنىڭ باشلىرى تەنلىرىدىن جۇدا بولغانلىقى بىلىنىپ تۇرات-
تى. گۈلنار ئوڭدىسىغا چۈشتى. كۆزلىرى قۇرۇم باغلاپ كەت-
كەن تورۇسقا تىكىلگەن ھالدا لىق ياشقا تولغانىدى. «شىبە
بالىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، پولاتنىڭ ئەھۋالىنى سىرتتىكىلەر
ئۇقۇپتۇ، ئۇلار گو يىباۋ ئارقىلىق مۇناسىۋەت باغلاپتۇ. ئەجەبمۇ
ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىماپتىمەن. پولات ئۈچىنچى كامېردا، مەن
ئالتىنچى كامېردا، ئېھتىمال قارشى كامېرمىكىن، ئۇنىڭ بى-
لەن مۇناسىۋەت باغلاپ، سىرتنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇش كېرەك.
ھامان بىر ئۆلۈم، يېتىپ ئۆلگۈچە ئېتىپ ئۆلۈش كېرەك،
كۈرەش قىلىش كېرەك. قاچانمۇ تاڭ ئاتار؟ مەردان! ئاھ ئوغ-
لۇم، سەن نەدە؟ سېنى بۇ ئىپلاسلار قولىدىن قانداق قۇتۇلدۇ-
رۇش كېرەك؟ ئاھ خۇدا، تاڭ چاپسانراق ئاتسا ئىدى.»
گۈلنارنىڭ بۇرنىغا غەيرىي بىر پۇراق پۇرىدى.
«نېمە ئۇ؟ — پىچىرلىدى ئۇ، — ئۇپا - ئەڭلىك؟ بۇ يەردە
نېمە قىلىدۇ؟» گۈلنار ئۆمرىدە بۇنداق پەرداز بۇيۇملىرى ئىش-
لەتمىگەنىدى. ئۇ بۇ غەيرىي پۇراقتىن سەسكىنىپ ئورنىدىن
تۇرۇپ كەتتى. بۇلۇڭدا سوزۇلۇپ بىر نەرسە ياتاتتى. گۈلنار
سەپسېلىپ قارىدى، يۇڭ ئەدىيال ئىچىدە باش - پۇتى يوق
بىرسى ياتاتتى. «بۇ نېمە؟ شىبە بالا ئايال يوق دېگەنىدىغۇ،

مېنى ئەرلەر كامېرىغا ئەكىرىپ قويدىمۇ يا؟ ئەمىسە بۇ نېمە پۇراق؟» ئۇنىڭ بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى ئاشۇ ئەدىيالدا ئىدى. ئەدىيال مىدىرلاپ بىر باش چىقتى، بايىقى سېسىق پۇراق كامېرنىڭ ئىچىنى بىر ئالدى ـ دە، گۇلنارنىڭ قۇسقۇسى كەلدى.

— سۇ، سۇ، سۇ، — ئادەم بارمۇ؟ سۇ، سۇ، بۇ ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى ئىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە بايىقى شىبە بالىنىڭ سۆزى كەلدى: «ھەدە، دىققەت قىلىڭ، سىزدىن باشقا ئايال يوق.»

— سۇ، سۇ، ئادەم بارمۇ؟ — ئۇ ئايال تەسلىكتە ئۆرۈلۈپ يانچە بولدى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرسى ئۆلتۈرۈلۈپ جىم يېتىش، يەنە بىرسى ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بېقىش كېرەك.

گۈلنار ئىككىنچى قارارغا كەلدى. ئەگەر بۇ ئايال دائىم بىرگە بولسا، ئۇنىڭ پولات بىلەن مۇناسىۋەت باغلىشىغا توسالغۇ بولاتتى. گۈلنار ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى.

— سۇ قەيەردە! — سورىدى گۈلنار.

— ۋايجان، ۋايجان، خۇدايىم، ئايالكەنغۇ، ئاشۇ ئاياغ تەرىپىمدە سۇ بار، خۇش بولۇپ كېتەي. ۋايجان، ۋايجان، — ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئون يىل كېسەل تارتقان كىشىدەك ئىنجىقلاپ تۇرۇپ ئاران دېدى. گۈلنار ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ھېجىردا تۇرغان سۇنى ئەكىلىپ ئايالنىڭ بېشىنى يۆلەپ تۇرۇپ ئىچكۈزدى. ئايال سۇنى ئىچىپ بولۇپ «ئۇھ، ياخشى، ھېلىمۇ سىزنىڭ بولغىنىڭىز، بولمىسا» دېدى، ئاندىن قاتتىق كېكىردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھاراق بىلەن تاماكىنىڭ قاڭسىق ھىدى

گۈلنارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. «هاراق ئىچىپ كوچىدا يېتىپ قالغان يېرىدىن ئەكېلىپ قويغاندىمۇ» دەپ ئويلىدى گۈلنار.

— ۋايجان، ۋايجان، تاياق ئازابى، ئون كۈن بولدى ئورنۇمدىن تۇرالماي، يالغۇزچىلىق، بۇ سېسىقچىلىقتا جېنىمدىن جاق تويغاندىم. خېنىم، كۆرپىلىرىنى ئەكېلىپ ماڭا يېقىنراق ياتسىلىچۇ، ۋايجان، ۋايجان، — ئايال ئۆرۈلۈپ ئوڭدا بولدى.

«ئون كۈن، — دەپ ئويلىدى گۈلنار، — ئەگەر بۇ ئاشۇ هىيلىگەرلەرنىڭ ماڭا قۇرغان تۇزىقى بولسا، بۇ ساتقىن ئۆزلۈكىدىن يېقىنلىشىدۇ». گۈلنار قايتىپ كېلىپ ئورنىدا ياتتى.

— خېنىم ئۇخلاپ قالدىلىمۇ؟ ۋايجان، چۈشىنىڭ دەردى، سىلىگە يېقىنراق ياتاي، — ئۇ ئەدىيالىنى سۆرەپ گۈلنارنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتتى.

«بۇ زادى كىم؟ بىر بىلىپ باقاي» ئويلىدى گۈلنار ۋە:

— خېنىم، تاماكىلىرى بارمۇ؟ — دەپ قەستەن سورىدى.

— موخۇرەكقۇ بار، بىراق ئاۋۇ بىر نېمىلەرگە قارىسىلا، سەرەڭگىنى ئېلىۋېلىپ، ئون كۈندىن بېرى خۇمارىم تۇتۇپ ئۆلەي دېدىم، سەرەڭگە بارمۇ؟ — زوڭزىيىپ ئولتۇردى ئۇ.

— خېنىم، سىز نېمىشقا قامالغان؟ — دېدى گۈلنار.

— ۋاي خېنىم، نېمە ئىش بولاتتى، ئېرىم بىلەن ئىككىمىزنى نېمىتى هېلىقى، ئېسىم قۇرۇسۇن، هە، تەشكىلات قۇردى دەپ قامىغان، ئون كۈندىن بېرى قىلمىغان ئازابى قالمىدى

دى. ئۇھ، جاننى قىيناپ نېمە قىلاي، ھەممىنى دەپ سالدىم، شۇڭا بۇگۈن قىيناشنى توختاتتى. خېنىم سىلىنىمۇ شۇنداق دەپ قولغا ئالغاندۇ ـ ھە ـ ھە؟ بۇ جان كۈندە چىچەكلەمتى، راستىنى دەپلا قۇتۇلدۇم، سىلىنىڭمۇ جانلىرىغا ئىچى ئاغرىسىلا خېنىم، — ئۇ سىنچىلاپ گۈلنارغا يېقىن كەلدى.

«ئىپلاس» دېدى گۈلنار ئىچىدە ۋە:

— شۇنداق، خېنىم، بۇلاردىن دېمەي قۇتۇلغىلى بولامدۇ. بىراق، مەن بۇزۇقچىلىق قىلىپ قامالدىم، ئاتلىرى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئېتىم زورىخان، خېنىم، بۇزۇقچىلىقىمۇ ئادەم قامامدىكەن؟ ھەر قاچان مەندىن يوشۇرۇۋاتىدىلىغۇ دەي-مەن، شۇنداقمۇ؟ سىلىنى ئۇرمىغان ئوخشىمامدۇ؟ ۋايجان، ۋايجان؟

— ياق، مېنى ئۇرمىدى، مۇنداقسىغىلا سورىدى. سىلى-نى بەك ئۇرۇۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ نەلىرى ئاغرىۋاتىدۇ.

— ۋاي خېنىم، كۆرسەتكىلى بولمايدۇ، قارىسىلا، ئات-نىڭ قىلىنى تولغاپ ئالدىمغا تىقتى. ۋايجان، — زورىخان نازلاندى.

— ئۇنداقتا، سىلىنى راستىنلا تەشكىلات قۇرغان ئوخ-شايلا. مەن تېخى سىلىنى بىرەر قاۋاقخانىدا ھاراق ئىچىپ مەستلىكتە ھاراق تۇڭىغا چۈشۈپ كەتكەن يېرىدىن سۆرەپ ئە-كەلدىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى گۈلنار سەندەك ئىپلاسقا شۇ لازىم دېگەندەك قىلىپ.

— خېنىم، نېمە دېگەنلىرى بۇ؟ — زورىخان گەپكە چىدىماي چىچاڭشىپ كەتتى. ئۇ ئەمدى نېمە دېيىشنى بىلمەي جىمىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گۇ جوجاڭ ئۇ بۇ ئىشنى

ئورۇندىسا بەرمەكچى بولغان بىر توپ شىپۇن دۇخاۋا بىلەن بىر تال ئالتۇن ئۈزۈك كەلدى. «بولار ئەمدى» دېگەندى گۇجۇجاڭ زورىخاننى قۇچىقىغا ئېلىپ ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئەركىلىتىپ، — يەنە ئۆمرۈڭگە يېتىپ، بالاڭدىن بالاڭغا يەتكۈدەك بېشىڭچىلىك ئالتۇنمۇ بار.» مانا ئەمدى بىر قارا قۇيۇن چىقىپ گۇ بىلەن شىپۇن دۇخاۋا، ئالتۇنلارنى ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلغان زورىخان نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى بولدىيۇ، ئاغزىدىن چىقىرالمىدى.

زورىخاننىڭ ئەسلي ئىسمى ئايشە بولۇپ، بىر سودىگەرنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا شوخ بولۇپ، يىگىرمە بەش يېشىغىچە نەق نىكاھلىنىپ تەگكەن ئېرى ئالتە بولدى. ئالتە ئەردىن توققۇز ئەر بىلەن تۇتۇلۇپ ئاجراشتى - دە، يەتتىنچىسىگە ئۆزدىن 12 ياش چوڭ «شىڭ» فامىلىلىك بىر ھاراق دۇكىنى خوجايىنىغا تەگدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىلگەنلەر ئۇنى ئايشەك دېسە، ياشلار ئىككى سەر ئىچكەندىن كېيىن «ئېشەك» دەيدىغان بولدى. ئايشەك بۇرۇن تاماكا چېكەتتى، ئەمدى بولسا ئىچىش بىلەن قۇچاققا چىقىشنى ئۆگەندى. نېمە دېسە «ماقۇل» دەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ سودىسى ئېقىپ ئىككى ياقتىن كىرىم بولاتتى. «شىڭ» ئايشەكنى ئېلىپ غۇلجىغا چىقىپ سۇ دەرۋازا دەڭنىڭ ئالدىدا ھاراق دۇكىنى ئاچتى. ئايشەك ئىسمىنى ئۆزگەرتىپ «زورىخان» بولدى. ئۇ ئەتىگەندىن يېرىم كېچىگىچە قاۋاقخانىدا ئولتۇرۇپ ھاراق سېتىپ باشقىلار بىلەن بىرگە ئىچىشەتتى. شىڭ ئۇستۇنكى قەۋەتتە دۇنيادىن بىغەم ياتاتتى. بىر كۈنى قاۋاقخانىغا غوجەك كىردى. خوتۇن چىقماي يۈرگەن غوجەككە زورىخان قىزدەك كۆرۈندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قاۋاقخانىغا تولا كىرىدىغان بولدى. بەزىدە مەست بولۇپ دۇكاندا

قونۇپ قالاتتى. ئاخىر زورىخان شىگىنىنى تاشلاپ غوجەككە تەگدى.

زورىخان چېكىشتە، ئېچىشتە ھەر قاندىقىنى «پوك چۇشۇرۇپ» ، بەرسە قولىدىن، بەرمىسە يولىدىن سوقاتتى. شىشىخال، بەش لەك، ماجاڭ ئويناشقىمۇ قالتىس ئىدى. ھەرقاندىقىنى بىر قاش ئېتىپ كۆز قىسىش بىلەن ئۆزىگە دۇم چۇشۇرەتتى. ئۈچ يىل قاۋاقخانىدا تۇرۇپ تالاي ـ تالىيىنى يولغا سالغان زورىخان ئارىلاشمىغان ھەتتا گۇمۇ قالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ زورىخان دېگەن ئىسمىمۇ «زومىلىك» غا ئۆزگىرىپ، ئۇ ئالدىغا كەلگىنىنى تالىلايدىغان، ئەتكىنى ئەتكەن قانجۇققا ئايلاندى.

گۇلنار غۇۋا يورۇقتا ئۇنىڭ قولىقىدا پارقىراپ تۇرغان قىزىل ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقىنى كۆردى ـ دە، پۇت ـ قولى تىترەپ كەتتى.

«مېنىڭغۇ، بۇ ئېپلاس خوتۇنىنىڭ قولىقىدا نېمە قىلىدۇ؟» ئۇ تويى بولۇپ ئىككىنچى كۈندىن باشلاپ ئون بەش يىل تاقىغان ھالقىسىنى تونۇدى.

— خېنىم، قولاقلىرىدىكى ھالقىلىرى چىرايلىق ئىكەن، مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ ھالقىسىغا بەك ئوخشايدىكەن. بىراق، ئۇ دوستۇمنىڭ ھالقىسىنى ئاشنىسى ئوغرىلاپ كەتكەنىدى، — زورىخانىنىڭ يېغىرىنى تاتىلىدى ئۇ.

— ۋاي جېنىمەي، قانداق ئاشنىسىكەن ئۇ؟ ئاشنىسىنىڭ ھالقىسىنىمۇ ئوغرىلىغان بارمۇ؟ — ئۆكۈپ چىچاڭشىدى زورىخان.

— «تاسما يېگەن ئىت ئۆلگۈچە خۇيىنى تاشلىماپتۇ» دېگەندەك، ئوغرى ئاشنىسى بىلەن بىرگە يېتىپتۇ. ئاشنىسى

ئۇخلاپ قالغاندا قولىقىدىن چىقىرىۋاپتۇ، تېخى بىر دانە ئۇزۇك-مۇ بار.

زورىخان بىرىنچى پەشۋادىلا ئويۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدى - دە، چاپسانراق چۇسا ئازابىدىن قۇتۇلۇش كويىغا چۈش-تى.

— راستما؟

— شۇنداق، خېنىم، قانداق، يېغىرلىرىغا تېگىپ قويـ-دۇمۇ؟

— ئۇ بۇزۇق جالاپنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئەگەر دە مۇشۇ ئىش راست بولسا، ئۇ شوۋۇچىنىڭ ئاغزىغا سىيىمىسەم زومىڭ بولماي كېتەي، — ئۇ ئاچچىقىدا كالپۇكىنى چىشلەيتتى.

— زومىڭ خېنىم، نېمە بولدىلا، ئاتىنىڭ قىلى ئەمدى تەسىر قىلىۋاتامدۇ؟

زومىڭ گەپ تاپالمىغىنىدىن دوۋسۇنىنى تۇتقىنىچە:

— ۋاي دوۋسۇنۇم، ئىشكنى ئاچ شوۋۇچىلار! — دەپ كامېرنى بېشىغا كىيدى.

— خېنىم، سىز راك كېسىلىگە گىرىپتار بوپسىز، ئېھـ-تىمال بۇ كېسەل سىز قاۋاقخانىدىكى چاغدا پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا بۇ ئاخىرقى باسقۇچى.

زومىڭ ۋارقىرىغان پېتى ئىشكنى قاقتى، تورمە باشلىقى ئىشكنى ئېچىپ، ئۇنى ئالدىغا سېلىپ ئاچىقىپ كەتتى. گۇل-ئارنىڭ كۆزى تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتتى، ئۇ قانچىلىك ئۇخلى-غانلىقىنى بىلمەيتتى. كۆزى ئۇيقۇغا كېتىشى بىلەن ئۇ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە بىر نەچچە ئىت ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ تالاۋاتقۇدەك، بىر يەردە مەردان «ئاپا، ئاپا» دەپ ۋارقىرىغۇ-دەك. ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. بەدىنى چىلىق - چىلىق قارا تەرگە

چۆمۈپتۇ. «قارا بېسىپ قاپتۇ ـ دە» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى. ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن چۈشكەن يورۇقنى كۆردى ـ دە، دەررۇ بېرىپ يوچۇقتىن قارىدى. بىراق «ئۈچ» دېگەن نومۇرنى كۆرەلمىدى. شۇ ئارىدا «تاراق» قىلىپ كىچىك تۆشۈك ئېچىلدى ـ دە، «ئەھە» دېگەن يۆتەل ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھەدە، مەن شورۇنتاي، ئۇتتۇرغا قاراڭ جۇمۇ؟

گۈلنار تۆشۈكتىن قارىدى، قارشى كامېرنىڭ ئىشىكىدە «ئۈچ» دېگەن نومۇر تۇراتتى. «ئاھ خۇدا، پولات بارمىسەن؟ قانداقراق تۇرغانسەن؟» ئۇنىڭ كۆزلىرى لىق ياشقا تولدى. شورۇنتاي ئۈچىنچى نومۇرنىڭ تۆشۈكىنى ئاچتى، بىر مىنۇتلاردىن كېيىن پولاتنىڭ بېشى كۆرۈندى، ئۇنى جالال يۆلەپ تۇراتتى.

— گۈلنار، جېنىم گۈلنار.

— پولات، پولات، مېنىڭ پولاتىم.

ئۇلار كۈسۈرلاشتى. ساقاللىرى ئۆسكەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشقان پولاتنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئاشۇ كىچىككىنە تۆشۈكتە پىلدىرلايتتى.

«پولات، پۇت ـ قوللىرىڭ ساقمىدۇ؟ قىيناش، جازالاش، ھەرقانداق قارا كۈچ سېنى باش ئەگدۈرەلمەيدۇ.»

شورۇنتاي ئۈچىنچى ئىشىك تۆشۈكىنى يېپىۋېتىپ گۈلنارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— زورىخان دېگەن كىم؟ — سورىدى گۈلنار.

— نېمە بولدى؟ ئۇ غوجەكىنىڭ خوتۇنى. دىققەت قىلىڭ، ھەدە، نىلقىدا قوزغىلاڭ باشلاندى، پولات ئاكا سىزدە «قەتئىي ئىرادە بولسۇن» دېدى. ئۇقتۇڭىزمۇ؟

— ئۇقتۇم، ئۇكام.

شورۇنتاي كىچىك قاپقىنى يېپىپ قويدى.

«قىيما ـ چىيما قىلىسىمۇ باش ئەگمەيمەن. ئاھ پولات، مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە يېنىڭدا بولالمىدىم» . گۈلنار سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يەرگە يىقىلدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ يەرمۇ يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# بەشىنچى باب

## 1

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئىلى ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي تاغلىق يېزىسىدا گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە قارشى خەلق قوراللىق قوزغىلىڭى پارتلىدى. گومىنداڭ دائىرىلىرى خەلقنى ئالداپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەرنى «ئالتە ئوغرى» دەپ تەشۋىق قىلدى. ئاتالمىش «ئالتە ئوغرى» باسلىگەن داۋىنىدا گومىنداڭ قورچاق ئارمىيىسىدىن بىر پولكنى يوقىتىپ قوراللىرىنى تارتىۋالدى. قوزغىلاڭچىلار بىرنەچچە كۈن ئىچىدە مىڭدىن ئېشىپ، «ساي ـ سايدىن چۈشكەن ئېقىنلار چوڭ ئېقىن» بولغىنىدەك چوڭ قوشۇن بولدى. گومىنداڭ ھەربىي، ساقچى دائىرىلىرى كەڭ تۈردە بېسىقتۇرۇش، يەنى قولغا ئېلىش، قاماش، ئۆلتۈرۈش بىلەن قارشى تۇرماق بولدى، ھەتتا تىرىك تۇرغۇزۇپ كۆمۈش دەرىجىسىگە يەتتى. لېكىن، ليۇ جۈيجاڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا ئىلىقا پارتىزانلىرى گومىنداڭ قورچاق ئەسكىرىدىن قانچىنى يوقاتسا پەرۋايى پەلەك، ئۇ ئاشۇ يەر ئاستى تەشكىلاتنى تېپىۋالسىلا بىر كېچىدىلا كۆلىنى كۆككە سورۇيدۇ ـ دە، ئۇرۇمچى ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارلار ئالدىدا «ئاكاڭ قارىغاي» بولاتتى.

ليۇ كېلىپ بەش ئايدىن ئاشتى، ھېچقانداق يىپ ئۇچى يوق، پولات بەش قېتىملىق سوراقتا ھېچ نەرسىگە ئىقرار قىلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ تېرىسى تەتۈرمۇ سويۇلدى، لېكىن ئۇ يەنىلا

ئىقرار قىلمىدى. ئاخىر ئۇ گۇ جۇجاڭ ئارقىلىق زورىخان ئۆيۈنىنى ئويىندى، زورىخان بىر پەشۋادىلا ۋاھ دەپ ئاچچىقىدا كىچىك ئورۇندۇق بىلەن غوجەكىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇپ چېكىسىنى ياردى. گۇنى ئىتتىن - ئىت، پاكاردىن - پاكارغا سېلىپ تىللاپ يەتمىش مومىسىنى كۆزىگە كۆرسەتتى. ھەر كۇنى شەھەردىن تارتىپ يېزا - قىشلاقلارغىچە يېزىلىۋاتقان تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنىڭ يېرىمىدە دېگۇدەك ليۇ جۇيجاڭنىڭ بىگۇناھ خەلقنى بېسىقتۇرۇپ قىرغىن قىلىشى يېزىلغانىدى.

— ئورنۇڭدىن تۇر ئوغرى، — تۇرمە باشلىقى تاپانچىسىنى تەڭلەپ، تۇرمە ئىچىدە ياتقان ئايالغا ھۆرپەيدى. گۈلنار ئورنىدىن تۇرۇپ، بۇ تۇزكور جاللاتقا تىكىلىپ قارىدى. ئۇچىنچى كامېرنىڭ تۆشۈكىدە جالال قاراپ تۇراتتى. گۈلنارنى تۇرمە باشلىقى بىر چېرىك بىلەن بىرگە ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ تۇرمە قورۇسىدىن ئاچىقىپ كەتتى. جالال بۇ ئىشنى پولاتقا دېمىدى، چۈنكى ئۇ قانچە قېتىملاپ سوراقنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىغاچقا، ئاشۇ ئىككى جاللات ئالدىدا مەھكۇم بىر گۈزەل ئايالنىڭ كېتىۋاتقىنىغا، ئۇنىڭ سوراقتىن كېيىنكى ھالىغا يۈرەك - باغرى ئېزىلىپ، بار دەردىنى كالپۇكىنى قاتتىق چىشلەش بىلەن يوشۇرۇپ تۇراتتى. سوراقخانىدا گۇ، ۋاڭ، ليۇ، غوجەكتىن باشقا يەنە يەڭلىرى تۈرۈلگەن، كۆزلىرىگە قان ئۇيۇغان ئىككى جاللات سىم قامچىلىرىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇراتتى. گۈلنار ھەيدەپ كىرىلدى.

— ئېتىڭ نېمە؟ — سورىدى گۇ گۈلنار ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— گۈلنار.

— گۈلنار، — تەكرارلىدى گۇ. گۈلنار دېگەن بۇ

ئىسىم گۈنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلغانىدەك تۇيۇلدى بولغاي، ئۇ تولغىنىپ كەتتى.
— بۇ يەرگە نېمىشقا كەلگىنىڭنى بىلەمسەن؟
— بىلمەيمەن.
— پولات نەدە؟ — گۈل كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قارىدى.
— سىلەر بىلمىسەڭلار مەن نەدىن بىلەي.
— پولات قىلغان جىنايىتىنى تاپشۇردى. بىز ئۇنىڭغا كەڭچىلىك قىلىپ قويۇپ بېرىمىز. سەنمۇ جىنايىتىڭنى ياۋاش-لىق بىلەن تاپشۇرساڭ پولات بىلەن بىرگە قايتىسەن، قانداق؟
— سىلەر نېمىنى دەۋاتىسىلەر، بىلمىدىم. پولات ئىككى-مىز ئادەتتىكى بىر ئوقۇتقۇچى، بىز ئوقۇتقۇچى سالاھىيىتىمىز بىلەن خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمىزنى ئۆتىدۇق. بۇ جىنايەت ئەمەسقۇ؟
— نېمە، سەن ئوغرىلار ئۇچۇن ئىش قىلدىم دەمسەن؟
— ياق، مەن تۆت يۈز ئەللىك مىليون خەلق ئۇچۇن دەيمەن. بۇ خەلق سىلەر ئۇچۇن ئوغرى بولسا كېرەك.
بۇ خىل جاۋابنى كۈتمىگەن گۈننىڭ كۆزلىرىنىڭ پاختىسى ئۆرۈلۈپ، جوزىنى بىر مۇشت ئۇردى — دە، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— ھەي خوتۇن، بىز سېنىڭدىن پولات قۇرغان تەشكىلات بىلەن قورالنى سوراۋاتىمىز، ئۇقتۇڭمۇ! — ۋاڭ دوسا سۆزگە ئارىلاشتى — دە، سۆزنىڭ قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى بايقى-ماقچى بولۇپ، گۈلنارنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. گۈلنار بولسا جاۋاب بېرىش ئورنىغا مازاق قىلىپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە «تېرەمنى ھەرقانداق قاشاڭ پىچاقتىنا تەتۈر سويساڭمۇ ئىقرار

قىلدۇرالمايسەن» دەپ ئويلىدى.

— ئەگەر ياخشىلىقچە جاۋاب بەرمەيدىكەنسەن، قارلىغاچ-تەك سايرىتىش قولىمىزدىن كېلىدۇ، — دوق قىلدى دوسا.

— توغرا، قىيما - چىيما قىلىش، ئۆلتۈرۈش قولۇڭلار-دىن كېلىدۇ، بىراق قارلىغاچتەك سايرىتىش قولۇڭلاردىن كەل-مەيدۇ، چۈنكى، سىلەر بىشىمدىن تارتىپ پۇتۇمغىچە توغرىساڭ-لارمۇ ئۆزۈمگە ۋە باشقىلارغا بەتنام چاپلىيالمايمەن، — كەس-كىن جاۋاب بەردى گۈلنار.

— قورال نەدە؟

— بىلمەيمەن.

— تەشكىلاتچۇ؟

— بىلمەيمەن.

— مۇئەللىملەرنى كىم قاچۇرۇۋەتتى؟

— سىلەر. چۈنكى، سىلەر بىگۇناھ كىشىلەرنى قولغا ئالغىلى تۇردۇڭلار، بەلكىم ئۇلار مۇشۇنىڭدىن قورقۇپ قاچقان-دۇ.

— ئاناڭنى، باس ھايۋاننى، — ۋاڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ غالجىر ئىتتەك ھۇرپەيدى.

— ھەي ئەخمەق خوتۇن، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىمامدۇ؟ راستىنى دېسەڭلا ئىش پۈتتىغۇ، بۇ كىم بىلەمسەن؟ ئۇ ساڭا رەھىم قىلىۋاتىدۇ، بولمىسا، — ئالدىراپ - تېنەپ سۆزگە ئارىلاشتى غوجەك.

— بۇ سۆزۈڭنى بېرىپ خوتۇنۇڭغا دېگىن.

— باس! — يەنە بۇيرۇق قىلدى ۋاڭ. ئىككى جاللات بىلەن غوجەك ئېتىلىپ كېلىپ گۈلنارنى سۆرىگەن پېتى داق يەرگە سۇنايلىنىپ ياتقۇزۇپ ئىككى پۇتىنى تىزىنىڭ ئۈستىدىن

گاڭزىغا باستى.

— ئىپلاسلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار! فاشىستلار! — گۈل-نار چىشىنى قاتتىق چىشلىدى، ئاغرىق ئازابىدىن پىشانىسىدىن تەر مۆلدۈرلەيتتى.

— ئېيتامسەن، يوق؟

— بىلمەيمەن.

جاللاتلار ئۇنىڭ پۇتىنىڭ تىرناق ئاستىغا ھە دەپ تۆمۈر تىققىلى تۇردى.

— ئېيتامسەن، يوق؟

— بىلمەيمەن.

گۇ كېلىپ سىم قامچا بىلەن گۈلنارنىڭ دۈمبىسىگە بىر نەچچىنى سالدى. قامچا ئىزلىرىدىن قان تەپچىرەپ چىقتى.

ئۇلار گۈلنارنى راسا دۈمبالاپمۇ ھېچبىر گەپ ئالالمىغاندىن كېيىن، ئۇنى بىر پارچە لەختە گۆش قىلىپ سۆرەپ ئەكىرىپ شال پاخلى ئۈستىگە تاشلىدى. جالال تېخىچىلا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدا قاراپ تۇراتتى.

— گۈلنار، گۈلنار، — ئۇ بۇ سۆزنىڭ ئاغزىدىن چىد-قىپ كەتكىنىنى بىلمەي قالدى.

— گۈلنار دېدىڭمۇ؟ جالال، ئېيتە، گۈلنار نېمە بولدى؟ — پولاتنىڭ يۈرىكى مۇجۇلماقتا ئىدى.

«ئاھ خۇدا، نېمە دېيىش كېرەك، پولاتقا ھەقىقىي ئەھۋال-نى دېيىشكە قانداقمۇ ئېغىز بارسۇن، — جاللىنىڭ يۈرىكى ئۆرتىنەتتى. ئاھ خۇدا، بىچارە مەزلۇمنىڭ بىشىنى كىممۇ يۆلەر؟ سۇ، سۇ دەپ كالپۇكلىرىنى يالىسا كىممۇ سۇ بېرەر؟» جاللىنى ئاشۇ جاللاتلار ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ ئەكىرىپ داق يەرگە تاشلىغاندا، سۇ، سۇ دەپ نالە قىلغاندا

خۇدايبەرگەن دېگەن قازاق يىگىتى بېشىنى يۆلەپ سۇ بېرىپ تەرىتىنى تۆككەن؛ پولاتنى «بىر پارچە گۆش» قىلىپ ئەكىرگەندە جالال بېشىنى يۆلەپ سۇ بېرىپ «پولات، مەن جالال، كۆزۈڭنى ئاچ، تاڭ ئاتسا ئەتىگە ياخشى بولۇپ قالىسەن» دەپ تەسەللى بەرگەن. «گۈلنار، گۈلنار» دەپ پىچىرلايتتى جالال. تۇرمە باشلىقى كامېردىن قايتىپ چىقتى، پوستىتا شورۇنتاي تۇراتتى.

— مېنىڭ ئىشىم بار، سەن قاماقتىكىلەرنى تەھەرەتكە چىقىرىپ كىرگۈزۈۋەت، مۇنۇ ياۋايى ئالۋاستىغا قاراپ قوي، — تۇرمە باشلىقى ئاچقۇچلارنى شورۇنتايغا بېرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېدى جالال تۇرمە باشلىقىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ. بۇ ئىش شورۇنتاي ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت بولدى. سىرتتىكىلەر پولات بىلەن گۈلنارنىڭ كۈندىلىك ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇشنى گو يىباۋغا تاپشۇرغانىدى. ئاكىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە بۇ ئىشنى شورۇنتاي بۇگۈنلا بىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ ھەممە كامېرنىڭ كىچىك تۆشۈكىنى تاقىدى - دە، گۈلنارنىڭ يېنىغا كىردى. گۈلنار ھوشسىز ياتاتتى. «ئىپلاسلار، ئايال كىشىنىمۇ شۇنچىلىك ئۇرغان بارمۇ؟ ئالدىرىما، ھېساب ئالىدىغان كۈن بارغۇ؟» ئۇ ئاكىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغىنىدا ھازىرلا مۇشۇ ئۇچىسىدىكى ۋەھشىيلەر كىيىمىنى پىرقىرىتىپ تاشلاپ ئۆز يولىنى تاپماقچى ئىدى.

— ھەدە، مەن شورۇنتاي، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، مەن شورۇنتاي، — ئۇ گۈلنارنىڭ بېشىنى يۆلەپ ھېجىردىكى سۇنى ئىچكۈزدى. ئانا ئىككى يۇتۇم سۇنى تەسلىكتە ئىچتى. «ۋايجان، ۋايجان!» ئۇنىڭ بەدىنى زىڭىلداپ ئاغرىيتتى.

www.uyghurkitap.com

— ئىنىم شورۇنتاي، رەھمەت. ئۆزۈڭنى ئاۋايلا، دىققەت قىل. ئاۋۇلار كۆرۈپ قالمىسۇن، دۈشمەنگە باش ئېگىش مەن ئۈچۈن ئۆلۈم، ئاكاڭ بىلەن پولاتقا دەپ قويغىن، پولاتقا مېنىڭ بۇ ھالىمنى دېمە جۇمۇ. بالام قانداق؟ — گۈلنار بۇ سۆزلەرنى ئاران دېيەلىدى.

— ھەدە، مەردان ياخشى. ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ. مەن ھازىرلا پولاتكام بىلەن كۆرۈشىمەن. ئاكاملار سىلەرنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلىۋاتىدۇ.

— ئىنىم، ئاكاڭغا دېگىن، ئورۇنسىز چىقىم تارتمىسۇن، قاراملىق قىلىشقا بولمايدۇ.

شورۇنتاي گۈلنارنى تۈزەپ ياتقۇزۇپ قويۇپ، ئۈچىنچى كامېرغا كىردى. پولات ئۇنىڭ كىرىشىنى، گۈلنارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇراتتى. جالال تەرەت تۇڭىنى كۆتۈرۈپ ھاجەتخانىغا چىقىپ كەتتى. شورۇنتاي شەپكىنىڭ ئىچىدىن كىچىككىنە بىر خەتنى ئېلىپ پولاتقا بەردى. خەت رەخىمنىڭ خېتى بولۇپ، «ئەھۋالنى ئېغىزچە ئۇق» دەپلا يېزىلغانىدى. شورۇنتاي ئاكىسىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە نىلقا، سۈيدۈڭدە پارتىزانلار قوزغالغانلىقى، 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا شەھەرگە بېسىپ كىرىدىغانلىقى، شۇ كېچىسى گو يىباۋ باشچىلىقىدىكى پارتىزانلار ساقچى ئىدارىسىگە ھۇجۇم قىلىپ قاماقتىكىلەرنى قۇتقۇزۇپ چىقىدىغانلىقىنى يەتكۈزدى.

— رەھمەت ئىنىم، رەھمەت، — دېدى پولات ئۇنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ، — ئاكاڭغا دېگىن، بىزنى دەپ ئورۇنسىز چىقىم تارتمىسۇن، كۆرۈپ تۇرۇپسەن، مەن بىر ئۆلگەن ئادەم، — ئۇ پۇتلىرىنى كۆرسەتتى. پۇتلىرى سېسىشقا باشلىغانىدى. ئاندىن شورۇنتايغا بىرمۇنچە ئىشلارنى تاپشۇردى.

— ئۇقتۇم، — شورۇنتاي ئۇنىڭ سۆزىنى بىر - بىرلەپ قايتىلاپ چىقتى ھەم: «دۇنيادا بۇنداقمۇ قەيسەر، چىداملىق ئادەملەر بولىدىكەن» دەپ قايىل بولدى.

— بولدى ئىنىم، تېز چىقىپ كەت، باشقىلار كۆرۈپ قالمىسۇن، ئۆزۈڭگە دىققەت قىلغىن، ئاكاڭغا سالام دېگىن. گۈلنار قانداق؟

— پولات ئاكا، ھەدەم ياخشى، خاتىرجەم بولۇڭ، ماقۇل، مەن چىقىپ كەتتىم، — شورۇنتاي چىقىپ باشقا كامېرلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئىككى ئىش تۇراتتى. بىرسى پولات ئەپەندى دېگەن ئىشلارنى تېزدىن ئاكىسىغا يەتكۈزۈش. يەنە بىرسى گۈلنارنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ يەنە بىر سائەتتىن كېيىن پوستتىن چۈشىدۇ، ئورنىغا يەنە بىر شىبە چېرىك چىقىدۇ. دېگەندەك ئۇنىڭ ئورنىغا شىبە چېرىك ئامانتۇ كەلدى. شورۇنتاي ئاچقۇچلارنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇنى گۈلنارنىڭ يېنىغا باشلاپ كىردى.

— جېنى بارمۇ، يوق؟ ئايال كىشىنى شۇنچىلىك ئۇرامدۇ؟ ھەي رەھىمسىزلەر، — ئىچ ئاغرىتتى ئامانتۇ.

— شۇنى دېمەمسەن.

— قانداق جاھان بولۇپ كەتتى. راستىنى دېسەم مەن بۇ ئىشتىن زېرىكتىم.

— شۇنداق، «سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ» دەيدۇ. بۇلار كېتىدۇ، يەنە بىز قالىمىز دېگىنە.

— توغرا دېدىڭ، بۇلار كېتىدۇ، بىز قالىمىز، دادامىمۇ شىمنى چىقىۋال دەيدۇ، — دېدى ئامانتۇ.

— ئۇنداق بولسا مەن كەتتىم. سەن ۋاقتى - ۋاقتىدا كىرىپ، سۇ، تاماق بېرىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قويغىن، —

شورۇنتاي بۇ سۆزلەرنى گۈلنار ئاڭلىسۇن دەپ ئۈنلۈك دېدى ـ دە، چىقىپ كەتتى.

پولات ئوڭدىسىغا ياتاتتى، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى تورۇستىكى ئۆمۈچۈك تورىدا ئىدى. بىر چىۋىن ئۇچۇپ كېلىپ تورغا ئېلىنىشىپ قالدى. ئۇ ھە دەپ تېپىرلايتتى. ئۆمۈچۈك كېلىپ بىردە پۇتىنى، بىردە قانىتىنى چىشلەپ قوياتتى. «پاھ ـ پاھ ـ پاھ، جان نېمىدېگەن تاتلىق.» ئۇ ئۆزىنىڭ سوراق قىلىنىش جەريانىنى ئەسلىدى. جاللاتمۇ خۇددى ئاشۇ ئۆمۈچۈكتەك پولاتنى گاڭزىغا باستى، تىرناق ئاستىغا، تاپىنىغا تۆمۈنە تىقتى. دۈمبە، يانپاش، بولجۇڭ گۆشلىرىگە داغمال باستى، قىزىق مايىنى دۈمبىسىگە چاچتى، بەدەنلىرىنى پىچاق بىلەن تىلىپ ئاق لاتىنى لازا، تۇز سۈيىگە چىلاپ، تىلىنغان يېرىگە چاپلاپ، تېرىسىنى سويدى. ئوتقا، ئەينەك سۇنۇقىغا تىزلاندۇردى، جان يېرىگە ئاتنىڭ قىلىنى تىقتى، ئۇ ئاشۇ چىۋىندەك بەزىدە تېپىرلىدى، بەزىدە ھوشىدىن كەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىككى پۇتى تىزدىن تارتىپ سېسىشقا باشلىدى. پولات شۇركىنىپ كەتتى. «گۈلنار، گۈلنار، جېنىم گۈلنار» ئۇ پىچىرلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئىككى پۇتى سۇنۇپ سېسىشقا باشلىغان گۈلنار ياتاتتى. «ئاھ گۈلنار، جېنىم گۈلنار، قانداق ياتقانسەن. پۇت ـ قوللىرىڭ ساقمىدۇ... دۈشمەن ئالدىدا تىك تۇرغىن، ۋاقىت ئالدىمىزدا، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئىلقا، سۈيدۈك تاغلىرىدا بىزنىڭ پارتىزانلار دۈشمەننى يۈزلەپ، مىڭلاپ يوقىتىپ، ئىنقىلابىي قوشۇن كۆپىيىۋاتىدۇ. بىز يېتىشتۈرگەن يەتتە پالۋانمۇ سۈيدۈك پارتىزانلىرىغا بېرىپ قوشۇلۇپتۇ، ئۇلار سەن بىلەن مەن ئۈچۈن دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىۋېتىپتۇ. گۈلنار! ئاڭلاۋاتامسەن؟ سەن بىلەن مەن تارتقان مۇشۇ

ئازابلار بىلەن مۇشۇ زىنداندا قانچىلىغان ناھەق كېسىلگەن باشلار بىلەن ئاققان ناھەق قانلارغا ئۇزۇل ـ كېسىل خاتىمە بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىز ۋەتىنىمىزدە ئازاد، ئەركىن يېڭى دۇنيا قۇرىمىز. گۇلنار! ئاڭلاۋاتامسەن؟ بىزدە تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋەت بار. ئۇ بولسىمۇ ۋەتەنگە، خەلققە بولغان چەكسىز مۇھەببەت. گۇلنار جېنىم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ پات ئارىدا ئازادلىق تۇغى ئاستىدا ئازادلىق تېگىدىن كۆتۈرۈلىپ، يېڭىدىن تارىخ يازىمىز… گۇلنار جېنىم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ …

## 2

گۇلنار ھوشسىزلىق ئىچىدە جۆيلۈپ ئىڭرايتتى، قالايمىقان چۈش كۆرۈپ ئەندىكەتتى. ئۇ چۈشىدە دادىسى داۋامەت ئاتىنى كۆردى. ئاتا قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ: «قىزىم تاۋۇك يوقمۇ؟ كۆزۈمگە مەيۈس كۆرۈنىسەنغۇ؟» دېگۈدەك، ئاپىسى رەھمەتلىك جەنناخان ئانا بولسا ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ژىت سېلىپ يۈرگۈدەك. ھەدىسى دىلنار بولسا «سېنى ئۇسساپ قالدى دەپ قېتىق ئەكىردىم» دەپ بىر چىنە قېتىق كۆتۈرۈپ يۈرگۈدەك. پولات، مەردان، غۇنچەملەر بىلەن سۇ بويىدا ئولتۇرغاندا، قاياقتىندۇر بىر قارا قۇيۇن كېلىپ گۇلنارنى پىرقىرىتىپ ئۇچۇرۇپ مېڭىپتۇ. ئۇ جان ـ جەھلى بىلەن «پولات، مەردان، غۇنچەم» دەپ ۋارقىراپتۇ. قارا قۇيۇن بىر ئاسمانغا ئاچقىپ، بىر يەرگە چۈشۈرۈپ ئاخىر بىر قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئەكىرىپ تاشلاپتۇ. ئۆڭكۈردە تىللىرىنى بىر غېرىچ چىقىرىشقان يىلانلار ئۇنىڭغا قاراپ «ھۇش» قىلىپ خىرىس قىلىپ كېلىۋاتقۇدەك. «پولات، پولات، ئادەم بارمۇ؟ مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دەپ

ۋارقىرىغۇدەك. شۇ ئارىدا قانداقتۇر بىر قارا نەرسە ئۇنىڭ گېلىنى سىقىپ بايىقى يىلان ـ چايانلار ئۇنىڭ تاپىنىدىن تارتىپ بېشىغىچە تىللىرىنى تىقىپ قېنىنى شوراۋاتقۇدەك. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى بىگىز تىققاندەك ئىچىشىپ ئاغرىپتۇ، شۇ ئارىدا چاچلىرى پاخپايغان، ئۈتتۈر چىشلىرى ياۋا توڭگۇزنىڭ چىشىدەك ئالدىغا چىققان ئەجدىھا كۆزلۈك بىر ئالۋاستى مەيدىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇۋاپتۇدەك. ئۇ خۇددى تاغ بېسىۋالغاندەك مىدىرلىيالمىغۇدەك، ۋارقىرىسا ئاۋازى چىقمىغۇدەك. ئۇ ھە دەپ تېپىرلاپتۇدەك. پولات بىلەن مەردان يېقىنلا يەردە تۇرغۇدەك. ئۇلار نېمىشقىدۇر كەلمىگۇدەك. گۈلنار زارلايتتى، قاقشايتتى، ئاخىر كۈچەپ ۋارقىرىدى.

«ئاپا!» ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ قان ئارىلاش چىققان سوغۇق تەر ئىچىدە ياتاتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقىنىدا زىنداندا بايىقى يىلان ـ چايان، ئالۋاستىلار يەنىلا خىرىس قىلىپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. ئۇ بىر پەس كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. پۈتۈن بەدىنى كۆيۈشۈپ ئاغرىيتتى.

«نېمە بولدۇم، قارا باسمىسىمۇ ئۆزۈمنىڭ دەردىم يېتىپ ئاشاتتىغۇ؟ — ئۇ پىچىرلىدى، ئىككى قولىنى، ئاندىن ئىككى پۇتىنى مىدىرلاتتى، — خۇداغا شۈكۈر، پۇت ـ قولۇم ساق ئوخشايدۇ، — ئۇ چۈشىدە كۆرگەن دادىسى، ئاپىسىنى ئويلىدى، — رەھمەتلىك دادام بىلەن ئاپامنىڭ روھى ئازابلىنىۋاتقان ئوخشايدۇ.» ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كالپۇكلىرى تىترىدى. ئىككى كۆزى لىق ياشقا تولدى. ئاشۇ بۇلاق كەبى پارقىراپ تۇرغان ئىسسىق ياش ئىچىدە توم قارا بۇرۇتلۇق، بوغداي ئۆڭلۈك داۋامەت ئاتا يالغۇز قىزىغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغاندەك قىلاتتى.

داۋامەت ئاتىنىڭ ھال ـ ئوقىتى ئوتتۇرلۇقلا ئىدى. ئۈچ ئېغىز ئۆيى، كىچىككىنە ھويلىسىدىن باشقا، بېشىدىكى دوپپىسى چۇشۇپ كەتسە خۇدانىڭ يېرىگە چۈشەتتى. بىر ئات ھارۋىسى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن غۇلجا شەھرىگە ياغاچ ـ تاش، قوراي ـ قومۇش دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ چۇشۇپ سېتىپ، شۇنىڭ بىلەن تۇرمۇشنى قامدايتتى. لېكىن، ھۆكۈمەتنىڭ سەيسىسى دەمدۇ، ھاشار دەمدۇ، ئىشقىلىپ تۈرلۈك ئالۋان ـ ياساقلىرىنىڭ بىرسىدىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى.

1931 ـ يىلى 4 ـ ئاي مەزگىلى. داۋامەت ئاتا بىر ھارۋا قوراينى بېسىپ ئەمدىلا دەرۋازىدىن چىقىشىغا شاكيو، كۆكبېشى باشلىق ئىككى يايى كېلىپ ئاتىنىڭ ئالدىنى توسۇدى.

— شاكيوم، كۆكبېشىم، نېمە ئىش بار ئىدى؟ — داۋامەت ئاتا يېلىنغاندەك سورىدى.

— نېمە؟ ئىش بارلىقىنى ئۇقمامسەن تېخى؟ ماۋاق قانداق ۋاق بىلمەمسەن؟ ماڭ، قورىيىڭنى چۇشۇرۇۋەت، ئات ـ ھارۋاڭ بىلەن ئون كۇنلۇك ئۆستەڭ چېپىشقا چىقىسەن، — دېدى چىرايىدىن مۇز يېغىپ تۇرغان كۆكبېشى.

— نېمە؟ ئون كۇنلۇك؟ — بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك سەسكىنىپ كەتكەن ئاتا ئاتىنىڭ ئۇستىدە لايدىن ياسىغان بۇتتەك ئولتۇرغان ئۆمەر شاكيوغا قاراپ يېلىنغاندەك دېدى، — شاكيوم، مەن يولغا چىقىپ قاپتىمەن، بۇگۇن كەچتە قايتىپ چىقسام، ئەتە كۆپ قاتاردا قانچە كۈن بولسا چىقمايمەنمۇ. مەن بارغۇ، — دېدى.

— نېمىدەپ ۋالاقلايسەن، ساڭا ئوخشاش يالاڭتۆش، گەدەنكەشلەرگە ئەگىشىپ باشقىلار سۆز ياندۇرىدىغان بولدى، ماڭ، قايتۇر دېدىم قايتۇرىسەن، — دوق قىلدى كۆكبېشى.

www.uyghurkitap.com

— ھا ـ ھـا ـ ھا، — ئاتا غەزىپىنى باسالماي كۈلۈۋەتتى، — كۆكبېشى، تېخى مۇنداق دەك. «سۇ كەلتۈرگەن مۇز يالاپتۇ، كوزا چاققان سۇ» دېگەندەك يېرىمىز بوق بولغىنى بىلەن قانچە يىلدىن بېرى ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىشىپ بەردۇق. ئەمدىزە بۇگۈنگە كەلگەندە يالاڭتۆش، گەدەنكەش بولۇپ قاپتۇق ـ دە، — ئاتا بىھۇدە ھاقارەتكە چىداپ تۇرالمىدى.

— نېمە دەيسەن مۇناپىق، ساڭا يەر، سۇ پۈتمىگەن بولسا، مانا بىزگە ئوخشاش بەگ، شاڭيولارغا يەر، سۇ، زېمىن، مال ـ ۋاران، بايلىق پۈتكەن. بۇمۇ ئاللانىڭ ھىممىتى، سەن كىمنىڭ سۈيىنى ئىچىۋاتىسەن، بىلەمسەن؟ ئىچكەن سۈيۈڭگە تۈشلۈق ئىش قىلماي ئەمدىزە بىز قىلامدۇق، — شاڭيو ئاغزىدىن تۈكۈرۈك چاچرىتىپ جار سالدى ـ دە، ئېتىنى باستۇرۇپ كېلىپ بىر قامچا سالدى.

— باغلا بۇ گەدەنكەشنى، ھازىرلا شەن يامۇلغا ئەپچۈشۈپ تاپشۇرۇڭلار، باشقىلارغا ئىبرەت بولسۇن! — شاڭيو بۇيرۇق قىلدى. ئىككى يايى داۋامەت ئاتىنىڭ قولىنى باغلاشتى. ئۇنىڭ پېشانىسىدىن چىققان قان ئوڭ مەڭزىنى بويلاپ مەيدىسىگە چۈشكەنىدى. ئوق ئاتقاندەك ئېتىلىپ كەلگەن گۈلنار دادىسىنى قۇچاقلاپ بېشىدىكى ياغلىقى بىلەن دادىسىنىڭ يۈزىدىكى قاننى سۈرتتى. ئۇ شاڭيونىڭ ئالدىدا بېرىپ ئاتىنىڭ بوجىسىنى تۇتتى ـ دە:

— قېنى، يامان بولساڭ مېنى ئۇر ئىپلاس، مۇناپىق، زالىم، سەن نېمەدەپ دادامنى ئۇرىسەن! — دېدى ـ دە، شاڭيونىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋالدى، قولى يەتمىدى. ئاتا بولسا شاڭيونىڭ ئۆزەڭگىسىگە ئېسىلىپ يالۋۇراتتى. «ئۆلگەندىن ئۆپكە سوراپتۇ» دېگەندەك، بۇ رەھىمسىزلەرگە يالۋۇرۇش بەرد-

بىر ھاجەتسىز ئىدى.

— «بۇ مەينەت مەندە تۇرماس، بۇ راھەت سەندە.» ئۆ-مۈربويى سەنلەر ئۇچۇن ئىشلىدۇق، بۇگۇنكى كۇنگە كەلگەندە كەلگەن ۋاپا مۇشۇ بولسا، قېنى ئاپىرىپ بېرىدىغان يېرىڭگە ئاپىرىپ بېرىش.

ئىككى چاپارمەن داۋامەت ئاتىنى ئالدىغا سېلىپ مېڭىشتى.

ئەجەب بىر زامان بولدى،
ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ.
يۈرەكتىكى زەرداب سۇ،
قانغا ئۆرۈلەي دەيدۇ.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

داۋامەت ئاتا بۇ ناخشىنى چەكسىز دەرد - ئەلەم ئىچىدە ئېيتىپ كېتىۋاتاتتى. ئانا - بالا ناخشىنى تونۇر بېشىدا تۇرۇپ ئۇچۇق ئاڭلىدى. ئاتا بىر ئايدىن كېيىن قايتىپ چىقتى، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ساق يېرى يوق، تاياق ئىزى ئىدى.

— دادا، جېنىم دادا، مۇشۇ تاياقلارغا قانداقمۇ چىدىغان-سەن؟ دادا، سېنى ئادەملەر شۇنچىلىك ئۇردىمۇ؟ ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەملەرمىكەن؟ — گۇلنار بىلەن ئانا ئاتىنىڭ دۈمبى-لىرىنى سىلايتتى، يۈزىنى يۈزىگە ياقاتتى.

— «تاياق ياندىن، سۆز جاندىن ئۆتەر» دېگەن. دادادىڭ

www.uyghurkitap.com

ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، — دەپ تەسەللى بېرەتتى ئانا. ئاتا تاياق زەربىدىن تۈگەشكەنىدى، ئارىلاپلا يۆتىلىپ قان قۇساتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئالتە ئاي ئۆتكەندە ئالەمدىن ئۆتتى.

— دادا، مەن سېنىڭ ئۈچۈن بۇلاردىن قىساس ئالىمەن، — دېدى گۈلنار ئاتا جان ئۈزۈش ئالدىدا.

گۈلنار بۇ پاجىئەنى ئەسلىگىنىدە يۈرىكى ئوتتا پۇچۇلانغاندەك ئۆزىنى خېلىغىچە باسالماي قالدى.

ئەمدى ئۇمۇ تاياقنىڭ تەمىنى راسا تېتىدى. گۈلنارنىڭ كۆز ئالدىغا قايسى كۈندىكى قارا كىيىم كىيىپ، بىرسى پۇل بېرەمىز دېسە، بىرسى مەنسەپ، بىرسى ئۇر دېسە، بىرسى باس دېيىشىپ تۇرغان چىلبۆرىلەر كەلدى. «ھە، دادامنى ئۇرغانلار دەل شۇلار» دەپ ئويلىدى گۈلنار. بۇ چاغدا شاراق - شۇرۇق، تاراق - تۇرۇق قىلىپ كامېرنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى.

— چىقىش، چىقىش دەيمەن، ھەي ھايۋانلار! ئۆلۈشتۈڭمۇ؟ — قىيسىق كۆز تۈرمە باشلىقى جار سالاتتى. گۈلنار جەينەكلەپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ئورنىدىن تۇردى. كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، بېشى قايغاندەك قىلاتتى. «توختا، پولاتنى كۆرۈشۈم كېرەك.» ئۇ ئايىغى يېشىلگەن چىققان باللاردەك بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئاخىر تۈرمە قورۇسىغا چىقتى. «ئىپلاسلار، — دېدى گۈلنار ئۈچىنچى ئىشىكتىكى قۇلۇپنى كۆرۈپ، — تېخى تۆشۈكىنىمۇ تاقاپ قويۇپتۇ. سەنلەر بىزنى ھەرقانچە خورلىساڭمۇ، بىراق ىرىشتىمىزنى ئۈزۈۋېتەلمەيسەن.»

ئۇتقۇنلار قۇدۇق ئاغزىچىلىك بۇ زىندان قورۇسىغا چۈشكەن كىچىككىنە بىر پارچە قۇياش نۇرىغا تەشنا بولۇپ كېلىشمەكتە ئىدى.

گۈلنار بۇ تۇتقۇنلارغا قارىدى. ئۇلارنىڭ باش - كۆزلىرى يېرىلغان، ئىششىغان، چاچ - ساقاللىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، سۇنغان پۇت - قول، باشلىرىنى ھەرخىل لاتىلار بىلەن تېڭىپ باغلىشۋالغان، ئۇلارمۇ نۇرسىز كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ گۈلنارغا قارايتتى. كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ بىر-نېمە دېيىشەتتى. بۇ سۇلغۇن چىرايلارنىڭ بەزىلىرى گۈلنارغا تونۇشتەكلا قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ گۈلنارغا قاراپ باش لىڭشىتاتتى. ئىشقىلىپ ئاشۇ «ئو-چۇق گۆر» ئالدىدا ئولتۇرۇشقان بىگۇناھ تۇتقۇنلارنىڭ يۈرەك - باغرى ئادالەتسىزلىك ئوتىدا كۆيۈپ ئۆرتىنىۋاتاتتى.

ئاھ، تەڭشەلمىگەن ئادالەتسىز جاھان. ئەمگەكچان خەلق-نىڭ قان تەرىنى شورىغان گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى-نىڭ ئەمەلدارلىرى خەلققە نېمە قىلىپ بەردىڭ؟ يەيدىغان نان، ئىچىدىغان چاي، كىيىدىغان كىيىم بەرگەن بىگۇناھ خەلقنى ئۇردۇڭ، قامىدىڭ، ئۆلتۈردۈڭ.» گۈلنارنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ چىككە تومۇرلىرى كۆبجۈپ كەتتى. ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ ئاشۇ ئۇچىنچى ئىشىكتە ساڭگىلاپ تۇرغان رەھىمسىز قارا قۇلۇپنى چاققۇسى كېلەتتى. ھەي، ئامال قانچە، ئۇنىڭ قولىدىن ھازىر كېلىدىغىنى پەقەت ئاشۇ كىچىككىنە يوچۇقتىن ئۆزىنى پولاتقا كۆرسىتىشلا ئىدى.

— ھەممىڭ كىرىش، بول دەيمەن، ئاناڭنى، — قىيى-سىق كۆز تۈرمە باشلىقىنىڭ جارقىرىشىدىن كېيىن، تۇتقۇنلار كەڭ ئاسمانغا تويمىغاندەك، قۇياش نۇرىنى بىرىنچى قېتىم كۆ-رۈۋاتقاندەك قاراشقاندىن كېيىن كامېرلىرىغا كىرىپ كېتىشتى - دە، تۈرمە قورۇسى ئەسكى تاملىقتەك قورقۇنچلۇق سۈكۈتكە تولدى.

گۈلنار كامىرغا كىرىپ ئىشىك تۇۋىدىلا ئولتۇردى. ئۇ ئىشىك يوچۇقىدىن ئۈچىنچى كامىرغا قاراپ تۇراتتى.

جالال پولاتنى كىچىك بالىنى توسقاندەك كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇنىڭ ساقاللىرى ئۆسكەن، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، بۇرۇنلىرى قىڭراقتەك، كۈپتەك بەستى كىچىككىنە بالىلاردەك ئورۇقلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بىرىنچى كامىردا ئىدى.

«پولات، پولات، جېنىم پولات، ئاشۇ سەنمۇ؟» گۈلنار ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتتا كۆيۈپ، كۆز يېشى مۆلدۈرۈدەك تۆكۈلەتتى. ئۇنىڭ ئىشىكنى ئۇرۇپ «ئىشىكنى ئاچ، قانخور جاللاتلار» دەپ ۋارقىرىغۇسى، جاللاتلار بىلەن ئېلىشقۇسى كېلەتتى.

پولات پۇت - قوللىرىنى سىلىغاندىن كېيىن، ئۆسۈپ كەتكەن ساقاللىرىنى قوللىرى بىلەن يۇلغاندەك قىلىپ تارىدى - دە، ئاندىن بېشىدىكى چېچىنى سىلىدى. ئارقىدىن مۇشتۇمىنى تۈگۈپ مەيدىسىگە قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى كامېر ئىشىكىگە تىكىلگەنىدى. گۈلنار بۇلارنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇردى.

«ئاھ پولات، جېنىم پولات، مەن سېنى ئوچۇق كۆرۈۋاتىمەن، بىزنى پۈتمىزدىن تارتىپ بېشىمىزغىچە چانىسىمۇ، ساقىلىمىز بىلەن چېچىمىزنى بىر تالدىن يۇلسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ قەلبىمىزنى چاناپ، يۇلالمايدۇ، دېگەنىدىڭ. پولات راست دەيسەن، بىزنىڭ قەلبىمىزنى چانيالمايدۇ، يۇلالمايدۇ، چۈنكى بىزنىڭ قەلبىمىز ئەمگەكچان خەلقنىڭ قەلبى، ئىرادىسى بىلەن مەھكەم باغلانغان. پولات، مەن مۇشۇ كىچىككىنە يوچۇقتىن سېنىڭ ئالەمگە پاتماس مەقسىتىڭنى كۆرۈپ چۈشىنىۋاتىمەن. راست دەيسەن، بىز مۇشۇ يولدا قۇربان بولساق خەلقىمىز مەڭ-



www.uyghurkitap.com

گۈگە ياد ئېتىدۇ. بىزنىڭ ئاقىقان قانلىرىمىز ئۈچۈن كەلگۈسى ئەۋلادلار ئازادلىق، ئەركىنلىكتە ئېرىشىپ يېڭى دۇنيا يارىتىدۇ. پولات، سېنى ئوچۇق كۆرۈۋاتىمەن، سەن دېگەندەك مەن ئۇمىدۋارمەن، بۇ ۋەھشىيلەر «ئەجەل ھودۇقۇشىدا»، شۇڭا ھەممە جىنايەتلەرنى قىلىدۇ. ئۆلۈم ئالدىدا تىز پۈكۈش بىز ئۈچۈن جىنايەت. پولات، مەنمۇ ئاڭلىدىم. بىزنىڭكىلەر پۈتۈن ئىلقا، سۈيدۈڭ ناھىيىلىرىنى ئازاد قىپتۇ. دۈشمەن قىسمىنى كۆپلەپ يوقىتىپ دۈشمەننى ئالاقزادە قىلىۋېتىپتۇ. پولات ئۇمىدلىك بولغىن، بىزنىڭ ئارمانلىرىمىز پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. پولات، بىز مېھرىبان ئەر - خوتۇنلار ئىدۇق، بۇگۈنچۇ؟ سەن دېگەندەك ئىنقىلابىي سەپداش بولۇپ، ئەكسىيەتچىل ھاكىمىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىۋاتىمىز. راست دەيسەن، مۇناپىقلارچە ساتقىنلىقتىن مەردلەرچە قۇربان بولۇش بىز ئۈچۈن ئەلا. پولات، سەنمۇ غەيرەتلىك بولغىن، كەلگۈسىدە بۇ كۈنلەرمۇ بىر ئەسلىمە بولۇپ قالىدۇ.»

جالال پولاتنى يەنە كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ كامېرغا ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ جالالنىڭ بىلىكىگە بېشىنى قويغىنىچە كامېرغا قاراپ تەلمۈرەتتى. گۈلنار ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە لىق تولغان ياشنى كۆردى. «پولات! ئاھ پولات، جېنىم پولات، گۈلنارنىڭ يۈرىكى ئىلى دەرياسىدەك دولقۇنلاپ، كۆز يېشى ئاقماقتا ئىدى. «پولات! پولات!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇسى، مۇشۇ زىندان ئىچىنى ئۆرۈپ، چېقىپ، ئوت قويغۇسى كېلەتتى. بىراق ئۇ ۋارقىرىمىدى، پەقەت قەلبىدىلا ۋارقىرىدى. «پولات، پولات، سەن ياشنىڭ كېرەك، سەن چوقۇم ياشايسەن، سەندە تۈگىمەس ئىقتىدار بار، سەندىكى بىردىنبىر ئارمان — ئەۋلادىمىزنىڭ بەخت - سائادىتى.»

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالتىنچى باب

## 1

مەردان بىر سىلكىنىپلا چېرىكلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، ئۇچقاندەك ئېتىلىپ كېلىپ ئاپىسىنىڭ قولىغا ئېسىلدى.

— قويۇۋەت، ئاپامنى قويۇۋەت! ئاپا، جېنىم ئاپا، مەن سېنىڭ بىلەن بىرگە ياتاي، — ئۇ چېرىكلەرنىڭ قوللىرىنى قايرىپ يۇرۇپ ئانىنى بۇ رەھىمسىز قوللاردىن بوشىتىپ، ئانا ـ بالا گىرە سېلىپ قۇچاقلاشتى. ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن قۇرۇق موما بىلەن تۇزغا چىلانغان سەي يەپ، قايناق سۇ ئىچىپ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە كۆك تاماكىنى شوراپ چىرايلىرى سارغىيىپ كەتكەن ئۆلۈك چىراي تۆت چېرىكنىڭ كۈچى قانچە قىلسىمۇ مەردانىنى ئانىدىن ئاجرىتالمىدى. ئاخىر كېلىپ غوجەك بىلەن قىيسىق كۆز تۇرمە باشلىقى ئارىلاشتى.

— قولۇڭنى تارت، ئىپلاس يالاقچى، بۇزۇق، — دېدى ئانا غوجەككە ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. ھېچ ئامال قىلالمىغان بۇ چىلبۆرىلەردىن بىرسى تۇيۇقسىز مەردانىنىڭ بۇرنىغا بىر مۇشت ئۇردى. مەردانىنىڭ بۇرنى قاناپ كەتتى. مەردانمۇ ھېلىقى چېرىكنى قورساققا كېلىشتۇرۇپ بىرنى تەپكەندى، چېرىك ئىككى پۈكلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. تۇرمە باشلىقى يېنىدىن تاپانچىسىنى چىقىرىپ: «ئاناڭنى، ئېتىپ تاشلايمەن» دەپ پو-پوزا قىلدى.

چېرىكلەر ئۇ ئىككىسىنى مىڭ بىر بالالىقتا ئاران ئاجرى-
تىپ ئىككى ياققا سۆرەپ مېڭىشتى.

— ئاپا! جېنىم ئاپا! — مەردانىنىڭ نالىسى تۇرمە قورۇ-
سىنى جاراڭلىتىۋەتتى. ئىككى چېرىك ئۇنى سۆرىگەن پېتى ئات
ئېغىلىغا ئەكىرىپ ئەسكى سامانلىق ئىچىگە كىرگۈزۈپ ئىشىك-
نى قۇلۇپلاپ يوقالدى.

— ئىشىكنى ئاچ، ئىشىكنى ئاچ، — مەردان ۋارقىرى-
دى، جان - جەھلى بىلەن ئىشىكنى ئۇردى، تەپتى. ئۇ ئاپىسى
بىلەن بىرگە قولىغا كويزا سېلىپ ئېلىپ ماڭغاندا نەگىلا بارسام
ئاپام بىلەن بىرگە بولىمەن، دادامنى كۆرىمەن، دەپ ئويلىغان-
دى، ئۇ دادىسىنى شۇنداق سېغىنغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ خىيالى
بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەن سېرىق توپىدەك يوققا چىقتى. «ئاپا!
ئاپا! دادا! دادا!» ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن جاللاتلارنىڭ بايىقى
نومۇسسىزلىقى، ۋەھشىيلىكى، ئانا - بالىنى ياۋۇزلارچە سۆرەپ
مېڭىشى كەتمەيتتى. ئاغزىدىن ئانىنىڭ ئوغۇز سۈتىنىڭ تەمى
كەتمىگەن، ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك تەمىنى تېخى تېتىپ
كۆرمىگەن مەردان ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ پاجىئەلىك ۋەقەلەر،
ۋەھشىيلەرچە ئايرىلىش چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەم ئىدى. ئۇ
ئۆرە تۇرغان پېتى تىلىقىپ - تىلىقىپ يىغلايتتى، سامانىنىڭ
قاڭسىق پۇرىقىدىن يۆتىلىپ قەي قىلاتتى. تورۇستا بىر مېتىر-
چە ساڭگىلاپ كەتكەن ئۆمۈچۈك تورلىرىدىكى مارىشىپ ياتقان
ئۆمۈچۈكلەر ئادەم ھىدىنى ئېلىپ سەت پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ
ھەريان سوزاتتى. تامنىڭ تۆت تېمىنىڭ ساق يېرى يوق چاشقان
تۆشۈكى بولۇپ، بايىقى ۋاڭ - چۇڭدىن ئۈركۈگەن چاشقانلار
ئۇۋىلىرىغا كىرىشىۋېلىپ كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى.
مەردان چاشقاندىن بەكمۇ قورقاتتى. سامانلىقنىڭ ئىچى قاراڭغۇ

www.uyghurkitap.com

گۆرگە ئايلاندى. چاشقانلار بىرلەپ ـ ئىككىلەپ ئۇۋىسىدىن چىقىشتى. ئۇلار پاخال ـ سامانلار ئارىسىدىكى دانلارنى ئاختۇرۇشۇپ، كىسىرلىشىپ قـانـداقـتـۇر بىر غەيرىي، يىرگىنچلىك ئاۋاز چىقىراتتى. بىر ـ بىرسىنى «چىشلىشەمدۇ»، ئىشقىلىپ چىرقىرىشىپمۇ قوياتتى. مەردان تامغا يۆلىنىپ بىر پەس يىغلىدى، قاقشىدى. ئاخىر تۈن نىسپىدە ئۇيقۇ غالىب كېلىپ، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. بىر چاغدا ئۇ چۆچۈپ ئويغاندى. ئىشىك ئېچىلىپ يېپىلدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىرسى ھاسىرىغاندەك قىلاتتى.

«كىمدۇ بۇ؟» مەردان يېنىچە يېتىپ، ئىشىك تۈۋىدە بىر قارا سايىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئادەم بارمۇ؟ ئادەم بارمۇ؟ — سامانلىق ئىچىدە بىرسى تىمىسقىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ مىچىلداپ بۇرنىنى تارتىپ يىغلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— ئادەم بارمۇ؟ مەردان سەن قەيەردە؟

مەردان ئۇنىڭ ئۈنىدىن تونۇدى. «ھىممەت، بۇ ئىپلاس خائىن نېمە قىلىپ بۇ يەردە تىمىسقىلاپ يۈرىدۇ؟» ئۇنىڭ ئېسىدىكە ھېلىقى كۈنى ئاپىسىنىڭ «ھېلىقى ھىممەت دېگەن خائىن چىقىپتۇ، ئوغلۇم، ئاشۇ ئىشپىيون سۆز سورىسا بىلمەيمەن دېگىن جۇمۇ» دېگەن سۆزى يادىغا كەلدى ـ دە، ئاچچىقى غۇژژىدە كېلىپ، قويقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى. غەزىپى ئۆرلەپ ئاشۇ ئىشپىيوننى كانايدىن بوغۇپلا مۇشۇ ئېچىرقاپ كەتكەن چاشقان، ئۆمۈچۈكلەرگە يەم قىلىپ بەرگۈسى كەلدى.

مەردان گەرچە يېشى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي تەرەپتىن ئوبدانلا يېتىلگەنىدى. دادىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولاتتى. يازلىق تەتىلدە ئاغىنى-

لىرى بىلەن تاغدىن ئۇتۇن ئېـەكېلەتـتـى. بالا ـ چاقىسى يوق قېرى ـ چۆرىلەرنىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى. ئاپىسى بولسا ھەركۈنى كېچىدە سوۋېت يېرىدە نەشر قىلىنغان «پولات قانداق تاۋلاندى»، «ئانا»، «چاپايوف»، «مېھرابتىن چايان»، «ئۆتكەن كۈنلەر» قاتارلىق كىتابلارنى، شۇنداقلا ئەخـلاقىي تەربىيىگە ئىگە كىتابلارنى ئوغرىلىقچە غۇنچەم ئىككىسىگە ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھېچكىمگە ئېيتماسلىقىنى، سۆزلەپ يۈرمەسلىكىنى تاپشۇراتتى.

— مەردان، سەن نەدە؟ ئۇخلاپ قالدىڭمۇ؟ — مەردان جىم يېتىۋالدى. ئۇ تېخىچىلا مىچىلداپ يىغلاپ سىپاشتۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ قولىغا بىر چاشقان تېگىپ ئۆتتى بولغاي، ھىميت تۇيۇقسىزلا «ۋايجان» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

— كىم سەن؟ — دېدى مەردان بىلمىگەن بولۇپ.

— مەن، مەن، مەردان، سەن نەدە؟ مەن ھىميت، سەن نەدە؟ مەن قورقۇۋاتىمەن، — ئۇ مەرداننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. قورققىنىدىن قارا تەرگە چۆمۈلگەنىدى.

— سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

— مېنى قاماپ قويىدى، — ھىميتنىڭ لەقىمى تەخەي ئىدى. ئاغىنىلىرى ئۇنى تەخەي دەپ بوزەك قىلسا، ئۇ كۈلۈپلا قوياتتى.

— سېنى نېمىشقا قامىدى؟ — سورىدى مەردان.

— نېمە دېدىڭ؟ — تەخەينىڭ يۈرىكى بىر ئاز ئورنىغا چۈشتى. ئۇ مەردانغا يېقىنراق كېلىپ، — مېنى سەن پولاتـنىڭ قۇرغان تەشكىلاتىغا قاتناشتىڭ، ئىقرار قىلساڭ ھازىرلا ئۆيۈڭگە قايتۇرىمىز دەپ سورىدى، مەن ھېچنېمە دېمىدىم. ئۇلار يەنە ئويلان، ئەگەر ئىقرار قىلمىساڭ، مانا كۆرگىن دەپ

www.uyghurkitap.com

سىم قامچا، ئادەم توغرايدىغان جادۇلارنى كۆرسەتتى. تۆمۈرنى قىزىتىپ يېقىپ، قىزىتقان مايىنىمۇ چاچىدىكەن تېخى، مۇشۇ قاماقتا يېتىپ سېسىپ ئۆلىسەن، راستىنى دېسەڭ پۇلمۇ بېرىمىز، — دېدى.

— ياق، ياق، مەن دېمىدىم. مەن دېگەن بىلەن مېنىلا قويۇپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇچچىلار قانداق قىلىسىلەر، تۈرمىدە سېسىپ كەتسەڭلار. مەردان ماڭا قارا، ياخشىسى ئىككىمىز ئىقرار قىلىپ ئاپاڭ بىلەن داداڭنى ئاچىقىپ كېتەيلى، قانداق دەيسەن؟

— سېنى ئۇردىمۇ؟

— ئۇنى بىر دېمە، ئۇردى، ئۇرۇپ ئىككى قوۋۇرغامنى سۇندۇرۇۋەتتى. ئاغرىشنى دېمەمسەن. دېگىنە، سىلەرنىڭ ئۆيگە كىملەر كېلەتتى؟ شەھەردىن چىققانلار بارمۇ؟ مۇشۇنى دېسەڭلا بولىدىكەن. سەن دېيەلمىسەڭ، ماڭا دەيسەن، مەن ئۇلارغا دېسەممۇ بولىدۇ، — ھىمىت مەردانغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ ئولتۇردى.

«ئىپلاس ساتقىن، مەن ساڭا ئوخشاش كىملا يايلىسىدىن تۇتۇپ يېتىلىسە ماڭىدىغان تەخەي ئەمەس، — دەپ ئويلىدى مەردان، — توختا، بۇنىڭ بىلەن نېرى - بېرى سۆز قىلىشىشنىڭ پايدىسى يوق.» مەرداننىڭ ئېسىگە گۇپپىدە بىر ئىش كەلدى، تەخەي يىلاندىن يامان قورقاتتى.

— ۋاي يىلان، — مەردان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى، — قارا، مەيدەمدىن بىلەكتەك بىر يىلان بويلاپ ئۆتۈپ كەتتى.

ھىمىت تەخەي يىلان دېگەن سۆز بىلەن تەڭ «ۋاي ئاپا» دەپ چاچرىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى — دە، نېرىراق

بېرىپ ئىشىك تۈۋىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خېلى ھەپىلەشىپمۇ مەرداندىن زادىلا گەپ ئالالماي ئاخىر جىمىپ قالدى. مەردان غەزەپ - نەپرەت، دەرد - ئەلەم دەستىدىن ئۇخلىيالمىدى. تاڭغا يېقىن ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ماڭغانىدى، ئىشىك تاراق - تۇرۇق قىلىپ ئېچىلدى. مەردان ئىتتىك كۆزىنى ئاچتى. ھىمىت قونداقتىكى توخۇدەك بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تامغا يۆلىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئىشىك تۈۋىدە غوجەك بىلەن بىر چېرىك تۇراتتى.

— قوپە ھارامدىن بولغان لاتا. غېمىدە يوق ئۇخلاۋاتقىنىنى، — غوجەك كېلىپ ھىمىتنى تەپتى - دە، «ماڭ» دېگىنىچە ئالدىغا سېلىپ ئاچىقىپ كېتىشتى.

مەردان خىيال ئىچىدە تورۇستىكى تۆگلۈكتىن كۆك ئاسمانغا قاراپ ئولتۇراتتى، بىر توپ كەپتەر «ۋاڭ» قىلىپ ئۇچۇشۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆيدىكى ۋاقتىدا ھەركۈنى سەھەر تورۇپ، ساي بويىغا چىقىپ كەپتەرلەرنىڭ ئۇچۇشىنى كۆرەتتى، مەخمەلدەك كۆرۈنگەن ياپيېشىل قارىغايلارغا، ئاقباش ئەۋلىيا چوققىسىغا، يېزا ئۆيلىرىنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن چىقىۋاتقان پاخال ئىسلىرىغا، ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا، توپ - توپ بولۇشۇپ ھۇرۇنلۇق بىلەن كېتىۋاتقان پادا - كالىلارغا، ئارا، كۈرەك، كەتمەن كۆتۈرۈشۈپ ئېتىزغا ماڭغان دېھقانلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئەتىياز، ياز، كۈز، قىشتىن ئىبارەت يىلنىڭ تۆت پەسلى تولىمۇ ياخشى تۇراتتى. ئەتىيازلىقى بالىلار بىلەن بىرگە مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ سىرتتا سېرىق چېچەك كولايتتى، تېكىساقال سېغىز ئېتەتتى. باغلارغا، قورۇقلارغا كىرىپ قىزىلگۈل، كاككۇكگۈلى تېرىپ قىز ساۋاقداشلارغا تۇتاتتى. تاغلارغا بېرىپ چوغلۇق، سەبدە، گۇشۇنە،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بۆلدۇرگەن تېرىپ كېلەتتى. خامان ۋاقتىدا غۇنچەم بىلەن بىرلىشىپ داۋامەت ئاكىغا ياردەملىشىپ ئاياغ سېلىپ تۇلۇق تېپىپ خامان سورۇشاتتى. قىشلىقى سايدىكى مۇزدا غۇنچەم بىلەن بىرگە قانغۇچە چانا تېيىلىپ ئوينىشاتتى ...

ۋىجدانسىز خائىن نېمە قىلارىنى بىلمەي مەردانىغا قارىدى. ئۇ خۇددى بوينىنى باغلاپ دارغا ئېسىش ئۈچۈن ئېلىپ ماڭغان كىشىدەك مەيۇس چىقىپ كەتتى.

## 2

ئىلقىدىكى كونسايىن كۈچىيىۋاتقان يانغىن گومىنداڭ ھەربىي، مەمۇرىي، ساقچى، ژاندارمىلىرىنى ئالاقزادە قىلىپ، پۇتى كۆيگەن توخۇ قىلىپ قويغانىدى. باسلىگەن داۋىنىدا گومىنداڭنىڭ 50 ئەسكىرى يوقىتىلىپ، قورال - ياراغ، ئوق - دورىلىرىنى بۇلاپ كەتتى. ئىلقا ناھىيىسى قولدىن كەتتى. سىپتاي، مازا ئۇرۇشلىرىدا بىر پولك ئەسكەر كۈچى يوقالدى. ئەڭ يامان يېرى، بارغانلا ئەسكەر خۇددى كۆمەقاپ يۇتۇۋەتكەندەك يوقاپ بىر سىمۇ تىرىك قايتمىدى. شەھەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە ھەر كۈنى تەشۋىق ۋەرەقى، «بېزىنى ئالسا تېزى» دېگەندەك ھازىر ھەممىلا يەردە غۇلغۇلا، ئوچۇقتىن - ئوچۇق قارشىلىق قىلىندۇ.

گۇ جۇجاڭ سوراقخانىدا بېشىنى ئالىقىنىغا قويۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ كېچىدىكى ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىدىن كەلگەن مەخپىي سوۋېتكىنى (مەخپىي يوللىنىدىغان سىياسىي ماتېرىيال) ئەسلىگىنىدە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قانداقتۇر بىر گىرىمسەن سىرتماق پۇلاڭلاپ تۇراتتى. ئۇ چۇچۇپ كەتتى. «ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ؟ ئىلاھىم چۈشۈم بولغاي،

ئۇخلىماي تۇرۇپمۇ چۇش كۆرىدىكەن كىشى.» ئۇ بويىنىدىكى لۆڭگىنى ئېلىپ، يۇزىدىكى سوغۇق تەرنى سۇرتتى. ئىككى چېرىك مەردانىنى ھەيدەپ سوراقخانىغا ئەكىردى. سوراقخانا قاڭسىق، سېسىق بولۇپ، مەردانىنىڭ كۆڭلى ئېلىشىپ كەتتى. يەردە تۇرلۇك جازالاش قورالىرى تۇراتتى. مەردان بۇ ئەجەل ۋاستىلىرىنى بىلمىگەچكە ئانچە ئەيمىنىپمۇ كەتمىدى.

— ھى - ھى - ھى، ياخشى بالا، ئولتۇر، ئولتۇر، — دېدى گۇ جۇجاڭ. ئۇ بۇ سۆزلەرنى ھىجىيىپ تۇرۇپ دېگەن بولسىمۇ، بىراق بۇ ھىجىيىش ئۇنىڭ قان ئىچىپ ھېلىلىدەك قورۇلۇپ كەتكەن يۇزىدىكى ئەسلىي ھالىتىنى باسالمىدى. مەردان ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— ياخشى بالا، سېنىڭ ئېتىڭ نېمە؟

— مەردان، — قىسقىلا جاۋاب بەردى ئۇ.

— نېمە؟ نېمە؟

— مەردان، — گۇ جۇجاڭ تەرجىماندىن ئۇنىڭ مەنىسىنى سورىدى. تەرجىمان نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىرئاز تۇرۇپ قالدى - دە، تەمتىرىگەنلىكىدىن:

— بۇ، بۇ، بۇ، قەھرىمان ... — دېگەن سۆزنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى.

— نېمە؟ ئاناڭنى ھايۋان، — دېدى قارىسىغا ئۆرتىلىپ كەتكەن گۇ جۇجاڭ.

— قانچە ياش؟ — سورىدى ۋاڭ دوسا ۋە ئىچىدە گۇنى «ئاناڭنى، پاقا ئالالمايدىغان جـاغـالـمـاي، ئىش بۇزار» دەپ تىللىدى.

— ئون تۆت ياش؟ — بۇ قېتىممۇ قىسقىلا جاۋاب بەردى ئۇ.

— هى - هى - هى، بىز بىلىمىز، سەن ئون تۆت ياش. سەن يەنە ياخشى بالا، داداڭ - ئاپاڭنى ياخشى كۆرىسەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق.

— ھە، ھە، ھە. سەن مىلتىق - تاپانچىلارنىمۇ ياخشى كۆرەمسەن؟ — ۋاڭ دوسا ئۈستەل ئۈستىدىكى بىر دانە يەل مىلتىقنى ئالدى، — قارا، بۇ يەردىن تۇتۇپ باسساڭ قاتلىنىدۇ. مانا بۇ ئوقنى، ئوقنى بۇ تۆشۈككە سېلىپ كۆتۈرسەڭ تۈز بولىدۇ. قاغا - قۇش-قاچىلارنى ئــاتساڭ ئورنىغىلا چۈشىدۇ، قانداق؟

مەردان سۆز قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى.

— ياخشى، ياخشى، سەن مۇشۇنداق مىلتىقنى كۆرگەنمۇ؟ ئوقۇغۇچى يالغان سۆزلىمەيدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، بىراق مەن بۇرۇن مىلتىق دېگەننى كۆرمىگەن. ئۆتكەندە چېرىكلەرنىڭ قولىدا كۆردۈم.

— ھە، ھە، ھە، مانا راستىنى دېدىڭ، سىلەرنىڭ ئۆيگە كىملەر كېلەتتى؟ ھە، ھە، ھە، بىر ۋاقىتتا شەھەردىن چىققان كىشىلەرنىڭ ئىسمى نېمىدى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، داداڭ بىلەن ئاپاڭ دېگەنتى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— بىلمەيمەن، بىزنىڭ ئۆيگە ھېچكىم كەلمىدى.

— ياق، ياق، سەن راستىنى دېمىدىڭ، داداڭ بىلەن ئاپاڭ دەپ تۇرسا، سەن نېمىشقا دېمەيسەن، سەنلا دېسەڭ ھازىرلا داداڭ، ئاپاڭ بىلەن بىرگە ئۆيگە قايتىسەن، قانداق؟ تېخى بۇ مىلتىقنىمۇ ئالىسەن، — ۋاڭ كېلىپ مەرداننىڭ مۈرىسىنى پەپىلىدى.

— بىلمەيمەن دېدىم، بىلمەيمەن، — مەردان كەسكىن



www.uyghurkitap.com

جاۋاب بەردى.

— ئۇلار ئۆيۈڭگە كەلگەندە سەن ئۆگزىگە چىقىپ كەپتەر ئۇچۇرغان، بۇغۇ راستتۇ؟ ئەگەر ئىقرار قىلمىساڭ بويىنۇڭغا قويىدىغان كىشى بار. ئۇ چاغدا سېنى ئېتىپ تاشلايمەن، قانداق؟ ئەنە قامچا، جادۇلارنى كۆردۈڭمۇ؟ — ۋاڭ شۇملۇقى يارىمىغاندىن كېيىن ئاخىر غالجىرلاشتى.

— مېنىڭ كەپتىرىم بولمىسا، يالغان دېمىدىم، — بىر چېرىك ھىمىتنى ھەيدەپ كىردى.

— بۇنى تونۇمسەن؟ — سورىدى ۋاڭ.

ۋاڭنىڭ تەلەتىدىن قورقۇپ جېنى چىققان ساتقىن:

— مەن، مەن، — دېدى. ئۇ بىرىدە مەردانغا، بىرىدە دوساغا قارايتتى.

— ئاناڭنى، ھەزىلەك، ئۇنى تونۇمسەن دەۋاتىمىز؟ — ئارىلاشتى غوجەك.

— مەن، مەن، تونۇيمەن. مەردانغۇ، راستمۇ؟

— ئاناڭنى، سەن ئۇنى تونۇمسەن، — سورىدى دوسا.

— بۇرۇن تونۇيتتىم، ھازىر تونۇمايمەن، — دېدى مەردان.

— نېمە؟ نېمە؟ — باياتىن بېرى ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ ئاچچىقىنى سېسىق سىگارتتىن ئېلىپ ئولتۇرغان گۇ جۇجاڭ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە: «ئۇر!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. يەڭلىرى تۈرۈكلۈك، «ھايت» دېسە چىشلەشكە تەييار تۇرغان ئىككى جاللات ئېتىلىپ كېلىپ مەرداننى سىم قامچا بىلەن بىرنەچچىنى ئۇردى.

— قانداق، كىچىك باتۇر، ئەگەر ياخشىلىقچە ئىقرار قىلمىساڭ، ئاشۇ قىزىل تۆمۈرنى دۈمبەڭگە باسقاندىغۇ ئىقرار

www.uyghurkitap.com

قىلارسەن؟ — گۇ تاش كۆمۈر ئوتىدا قىپقىزىل چوغدەك تۇرغان داغمالنى كۆرسەتتى. مەردان پېشانىسىدىن ئېقىپ چۈش-كەن قاننى ئالىقىنى بىلەن سۈرتتى. گۇ بولسا بۇ سۆزلەرنىڭ قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن قاراپ تۇراتتى.

— بىلمەيمەن دېدىم، بىلمەيمەن!

گۇ ئەمدى غالجىر ئىتنىڭ ئۆزى بولدى.

— ئاناڭنى! — ئۇ كېلىپ مەرداننى بىر كاچات ئۇرۇپ ئۆزى سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. جاللاتلار ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرىدەك ھەر تەرەپتىن قول سېلىپ، مەرداننى چالا ئۆلۈك قىلىپ سۆرەپ ئەكىرىپ ساماند-لىققا تاشلىدى.

گۇ جوجاڭ ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك ئىشخانىسىغا كىرىپ ساپاغا ئۆزىنى تاشلىدى.

«مۇشتۇمدەك بىر شۇمتەكنى ئىقرار قىلدۇرالمىسام» ئۇ ئەلەم بىلەن ئۆتمۈشنى ئەسلىدى. گۇ جوجاڭ ئىككى يىل مەخ-سۇس ئىشپىيونلۇق مەكتىپىدە ئوقۇدى. 20 يىلدىن بېرى ساق-چى كىيىمىنى كىيىپ، ساقچى نېنىنى يېدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ «بەرسە قولىدىن، بەرمىسە يولىدىن» دېگەندەك ئىقرار قىل-مىغانلارنى ئۇرۇش، قىيناش، كۆيدۈرۈش بىلەن مەجبۇرىي ئىق-رار قىلدۇردى. ئىقرار قىلمىغانلارنى ئۆلگەندىن كېيىن يالغان-دىن ئىقرارنامە يېزىپ جانسىز قوللىرىنى باستى. «ئەجەب ئىش، بۇ ئۈچ ياۋايى ھايۋان راستتىنلا پولات باتۇرمىدۇ، قىزىل چويۇننى كۆرۈپ تۇرۇپ ھېلىقى شۇمتەك مىتمۇ قىلاي دېمەيدۇ. خەپ توختاپتۇر، مېنىڭ قولۇمدىن جېنىڭغۇ قېچىپ قۇتۇلال-ماس». ئۇنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، بويۇن تارمۇشلىرى

تارتىشىپ كەتتى.

مەردان ئېسىگە كەلگىنىدە، ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ساق يېرى يوق، لازا قۇيغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىيتتى.

— دادا! ئاپا! ئاغرىپ كەتتى! — ئۇ ئۆزىنى باسالماي بىر پەس تېلىقىپ يىغلىدى. ئۇ ئىشىككە قارايتتى. ئىشىكتىن دادىسى بىلەن ئاپىسى كىرىپ كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ بىر پەس ئىشىككە قاراپ تەلمۈرۈپ ئولتۇردى. يىغىمۇ بەزىدە كىشى- گە مەدەت بېرىدۇ. باشقا كەلگەندە باتۇر، مەردان چوڭ ئىرادە ئىگىسى، ئۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرىپ ئەس - هوشىنى يوقات- مىدى. «يىغلىما بالام، مەن سېنى ئوغۇل دەپ تۇغقان، دۈش- مەن ئالدىدا بېشىڭنى ئەگمە» دېگەنىدى ئاپىسى. مەردان ئانىسى- نىڭ نەسىھىتىنى قۇلاقتا تۇتتى، هەممە ئازاب - ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بەردى. ئۇ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. «بۇ ۋەھشىي هايۋانلار مېنى بۇنچە- لىك ئۇرغاندا، دادام بىلەن ئاپامنى قانچىلىك ئازابلىغان- دۇ - هە؟ دادام بىلەن ئاپام بۇلارغا هەرگىزمۇ باش ئەگمەيدۇ. ئاھ، دادا، ئاپا، سىلەر ساقمۇ؟ سىلەر قەيەردە؟ دادا، ئاپا، مەن سىلەرنى قاچانمۇ كۆرەرمەن؟» بىردىنلا هېلىقى كۈنى غۇن- چەمنىڭ يول ئۈستىدە تەنها تۇرغانلىقى، چىۋىق تۇتۇپ زاراتگاھ- لىق تەرەپكە كەتكەنلىكى كۆز ئالدىغا كەلدى.

— غۇنچەم، غۇنچەم، سەن نەدە؟ نېمە بولدۇڭ؟ توختى- غىنا، بۇلار ئۆيۈڭلارغا كىم كەلگەن، شەهەردىن كىم چىققان دەپ سورىدى، ئاپامۇ شەهەردىن كىم چىقتى دەپ سورىسا بىلمەيمەن دېگىن دېگەن. راست، شەهەردىن هېلىقى كۈنى رە- خىم دادام بىلەن قەمبىرى دادام چىققان. قەمبىرى دادام ئىككى- مىزنىڭ بېشىمىزنى سىلاپ تۇرۇپ: «پولات، بىزنىڭ بۇگۈنكى

ئىشىمىز شۇ بالىلىرىمىز ئۈچۈن» دېگەنىدى. ئۇلار نېمىشقا چىققان بولغىيدى – ھە؟ ئەمدى بىلدىم، ئاپا، جېنىم ئاپا، خاتىرجەم بولغىن، مەن ھەرقانداق قىيىن – قىستاقتا چىدايمەن.»

مەردانىنىڭ كۆز ئالدىدا قەمبىرى، رەھىم، مېھرىبان ئاتا – ئانىسى ۋە غۇنچەمنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئىللىق چىرايى گەۋدىلەندى. شۇئان مەردانىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى ۋاللىدە يورۇغاندەك بولدى. بىراق، بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلەش كېرەك، بۇ مەردان ئۈچۈن ئېنىق ئەمەس ئىدى.

3

لىيۇ جۈيجاڭنىڭ ھەر كۈندىكى تاپا – تەنىسىدىن گۇ جۇ-جاڭ تويۇپ كەتكەنىدى. ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى شۇ بولدىكى، نېرۋىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەن لىيۇ جۇجاڭ گۇ جۇجاڭنى «ئاناڭ-نى ئەبلەخ» دەپ تىللىدى. لىيۇ جۇجاڭ (مۇخەممەر) ① ھامان مۇخەممەردە، پەيتى كەلسە ئۇ چۆلدە قالدىغان ئىت، بىر پارچە قانات ئۈچۈن ئالدىغا كەلگەننى چىشلەيتتى، ئاغزى بېسىلماي قاۋايتتى. گۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ مۇخەممەردىن ئۈستۈن بى-لەتتى. گۇ جۇجاڭ ئار – نومۇستىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگەن-دەك ئازابلىناتتى. ئۇ كونا پەدە بويىچە يالغاندىن ئىقرارنامە يېزىپ، پولات بىلەن گۇلنارنى قىيناپ بىھوش ھالىدىن پايدىلى-نىپ قولىنى باستۇرۇۋېلىشنى ئويلىدى. بىراق، ئۇ يالغان ئىقرارنامىگە كىملەرنىڭ ئىسمىنى يېزىشى كېرەك؟ يەنە كوچى-لارغا چاپلانغان تەشۋىق ۋەرەقىلىرى (ئۇيغۇرچە، شىبەچە، رۇس-

① مۇخەممەر — ئۇنىڭ ئەسلىي ئىسمى.

چە، خەنزۇچىمۇ بار) گە قانداق ئامال قىلىدۇ؟ گۇ جۇجاڭ بۇلارنى ئەسلىگىنىدە، ئۆزىنى تاپىنىغا تىكەن كىرگەندەك بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئىككى جاللات گۇلنارنى سۆرەشتۈرۈپ سوراقخانىغا ئەكىرىپ ئورۇندۇقنى تامغا يېقىن قويۇپ، ئۇنى تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. گۇلنارنىڭ سۇمبۇل چاچلىرى تاياق زەربىدىن بېشىدىن چىققان قانلار بىلەن كاللەكلىشىپ كەتكەنىدى. يۈزىدىمۇ قانلار قېتىشىپ قاسماق بولۇپ، بۇرۇنقى گۇلنارغا ئوخشىماي قالغانىدى. گۇ جۇجاڭ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك يېنىدىكى ۋاڭ دوساغا قارىدى. ۋاڭ دوسا «شۇ» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۆز ئىشىدىن پەخىرلەنگەن گۇ: «ئەمدىغۇ چۆچۈگەنسەن مادا ئېشەك» دەپ پىچىرلاپ گۇلنارغا قارىدى. لېكىن، ئۆزىگە «قولۇڭدىن كېلىدىغىنى شۇمۇ؟» دېگەندەك يولۋاستەك تىكىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، يۇمۇق كۆزلىرى چىمىلداپ كەتتى.

— گۇلنار خېنىم، ئويلاندىڭمۇ؟ بىز ساڭا بىر كۈن ۋاقىت بەردۇق، — گۇ سورىدى.

— مەندە ئويلانغۇدەك ھېچ نەرسە يوق، گېپىم شۇ، — گۇلنار كەسكىن جاۋاب بەردى. گۇلنارنىڭ ئولتۇرۇشىدىنلا بۇنداق كەسكىن جاۋابنىڭ چىقىشىنى بىلگەن گۇ:

— سەن كىمنىڭ قولىدا تۇرغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ — دەپ دوق قىلدى.

گۇلنار تولغىنىپ يۇرۇپ، تامغا يۆلەنگەن مۇرىسىنى راۋۇرۇس قىلىۋالدى ۋە سۆزىنىڭ كۈچلۈك چىقىشى ئۈچۈن ئېغىر تىن ئېلىپ ھاۋانى سۈمۈردى.

— بىلىمەن، ئوبدان بىلىمەن، سەنلەرنىڭ نەچچە كۈندىن

بىرنقى سوراقتا مەندەك بىر ئايالغا سالغان ۋەھشىيانە جازالاشلىرىڭدىن، ئۆزۈمنىڭ ئىنسان ئەمەس، بەلكى يىرتقۇچ ھايۋان، زەھەرلىك يىلان - چايانلار ئالدىدا تۇرغانلىقىمنى بىلىمەن.

— نېمە دەيسەن قانجۇق، سەنلەر قايسى كوچۇڭگە ئىشىنىپ شۇنچىلىك ۋالاقشىشىسەن؟

گۇ ئاچچىقىدا سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ گۈلنارنى بىر كاچات ئۇرۇپ، ئۆزىنى تۇتالماي تامغا يۆلىنىپ قالدى.

— بالاڭغا ئىچىڭ ئاغرىمىدۇ، يوق ھايۋان؟

— ئەلۋەتتە بالامغا، يولدىشىمغا، ئۆزۈمگە، ھەممە خەلققە ئىچىم ئاغرىيدۇ، بىراق سەندەك يىرتقۇچ ھايۋانلار ئالدىدا بۇنى دېيىش ئەرزىمەيدۇ.

— ماڭ، ئەكىرىش! — بۇيرۇق قىلدى گۇ ئاچچىقىدا.

بۇ چاغدا غوجەك بىلەن يەنە ئىككى جاللات مەردانىنى سۆرەپ ئەكىرگەن پېتى گۈلنارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تامغا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى.

بۇنى كۆرۈپ گۈلنارنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر قارا قول كېلىپ مۇجۇغاندەك پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كەتتى. ئۇ ئەس - ھوشىنى يوقىتاي دېگەنىدى.

— بالام، جېنىم بالام، مەردان بالام سەنمۇ؟

مەردانىنىڭ يۈزىمۇ تىلىم - تىلىم يېرىلىپ قانلار قەقەش بولۇپ قېتىپ قالغان، يۈزى ئىششىپ كۆزلىرى پۈتۈپ كەتكەن، كىيىملىرى جۇل - جۇل، قان يۇقى ئىدى. ئانا بالىسىنى بۇنداق ھالەتتە كۆرۈشنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيتتى.

— مەردان بالام، ئاھ قوزام! — ئانا بالىسىنى باغرىغا باسقۇسى كېلىپ قىمىرلاش بىلەن تەڭ يەرگە يىقىلدى.



www.uyghurkitap.com

— ئاپا، جېنىم ئاپا! — مەردانمۇ كۆزلىرىگە ئىشەن-مەيتتى، — ئاپا، جېنىم ئاپا، مېنى قويۇۋەت، قويۇۋەت دەيمەن.

— بالام، جېنىم بالام، قويۇۋەت دەيمەن ئىپلاسلار! بالام-دا نېمە گۇناھ بار! فاشىستلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار، سەنلەرنىڭ بالاڭ يوقمۇ؟ شۇنچىمۇ قىينامسەن؟

تۆت جاللات ئانا - بالىنى مۇرىسىدىن بېسىپ تۇراتتى. يەڭلىرى تەرلەپ كۆزلىرىگە قان ئۇيۇغان ئىككى جاللات جازا قورالىلىرىنى تۇتۇپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ «ھايت» لا دېسە ئېتىد-لىپ كېلىدىغاندەك تۇرۇشاتتى. سوراقخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قىزىتىلغان داغمالمۇ كەلتۈرۈلدى.

— ئېيتامسەن، ئېيتامسەن؟ — سورىدى گۇ. ئۇ ئال-دىدا ئولتۇرغان بۇ ئىككى تۇتقۇننىڭ ھالىتىنى دەڭسەپ كۆر-مەكچى بولۇپ سەپسىلىپ قارىدى.

— سەنلەرگە ئېيتىدىغان مەندە ھېچقانداق سۆز يوق، — دېدى گۈلنار.

— سەنچۇ؟ — سورىدى گۇ. گۈلنار دەرھال مەردانغا قارىدى.

— بىلمەيـمـەن، — دېدى مـەردان، ئانـدىن ئانىسىغا قارىدى.

«مەن سېنىڭ بەرگەن ئاق سۈتۈڭگە ھەرگىزمۇ ساتقىنلىق قىلمايمەن ئاپا، بېشىم كەتسىمۇ مەيلى، سەن مېنى ئوغۇل دەپ تۇغقان» پىچىرلىدى مەردان.

— بىلمەيمەن؟ دېمىگىنىڭنى بىر كۆرەي! — گۇ ئاچچىد-قىدا قارىسىغا ئۆرتىلىپ، قورۇلۇپ كەتكەن يۈزى تېخىمۇ پۈرۈ-لۈپ كەتكەنىدى. ئىككى جاللات ئالدىن گۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇ-

www.uyghurkitap.com

شى بويىچە قارا زەھەرلىك ئۆمۈچۈكتەك ئېتىلىپ كېلىپ مەردانغا قول سالدى.

— ئىپلاسلار! قولۇڭنى تارتىش، بالام نېمە قىلغان، قولۇڭنى تارتىش. بالامدا نېمە گۇناھ بار؟ مېنى قويۇۋەت فاشىستلار.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، ۋايجان، ۋايجان، — ئىككى جاللات مەرداننى ئوڭدىسىغا بېسىۋالغان، ئىككى جاللات ئۇنىڭ پۇت ۋە قول تىرناق ئاستىغا يىڭنە تىقىۋاتاتتى. جاللاتلار گۈلنارنىڭ تىرناقلىرى ئاستىغىمۇ يىڭنە تىقىشقا باشلىدى.

رەھىمسىز گۇ بىلەن ۋاڭ ساڭقارى تازدەك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشاتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ قۇلاقلىرىغا «ئاپا، بالام، جېنىم ئاپا، جېنىم بالام، فاشىستلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار» دېگەندىن باشقا سۆز ئاڭلانمايتتى. «فاشىستلار، يىرتقۇچ ھايۋانلار، ئالدىرىما، سەنلەرنىڭ ھېساب بېرىدىغان كۈنلىرىڭ ئازلا قالدى». گۈلنارنىڭ دانە — دانە دېگەن ھەربىر سۆزى بۇ ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭ قۇلىقى ئىچىدە پارتلانقۇچ بومبىدەك پارتلاپ، بويىنىغا سىرتماق سېلىنىپ قىسىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇلار گۈلنار بىلەن مەردانىنى ھەرقانچە قىيناپمۇ يەنىلا ھېچقانداق يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدى.

«سەنلەرنىڭ ھېساب بېرىدىغان كۈنۈڭ ئازلا قالدى!» گۇ جوجاڭ بۆلۈمنىڭ ئىچىدە ئۇيان — بۇيان ماڭغاچ گۈلنارنىڭ بۇ گېپىنى ئەسلىدى. «ئازلا قالدى!» ئۇ تارتمىدىن تېخى تۈنۈگۈنلا كەلگەن سوۋېتكىنى ئالدى. «ئالتە ئوغرى بىزنىڭ ئالدىنقى سەپكە بارغان ئىككى پولك ئەسكىرىي كۈچىمىزنى يوقاتتى. ئوغرىلارنىڭ سانى ئېشىپ ئىككى مىڭغا يەتتى. شۇڭا، جايلار چوڭ تۇتقۇن قىلىپ، ئوغرىلارنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلى-

شى كىرەك.» گۈ جۈجاڭغا قانداقتۇر بىر غەيرىي تىترەك ئولاشتى ـ دە، ئۇنىڭ قولىدىكى سوۋېتكا يەرگە چۈشۈپ كەتتى.
تۇيۇقسىز تېلېفون جىرىڭلىدى:
ــ ھە، مەن، ليۇ جۈجاڭ، قانداق بولدى، دوكلات قىل.
گۈ بىر پەس تېڭىرقاپ قالدى.
ــ ھە، قانداق بولدى؟ گەپ قىل دەيمەن، تىلىڭنى مۈشۈك ئۈزۈۋالدىمۇ نېمە؟
ــ ئۆلدى.
ــ نېمە؟ نېمە؟ ئاناڭنى خۇمپەر، ئۆلدى؟
ــ شۇنداق، ئۆلدى، ــ گۈ ئوچۇق تىللىيالمىدى ـ دە، «ئاناڭنى» دەپ پىچىرلىدى. ئاق ئىت، قارا ئىت بىر پەس ئوچۇق ـ تۇتۇق تالاشتى ـ دە، ئاندىن تېلېفوننى «پاققىدە» قويۇشتى.

## 4

مەردان ئاشۇ سامانلىقتا توپتوغرا ئون تۆت كۈن ياتتى. ئون بەشىنچى كۈنى قىيسىق كۆز تۈرمە باشلىقى ئەتىگەندە كىرىپ مەرداننى ھەيدەپ ئات قورۇسىغا ئەكىردى. ئات قورۇسىدا ساقچى ئىدارىسىنىڭ توققۇز ئات، بىر ئېشىكى بار بولۇپ، بۇلارغا ئىسماغول دېگەن قازاق كىشى قارايتتى.
ــ ئەگەر قاچساڭ، قاچۇرۇپ قويساڭ ھەر ئىككىڭنى ئېتىپ تاشلاپ ئۆلۈكۈڭنى ئىتقا تاشلاپ بېرىمەن، ئۇقتۇڭمۇ!؟ ــ پوپوزا قىلدى قىيسىق كۆز مەرداننى ئىسماغولغا تاپشۇرۇپ بېرىپ.
ــ شۇنداق، ــ دېدى ئىسماغول قىيسىققا قاراپ. ئۇ

مەردانغا قاراپ «زامان مۇشۇنداق بولسا، ئىت كىمنىڭ گۆشىنى يەيدۇ كۆرەرمىز» دەپ پىچىرلىدى. ئىسماغول قىرىق ياشلارغا تاقاپ قالغان كىشى بولۇپ، ئائىلىسىدە ئايالى، بالىلىرى بولۇپ، چوڭى ئون يەتتە ياشتا، كىچىكى تۆتتە ئىدى. ئۇ ماناپ ئاقىلاقچىنىڭ ئۆيىدە مالاي بولۇپ ئىشلەپ تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزەتتى. بۇنىڭدىن ئون ئۈچ يىل بۇرۇن ماناپ ئىسماغولنىڭ ئايالىغا باسقۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنغاندا ئايالى پاتىبقا ۋارقىرايدۇ. ئىسماغول يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ ئايالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ سۆرەۋاتقان ماناپنى بىر مۇشت بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىدۇ، ماناپ ئىككى ئىتتىمنى ئوغرىلارغا چىقىرىپ بەردى، دېگەن يالغان چېقىم بىلەن ۋاڭ دوسا بىلەن غوجەككە ئاستىرتتىن پۇل بېرىپ، ئىسماغول قولغا ئېلىنىدۇ. سوراقتا ھېچ نەرسىگە ئىقرار قىلمىسىمۇ، ئۈچ يېرىم يىل كېسىلىپ، زىنداندا يېتىپ، كۈندۈزى چېرىكلەر ھەيدەپ ئەمگەككە چىقىپ يۈردى، ۋاقتى ئالتە ئاي قالغاندىن كېيىن ئۇنى ئات قورۇغا ئاچىققاندى. ئىسماغول مەردانىنى ئۆز ئىنىنىڭ يانقان ئۆيىگە ئەكىردى. ئىسسىق سۇدا يۈز - كۆزلىرىدىكى قانلارنى ئاۋايلاپ يۇدى.

— خەپ، بۇ ئۆلۈكىنى ئىت يەيدىغانلار، كىچىككىنە بالىنى شۇنچىلىكمۇ ئۇرغان بارمۇ؟ ئىپلاس، يىرتقۇچ ھايۋانلار. بالام، ماڭا قارا، مۇنۇ قاتتىقلارنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتمىسەك يىرىڭداپ قالسا ئاسان ساقايمايدۇ. سەن بۇ قان ئىچەرلەرگە نېمە قىلغان بولغىيدىڭ؟

ئۇ بۇ يىلان - چايانلار ئۇۋىسىدىكى زەھەرلىك مەخلۇقلارنى قارغاپ، لەنەت ئوقۇيتتى، مەردانغا قاراپ ئىچى سىيرىلاتتى. ئۇمۇ مۇشۇ زىندانغا كەلگەندە، مۇشۇ ئازابنىڭ ھەممىسىنى تارتقانىدى. «ئون كۆلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەنغۇ، سەنلەر-

نىڭمۇ يىغلايدىغان كۆنۈك كېلەر، دەپ تىلەيتتى ئىسماغول. مەردانىنىڭ بەدەنلىرى بىر ئاز يېنىكلەشكەندەك بولدى. ئىسماغول داستىخان سېلىپ ئۆيدىن كەلگەن بوغۇرساق، ماي، قۇرتلارنى قويۇپ مەردانغا چاي بەردى.

— ئال بالاپانىم، ئال، يە، مېنىڭ ئىككىنچى ئوغلۇم سەن قۇراملىق ئىدى. بوي - تۇرقۇڭ، چىرايىڭمۇ ئوخشايدىكەن.

ئىسماغولنىڭ ئائىلىسىدىكى قەدىناس ئايالى، ئوغۇل - قىزلىرى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى. ئۇ تۇرمىگە كىرگەندىن كېيىن ئايالى بىلەن چوڭ ئوغلى يىلىغا ئىككى - ئۈچ قېتىم كېلىپ يوقلاپ تۇردى. قالغانلىرىنى كۆرمىگەنلىكىدىن بالىلىرىنى بەك سېغىنغانىدى. ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۈرىكى يىغلىماقتا ئىدى.

«ياخشى يولداش يار بولسا گۆرمۇ گۈلشەن كۆر» دېگەندەك، ئىسماغول مەردانىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر كۈلپەتنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تارتقان ئازابلىرىنى ئۇنتۇپ، مەردانىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد - ئەلەمنى تەڭ تارتماقچى بولدى.

مەردان كۆپ يورۇقنى كۆرگەندىن كېيىن، يارىسىمۇ تېزلا ياخشى بولۇشقا باشلىدى.

— بالام، — دېدى ئىسماغول مەردانىنىڭ دۈمبە، ياندپاش، پۇتلىرىدىكى تاياق ئىزلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن، — قارا، سەن ھەر كۈنى ئەتىگەنكى سۈيدۈكۈڭدىن ئازراق ئىچكىن، ئۆزۈڭنىڭ ئۆزۈڭگە ھالال.

مەردان ئاخىر ئۇ دېگەندەك قىلدى. مۇشۇ دورا بولدىمۇ، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.

ئۇ ئىسماغولغا ياردەملىشىپ ئاتلارنى سۇغىراتتى، ھەر كۈنى ئېغىللارنى تازىلىشىپ بېدە توغرىشاتتى. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ مېھرىبان دادىسى بىلەن ئاپىسى ئېسىگە كەلگەندە، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ئۈن ـ تىنسىز يىغلايتتى ـ دە، ئىسماغولغا كېلىپ ئۆزىنى تاشلايتتى.

— يىغلىما بالام، يىغلىما، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئىسماغول ئۇنى باغرىغا بېسىپ، بېشىنى سىلاپ تەسەللى بېرەتتى ـ دە، ئۆزىمۇ ئۇنىڭغا قېتىلىپ ئۆرتىنەتتى. ئېگىز تاغ چوققىلىرىغا، ئاسماندىكى ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا قاراپ مەدەت تىلەيتتى. ئادالەتسىز جاھانغا لەنەت ئوقۇيتتى.

ئۇلار ھەر كۈنى نامازدىگەر بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ بېدە توغرايتتى. ئات قورۇنىڭ ئۆگزىسى تۈرمىگە تۇتاش بولۇپ، كىشەنلەرنىڭ شاراق ـ شۇرۇق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەردانىنىڭ كۆزى تۈرمە تەرەپتە، قولى ئىشتا بولۇپ، ئىككى قېتىم قولى بېدە بىلەن جادۇغا كىرىپ كەتكەندە ئىسماغول دىققەت قىلغانلىقتىن ئامان قالغانىدى.

مەردان دادىسىنى، ئاپىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدى. كېيىنكى پاجىئەنى ئويلىغىنىدا مېھرىبان ئانىنىڭ ھالى كۆز ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ قوياتتى.

ئىسماغول بىلەن مەردان ئاتلارنى سۇغارغىلى ھەيدەپ مېڭىۋدى، ئۇلارنىڭ كەينىدىن بىر چېرىكمۇ ئەگىشىپ چىقىپ ئۇلارنى ۋارقىراپ توختاتتى. مەردان بۇ چېرىكنى تونۇۋدى ـ دە، يۈرىكى جىغىدە قىلدى. بۇ چېرىك شورۇنتاي ئىدى. شورۇنتاي ئىسماغول مىنگەن ئاتنى مىندى، ئىسماغول بىلەن مەردان بىر ئاتقا مىنگىشىپ ماڭدى. مەردان چېرىكتىن قورقۇپ پات ـ پاتلا قارايتتى.



www.uyghurkitap.com

— يارىلىرىڭ ياخشى بولدىمۇ؟ — سورىدى چىرىك.
مەردان نېمە دېيىشىنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى ـ دە، گەپ قىلمىدى.
— مە، مۇنۇ ماي بىلەن مايلىساڭ تېز ياخشى بولۇپ كېتىسەن، ھېچكىمگە كۆرسەتمە جۇمۇ. مايلاپ بولۇپلا تىقىپ قويغىن، ئۇقتۇڭمۇ؟
— ئۇقتۇم، ماقۇل.
— داداڭ بىلەن ئاپاڭنى كۆرەمسەن؟
مەردان بۇ چىرىككە جاۋاب بېرىشتىن ئەيمىنەتتى. ئىككى كۆزى لىق ياشقا تولغانىدى. مەرداننىڭ قەلبىنى چۇشەنگەن شورۇنتاي:
— يىغلىما، داداڭ بىلەن ئاپاڭ ياخشى، ئاپاڭ ساڭا: «مەن سېنى ئوغۇل دەپ تۇغقان، دۇشمەن ئالدىدا ھەرگىزمۇ يىغلىما، بېشىڭنى تىك تۇتقىن، يىرتقۇچ ھايۋان، زەھەرلىك يىلان سەن يىغلاپ يالۋۇرساڭمۇ ھامان چاقىدۇ» دېگەنغۇ، راستمۇ؟ — سورىدى ئۇ.
مەردان جاۋاب بېرىش ئورنىغا راست دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە: «بۇ چىرىك ئاپامنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى نەدىن ئاڭلىغاندۇ؟ ماڭا نېمىشقا دەيدۇ؟ ئۆزى بىر زەھەرلىك يىلان، يىرتقۇچ ھايۋان تۇرۇپ نېمىشقا ...» بۇ ئىشلار دەرھال ئۇنىڭ خىيالىدىن ئۆتتى.
— مەردان، — دېدى شورۇنتاي ئېتىنى ئۇلارغا يېقىنلىتىپ، — سەن مېنىڭ مۇنۇ كىيىمىمدىن قورق، ئۆزۈمدىن قورقما، ئۇقتۇڭمۇ. مەن بۇگۇن كۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن يېرىم كېچىگىچە ئۆگزىدە پوستتا تۇرىمەن. سىلەر ئۇخلاپ قالماڭلار، مەن كېلىپ ئۆگزىدە تۇرۇپ سىلەر ياتقان ئىشكنى

www.uyghurkitap.com

تاش بىلەن ئۇرىمەن. سىلەر قورۇغا چىققاندىن كېيىن يەنە ئىككى قېتىم تاش تاشلايمەن. ئاندىن سەن ئۆگزىگە چىقىسەن، مەن سېنى داداڭ بىلەن ئاپاڭغا ئاپىرىپ دېرىزىدىن كۆرسىتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم.

— يىغلىما، بۇنى ھېچكىم سېزىپ قالمىسۇن. بولمىسا ئىككىمىزنىڭ بېشىمىز كېتىدۇ. تۇغلۇكتىن كۆرۈشكەندە يىغلىما، ئۇنۇڭنى باشقىلار ئاڭلاپ قالمىسۇن، ئىسماغول، سەن ئىشىككە قولۇپ سېلىپ ھېچكىمگە ئېچىپ بەرمە، بۇ بالىنى ئوبدان قارا، بولامدۇ؟ مەن كەتتىم، كېيىن كۆرۈشەيلى.

— ئۇقتۇم، ئۇقتۇم، رەھمەت.

مەردان بىلەن ئىسماغول شورۇنتاينىڭ كەينىدىن خېلىغىچە قاراپ قېلىشتى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ، دادىسى بىلەن ئاپىسىغا ئازراق سېرىق ماي، قۇرت، گۆش، بوغۇرساق ئېلىۋالماقچى بولۇشتى، بۇ نەرسىلەر ئىسماغولدا ئازراق بار ئىدى. ئۇلار شورۇنتاينىڭ تاپشۇرغىنىنى ئەسلىشىپ، بۇ نەرسىلەرنى زىنداندا بىرسى كۆرۈپ قالسا يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ، ئىسماغولنىڭ پىكرى بىلەن ئىككىدىن تۆت دانە بوغۇرساقنى مەردان دادىسى بىلەن ئاپىسىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان بولدى.

ئۇلار ئاڭلىماي قالمايلى دەپ قورۇدا يۈرۈشتى. شورۇنتاي كېلىپ دېگەندەك ئاۋۋال بىر تال، كېيىن ئىككى تال تاشنى تاشلىدى.

— بارغىن بالام، بارغىن، تېز بولغىن، — ئىسماغولنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانىدى. مەردان شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقتى ـ دە، ئۆمىلىگەن پېتى شورۇنتاينىڭ كەينىدىن ئەگە-

شىپ ماڭدى.

— ئاپاڭ، — دېدى شورۇنتاي گىرىمسەن يورۇق چىقىپ تۇرغان تۈڭلۈكنى كۆرسىتىپ، — ئاستا گەپ قىل جۇمۇ، بۇ يەر سىرت.

شورۇنتاي مېڭىپ كەتتى. مەردان تۈڭلۈكتىن بېشىنى تىقىپ قارىدى، ئاپىسى پەستە ئولتۇراتتى.

— مەردان، جېنىم قوزام، مەن ئاپاڭ، كۆرۈۋاتامسەن، مەن ئاپاڭ. مېنىڭ مەردانىم.

— ئاپا، جېنىم ئاپا، مەن سېنى كۆرۈۋاتىمەن. ئاپا، مەن سېنى سېغىنىپ كەتتىم. ئاپا، قانداق قىلىمەن ئاپا؟ — مەردانىنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئىسسىق ياش دانچىلىرى قوشۇلۇپ ئېقىن ياساپ ئانىنىڭ ئالىقىنىغا چۈشۈۋاتاتتى.

— ئاھ، يالغۇزۇم، يۈرەك باغرىم، — ئانا مەردانىنىڭ يېشىنى يالايتتى، كۆكسىگە باساتتى. دەست تۇرۇپ قولىنى تۇتقۇسى، يۈزىگە سۆيگۈسى، كۆزلىرىنى قانغۇچە پۈرىغۇسى كېلەتتى. بىراق، جاللاتلار كېيىنكى ئىككى قېتىملىق سوراقتا گاڭزىغا بېسىپ ئۈنىڭ بىر پۇت، ئىككى تال قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋەتكەنىدى.

— ئاپا، مۇنۇ ئىككى تال بوغۇرساقنى ئىسماغول دادام بەردى، يەۋالغىن، — مەردان بوغۇرساقنى تاشلىدى.

— مەردان بالام، سەن بەرگەن ئاق سۈتۈمنى ئاقلىدىڭ، مەن بەرگەن سۈتۈمگە ئىككى ئالەم رازى. بىراق، بىز ساڭا بولغان قەرزىمىزنى ئادا قىلالمىدۇق، رازى بولغىن بالام، جېنىم قوزام، يالغۇزۇم. بۇ جاللاتلارنىڭ پەيلى يامان. سەن قېچىپ كەتكىن، سېنى ئاق كۆڭۈل ئانىلارغا تاپشۇردۇم، ئۇقتۇڭمۇ بالام؟ ئاق كۆڭۈل ئانىلارغا تاپشۇردۇم. مەردان بالام،

www.uyghurkitap.com

داداڭنى كۆرگىن، خۇش بولغىن قوزام.

— ئۇقتۇم ئاپا، ئۇقتۇم. مەن سىنىڭدىن رازى. جېنىم ئاپا، خەير — خوش.

— ئەنە داداڭ! — دېدى شورۇنتاي تۇڭلۇكنى كۆرسىتىپ. مەردان تۇڭلۇكتىن بېشىنى تىقىپ گىرىمسەن يورۇقلۇقتا تۇڭلۇك ئاغزىدا ئولتۇرغان دادىسىنى كۆردى.

— مەردان بالام، ئامانمۇ سەن؟ مېنىڭ يالغۇزۇم، كۆز قارىچۇقۇم، — ئاتا مەرداننىڭ ئېلىپ كېلىنگىنىنى تونۇگۇن كەچتە شورۇنتايدىن ئوقۇپ شۇنىڭدىن بېرى كۆز يېشى قۇرۇمىغانىدى، يۈرەك باغرى كۆز يېشى بىلەن بىرگە ئېقىپ بولاي دېگەنىدى.

— دادا، جېنىم دادا، مېنى كۆرۈۋاتامسەن، مەن مانا، سېنى سېغىنىپ كەتتىم، دادا!

مەردان ئۈن سېلىپ ۋارقىرىغۇسى، يىغلىغۇسى، ئاتا - ئانا، بالىنى مۇشۇ كۈنگە سالغان ئاشۇ جاللاتلارنى ئۆلتۈرگۈسى كېلەتتى.

— دادا، جېنىم دادا، يېگىن مۇنۇ بوغۇرساقنى، ئىسماغول دادام ساڭا ئەۋەتتى.

— بالام، جېنىم بالام!

— دادا، جېنىم دادا!

تەڭرىتاغ غەزەپكە كېلىپ نەرە تارتقاندەك قىلاتتى. كۆرەشچان يىللارغا ئىز بولۇپ ئاشۇ ئاقباش ئەۋلىيا چوققىسىمۇ قىپقىزىل قان بىلەن بويالغاندەك قىلاتتى.

— بالام، خەير — خوش، مەن سەندىن رازى. بىراق، مېنىڭ ئاتىلىق بۇرچۇم تېخى تۈگىمىگەنىدى، رازى بولغىن بالام. يالغۇز قوزام، سەن يالغۇز ئەمەس، ئاڭلاۋاتامسەن. بۇ

جاللاتلارنىڭ، يىلان، چايانلارنىڭ ئەجەل ھودۇقۇشىدا جان تالى-
شىشى. قىرىش، چېپىش، ئۆلتۈرۈش بىلەن خەلقنى تۈگىتەل-
مەيدۇ، خەلقنىڭ جازا ھۆكمىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالماي-
دۇ. ئوغلۇم، يالغۇز قوزام، سەن قېچىپ كەتكىن، سېنى ئاق
كۆڭۈل خەلقىمگە تاپشۇردۇم بالام، ئاڭلىدىڭمۇ؟

— ئاڭلىدىم دادا، ئاڭلىدىم، ئاپام سالام دېدى.
خەير - خوش دادا، دادا، جېنىم دادا.

ئاتا - ئانا بالا نالىسىدىن تۈن نىسپىدە كائىنات ياش تۆك-
مەكتە ئىدى. تەڭرىتېغى ياش تۆكمەكتە ئىدى، ئىلى دەرياسى
مەزلۇملارنىڭ كۆز يېشىدىن پۇتۇلگەندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى.

## 5

ليۇ جۇيجاڭ غۇلجىغا كەلگەندىن بېرى ناھەق قولغا ئېلى-
نىپ ئۆلتۈرۈلگەن جەسەت بىلەن غۇلجا شەھىرىدىكى ساقچى
ئورۇنلىرىنىڭ قۇدۇق - كارىزلىرى توشۇپ كەتكەنىدى. تۈر-
مە، زىندانلار پۈت - قوللىرىغا كىشەن - كويزا سېلىنغان
كىشىلەر بىلەن تولۇپ، ئىلقىدىكى قوزغىلاڭنىڭ كۆنسايىن ئې-
شىۋاتقان ۋەھىمىسى، خەلق قولىغا سېلىنغان كىشەن - كويزا
كۆپەيگەنسېرى ليۇ جۇيجاڭنىڭ يۈرىكىگە سېلىنغان كىشەن -
كويزىنىڭ سالمىقى ئېغىرلىشىپ، ليۇ جۇيجاڭ ئەسلىي ئىسمى
مۇخەممەرنى كۆپرەك ئاغزىغا ئالىدىغان بولدى.

ليۇ جۇيجاڭ شىڭ شىسەي بەرگەن «پەۋقۇلئاددە ھوقۇق»
بويىچە ئۈرۈمچىدىن بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشپىيون ھاشىم تو-
كۈرنى، قەشقەردىن ئاۋۇت قاپاقنى، كۇچادىن ھېزىم بايۋەچچى-
نى ئەكەلدۈردى. غۇلجىدا ئون ئۆيگە بىردىن چوڭ ئىشپىيونلۇق

تورىنى قۇرۇپ، ئۆزىنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ھەم بىر نەۋرە تۇغ- قىنىنى گاسىل پوچوقنى باشلىق قىلىپ بېكىتىلگەن بۇ ئىشپىيون ـ جاسۇسلار كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاشتۇرۇپ، نۆۋەت بىلەن باسمىغان كوچىسى، كىرمىگەن تۆشۈكى، گۇمان قىلمىغان كىشىسى قالمىدى. ھېچقانداق يىپ ئۇچى يوق، شۇڭا ئۇ ئاساسىي گۇمانى بولغان سوۋېت كونسۇلى ئەتراپىغا يۈزدىن ئوشۇق مەخپىي ئىشپىيون، ئالتە ئاتلىق ساق- چى ژاندارمىنى قويدى. كونسۇلدىن چىققان ھەر بىر ئەر ـ ئايالنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈرۈپ، ماڭسا ماڭدى، تۇرسا تۇردى، ھاجەتخانىغا كىرسە ھاجەتخانىغا كىرىپ ئىشلەتكەن قە- غەزلىرىنى يىغىپ كېلىپ لىۋ جۈيجاڭغا تاپشۇرۇشتى. قارا پىكاپ دەرۋازىدىن چىقىپ تۆت ئاتلىق ژاندارمىنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ، ئىز باستۇرۇپ توغرا كۆۋرۈك، ئۈچدەرۋازا، ئالتە شار مەھەللىسى، نوۋگورت، سۇ دەرۋازا، شەھەر ئىچى بىلەن ئايلاندۇرۇپ، ئەخمەق قىلىپ ئاتلار ھېرىپ ئۆز ئورنىغا سوكچاكلىغاندا قارا پىكاپ قويۇندەك يوقاپ كېتىپ، ھايال قىلما- مايلا يەنە كېلىپ بىر سائەتچە ئەخمەق قىلغاندىن كېيىن قويۇن- دەك يوقاپ كېتىپ، دەرۋازىدىن كىرىپ كېتەتتى. كۈندىكى قۇرۇق سۆزلەر بىلەن تولغان قەغەزلەرنى ئوقۇپ تويغان لىۋ جۈيجاڭ «ھەممىڭ دۆت، كالۋالار، پاقا ئالالمايدىغان جاغال- مايلار، ئاناڭنى، ھازىر ئېتىپ تاشلايمەن» دېگەنىدى. ھاقارەت بىلەن ھەر كۈنى كاپشىپ ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشكەن بولسا، ئىشپىيون ـ جاسۇسلارمۇ «تولا تاياق يەپ پىشىپ كەت- كەن ھۈرۈن ئېشەك» تەك پىشىپ كەتتى. لىۋ جۈيجاڭ كونا ئاغىنىلىكىنى پەش قىلىپ غۇلجا زىيالىيلىرىدىن رەخمىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ گەپ سالدۇرۇپ باقتى. «راست، ـــ دېدى

رەخىم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن كونا ئاغىنىلىككە يۆلەپ تۇرۇپ،
— سەن بىلەن مەن ياش ۋاقتىمىزدا بىرگە ئويناپ چوڭ بولغانىدۇق. ئىلىخودا تۇغۇلدۇڭ، نەچچە ئايدىن بىرى ئىلىخونىڭ نېنى، تۇزىنى يەپ، سۇيىنى ئىچتىڭ، بىراق سەن ئەسلىي زاتىڭنى ئۇنتۇپ تۇزۇڭنى يەپ تۇزلۇقۇڭغا چىچاي دېگەندەك ئىش قىلىۋاتىسەن، سۇ كېتىدۇ، تاش قالىدۇ.»
ليۇ جۇيجاڭ تارتمىدىن ئىشپىيونلارنىڭ ئىسىملىكى يېزىلغان قېلىن قارا دەپتەرنى ئالدى. ئۇ ئۇرۇمچى، ئالتاي، چۆچەكتىكى ئىشپىيونلار تىزىملىكىنى ئوقۇپ چىقىپ «زەيدىن، چۆچەكتە ئىشلەيدۇ» دېگەن قۇرلارغا كۆزى چۈشتى. ئۇ زەيدىننىڭ خاراكتېرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتى - دە، «ھىم» دەپ ئاستىغا قىزىل قەلەم ئۇردى. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ تۆتىنچى كۈنى زەيدىن توكۇر غۇلجا شەھىرىنىڭ مەدرىسە ئالدى تۇردى ھاجىنىڭ گىلەمچىلىك دۇكىنىدا پەيدا بولدى. زەيدىن ليۇ جۇيجاڭنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقتى. ئۇ ليۇ جۇيجاڭنىڭ بىرىنچى قېتىم قوبۇل قىلىشىغا دەپ چوڭ سوۋغا تەييارلىدى.
ليۇ جۇيجاڭ زەيدىننىڭ باش - ئايىغىغا بىر قۇر قاراپ چىقتى - دە، ھەرھالدا قولىدىن ئىش كېلىدۇ دەپ ئويلىدى.
— جۇيجاڭ جانابلىرى، ماڭا قانداق ۋەزىپە بار؟ — سورىدى زەيدىن.
— سىزنىڭ چۆچەكتىكى مەخپىي ئىسمىڭىز يېڭىلىشمىسام چاشقانغۇ دەيمەن؟
— شۇنداق، جۇيجاڭ جانابلىرى.
— ھا - ھا - ھا، قاراڭ بۇ ئىسىم خۇددى ئىمام ئاخۇن ئەزان ئېيتىپ قويغاندەك ئىسمى - جىسمىڭىزغا لايىق بوپتۇ. چاشقاننىڭ تەبىئىتى يىلنىڭ تۆت پەسلىگە، دۇنيانىڭ ھەممىلا

يېرىگە ماسلاشقاندەك، سىز ئاقسۇ، قەشقەر، بېشكەك، ئەنجان، سەمەرقەنت، تاشكەنت، ئالماتا، قارقۇل، ئۈرۈمچى دېگەندەك ئەڭ مۇھىمى سىز «چوشقىنىڭ ئاغزىدىن پۇتۇن كىرىپ قۇيرۇقىدىن پۇتۇن چىققان قوناق» دەك، ك گ ب، شېڭ دۇبەننىڭكىدىن پۇتۇن چىقتىڭىز. ها ـ ها ـ ها، قاراڭ سىزنىڭ چىرايىڭىزغا، ئىپتايىلى، بۇرنىڭىز، كۆز ۋە پېشانىڭىزمۇ خۇددى چاشقاننىڭ ئۆزى. بايا قارىسام بىر تىرنىقىڭىز قاپقانغا چۈشكەندەك، ها ـ ها ـ ها، ئاپتىڭىز سىزگە چاشقان گۆشىگە سېزىك بولغانمۇ، يە؟ ها ـ ها ـ ها، بىز غۇلجىلىقلارنىڭ چاقچىقىنى بىلىسىزغۇ؟ مەيلى، سىزنىڭ مەخپىي ئىسمىڭىز يەنىلا چاشقان بولسۇن، ــ ليۇ جۈيجاڭ ئۇستەل ئۈستىدىكى سىگارتنى ئېلىپ زەيدىن توكۇر بىرنى تۇتۇپ بىرسىنى ئۆزى ئالدى.

«خەپ مۇنۇ قاراقورساقنىڭ دېگەن گېپىنى» پىچىرلىدى زەيدىن سىگارتنى ياندۇرۇپ شورىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يارىشا بىر نەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، بىراق دېمەي قويدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگە سېلىشتۇرغاندا ليۇ جۈيجاڭنى قورساق باقتى، پۇلغا يارىمايدىغان مەدەك دەپ سانايتتى.

زەيدىن توكۇر ليۇ جۈيجاڭنىڭ چاقچىقىغا، بولۇپمۇ ئانىسى رەھمەتلىنى ئاغزىغا ئالغاندا ئورنىدىن مىدىرلاپ قويسىمۇ، لېكىن جۈيجاڭنىڭ ئۆزىنى چۆچەكتىن غۇلجىغا يۆتكەپ كەلگىنىگە تولىمۇ خۇشال ئىدى. «دۇنيا ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى ۋاتىدۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ بولۇپمۇ غۇلجىدىكى ئۆزگىرىشلەر، مەسىلەن، ئىلقا قوزغىلىڭى. ئەگەر ئىلقا قوزغىلىڭى غەلىبە قىلىپ قالسا، غىپپىدە قىلىپلا بىرسى يۇرتلۇقۇم، بىرسى تۇغقىنىم، بىرسى ساۋاقدىشىمنى تاپىمەن، زىيالىيلىق، شائىر ـ يازغۇچىلىق قالپىقىنى كىيىپ چىقىپ، مۆرىتى كەلسە، بىلىم-

گە ئاق داكىنى باغلاپ «سۇلتان بوۋام» دەپ يىغلاپ چىقىمەن،
ھىم، مەن بىر گىلەم سودىگىرى.»

شۇنداق قىلىپ چاشقان دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىگە ماسلاشـ
قاندەك، زەيدىن توكۇر گىلەم دۇكىنى پوكىيىگە سېپى ئۆزىدىن
ياراشتى. ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئۇ تىمىسقىلاپ يۇرگىنىدە
قارا پىكاپ قۇيۇندەك تار كوچىغا كىرىپ كەتتى. تام ياقىلاپ،
ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي چاپقان زەيدىن توكۇر تار ئىشىكـ
تىن چىققان ئالاقانجۇق تاپ باستۇرماي قوغلاپ بېرىپ بولجۇڭ
گۆشىگە ئېغىز سالدى. «ۋايجان، چىق قانجۇق». ئۇ ئارقىسىغا
قارايمەن دەپ ئىككىنچى بىر ئىشىكنىڭ سۇپىسىغا پۇتلىشىپ
سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ بۇرنى سۇۋادان تېرەككە تېگىپ تۇرۇپ
قالدى ـ دە، بۇرنىنىڭ ئۇستى يېرىلىپ كەتتى. «چىق قانجۇق»
ئۇ يەردىن تاشنى ئېلىپ قانجۇقنى ئۇرۇپ ئەنتىنى ئالماقچى
بولدىيۇ، بىراق پىكاپنىڭ توختىغىنىنى، پىكاپتىن قاراكۆك
كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ گالستۇك تاقىغان يالاڭۋاش دوغىلاق
كىشىنىڭ چۇشۇپ ئىتتىك دەرۋازا ئىچىگە كىرىپ كەتكىنىنى،
پىكاپنىڭ شۇ زامان ئالغا قاراپ كەتكىنىنى كۆردى. بەش مىنۇتـ
قا قالمايلا بېشىغا ئـاق يـاغلىق ئـارتقـان ئايال كوچىغا چىقىپ
ئۇيان ـ بۇيان قارىدى ـ دە، كىرىپ كەتتى. «ھىم» دېدى
زەيدىن توكۇر خاتا ئاياغ باسمىغانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ،
«دوختۇر ھېكىمى، ئانارخان ئاچا». ئۇ بۇرنىنى باھانە قىلىپ،
بۇ ئاقسۇلۇق تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە كىرمەكچى بولدىيۇ، بىراق
تاڭلا بەش كۈندىن كېيىنكى كىرىدىغان تۆشۈكىنى ئويلىدى ـ
دە، نىيىتىدىن ياندى. «توختا، قايسى كۈنى كەچتە كېرەمنىڭ
مەدرىسىنى ئايلىنىپ يۇرگىنى بىكار ئەمەسكەن ـ دە، قېنى
ئۆيدىن كىملەر چىقاركىن، بىر چالمىدا ھەممىسىنى ھىم.»

www.uyghurkitap.com

توكۇر يۈرىكى خۇشاللىقىدا قىنىغا پاتماي، «ھىم» دېگىنىچە توكۇر بىرنەچچە قەدەم ئارقىسىغا يېنىپ سۆگەتنىڭ دالدىسىغا ئۆتتى. ئۇ بۇ تۇغقانلىرىنىڭ بىرەرسىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن يەنە بىر نەچچە قەدەم ئارقىغا ماڭماقچى بولدى-يۇ، بىراق ئىشىك ئالدىدا ئىككى پۇتىغا بېشىنى قويۇپ خىرىس قىلىپ ماراپ ياتقان ئالاقانجۇقنى كۆرۈپ توختاپ قالدى. «خەپ مۇنۇ قانجۇقنىڭ ئەلىمىنى، خۇدايىتائالا بەش مىنۇتقا مېنى ئالا ئىت قىلغان بولسا ئىدى، قانداق ئەدىپىڭنى بېرەتتىمكىن.»

ئانارخان ئانا ئۆيگە كىرىپ سۆگەت ياقىسىدا كىمدۇر بىرىنىڭ ماراپ يۈرگىنىنى ھېكىم بىلەن كېرەمگە ئۇقتۇردى. ئۇلار دەرھال دېرىزىگە كېلىپ بۇ قارا كۆلەڭگىنى كۆردىيۇ، تونالمىدى. توكۇر سۆگەت دالدىسىدا تۇرۇپ بۇرنىغا ياغلىق قويۇپ كۆزەينەك تاقىۋالغاچقا، قىشلىقى پېشانىسىگە سوغۇق تەگمىسۇن دەپ بىر پارچە كىگىز تېڭىپ قويىغان ئىشەككىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— ئىش چاتاق، يولداش ھېكىم، ئۆزۈمنى دەرھال چەتكە ئالاي، باشقىلارنى سىز خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇڭ، — دېدى كېرەم.

— بوپتۇ، شۇنداق قىلىڭ، — ئۇلار كېتىشتى.

ئانارخان ئانىنىڭ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن توكۇر «خەپ مۇنۇ ئۆلمىگەن قېرىنىڭ قېرىشقاندەك قىلغىنىنى» دەپ غودۇڭشىغىنىچە سۆگەت ياقىلاپ ئارقىسىغا ياندى. قارا پىكاپ ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. «ئاپلا، خەپ مۇنۇ ئۆلمىگەن جادۇنىڭ ئەلىمىنى.» توكۇر بىر قولىدا ئاغزىنى، بىر قولىدا ياقىسىنى تۇتۇپ قالدى. ئانا ئالاقانجۇقنى باھانە قىلىپ يەرگە تۈكۈردى.

— زەيدىن ئەپەندى، بۇرۇن باسماقىقا چۇشۇپ بىر تىرنىقد-
ىڭىزدىن ئايرىلغان، بۇ قېتىم خۇدا ساقلاپتۇ. مۇشۇكنىڭ ئاغزى-
دا بۇرنىڭىزدىن ئايرىلغىلى قىل قاپسىز، قېنى ئېيتىڭچۇ،
يېڭى ئەھۋال بارمۇ؟ «خەير، مۇنۇ پوداقنىڭ ئۆزىچە چاقچاقچى
بولىۋالغىنىنى.» چولاق ئىچىدە بۇ يوغان قورساق باشلىقىغا
نارازى بولسىمۇ، لېكىن بىر ئۆمۈر پۇراش - يالاش بىلەن
ئۆتكەن ئادىتى بويىچە ھىجىيىپ قويىدى - دە، ئىككى كۈندىن
بېرىقى مەدرىسىدە ئاڭلىغانلىرى بىلەن كۆرگەنلىرىنى، قارا پى-
كاپنىڭ كېرەمنىڭ ئۆيىنىڭ دەرۋازىسىدا توختاپ دوختۇر ھې-
كىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكىنىنى ئېقىتماي تېمىتماي يەتكۈز-
دى.

— ھېكىم، كېرەم، — تەكرارلىدى جۇيجاڭ.

— شۇنداق، جۇيجاڭ جانابلىرى.

— ھىم، ھېكىم، كېرەم، بۇ توغرۇلۇق بىزدە ئاخبارات
بار. كېرەم بىز بىلىدىغان تەرجىمانغۇ؟

ليۇ جۇيجاڭ ئۇنىڭ ئاخباراتىغا پىسەنت قىلمىغاندەك شۇن-
داق دېدى - دە، سىگارتنى ئەگىز سۇمۇرگەن كۆتۈرەم كالىدەك
ئىككى قېتىم سۇمۇردى.

— شۇنداق، جۇيجاڭ، دەل سىز دېگەن كېرەم شۇ.
تېخى ئۇنىڭ دادىسى خائىن.

— ياخشى، ياخشى، — ليۇ جۇيجاڭ بېشىنى لىڭشىتتى.

— كېرەم، ھىم، قېنى ئەمدى سېنىڭ چوڭچىلىقىڭنى
بىر كۆرەي. دۇ [1] دېگەن ئاشۇ قېرىنىڭ ئاش بېقىنىغا بىر
مۇشت ئۇرۇپ ئۆپكىسىنى قاقمىسام. ئۇ تېخى ۋالىيمىش. قېنى
ئەمدى ئىلى چەنتولىرىنىڭ چوڭچىلىقىنى كۆرەي، ئاكاڭ قارد-

[1] دۇ — ۋالىي.

غاينىڭ كىملىكىنى تونۇۋېلىش.

ليۇ جۇيجاڭنىڭ زەيدىن توكۇر ئەكەلدۇرۇشى بىكارغا كەتمىدى. ئۇ ئاغزىدا ئۆزەڭگىدىن چۈشمىسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە رازى ئىدى. ليۇ جۇيجاڭ دەرھال بۇيرۇق قىلىپ بىرنەچچە كامېرنى بىكار قىلغۇزدى. «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقماق» بولۇپ كېرەمنى مۇشۇ كېچىدە قولغا ئېلىپ، كېرەمنىڭ ئىقرارى بويىچە بىر تور بىلەن غۇلجىدىكى بارلىق تەشكىلات ئەزالىرىنى تاڭدىن بۇرۇن قولغا ئېلىپ تازىلاپ بولماقچى بولدى.

ليۇ جۇيجاڭ سائەتكە قارىدى. قارىغاندا بىرى سائەتتى ماڭماي كەينىگە يېنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەندە توغرا كۆزرۈككە چاپلانغان تەشۋىق ۋەرەقىسىنى ئېلىپ قايتا كۆردى. «ليۇ جۇيجاڭ مۇخەممەر بىگۇناھ خەلقنىڭ قېنىنى ئىچكەن قاتىل، شۇڭا خەلق سوتى ليۇ جۇيجاڭ مۇخەممەرگە ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلىپ خەلقنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاپشۇردى.»

«ئاناڭنى، — ليۇ جۇيجاڭ قوڭغۇراق تىكەندە ئولتۇرۇپ قالغاندەك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى — سەن چەنتولارنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭنى ئىچمىسەم ئانامنى زىنا قىلغاندەك بولاي.»

ليۇ جۇيجاڭ ئىككى ماشىنىدا ساقچى ـ ژاندارمىلارنى باشلاپ كېچە سائەت 12 دە كېرەمنىڭ ئۆيىگە تۆت تەرەپتىن مۇھاسىر قىلىپ بېسىپ كىردى. كېرەم يوق، ئۆيىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ئاختۇرغان ساقچى ـ ژاندارمىلار «يوق، يوق» دېيىشىپ قايتىپ چىقتى.

ليۇ جۇيجاڭ ساقچى ـ ژاندارمىلارنىڭ «يوق، يوق» دېگىنىنى ئاڭلىغىنىدا يۈرىكىگە پىچاق ئۇرۇلغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— خەپ ھېكىمى، خەپ ھېكىمى، ھەممىنى يولغا سالغان

سەن، ـــ ليۇ جۆيجاڭ ئاچچىقىنى باسالماي ئۆزىنى ئىككى كاچات سالدى ـ دە، پوق يېگەن ئىت ئاغزىنى يالاپ تەمىنى تېتىغاندەك تىلى بىلەن ئىككى كالپۇكىنى يالاپ قويدى.

ليۇ جۆيجاڭ ئىلى ھەربىي ـ مەمۇرىي مەھكىمىدە ئېچىلغان مەخپىي يىغىنغا سەل كېچىكىپ قالدى. ھەر قېتىم ئېغىز ئىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ «مەرھەمەت» دەپ تەكلىپ قىلىدىغان دۇ ۋالىي ساپادا قالقاي يەپ قورسىقى كۆپۈپ كەتكەن كالىدەك قورسىقىنى سىلاپ پۇشۇلداپ ئولتۇراتتى. يىغىن ئەھلىنىڭ ھەممىسى ئۆتـ تۇرۇپ قويغان قىمارۋازلاردەك چىرايىدىن مۇز يېغىپ كەيپى سۇس ئولتۇرۇشاتتى. ليۇ جۆيجاڭ ئەسلىدە ئولتۇرۇپ كەلگەن دۇ ۋالىينىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىككىنچى ساپاغا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاياغ تەرەپىدىكى بۇلۇڭدا بوش تۇرغان ساپاغا بېرىپ ئولتۇردى ـ دە، «بۇ گۇيلارنىڭ بىرەرسىنىڭ دادىسى يە ئانىسى ئۆلدىمۇ، بىر ئادەم ئارپىسىنى خام ئورۇغاندەك» دەپ نارازى بولۇپ پىچىرلىدى ۋە يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ ئادىتى بويىچە «مىرت» قىلىپ مىشقىردى ـ دە، ئاندىن قاشقا بېشىدىكى تەرىنى سۈرتتى.

ـــ ۋالىي جانابلىرى، مەن كېچىكىپ قېلىپ جانابلىرىنى ساقلىتىپ قويدۇممۇ نېمە؟ ـــ ئۇ ۋالىينىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ساۋ سەنمۇجاڭغا كۇنداش خوتۇنلاردەك ئالىيىپ قارىدى. ۋالىي جاۋاب بېرىش ئورنىغا سـامـان كۆشىگەن كالىدەك پۇشۇلداپ قويدى.

ـــ راستلا مۇنۇ قېرىنىڭ بىر نېمىسى ئۆلگەن ئوخشىـ مامدۇ، ـــ پىچىرلىدى ليۇ جۆيجاڭ.

ـــ ليۇ جۆيجاڭ، جانابىي شىڭ شىسەينىڭ كەتكىنىنى ئۇققانسىز؟ ـــ ۋالىي قولىدىكى چىش كولىغۇچ بىلەن چىشىنى

كوچىلاپ تۇرۇپ بۇ سۆزنى دېدى ـ دە، بىر ھەپتىدىن بېرى ئېغىز چىشىنىڭ كامىرىدا قېلىپ سېسىپ كەتكەن گۆشنى «تۇف» دەپ تۈكۈردى.

«خەپ، مۇنۇ قېرى چوشقىنىڭ، ئېرىك سىينى تاشلاپ كەتتى، ئەمدى سەن ئىگىسىز قالغان تۇل خوتۇن، دېگەندەك قىلغان دارىتمىسىنى». لىۇ جۇيجاڭ جاۋاب بېرىش ئورنىغا ئۇقتۇم دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، ئولتۇرغانلارنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۆزىنىڭ راستتىنلا ئېرىنىڭ كۆڭلىگە ياقماي، تالاق خېتىنى ئالماي ئوتتۇرىدا ئېسىلىپ قالغان تۇل خوتۇنغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــ قېنى، ئۇنداق بولسا گا سىلىڭنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى، ــ دېدى ۋالىي بۇگۈنكى يىغىنىنىڭ مۇھىم ھەم قەتئىي مەخپىيلىكى ئۇستىدە توختالغاندىن كېيىن. گا سىلىڭ تەكەببۇرلۇق بىلەن ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارغا بىرقۇر قارىغاندىن كېيىن گېلىنى ئىككى قېتىم قىرىپ يۆتەلدى. ئۇ كونا پەدە بويىچە «دۇي» دەپ سۆزىنى باشلاپ ئالتە ئوغرىنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاش، ئاخىرىدا قارغاش بىلەن ئېچكى ئاغرىدى بولغاي، ئۆز سۆزىگە كەلدى:

ــ بىزنىڭ دۆلەت ئارمىيىمىز نىلقا، قاراسۇ، مازا، سۇپتاي ئۇرۇشلىرىدا ئۇستۇن ماھارەت بىلەن ئاجايىپ ئۇرۇش قىلىپ ئالتە ئوغرىدىن ئەكبەر، خەمىت دېگەننى يوقاتتى. جان كەتسە كــەتتــى، لېكىن ئىستىھكامــىنــى بــەرمىدى، بىراق، بىراق، ــ گا سىلىڭ لاتا چايناۋاتقاندەك «بىراق، بىراق» نى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن دېدى، ــ بىزنىڭ دۆلەت ئارمىيىمىزدىن بىر مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئاشۇ يۇقىرىقى جايلاردا باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ قۇربان بولدى ۋە يۇقى-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ـرنقى جايلار قولدىن كەتتى. بىز قۇربان بولغان جەڭچىلەرنى
ئۇنتۇمايمىز، چوڭ قايغۇ بىلەن ماتەم بىلدۈرىمىز، — گا
سىلىڭ بۇ يەرگە كەلگەندە گېلىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك
گەپ قىلالماي تۇرۇپ قالدى. ۋالىينىڭ ئوڭ تەرىپىدە پولكوۋ-
نىك پاگونى تاقىغان، يېشى 50 تىن ئاشقان بىر كوماندىر
ئۆزىنى تۇتالماي ئۆپكىدەپ يىغلىدى، ئاخىرىدا ئۇن سېلىپ
يىغلىغانلىقىدىن، ئولتۇرغانلارنىڭ قۇلىقىغا خۇددى ئېشەك
هاڭرىغاندەك بىلىندى. ئۇنىڭ يىغىسىنى ئۆلگەنلەرگە ئىچ ئاغ-
رىتىش دېگەندىن كۆرە، ئەتىكى ئۆلۈمدىن قورقۇش دېيىش
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. گا سىلىڭ سۆزىنى داۋام
قىلدى، — هازىر ئوغرىلار ئۇچ مىڭدىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە بىزنىڭ ساقچى - ژاندارما ئورۇنلىرىمىز ئەتىدىن - كەچ-
كىچە قۇرۇق پالاقلاپ يوققىمۇ كارغا كەلمەي، هېلىقى يوشۇرۇن
تەشكىلات دېگەن نېمە ناهىيىگىمۇ كېڭىيىپ، ئوغرىلار مۇشۇ
پات ئارىدا شەهەرگە بېسىپ كىرىشتە ... چوقۇم ... — گا
سىلىڭ پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتكەچ ئىستاكاندىكى سۇدىن
ئىككى يۇتۇم ئىچىپ قۇرۇپ كەتكەن گېلىنى نەملىدى - دە،
سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئوغرىلار شەهەرگە هۇجۇم قىلىدى-
كەن، بىز شەهەرنى مەقسەتلىك ئوغرىلارغا تاشلاپ بېرىپ،
ئاساسىي كۈچىمىزنى هەرەمباغ - لەنشاڭ ئايرودرومىغا يۆتكەپ،
ئۇرۇمچىدىن كېلىدىغان دۆلەت ئارمىيىسىنى كۈتۈش هەم كۈچ-
نى توپلاپ ئوغرىلارنى شەهەرنىڭ تۆت تەرىپىدىن قورشاپ تەلتۆ-
كۈس يوقىتىش، ئىككىنچى—... گا سىلىڭ بۇلۇڭدا ئولتۇرغان
لىيۇ جۇيجاڭغا ئاڭلا دېگەندەك قارىدى.
— توختاڭ، جانابىي سىلىڭ، — دېدى دۇ ۋالىي سى-
لىڭنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى توسۇپ ۋە لىيۇ جۇيجاڭغا خىرىس

www.uyghurkitap.com

قىلغانىدەك ئالىيىپ قارىدى ـ دە، ــ قېنى لىيۇ جۇيجاڭ، سىز ساقچى ـ ژاندارمىلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرماقچى؟ ئېيتايلى، شەھەر ـ ناھىيە 18 تۈرمىدىكى 4320 نەپەر جىنايەتچىنى قانداق بىر تەرەپ قىلماقچى؟ ــ دەپ سورىدى.

ــ ھەممىسىنى بىر كېچىدە ئۆلتۈرۈپ يوقىتىش، ــ دەپ جاۋاب بەردى لىيۇ.

ــ ھەببەللى، لىيۇ جۇيجاڭ، بۇ سىزنىڭ قارارىڭىز، شۇنداقمۇ؟ سىز شىڭ دۇبەننىڭ تەلىمى بويىچە ھەرگىزمۇ ئىز قالدۇرمايسىز، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. مانا، پىرقە دۆلەتكە سادىقلىقىڭىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتىڭىز، سىزنى تەبرىكلەشكە ئەرزىيدۇ، ــ ۋالىي باشمالتىلىقىنى كۆرسەتتى. لېكىن، «تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن زامان ئۆزگىرىپ قالسا قانچە يۈزلىگەن كىشىلەرنىڭ قان قەرزىگە جاۋاب قىلىدىغىنىڭنى نەدىن بىلىسەن دۆت ـ كالۋا» دېدى ئىچىدە.

ــ شۇنداق، ۋالىي جانابلىرى، بۇ شەخسەن مېنىڭ قارارىم، ــ لىيۇ جۇيجاڭ ۋالىينىڭ باشمالتىقىغا قاراپ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ «ئاكاڭ قارىغاينى تونۇپ قويۇش» دېگەندەك ئولتۇرغانلارغا قارىدى.

ــ كاتىپ، لىيۇ جۇيجاڭنىڭ پىكىر ـ قارارىنى ئەينەن خاتىرىلەپ يۇقىرىغا يوللا، ئۇقتۇڭمۇ؟ بۇيرۇق! ــ دېدى ۋالىي سۆزىگە ئۇلاپ، ــ پېقىر باشلىق گا سىلىڭ ئايروپىلان بىلەن ئائىلىسىنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە قايتىدۇ. ئوغرىلار شەھەرگە بېسىپ كىرگەندە ھەربىي ھوقۇق ۋاقىتلىق ساۋ سەنمۇجاڭنىڭ، مەمۇرىي ھوقۇق لىيۇ جۇيجاڭنىڭ قولىدا بولىدۇ. قېنى بۇلارنى تەبرىكلەيلى.

ــ جانابىي ۋالىي، ئۆلگەنلەرنىمۇ مەن دەپنە قىلىمەنمۇ؟

دېمەكچى بولغىنىمىز، بىرىنچى پاي ئوق ساۋ سەنمۇجاڭ ئىككىمىزگە، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئەلەمگە چىدىماي ئېتىلىپ كېتەي دەپ ئولتۇرغان ليۇ جۇيجاڭ.

— ليۇ جۇيجاڭ، ئۇنداق دېمەڭ، يەنە ئاغزىڭىزدىن سائەت چىقىپ كېتىپ قالمىسۇن يەنە. ئۆلگەنلەرنىڭ قېنىنى ساتسىمۇ پۇلغۇ ئاخىر، ها ـ ها ـ ها، — ئۇ كۇلكىگە يۆلىگەن بولۇپ شۇنداق دېدى ـ دە، ئىچىدە «ئۇ كۇنگە قالغاندا سەن يەرلىك ئاپشاركىنىڭ نېمە كېرىكى» دېدى.

«ئىلاھىم، ئايروپىلانغا ئوت كېتىپ مەندىن بۇرۇن ئۆلگەيسەن» ليۇ جۇيجاڭ ئىچىدە تىللىدى. ئاق ئىت، قارا ئىت بىر پەس ئوچۇق ـ ئاشكارا تالاشتى. ليۇ جۇيجاڭ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا ئۇنىڭ كالاسكىسى يېنىدا بىر جۈپ قارا ئارغىماق قېتىلغان، رەشلىيە ئىشلەنگەن ئاق خالات يېپىلغان كۆركەم كالاسكا تۇراتتى. بۇنىڭغا بىر قاراپلا ليۇ جۇيجاڭنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. «ھىم، بىر ئاشۇ دۇ دېگەن يارىماس قېرىغا زايە، يوقالسىمۇ تېزرەك يوقالسىكەن.» ئۇ ئۆز كالاسكىسىغا چۇشكەندە ئىككى مۇرىسىنى قىسىپ، دېمى سىقىلغاندەك ھېس قىلدى. ليۇ جۇيجاڭ ئاسمانغا قارىدى ـ دە، كالپۇكىنى تىلى بىلەن يالىدى. ئاسماندا «ۋاقىتلىق ۋالىي» دېگەن خەت يېزىلغان بايراقچە پۇلاڭلاپ تۇراتتى.

## 6

مەردان بۇگۇن تولىمۇ قورقۇنچلۇق چۇش كۆردى. دادىسى بىلەن ئاپىسىنى بىرنەچچە ئىت ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ زادىلا ماڭغىلى قويمىدى. ئۇلار تاش ئاتتى، تەپتى، ۋارقىرىدى، بولمى-

www.uyghurkitap.com

دى. بىر قارا ئىت ئېتىلىپ كېلىپ دادىسىنىڭ پۇتىنى چىشلىدى، ئاندىن ئاپىسىنىمۇ شۇنداق قىلدى. ۋاي پولات، ۋاي گۈلنار، دېيىشىپ ۋارقىرىشاتتى. ئىككى ئىت مەردانغا قاراپ ئېتىلدى. مەردان رەگـەتـكـە بىلـەن بىر ئىتنىڭ كۆزىگىلا ئاتتى. «قاچ بالام، قاچ». ئاتا ـ ئانا ۋارقىرايتتى، ھېلىقى ئىككى ئىت مەردانغا قاراپ يەنە ئېتىلدى. ئىككى ئىت ئانىنى سۆرەپ جۇلقىيتتى.

«ئاپا!» مەردان چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ قارا تەرگە چۈشۈپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ ھاسىرايتتى.

«نېمە بولدۇم؟ ئاپام ـ دادام نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار يەنە سوراق قىلىپ ئۇرۇپ، قىينىغاندىمۇ؟ جېنىم دادام، جېنىم ئاپام.» مەردان كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ باقتى، بىراق بۇ پاجىئە كۆزىگە يەنىلا شۇنداق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ ئىسماغول بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. بىراق، كۆز ئالدىدا يەنىلا شۇ. ئىسماغولمۇ كۈندىكىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭمۇ چۈشى بۇزۇلۇپ، بىر غالجىر ئىت قوغلاپتۇ، بىراق يېتىشەلمەپتۇ، قېچىپ بېرىپ بىر يەرگە بارسا خوتۇنى تۇرغۇدەك، ئىسماغول يىغلاپ يۈرگۈدەك.

ــ نېمە سۇندۇق، ــ دېدى ئىسماغول چۆچۈپ ئويغىنىپ. مەردان دادا ـ ئاپىسىنىڭ خىيالىدا كۈننىڭ قاياقتىن چىقىپ قاياققا پاتقانلىقىنى سەزمىدى. ئۇ دادىسى بىلەن ئاپىسىنى سېغىنغانىدى، كۆرگۈسى كېلەتتى. ئۇنى قانداقتۇر بۇ قورقۇنچ ئارا يىغا چىرمىۋالغانىدى. ئۇ دەممۇ دەم تالاغا قارايتتى.

ــ خەپ، ــ دەيتتى ئۇ تىت ـ تىت بولۇپ، ــ شورۇنتاي ئاكام نەگە كەتكەندۇ؟ ئۈچ كۈن بولدى كۆرۈنمەيدۇ. بىر ياققا كەتكەندىمۇ؟ ئۇ بولغان بولسا خەۋىرىنى ئۇقاتتىم.

غەم ـ قايغۇ، خىياللار مەرداننىڭ يۇمران يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە ئەزمەكتە ئىدى. كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قىيسىق كۆز تۇرمە باشلىقى بىلەن غوجەك ئات قورۇسىغا كىرىپ ئاتلارنى كۆرگەن بولۇپ، تىمىسقىلاپ ئۇيان ـ بۇيان قاراپ، ئوغرى مۈشۈكتەك چىقىپ كېتىشتى.

— مەردان بالام، — دېدى ئىسماغول دەرۋازىغا قۇلۇپنى سېلىپ، ياتاق ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ، — بۈگۈن ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىمىز بىر نەرسىنى تۇيۇپ تۇرىدۇ. بايىقى ئىككى بۇزۇقنىڭ كىرىشىدە چوقۇم بۈگۈن كېچە بىر ئىش بار. بىز ئىككى ئاتنى ئېگەرلەپ تەييار قىلىپ قويۇپ، باشقا ئاتلارنىڭ بېشىدىكى نوقتىلىرىنى ئېلىۋېتەيلى. ئەگەر كېچىدە دەرۋازىنى ئۇرسا، ئۇلار بىزگە تەگكۈچە بىز ئارقا ئىشىكتىن ئاتلارنى مىنىپ قاچايلى، قانداق دەيسەن؟

— ماقۇل ئىسماغول دادا، سەن نېمە دېسەڭ مەن شۇ، دادام بىلەن ئاپام «بالام، بۇ ئىپلاسلارنىڭ پەيلى يامان، قېچىپ كەت» دېگەنىدى. شۇنداق قىلايلى.

مەردان ماقۇل دېدى، بىراق مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنى ئوت ئىچىدە تاشلاپ كېتىشنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ يۈرىكى ئوتتا كۆيگەندەك پۇچۇلىناتتى. ئۇلار ئەندىشە ئىچىدە ئۇخلىيالمىدى.

— ئىسماغول دادا، ئاڭلا، نېمە ئاۋاز بۇ؟ — مەردان ياتقان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى. تۇرمە تەرەپتىن بىر تۈرلۈك غەيرىي قورقۇنچلۇق ئاۋاز كېلىۋاتاتتى. ئۇلار ئاستا ئۆگزىگە چىقتى. تۇرمە ئۈستىدە پوستمۇ كۆرۈنمەيتتى. بايىقى ئاۋاز تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى.

— خەپ، مۇنۇ جاللاتلار ئادەم ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى ئىسماغول.

www.uyghurkitap.com

— نېمە، نېمە، ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ؟ — مەردانىنىڭ بېشىنى بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك، يۈرىكىنى بىر قارا قول كېلىپ يۇلۇۋالغاندەك شۈركىنىپ كەتتى، — ئىسماغول دادا، قانداق قىلىمىز؟ بېرىپ كۆرۈپ باقايلى، — ئۇ ئۆزىنى باسالمىدى. ئۇلار ئۆگزە بېغىرلاپ ئۆمىلەپ، تۈرمە قورۇسىغا كەلدى. تۈرمە قورۇسى گىرىمسەن يورۇق بولۇپ، دەماللىققا كىشىلەرنى ئوچۇق تونۇغىلى بولمايتتى. يەردە قانغا مىلەنگەن بىر قانچە تۇتقۇن «خارت ـ خۇرت» قىلىپ جان تالىشىپ ياتاتتى. گۇ، ۋاڭ، غوجەك باشلىق بىرقانچە جاللات قىلىچ ـ چەيدولارنى تۇتۇپ ئۇيان ـ بۇيان قاترىشىپ يۈرەتتى. ئىككىدىن تۆت جاللات جادۇ تۇتۇپ تۇراتتى. مەردان قورۇغا قاراپ ئېتىلىپ سەكرىمەكچى بولغىنىدا، ئىسماغول ئۇنى مەھكەم تۇتۇۋالدى.

— قارا، دادام بىلەن ئاپام! — ئىسماغول مەردانىنى قويۇپ بەرمىدى. تۆت جاللات پولات بىلەن گۈلنارنى سۆرەشتۈرۈپ ئاچچىق قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىدى، باشقا كامېردىن چىققانلار بولۇپ ئۇندىن ئاشتى، — ئىسماغول دادا، قارا، دادام بىلەن ئاپام، مېنى قويۇۋەت، مېنىمۇ قېتىپ ئاشۇ دادام بىلەن ئاپامنىڭ باغرىدا بىرگە چاپسۇن! ئاپا، جېنىم ئاپا، دادا، جېنىم دادا! — مەردان ئۈنسىز يىغلايتتى، ئېتىلىپ چۈشۈپ ئاشۇ جاللاتلار قولىدىكى قىلىچ، چەيدو، جادۇ بىلەن ئۆزلىرىنى چاناپ توغرىغۇسى كېلەتتى.

پولات بىلەن گۈلنار ئۆلتۈرۈپ بىر ـ بىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ سۆيۈشتى ـ دە، ئاندىن ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ مۈرىسىنى تۇتۇشتى.

— گۈلنار، مەن سېنىڭدىن ئىككى دۇنيا رازى، —

دېدى پولات.

— پولات، مەنمۇ سېنىڭدىن ئىككى دۇنيا رازى، — دېدى گۈلنار.

مەردان ئاتا ـ ئانا رازىلىقىنى ئوچۇق ئاڭلىدى.

— دادا، ئاپا، مەنمۇ سىلەردىن ئىككى دۇنيا رازى.

گۇ جۇيجاڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ قولىدا تاپانچا تۇراتتى.

— پولات، گۈلنار، سىلەرگە يەنە پۇرسەت بار. ئاخىرقى بىر مىنۇت، غۇلجىدىكى تەشكىلاتنى ئىقرار قىلساڭلار هازىرلا قويۇپ بېرىمىز. بۇ سىلەرگە بېرىلگەن ئاخىرقى بىر مىنۇت. يەنە قانداق ئارمىنىڭلار بولسا هەل بولىدۇ.

گۇ ئىككى قولىنى كەينىگە قىلىپ، ئىككى قولىقىنى دىڭ تۇتتى.

— گۇ جۇيجاڭ، — دېدى پولات دەرغەزەپتىن بىگىز قولىنى ئۇنىڭ كۆزىگە نوقۇپ تۇرۇپ، — ناۋادا مەن ۋە ئايالىم سېنىڭ مۇشۇ جادۇيىڭدا توغرىلىشتىن قورقۇقان بولساق، بۇ ئىشنى قىلمىغان بولاتتۇق. خائىنلىق، ساتقىنلىق ساڭا ئوخشاش هەم ئاشۇ غوجەككە ئوخشاشلارنىڭ ئىشى. سەن مېنى، گۈلنارنى، مۇنۇ تۇرغان بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش، قىرىش بىلەن ئەتىكى ئۆلۈمىڭدىن قۇتۇلالمايسەن. تارىخنىڭ هۆكمى، ئاسمانغا چىقساڭ تاپىنىڭدىن، يەرگە كىرسەڭ كوكۇلاڭدىن تارتىپ چىقىپ خەلق بىگۇناھ ئاققان قانلار ئۈچۈن قىساس ئالىدۇ.

— گۇ، — دېدى گۈلنار، — گومىنداڭ مۇستەبىت هاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇشىغا هەم ئازادلىقنى كۆرۈشكە ئۈمىدىمىز بار ئىدى، ئامال يوق كۆرەلمىدۇق، لېكىن خەلق كۆرى-

www.uyghurkitap.com

دۇ.

ــ يوقالسۇن، گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى!

ــ ياشىسۇن ئازادلىق!

تۇتقۇنلارنىڭ جاراڭلىق ساداسى تۇن نىسپىدە، كۆك ئاسماندا، ئىلى ۋادىسىدا جاراڭلايتتى.

ــ ئاناڭنى، باس، ــ ئەلەمگە چىدىماي ۋارقىرىدى گۇ.

ئىسماغول تۇرخۇننىڭ خىشىنى قومۇرۇۋېلىپ گۈنىڭ گەجكىسىگە «قىساس» دېدى ـ دە، كېلىشتۈرۈپ ئاتتى، گۇ ئورنىغا دومىلا چۈشتى. ئىككىنچى خىشنى ئېتىۋىدى، ۋاڭنىڭ دەل قىلىچ تۇتقان قولىغا تېگىپ قىلىچ قاڭقىپ يەرگە چۈشتى. «قىساس» مەردان تۇرمە باشلىقىنىڭ يۈزىنى جىنەپ رەگەتكىنى ئېتىۋىدى، بۇ قېيىسىق كۆزنىڭ دەل ساق كۆزىگە تەگدى. ئىككىنچى قېتىم ئاتقىنى غوجەكىنىڭ دەل ئاغزىغىلا تېگىپ تىلىنىڭ ئاستىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ «ۋاي بېشىم، ۋاي كۆزۈم، ۋاي چىشىم» دەپ ئىڭىشىغان ئاۋازلىرى بىلەن تەڭ جاللاتلار قايتىدىن «ئۇر، چاپ، ئات، تۇت» دېيىشىپ جار سېلىشتى.

ــ مەردان بالام، بول، قېچىڭلار، قىساس ئېلىڭلار! ــ بۇ جاراڭلىق سادا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ساداسى ۋە نەپىسى ئىدى. ئىككى جاللات ئېتىلىپ كېلىپ قىلىچ ئۇردى.

ــ دادا! ئاپا! مېنى قويۇۋەت ئىسماغول دادا، مېنى قويۇۋەت! ــ مەردان شۇ تۇرقىدا ئۆلۈم دېگەننى بىلمەيتتى، قورقۇش دېگەننى بىلمەيتتى. ئاشۇ جاللاتلار بىلەن ئېلىشىپ، قىساس ئالغۇسى كېلەتتى. ئىسماغول ئۇنى تارتىشتۇرۇپ ئات قورۇسىغا چۈشتى. قىساس، غەزەپكە تولغان ئىسماغول «سەن ئىپلاس ئەجدىھالارنىڭ ئۆگزىسىنى ئۆزۈڭ بىلەن قوشۇپ كۆلگە

ئايلاندۇرمىسام» دەپ لامپىدىكى كىرسىننى لاپاستىكى ئون مىڭ باغ بېدىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە چېچىپ سەرەڭگىنى ياقتى. ئوت ھەش ـ پەش دېگۈچە كۆتۈرۈلۈپ، ساقچى ئىدارىسى بىنا-سىغا ياماشتى.

ئۇلار ئىككى ئاتقا مىنىپ قالغان ئاتلارنى ئارقا ئىشىكتىن ھەيدەپ چىقىرىپ يولغا چۈشتى. ئات ئۈستىدە مەردان ئاتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ يىغلايتتى. يول چېتىدىكى تېرەكلەرگە، ئاس-ماندىكى ئاي ـ يۇلتۇزلارغا قاراپ بوزلىنىپ يىغلايتتى. «ئاپا، دادا، ئاپا! دادا!» تولا يىغلاپ تېلىقىپ قالاتتى. ئاسماندىكى ئاي ـ يۇلتۇزلار، يەردىكى دەل ـ دەرەخلەرمۇ ياش تۆككەندەك قىلاتتى، ئۇۋىسىدىن چىقىپ كۆك ئاسمانغا چىقىپ سايرىماقچى بولغان بوز تورغايلار مۆلدۈرلىشىپ قاراپ تۇراتتى. ئىسماغول بىلەن مەردان ئېگىز دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىدى، مەردان ئۇۋىسى كۆيۈپ كۆتۈرۈلگەن قاغىدەك سېسىق ئىس ـ تۈتەكتىن كېيىن ئون مىڭ باغ بېدىنىڭ قىپقىزىل چوغ بولۇپ تاۋلانغان ئوت ـ يالقۇنى تۈتەك، تۇرمەك بولۇپ يەر باغرىدىن ئېتىلىپ چىققان ۋولقاندەك ئاسمان پەلەك ئۆرلەپ، دۇ، ئا، لىيۇدىن ئىبارەت ئۈچ جىنايەتچى قاتىلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىگۇناھ كى-شىلەرنىڭ ئۈچ دەريا، توققۇز غول① دا ئاققان قىپقىزىل قانلار ئۈستىدە قىساس بولۇپ، چوغ بولۇپ يېنىپ تۇراتتى.

ــ دادا! ئاپا! ئاخلاخلار، ئاق كۆڭۈل ئاتىلار، پولات ئاشۇ بىر تال كۆز قارىچۇقىنى سىلەرگە تـاپـشـۇرغـان. ئاپا! ئاخلاخلار، ئەمدى دۇنيادىكى مەزلۇم ئاق كۆڭۈل ئانىلار! توق-قۇز ئاي، توققۇز كۈن، توققۇز دەقىقە قورساق كۆتۈرۈپ، ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغقان يۈرەك پارىسىنى سىلەرگە تاپشۇر-

① تېكەس، كۈنەس، قاش دەرياسى ھەم شىمال، جەنۇب توققۇز غول.

www.uyghurkitap.com

غان.

مەردان ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە تۇرغىنى بىلەن خىيالىدا ئۆزى ئاشۇ ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتاتتى. كۆز يېشى دەريا بولۇپ ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتاتتى. قىساس ئوتى ئاشۇ، قىپقىزىل ئوتتەك ۋولقانلاپ كۆيۈۋاتاتتى. ئانا تۇپراق ئۈنىڭغا كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى.

دەرد ـ ئەلەملەر كېلىدۇ،
ئوغۇل بالىنىڭ باشىغا.
سايدا تۇگمەن چۆرگىلەيدۇ،
كۆزىدىن ئاققان ياشىغا.

شۇ كېچىسى ئىسماغول بىلەن مەردان تاغدىكى ئىسماغولنىڭ ئۆيىگە يېتىپ چىقتى. ئىسماغولنىڭ ئايالى گۆش پىشۇرۇپ بوغۇرساق سالدى. بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ تاماق يېيىشتى، ئاندىن ئوزۇق ـ تۈلۈكنى ئېلىپ ئىسماغول بىلەن مەردان قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

شىنجاڭ تارىخىدا جاللات نامىنى ئالغان تۆتىنىڭ بىرسى لىۋ جۈيجاڭ ئىدى. ئۇ ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان، ئىككىنچى ھۆكۈمنى تاپشۇرۇۋېلىپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. بۇ جاللاتلارنىڭ سېسىق نامىنى كېيىنكى بابلارغىچە قىستۇرۇپ قەلەم ـ سىياھ زايە قىلغۇچە، ئەسلىي ھۆكۈمنى مۇشۇ يەردىلا ئىجرا قىلىپ، ئىككىنچى تىلغا ئالمايلى، ئوقۇرمەنلەر مۇشۇ يەردىلا پۈخادىن چىقسۇن.

1944 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سەھەردە نىلقا پارتىزانلىرى شەھەرگە ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ

كىردى. ئىككى دانە تاپانچا، ئىككى دانە ئاپتومات تۇتقان تۆت كىشى شتابتىن چىقىپ سۆگەت ياقىلاپ كېلىپ ليۇ جۇيجاڭنىڭ دەرۋازىسىنىڭ قارشىسىدا مۆكۈپ ئولتۇرۇشتى. ليۇ بىندىنىڭ ساراي ئۆيىنىڭ چىرىغى يېقىلدى. دېمەك، ليۇ جۇيجاڭنىڭ ئۆيدە بارلىقى ئېنىق بولدى. تۆت كىشىنىڭ بىرسى ئوسمانوپ مازتاپ، ئۇ بىرىنچى ئوق ھۆكمىنى ئۇستىگە ئالدى. ئىككىنچى كىشى گو يىباۋ ئىككىنچى ئوق «قىساس» نى ئۇستىگە ئالدى. ئۇچىنچى كىشى قەمبىرى ئۇچىنچى ئوق «ئازادلىق سىگنالى» نى ئۇستىگە ئالدى. تۆتىنچى كىشى رەخىم «بىرىنچى غەلىبە» نى ئۇستىگە ئالدى. قارا پىكاپ كېلىپ دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. بورسۇقتەك ئىرغاڭلاپ چىققان ليۇ جۇيجاڭ پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بىر پۇتىنى پىكاپنىڭ ئىچىگە سېلىشىغا، بىر تال ئوق كېلىپ دەل ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگدى، «ھۆكۈم» دېدى ئوسمانوپ. ئىككىنچى ئوق دەل بېشىغا تېگىپ مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتتى، «ئەل قىساسى مىنەل ھەق» دېدى گو يىباۋ. ئۇچىنچى ئوق دەل ئۆپكىسىگە تەگدى، «ئالغا» دېدى قەمبىرى. «بىر تال ئوق زايە كەتمىسۇن» دېدى رەخىم. قارا پىكاپ ليۇنىڭ ئۆلۈكىنى سۆرەپ قېچىپ كەتتى. ئۇچىنچى كۈنى ساقچى ئىدارىسىگە ئېلىنىپ، بىر قىسىم ژاندارمىلار تىرىك قولغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ليۇ جۇيجاڭنىڭ ئۆلۈكىنى سەككىز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تىنىپ ئىككى مېتىرچە قالغان ھاجەتخانا ئىچىگە ئەكىرىپ تاشلاپتۇ. ليۇ جۇيجاڭنىڭ جەسىتى ھاجەتخانىدا يوغان قاۋاندەك لەيلەپ تۇراتتى. رەسمىيەت بويىچە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى كېلىپ كۆرۈپ قويۇپلا جەسىتىنى ئالمىدى. قانداق بولدى، تۆت تام ئۆرۈلۈپ ليۇ جۇيجاڭنىڭ جەسىتى ئاشۇ پوق - سۈيدۈك، سازاڭ قۇرت ئىچىدە قالدى. ليۇ جۇيجاڭ

(مۇخەممەر) نىڭ ئىشى ھەرھالدا ئوڭغا تارتتى، چۈنكى ئۇ
گۆر ئازابى تارتمىدى، سوئال - سوراقتىن قۇتۇلۇپ قالدى.
جەبرائىل بۇ سەككىز مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى سېسىق
چىلىققا كىرمەيدۇ - دە.

# ئىككىنچى قىسىم

# قىساس

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

# بىرىنچى باب

## 1

مەردان پارتىزان بولۇپ ھاياجانلانغىنىدىنمۇ ياكى دەرد ـ ئەلەم ئوتىدا تولا كۆيۈپ تېنى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىنمۇ ھوشىدىن كەتتى. ئۇ دوختۇرخانىدا بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆزىنى ئۇقماي ئاسما ئوكۇلدا ياتاتتى. ئىككى سېستىرا نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. يەنە ئۇنىڭغا مەخسۇس بىر نەپەر دوختۇر ئاجرىتىلغانىدى.

مەردان توختىماستىن: «دادا، ئاپا، دادا، ئاپا» دەپ جۆيلۈيتتى. ئىڭراپ، ئەندىكىپ يىغلىغاندەك قىلاتتى. «سەن نەدە غۇنچەم؟» دەپ ئۇنى ئىزدىگەندەك قىلىپ ئۆكسۈيتتى.

«پولات ئەلپاتتايوپ، گۈلنار ئەلپاتتايوپ». مەردان سەل ياخشىلانغاندىن كېيىن بۇلار ھەققىدىكى دېلو ماتېرىياللىرىنى ئالدۇرۇپ، مەخسۇس كىشى ئاجرىتىپ كۆرۈپ چىقتى. ساقچى ـ ژاندارمىلار پولاتنى ئايرىم ئالتە قېتىم، گۈلنارنى بەش قېتىم، مەرداننى تۆت قېتىم، پولات بىلەن گۈلنارنى بىرلىكتە بىر قېتىم، گۈلنار بىلەن مەرداننى بىرلىكتە بىر قېتىم سوراق قىلغىنىدا تەن جازاسى بېرىش ئوبيېكتى مەردان بولۇپ، سىم قامچا بىلەن ئۇرۇش، سول قول تىرناق ئاستىغا مىخ قېقىش، ئۇششاق قوللىرى ئوتتۇرىسىغا تۆمۈر زىخ قويۇپ قىسىش، جان يېرىگە قىل تىقىشتەك ۋەھشىيلەرچە جازا ئىشلەتكەن. ئانا بالدى-

نىڭ تارتىۋاتقان ئازابىغا چىدىيالماي: سەنلەر فاشىستلار، سەن-
لەرنىڭ بۇنداق جىنايى ھەرىكەتلىرىڭ گىتلېر فاشىستلىرىغا
ئوخشاش ئەجەل ھودۇقۇشىدىكى جىنايەت، بۇ سەنلەرنى ھالاكەت
يولىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئەمەس، بەلكى ھالاكەت يولۇڭلارنى تېز-
لىتىدۇ. يوقالسۇن گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى» دەپ
شوئار توۋلىغان، تەمتىرەپ قالغان جاللاتلار توقماق بىلەن ئانى-
نىڭ ئارقا مېڭىسىگە ئۇرغاندا ھوشسىزلىنىپ يىقىلغان.
پولات بىلەن گۈلنارنى بىرلىكتە سوراق قىلغاندىكى تەن
جازاسىدا گۈلنار ئوبيېكت قىلىنغان، ئۇنى گاڭزىغا بېسىپ ئوڭ
پۇتىنى سۇندۇرغان، مايىنى قايىنىتىپ دۈمبىسىگە چاچقاندا ھو-
شىدىن كەتكەن. پولات ئەلپاتتايوپ ئەلەمگە چىدىيالماي، بىر
پەس قاقاقلاپ كۈلگەندىن كېيىن: «بىز بۇ يولنى شىنجاڭدىكى
ئون ئۈچ مىللەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە تاللىۋالغان، مېنى،
گۈلنارنى قىيناش، ئۆلتۈرۈش قولۇڭدىن كېلىدۇ، بىراق خەلق-
نى يوقىتىش ھەرگىزمۇ قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ. شۇڭا، سەنلەر
خەلقنىڭ قانۇن تورىدىن ھەرگىزمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايسىلەر،
بىز ئۆلۈمدىن ھەرگىزمۇ قورقمايمىز. قورققان بولساق بۇ يول-
نى تاللىمىغان بولاتتۇق. يوقالسۇن گومىنداڭ مۇستەبىت ھا-
كىمىيىتى! » دەپ سوراق ئۈستىدە شوئار توۋلىغان. ئاتا ــ ئانا،
بالا ئۈچىگە 22 تۈركۈم تەن جازاسى بېرىلگەن. پولات بىلەن
گۈلنارنى جاللاتلار جادۇغا بېسىپ توغرىماقچى بولغان. بۇ ئا-
خىرقى سىناق بولۇپ، جادۇغا سېلىش ئالدىدا بۇ قەدىناس
مېھرىبان ئەر ــ ئايال بىر ــ بىرىسگە رازىلىق بېرىشكەن.
ئىسماغول بىلەن مەردان جاللاتلارنى ئۆگزىدە تۇرۇپ ئۇرۇپ ــ
يىقىتقاندىن كېيىن، جاللاتلار پايپېتەك بولۇپ ھودۇقۇپ قې-
لىپ، تۇتقۇنلارنى قىلىچ ــ چەيدۇلار بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈپ،

www.uyghurkitap.com

قۇدۇق ئىچىگە تاشلىۋەتكەن. شەھەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە «مەردان بىلەن بىر قازاق كىشى ئوتتا كۆيۈپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارالغان.

پولات بىلەن گۈلنارنىڭ جەسىتىنى يېزا خەلقى ئۆز يېزىسىغا ئاچىقىپ، يۇيۇپ ـ تاراپ دەپنە قىلغان، غۇنچەمنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى، ئاتا، ئانا، بالا ئۈچىگە ئاتاپ يەتتە نەزىر، قىرىق نەزىرلەرنى ئۆتكۈزۈپ، قەبرە بېشىغا تاختاي قادىغان.

مەردان يەنە «ئىسماغول ئاتا، كۆلەش ئاپا» دەپ جۆيلۈيتتى. ئۇلارنى ئىزدىگەندەك قولىنى سۇنۇپ كۆزىگە ياش ئالاتتى. ئىسماغول بىلەن مەردان تاغقا قېچىپ چىققان كېچىسى قىلىن قارىغايلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار گەمە ياساپ، شۇ يەرگە يوشۇرۇنۇشتى، ئىسماغولنىڭ چوڭ ئوغلى نان، قورت، گۆش ئەكىلىپ بېرىپ تۇردى. بىر كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار كېچىسى ئۆيگە كېلىپ يېتىپ قالدى. تۈن نىسپىدە ئىتلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قاۋاپ كەتتى. «قورقىنانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك، ئىسماغول بىلەن مەردان ئالمان ـ تالمان كىيىنىپ ئۆيدىن چىقىپ قاپتال بىلەن قارىغايلىققا قاراپ قېچىشتى. قاتمىغان قار تۆپۈقسىزدىن سىيرىلىپ كېتىپ ئىسماغول سايىنىڭ تاپىنىغا غۇلاپ چۈشۈپ كەتتى ـ دە، ئوڭ پۇتى سۇنۇپ كەتتى.

— ئىسماغول ئاتا، نېمە بولدى؟ ئېيتقىنا، بىر يېرىڭ ئاغرىدىمۇ؟ — مەرداننىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ھارغىن كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق ياش ئاپئاق قار ئۈستىگە تېمىپ تۇراتتى. «دادا، دادا» . ئۇ بۇ مېھرىبان يۆلەنچۈكىنىڭ ئۈستۈۋىشىدىكى قارلارنى قاقاتتى. دېمىسىمۇ ئىسماغول ئۇنىڭ بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ئىدى. چوڭىنىڭ ئىشى چوڭ ـ دە، ئۇ

پۈتىنىڭ سۆنگىنىنى دەسلىپىدە يوشۇردى.

— يىغلىما بالام، يىغلىما، مەن ھېچنېمە بولمىدىم، ھازىر يىغلايدىغان ۋاقىت ئەمەسقۇ، شۇنداقمۇ؟

بۇ مېھرىبان ئاتا مەردانىنى باغرىغا بېسىپ، ئالىقىنى بىلەن ئۇنىڭ كۆز يېشىنى سۈرتتى. «قېچىپ كېتىڭلار، تېز بولۇڭ-لار، بالام سېنى ئاق كۆڭۈل ئاتا ـ ئانىلارغا تاپشۇردۇم». پولات بىلەن گۈلنارنىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس قامىتى ئىسما-غولنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز يىللاپ ئۆمۈر كۆرگەن ياپيېشىل قارى-غايدەك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ جاراڭلىق سادالىرى شىلدىرلىغان يېشىل قارىغايلار ئاۋازلىرىغا قوشۇلۇپ جاراڭلايتتى.

— يىغلىما بالام، يىغلىما، — بىراق بۇ مېھرىبان ئاتىنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىققان ياش يامغۇر سۈيىدەك مەردان-نىڭ مويى قالمىغان قۇلاقچىسىغا سىرغىپ چۈشۈپ تۇ-راتتى، — ھەي خۇدا، سورۇقچىلىق بەرگەن كىشىگە شۇنچىلا بېرەمسەن؟ سېنىڭ ئادىللىقىڭ مۇشۇمۇ؟ — دەيتتى. ئارىدىن 25 كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندىلا ئىسماغولنىڭ چوڭ ئوغلى دۆلەت كەلدى. ئۇ بۇرۇن كەلگەنلىرىگە ئوخشىمايتتى. خېلى يىراقتىنلا:

— ئاتا، مەردان، خۇش خەۋەر، سۆيۈنچە، سۆيۈنچە، — دەپ ۋارقىرايتتى.

— ئاتا، سۆيۈنچە، سۆيۈنچە، — تەكرارلىدى مەردان.

— شۇنداق، بالام، بىر ياخشى ئىش بولۇپ خۇش خەۋەر يەتكۈزسە بىر نەرسە بېرىدۇ ئەمەسمۇ، شۇنى سۆيۈنچە دەيدۇ. بىزگە بىر ياخشىلىق بار ئوخشايدۇ، يۈگۈر، تاغاڭنىڭ ئالدىغا بارغىن، — مەردان دۆلەتكە قاراپ يۈگۈردى.

www.uyghurkitap.com

— مەردان ئىنىم، خوش خەۋەر، قارا، غۇلجا شەھىرى ئازاد بوپتۇ. يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپتۇ، ئاخشام كەرنەي دېگەن كىشى شەھەردىن چىقتى.

— دۆلەت ئاكا، دېگەنلىرىڭ راستمۇ؟

— راست ئىنىم، دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى راست، ھېلىقى گومىنداڭ دېگەنلەر ھەممىسى قېچىپ كېتىپتۇ. مەن سىلەرنى ئەكەتكىلى كەلدىم. قارا، ئىنىم، يېڭى ھۆكۈمەت باشلىقلىرىدىن تارتىپ ئەسكەرلەرگىچە، بىز ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، شىبە، موڭغۇل دېگەندەك ھەممىسى بار ئىكەن. ئىنىم مەردان، بارغاندا ئۇقىسىلەر، تېخى جىق گەپ، ياشلار قامچىلىرىنى بەللىرىگە قىستۇرۇشۇپ، قارا ھېلىقى ئاقسالاقچى، زەڭگى دېگەنلەرنىڭ ئاتلىرىنى بەرسە قولىدىن، بەرمىسە يولىدىن ئېلىپ بىر كېچىدە ئاتلىنىپ ئاشۇ ئەسكەرلىككە بېرىپ قوشۇلىمىز دېيىشىدۇ. «مانا زامان دېگەن، — دۆلەت يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئۆزى قولىغا قورال ئېلىپ شەھەر ئالغاندەك مەغرۇرلىنىپ دېدى.

— ئۇيغۇر، قازاق، شىبە، — مەردان ئۇنىڭ سۆزىنى بىر - بىرلەپ تەكرارلىدى. «يولداش پولات، بىز قورماقچى بولغان زامان كەلگۈسى مۇشۇ بالىلىرىمىز ئۈچۈن، شۇنداقمۇ؟».

مەرداننىڭ ئالدىدىكى ئاسمان پەلەك ئۆسكەن كۆپكۆك قېلىن قارىغايلىق ئۈستىدە قەددىنى كېرىپ ئىككى گەۋدە تۇراتتى. «قەمبىرى دادا، رەخىم دادا!» پىچىرلىدى ئۇ.

دېگەندەك بىر كۈن ئىچىدىلا بۇ پايانسىز كەتكەن تەڭرىتاغنىڭ ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن تارتىپ ساي - سايلىرىغىچە، چوڭ ئاۋۇللىرىدىن تارتىپ كىچىك ئوتلاقلارغىچە جاھان ئاس-

تىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، تۈنۈگۈنكىسى بۈگۈن پۈتۈنلەي يوق، ئەتىسى يەنە يېڭى ئۆزگىرىش ئىدى. ئاقىلاقچى، زەنگى، باۋ-جاڭ، سۈنجاڭ دېگەندەك يەرلىك ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار، ئىش-پىيون ـ جاسۇسلارنىڭ يۈرىكى پوكۇلداپ، خىيال سۈرۈپ، بېشى چاترىقىغا كىرىپ ساڭگىلىغانىدى. يېڭى قۇرۇلغان ھاكى-مىيەت، ئۇرۇش ئۈستىدە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغاندەك سۆزلەر: «ھەي قارا، گومىنداڭنىڭ ئاتقان ئوقى بەش قولدەك كېلىۋاتسا، باتۇرلار قولىنى شۇنداقلا پۇلاڭلاتسا ئوقلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ يانداپ ئۆتۈپ كەتكۈدەك»، «باتۇرلار بىرلا قىيقاس سالغانىكەن، گومىنداڭچىلار ئوق ئېتىشقىمۇ پېتىنالماي قېچىپ-تۇ»، «بۈگۈن سېرىك بىلەن قانات باشلىق ئالتە يىگىت ماناپ ئاقىلاقچىنىڭ ئالتە ئېتىنى مىنىپ، پارتىزان بولۇپ كې-تىپتۇ»، «بۈگۈن كېچە قاھارجان باشلىق سەككىز يىگىت قابدار باۋجاڭنىڭ ئاتلىرىنى مىنىپ كېتىپتۇ»، «ئاقىلاقچى، باۋجاڭلارنىڭ بىزگە قىلغىنى ئازمىدى، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى بىز مالچىلارنىڭ قان ـ تەرىمىزغۇ».

مەردان شەھەرگە كىرىپ پارتىزان بولۇپ، ئاتا ـ ئانا قىساسىنى ئېلىشنى ئويلىدىيۇ، «توختا، — دېدى ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ، — ئىسماغول ئاتامنىڭ پۇتى تېخى ساقايمى-دى. بۇنداق تۇرۇپ ئۇنى قانداقمۇ تاشلاپ كېتىمەن. بىر ئاز ياخشى بولسۇن، ھامان ئۈلگۈرىمەن.» ئۇ سېرىك بىلەن ئوشۇق ئوينايتتى، بەزى كۈنلىرى دۆلەت بىلەن بىرگە بېرىپ قوي باقاتتى. بۇنداق كۈنلىرى دۆلەت ئۇنىڭغا بۇغا، ئېلىك، ئېيىق، بۆرىلەرنىڭ مەرەپ، ھۇۋلاشلىرى، پۇت ـ قوللىرى مۇزلاپ كەتسە قاردا ئۇۋۇلىسا ئىسسىيدىغانلىقىغا ئوخشاش ئىشلار-نى سۆزلەپ بېرەتتى. تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ پەستە تۇرغان يېزىلار-

نى، كۈمۈشتەك ئېقىپ تۇرغان ئىلى دەرياسى بىلەن غۇلجا شەھىرىنى كۆرسىتەتتى، بەزى كۈنلىرى ئۇ ئىختىيارسىز ئېغىر تىن ئېلىپ ئۇھسىناتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە گۈپپىدە يانغان ئوتتەك تۇيۇقسىز ئاتا ـ ئانىسى كېلەتتى، غۇنچەمنى سېغىناتتى. بۇنداق كۈنلىرى ئۇ سولىشىپ قالاتتى.

«بىلەمسەن، بۇ ئاتا ـ ئانىسى بىر ەر بالا ـ قازاغا يولۇقۇپ، چۆلدە يالغۇز قالغان بالاپان، ئالدىدا يايلى يوق، ئارقىسىدا قۇيرۇقى، ئۇرۇش كېچىككىنە بېسىلسۇن» دەيتتى ئىسماغول ئايالىغا. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ كەتتى.

ــ كەل بالاپانىم، ئالدىمغا كەل، ــ دېدى بىر كۈنى ئىسماغول مەردانىنى چاقىرىپ ئالدىغا ئەكېلىپ ئول تۇرغۇزۇپ، ــ مەن سېنىڭ مەقسىتىڭنى چۈشىنىمەن. قارا، مېنىڭ پۇتۇممۇ ياخشى بولۇپ قالدى. شەھەردىكى قالايمىقان ئۇرۇشمۇ بېسىقىپ يولىغا چۈشۈپتۇ. ئېھتىمال ھېلىقى سەن دېگەن قەمبىرى، رەخىم دېگەن ئاتاڭنىڭ ئاغىنىلىرىمۇ سېنى ئىزدىشىپ يۈرگەندۇ، ئۇلارنى تاپساڭلا ئۇلار سېنى يەردە قويمايدۇ. قانداق دەيسەن، بالام؟ ــ ئىسماغول ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدى.

ــ ياق، ئىسماغول ئاتا، سىزنىڭ پۇتۇڭ تېخى ئوبدان ساقايمىدى، ــ مەردان ئۇنىڭ پۇتىنى سىلىدى.

ــ ياق، بالام، مەندىن ئەنسىرىمىگىن. پۇتۇم ياخشى بولۇپ قالدى. كۆرۈۋاتىسەن، ماڭىدىغان بولدۇم، مانا مەن سېنىڭ ئۆز ئاتاڭ، بۇ ئۆز ئاناڭ، بۇلار سېنىڭ بىر تۇغقان ئاكا، ئىنى ـ سىڭىل قېرىنداشلىرىڭ، بۇ سېنىڭ ئۆز ئۆيۈڭ، بىزنى ئۆز ئاتا ـ ئانام، قېرىندىشىم دەپ، قايسى چاغدا بولسۇن كېلىپ تۇرغىن. بىزمۇ سېنى يوقلاپ تۇرىمىز،

ئۇقتۇڭمۇ، بالام، — ئىسماغولنىڭ كۆڭلى بۇزۇلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى.

— ئاتا، مەردان كەتمىسۇن، مەردان، مەردان ئاغا كەتمىگىن، — بالىلار چۇرقىراشتى. شۇ كۈنى ئىسماغول قوي سويۇپ گۆش سالدى، ئايالى بوغۇرساق سالدى. دۆلەت مەرداننى تاغدىن چۈشۈرۈپ چوڭ يولغىچە ئاپىرىپ قويىدىغان بولدى. كۆلەش ئانا مەرداننىڭ چاپانلىرىغا يۇڭ سېلىپ قېلىن قىلىپ ياماپ، چورۇق ـ پايپاقلىرىنى قۇرۇتۇپ قويغانىدى.

— خوش بالام، ئامان بولغىن، ئانام، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىم بار دەپ ئۇتتۇر ئۆيگە كەلگىن، جۇمۇ! — كۆلەش ئانا مەرداننىڭ بېشىدىن نان ئۆرۈدى، ئاندىن پېشانىسىگە سۆيۈپ ئۆزىنى تۇتالماي كۆز يېشى قىلدى.

— ئۇقتۇم، ئانا. مەن سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن. خەير ـ خوش ئانا، — مەرداننىڭمۇ كۆز ياشلىرى قۇيۇلدى.

بىر ئۆيلۈك كىشى يىغا ـ زار ئىچىدە قۇچاقلىشىپ، ئىسماغول ئاتا خۇدا يولىدا دۇئا قىلدى. دۆلەت ئىرغايدىن ئىككى دانە چوقماق تاياق ياساپ قويغانىدى، ئىككىسى بىردىن تۇتۇشتى.

— خەير ـ خوش، يولۇڭ بولسۇن.

— خەير ـ خوش، ئامان بولۇڭلار.

ئىسماغولنىڭ كۆزىدىن ئۇرغۇپ چىققان ياش سېرىق ساقىلىنى بويلاپ يەرگە تېمىپ تۇراتتى.

— خەير بالام، ساڭا ئاق كۆڭۈل ئاتا ـ ئانىلار يار بولسۇن.

مەردان بىلەن دۆلەت تاغ بويلاپ پەسلەپ مېڭىشتى. بۇ چاغدا قۇياش تەڭرىتېغىدىن كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن ئىلى ۋادىسىغا نۇر چېچىپ، ئاپئاق قارلىق دالىلاردا ئالتۇن زەرلىرى كۆزنى

www.uyghurkitap.com

قاماشتۇرۇپ تۇراتتى.

— دۆلەت ئاغا، ئىككىمىز مەشەدە خوشلىشايلى. قارا، سەن تاغقا ئۆرلەپ ماڭىسەن، مەن يەر تۆۋىنىگە ماڭىمەن، — دېدى مەردان.

— ماقۇل، ئىنىم، كېچىدە ئۈيقۇلۇك كەلسە ئۇخلاپ قالما، كۆن سوغۇق، توڭلاپ قالىسەن، ئىت قۇشى① يولۇقسا، مانا بۇ چوقماقنى چىڭ تۇت جومۇ. يازدا سېنى يوقلاپ بارىمەن.

— ئۇقتۇم، ئاغا، ئۇقتۇم، — ئۇلار قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ھەر ئىككىسى قارىسى يىتكۈچە كەينىگە قارىشىپ مېڭىشتى.

مەردان دوختۇرخانىدا ياتقاندىن كېيىن، ئوفىتسىر - جەڭچىلەر، پولات ئەپەندى بىلەن گۈلنارنىڭ ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ يوقلىشىپ تۇرۇشتى. مەردانىنىڭ «دادا، ئاپا» دەپ جۆيلۈشىنى ئاڭلىغان ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرىنى تۇتالماي سىرتقا چىقىپ كۆز يېشى قىلىشتى. ئون تۆتىنچى كۈنى مەردانىنىڭ قىزىتمىسى چۈشۈپ كۆزىنى ئاچتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئاق خالات كىيگەن ئىككى ئەسكەر ئولتۇراتتى، مەردان ئۇلارنى تونۇيالمىدى.

— مەردان، مەن شورۇنتاي، تونۇدۇڭمۇ، شورۇنتاي. مانا بۇ ئاكام گو يىباۋ، — ئۇلار كېلىپ بىرسى مەردانىنىڭ بېشىنى، بىرسى قولىنى سىلىدى.

— شورۇنتاي ئاكا، شورۇنتاي ئاكا، مەن قەيەردە؟ دادام بىلەن ئاپام، — پىچىرلايتتى ئۇ كۆزلىرى لىق ياشقا تولغان ھالدا.

① قازاقچە «يىرتقۇچ قۇش» دېگەن مەنىدە.

— مەردان، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، بۇلار ھەر كۈنى سىز-
نىڭ قېشىڭىزدا. قاراڭ، سىز ياخشى بولۇپ بۈگۈنلا كۆزىڭىزنى
ئاچتىڭىز؟ — دېدى ھەمشىرە رىنزۋانگۈل مەردانىنىڭ كۆز يې-
شىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ھە راست، — دەپ سۆزىنى داۋام
قىلدى ھەمشىرە، — بىلەمسىز، رەخىم ئاكا بىلەن قەمبىرى
ئاكا ئىككى قېتىم كېلىپ سىزنى كۆرۈپ بىزگە ئالاھىدە تاپ-
شۇردى، ھەر كۈنى تېلېفوندا سوراپ تۇردى، مەن بايىلا مەردان
كۆزىنى ئاچتى دەپ تېلېفون قىلدىم، ئۇلار ھازىرلا كېلىدۇ.
— رەخىم دادا، قەمبىرى دادا، — ئۇ شورۇنتاي بىلەن
گو يىباۋغا قاراپ پىچىرلايتتى. ئۇ شورۇنتاينى كۆرىمەن دەپ
زادىلا ئويلىمىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكە-
نىنى، دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ پاجىئەسىنى، قاتىللارنىڭ نە-
دىلىكىنى بىلگۈسى كېلەتتى. شورۇنتاي كېيىنكى ئەھۋاللارنى
بىر - بىرلەپ دەپ بەردى.
— مەردان! — دېدى گو يىباۋ ئۇنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە
سىلاپ تۇرۇپ، — قەمبىرىلەر ئاتا - ئانا، بالا ئۇچىڭلارنىڭ
تۇرمىدىكى ھاياتىڭلارنى ماڭا تاپشۇرغانىدى. ئەپسۇسكى، تۇيۇق-
سىز ئۆزگىرىش بولۇپ، مەن بۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىيالمىدىم.
مېنى كەچۈرگىن، قاتىللار قېچىپ كېلىپ لەنشاڭ، ھەرەمباغقا
كىرىۋاپتۇ. بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئۇلاردىن ھېساب ئالىمىز.
— شۇنداق، بىر قىسىم دۈشمەنلەر لەنشاڭ، ھەرەمباغ،
ئايروپىلان ئىستانسىسىغا قېچىپ كىرىۋالغان. سەن تېززەك
ياخشى بولساڭ پارتىزان بولۇپ قورال تۇتىسەن - دە، ئۆز
قولىمىز بىلەن قىساس ئالىمىز.
— مەن پارتىزان بولۇپ قىساس ئالىمەن! قىساس ئالى -
مەن! — ئۇنىڭ كۆكرىكى قازاندەك كۆتۈرۈلەتتى. كۆزلىرى

ئوت بولۇپ يېنىپ، چىشلىرى غۇچۇرلايتتى، — خەلق سەئ-
لەردىن ھېساب ئالىدۇ. بىھۇدە ئاققان قانلار، تۆكۈلگەن ياشلار
قىساس بولۇپ يانىدۇ! — ئاتا - ئانىسىنىڭ ئېگىلمەس-
سۇنماس سىيماسى مەردانىنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى، «دادا،
ئاپا» پىچىرلىدى ئۇ.
ئىشىك يېنىك ئېچىلدى. دوختۇر ئىلھامجانوپ بىلەن ئاق
خالات كىيگەن ئۈچ كىشى كىرىپ كەلدى. ئۇلار پۈتىنىڭ ئۇچى-
دا دەسسىشىپ كارىۋات يېنىغا كەلدى. مەردانىنىڭ ئىككى كۆزى
لىق ياش، تورۇسقا قاراپ ياتاتتى. دەرد - ئەلەم، قايغۇ -
ھەسرەت، بېشىدىن ئۆتكەن ئىسسىق - سوغۇق ئۇنى ئۆز قۇرا-
مىدىن ھالقىغان ئەقىل ئىگىسىگە ئايلاندۇرغانىدى.
— گرادۇسى 37، بۈگۈن كۆزىنى ئاچتى، — دېدى
ھەمشىرە رىزۋانگۈل.
ئىلھامجانوپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتقاچ كۆزىدىكى ياشنى
سۈرتتى - دە:
— بالا تېز ئەسلىگە كەلدى، — دېدى ۋە، — قانداق
يىگىت؟ ئوغۇل بالا دېگەن يىغلىمايدۇ جۇمۇ، يىغلاپ تۇرۇپ
قانداق ئەسكەر بولىسەن، — دەپ چىقىشتى. ئۇنىڭ بىلەن
بىرگە كىرگەنلەر ھۆكۈمەت ئەزاسى، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى
رەخىم سابىر، ھۆكۈمەت ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى
قاسىم قەمبىرى، ئوسمانوپ ماناپلار ئىدى. «ھازىرقىسىنى دەي-
مۇ، بۇرۇنقىسىنى دەيمۇ» دېگەندەك، مەردانىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە
ھازىرقى ھالىتىنى كۆرگەن بۇ كىشىلەرنىڭ كۆڭلى غەش بو-
لۇپ، يۈرەكلىرى ئېزىلمەكتە ئىدى. ھەممە ئىشقا ئۆزلى-
رى جاۋابكاردەك نېمە دېيىشىنى بىلمەيتتى. مەردان بۇنىڭدىن
بەش - ئالتە ئاي بۇرۇنقى ئالۇچا شېخىدا «مايمۇن» دەك

شاختىن - شاختا ئىرغىپ يۈرگەن مەردان ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى ئىششىقلار يېنىپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، بۇرنى قىڭراقتەك بولۇپ، ئىككى مەڭزىنىڭ ئۇستىخانلىرى پولتىيىپ چىقىپ قالغان، بىر قات ئۈششۈپ كەتكەن تېرىلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرى سويۇلۇپ چۈشۈپ، ئالچاپاق بولۇپ قالغان، بۇرۇنقى گۆدەك، سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك مەردان تەمكىن، خىيالچان بولۇپ قالغانىدى.

— مەردان، قاراپ باقە بۇ كىشىلەر كىملەر؟ قارىغىنا! — رىزۋانگۈل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ سورىدى.

مەردان ئۇلارنى دوختۇرلار دەپ ئېرەن قىلمىغانىدى.

— مەردان، مەن كىم؟ قاراپ باقە، مەن دوختۇر ئەمەس، تونۇمىدىڭمۇ؟ — كۆڭلى يۇمشاق رەخىم ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا كارىۋاتقا ئېڭىشىپ مەڭزىنى مەڭزىگە يېقىپ ئۇنى باغرىغا باستى.

— مەردان بالام، مەن رەخىم داداڭ، تونۇدۇڭمۇ؟ مەن رەخىم داداڭ، — رەخىمنىڭ ياشلىرى مەرداننىڭ يۈزىگە تېمىپ چۈشتى.

— رەخىم دادا! قەمبەرى دادا! مېنىڭ دادام بىلەن ئاپام قېنى؟ — سورايتتى مەردان. رەخىم بىلەن قەمبەرى ئۇنى نۆۋەت بىلەن باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيەتتى.

— ئوغلۇم مەردان، — دېدى قەمبەرى تەسەللى بېرىپ، — سېنىڭ داداڭ بىلەن ئاپاڭ بىزنىڭ ئىنقىلابىي سەپدىشىمىز پولات بىلەن گۈلنار خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەشكە ئاتلانغانىدى. ئېسىڭدىمۇ، ھېلىقى كۈنى بىز ئىنقىلاب قىلىش ئۈستىدە ۋەدى-

لەشكەندۇق. ئەپسۇسكى ئۇلار مۇشۇ يولدا قۇربان بولدى. ئۇلار شۇنداقلا سەن بىرىنچى قېتىملىق قىيىن - قىستاق سوراقلاردا مۇتلەق ئىقرار قىلمىدىڭلار، مېنىڭ دادامنۇ تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلگەن. ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا مېنى ئاق كۆڭۈل ئاتىلارغا تاپشۇرغانىدى. بىزنىڭ ئاتا — ئانىمىز ۋەتىنىمىزدىكى ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانىلار، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، دادام بىلەن ئاپام ماڭا بۇ جاللاتلارنىڭ پەيلى يامان، قېچىپ كەت، سېنى ئاق كۆڭۈل ئاتا - ئانىلارغا تاپ - شۇردۇق، — دېگەن.

— توغرا دېدىڭ، ئوغلۇم، سەن ئەمدى داداڭ بىلەن ئاپاڭنىڭ ۋەسىيىتىنى مەڭگۈ ئەسلەپ، ئۇلار ئەمەلگە ئاشۇرماق-چى بولغان خەلقىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز، ئاققان قانلار ئۈچۈن دۈشمەندىن قىساس ئېلىشىمىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟

مەردان بېشىنى لىڭشىتتى.

— كوماندىر ئاكا! مەن پىدائىي بولىمەن، ئاڭلاۋاتام-سىز، مەن پىدائىي بولىمەن، — مەردان كوماندىر ئوسمانوپ-نىڭ قولىنى تۇتۇپ يىلىندى. ئوسمانوپنىڭ كۆڭلىدىكى غەش-لىك يېشىلىپ كۈلۈمسىرىدى.

— ماقۇل، يولداش مەردان ئەلپاتتايوپ، سەن ھازىردىن باشلاپ پىدائىي بولۇپ، ئىنقىلابىي سەپكە قوبۇل قىلىندىڭ، مەن ئۆتكەندە دېگەندىمغۇ.

شۇنداق قىلىپ مەردان پىدائىي بولۇپ سەپكە كىردى. ئۇنى بىرىنچى بولۇپ رەخىم، قەمبىرلەر قولىنى قىسىپ تۆرۈپ تەبرىكلەشتى. مەرداننىڭ يۈزىگە ئىللىق كۈلكە يامرىدى.

## 2

مەردان ئەلپاتتايوپ يىگىرمە بەش كۈن دېگەندە دوختۇرخا-نىدىن ساقىيىپ چىقتى. ئۇ پىدائىيلار گازارمىسىغا كەلگەندە ئۇنى بىرىنچى بولۇپ توختىيوپ ئوشەم كۈتۈۋالدى. ئۇ مەردانىنى باغرىغا بېسىپ پېشانىسىگە سۆيدى - دە، ئاندىن قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بېشىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە قارىدى.

— ئوغلۇم، قارا، كۆزۈمگە چوپچوڭلا ئەر بولۇپ قالغان-دەك كۆرۈنىسەن. مانا، ئەسكەر دېگەن بىر ئائىلىنىڭ كىشى-لىرى، — ئۇ ئەتراپىدا تۇرغان پىدائىي جەڭچىلەرنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى. جەڭچىلەرنىڭ يېشى، بوي - تۇرقى ئوخ-شاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممىسىلا يېزا بالىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىگەن - ئىچكەندەك چىرايىدىن مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. مەردان جەڭچىلەر بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن جەڭچىلەر كىيىمىنى كىيىپ، بېلىنى رىمىن بىلەن باغلاپ، رەسمىي پىدائىي بولدى - دە، جەڭچىلەر بىلەن كونا تونۇشلاردەك ئارىلىشىپ كەتتى.

— مەردان ئەلپاتتايوپ، — دېدى كوماندىر ئوسمانوپ ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىۋېلىپ، — سەن پىدائىي جەڭچى بولدۇڭ، ئەسكەرنىڭ ۋەزىپىسى تۇرلۇك قورال - يارىغىنى پۇختا بىلىش، تەرتىپ - ئىنتىزام، قائىدىنى ئۆگىنىپ ئۇنىڭغا بويسۇنۇش، ئۇرۇش ۋاقتىدا باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننى يوقىتىش. ئېيتقىنا، بىزنىڭ ئاساسلىق دۈشمىنىمىز كىم؟ سەن قايسى دۈشمەننى يوقىتىسەن؟

مەردان دەررۇ بىرنەرسە دېيەلمىدى. ئۇ يېنىدا تۇرغان جەڭچىلەرگە قارىدى. جەڭچىلەرنىڭ بەزىلىرى: «گومىنداڭ»

دەپ پىچىرلايتتى، بەزىلىرى پىخىلداپ كۈلەتتى. مەردان ئۇلار-
نىڭ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلىيالمىدى، ھودۇققىنىدىن پىشانىسى-
دىن بۇژژىدە تەر چىقىپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئېسىگە بىر نەرسە
كەلگەندەك بولدى:

— كوماندىر ئاكا! بىر كۈنى كىچىسى دادام دەپ بەردى،
ئاپام يازدى. دادامنىڭ دېگىنى «بىزنىڭ دۈشمىنىمىز گومىنداڭ
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتى ۋە ھەرقايسى مىللەت ئىچىدىن چىققان
ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار. شۇڭا، ئۇلار ئۆز مىللىتىگە ۋەكىللىك
قىلالمايدۇ» دېگەن، راستمۇ؟ — دېدى. مەردان بۇ سۆزلەرنى
يادلىۋالغان دەرسلەرنى سۆزلىگەندەك دېدى.

— توپتوغرا. داداڭ بىلەن ئاپاڭ توغرىسىنى دېگەن.
قارا، ئاۋۇ ئولتۇرغان قازاق، ئۇنىڭ دادىسىنى بىر قازاق ئەمەل-
دار تۇتۇپ بېرىپ گومىنداڭچىلار تۈرمىدە ئۆلتۈرۈۋەتكەن، مانا
بۇنىڭ دادىسى خەنزۇ، ئانىسى رۇس، ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋالودى.
بۇنىڭ دادىسىنىمۇ گومىنداڭچىلار تۈرمىدە ئۆلتۈرگەن. ئېھتىماي-
لى، سېنىڭ داداڭ بىلەن ئاپاڭنى تۇتۇپ بەرگەنلەر ئەھەت
باۋجاڭ بىلەن ھېمىت، قاتىللار ھېلىقى گۇ دېگەن بىلەن غوجەك
شوڭگەن، شۇنداقمۇ؟

— شۇ، شۇ، دەل شۇلار، مەن ئۇلاردىن قىساس
ئالىمەن.

— بىز ئۇلاردىن قىساس ئالىمەن.

— توغرا دەيسەن، بىز ئۇلاردىن قىساس ئالىمىز. ئۇ-
رۇشتا ئەسكەر دوست كىم، دۈشمەن كىم، ئېنىق بىلمىسە
بولمايدۇ. دېمەك، بىزنىڭ يوقىتىدىغان دۈشمىنىمىز گومىنداڭ
مۇستەبىت ھاكىمىيىتى بىلەن ھەرمىللەت خەلقى ئىچىدىن چىق-
قان ئەكسىيەتچىلەر، خۇددى داداڭ دېگەندەك، شۇنداقمۇ يول-

داشلار.

— شۇنداق، يولداش كوماندىر، — جەڭچىلەر بىر ئېغىزدىن جاۋاب بېرىشتى. ئوسمانوپنىڭ كۆز ئالدىدا پولات بىلەن گۈلنارنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندى.

ئوسمانوپ ماناپ 1911 - يىلى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ نوغايتو يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ 1934 - يىلى ئۇيغۇر ئۇيۇشما قارىمىقىدا ئېچىلغان بىرىنچى تۇركۇم ئوقۇتقۇچىلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا پولات، گۈلنار بىلەن بىرگە ئوقۇپ، ئاندىن غۇلجا شەھىرىدىكى بىر مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ 1944 - يىلى 6 - ئايدا قەمبىرىلەرنىڭ سېپىگە قوشۇلغان. لىۇ جۇيجاڭغا بېرىلگەن خەلق ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا «بىر تال ئوق» ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئېلىپ ۋەزىپىنى دەل ئىجرا قىلغان. گومىنداڭ ھەربىي شتابى بىلەن باش ساقچىنى ئېلىشتا ئۇنىڭ باتالىيونى باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىپ بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىرگەن.

مەردان شۇ كۈندىن باشلاپ جەڭچىلەر تۇرمۇشىغا كىرىشىپ كەتتى. ئەتىگەن تۇرۇپ جەڭچىلەر بىلەن بىرگە يۈگۈرىدۇ، گىمناستىكا، تورنىك ئوينايدۇ. گازارمىلارنى تازىلاپ، ئۆزىدىن چوڭلارنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. باشقىلارنىڭ قوراللىرىنى تازىلىغاچ، زاپچاسلىرىنى سوراپ يۈرۈپ قۇراشتۇرۇپ بېرىدۇ. مەردانغا ھەربىي مەشىق ئۆگىتىشنى شىبە ئىسكادىرون ئىزۋوت كوماندىرى شورۇنتاي ئۇستىگە ئالدى.

— مەردان! — دېدى شورۇنتاي ھەربىي تۈزۈملەرنى بىر قۇر چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، — ئۇرۇش قىلىش ئويۇن ئەمەس، جان بىلەن ئوينىشىدىغان ئىش، بۇنىڭ ئۈچۈن بولۇپمۇ ئۇرۇش ئۈستىدە ھوشيار، تېتىك، روھلۇق بولۇپ پۈتۈن

ئوي ـ خىيالىڭ ئالدىڭدىكى دۈشمەن بىلەن ئۆزۈڭدە بولۇشى كېرەك. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سەن دۈشمەننى، دۈشمەن سېنى يوقىتىش كويىدا بولىدۇ. ئەگەر خىيالىڭ باشقا ياققا بۆلۈنۈپ كەتسە، ئۆزۈڭنى ۋە دۈشمەننى ئۇنتۇيسەن ـ دە، بىر تال ئوق بىلەنلا دۈشمەن سېنى يوقىتىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، شورۇنتاي ئاكا، ئۇقتۇم.

— ئۇققان بولساڭ، سەن بىر جەڭچى، ئىش ئۈستىدە ئاكا، دادا دېگەن سۆزلەر بولمايدۇ. يولداش كوماندىر، «يولداش» دېگەن سۆز قوللىنىلىدۇ. ئىككىنچى، ئەسكەر قورالنى ئىشلىتىشى، توغرا تەگكۈزۈشنى بىلىشى كېرەك. شۇڭا، ئۆگىنىش بىلەن چېنىقىشنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. قارىغا ئالغاندا كۆزگە تايىنىسەن، پىلىموت ئېتىش ئۈچۈن تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئاتىسەن. دۈشمەن پوتىيىنى پارتلىتىش ئۈچۈن ئۆمىلەپ ماڭىسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىككى تىز، ئىككى جەينەك، كۆز، قوللىرىڭ چېنىقىشى كېرەك. ئۇرۇشتا «بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن سۆز بار. سەن «سادىر ئاتىدۇ باشقا، چېرىك ئاتىدۇ تاشقا» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، شورۇنتاي ئاكا! ياق، يولداش ئىززۋوت كوماندىرى، بىزنىڭ ئوقۇش كىتابىمىزمۇ بار، داداممۇ ناخشا قىلىپ ئېيتاتتى.

— ھە، توغرا دېدىڭ. مەن تۇرمىدە كىشىلەرنىڭ ئېيتقانلىقىنى ئاڭلىغان. سادىر مالخىيىنى مۇنۇ تاشقا كىيگۈزۈپ قويۇپ، ئۆزى ئاۋۇ يەردە تۇرۇپ دۈشمەننىڭ بېشىغا ئاتقان، دۈشمەنلەر بۇ تاشقا ئاتقان، دۈشمەنگە قاراپ يۈرگەندە ھەرگىزمۇ تۈز يۈگۈرمەيسەن، يىلان قانداق ماڭىدۇ بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، ئەگرى ـ بۈگرى تولغىنىپ ماڭىدۇ.

— هە، سەنمۇ شۇنداق يۇگۇرىسەن، دۇشمەن قارىغا ئالال-
مايدۇ. بۇلارنى ماھارەت دەيمىز، ئۇقتۇڭمۇ؟

— ئۇقتۇم، يولداش كوماندىر! يولداش كوماندىر، مىل-
تىق تېپەمدۇ؟ قۇلاق پاك بولۇپ قالامدۇ؟

— توغرا دەيسەن، مەنمۇ مىلتىق ئېتىشتىن بۇرۇن باش-
قىلاردىن شۇنداق ئاڭلىغان. ئوق تۆت پۇت ئېغىرلىقتىكى سال-
ماق بىلەن ئېتىلىپ چىقىدۇ، مىلتىق ئازراق ئارقىسىغا ياند-
دۇ. «شۇڭا، مۇرىگە چىڭ يۆلەيسەن. ئەگەر پاك بولۇپ قالسا
ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىلا پاك بولۇپ قالامدۇ.

مەردان ئۇنىڭ سۆزىگە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.
شورۇنتاي مەشىق ئۈستىدە ھەرگىزمۇ قاپىقىنى ئاچمايتتى. ئۇ
ھەر قېتىم قوراللارنىڭ تۈرلىرى، پارچىلاش، قۇراشتۇرۇش،
ئوت كۈچى، ھەربىي ماھارەتنى ئۆگەتكەندە، ئالدى بىلەن
نەزەرىيە جەھەتتىن چۈشەندۈرۈپ، ئاندىن ئەمەلىيىتىدە كۆرسى-
تىپ بېرەتتى. قاتتىق تەلەپ قويۇپ سىناپ كۆرەتتى.

مەردان ئون نەچچە كۈن مىلتىق، ئاپتومات، تاپانچىلارنى
پارچىلاش، قۇراشتۇرۇش، قارىغا ئېلىشنى ئۆگەندى. شورۇن-
تاي كۆرسىتىپ بەرگىنىدەك سول قولىنى تۈز سوزۇپ بىرىنچى
قېتىم بىر دانە خىشنى پارە - پارە كۆپەيتىپ ئون دانە خىشنى
كۆتۈرۈپ بەش مىنۇتتىن ئون مىنۇتقىچە تۇردى. پۇت - قول-
نىڭ ياردىمى بىلەن قورسىقىنى كۆتۈرۈپ بەدىنىنى چېنىقتۇر-
دى. ھەر كۈنى چېكىسىنى ئۇۋۇلاپ كۆزىنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى-
نى ئاشۇردى. ئۆمىلەپ نىشانغا قاراپ ئېلىگىرىلىدى. قوماندان-
لىق شتابى ئۇنى ئىچكى ئىشلار نازارىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۇ-
رۇشتىن كېيىن ئوقۇتماقچى بولدى، بىراق مەردان ئۇنىمىدى.
ئۇ دۈشمەندىن ئۆچ ئېلىشنى ئاتا - ئانا ۋەسىيىتى دەپ كۆڭلىگە

پۈككەندى. مەردان ئالتە يىللىق مەكتەپ ھاياتىدا بىرەر ساۋاق-
دىشى بىلەن رەنجىشىپ قالمىدى، ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلار ئالدى-
دىن توغرا ئۆتمىدى. چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىز-
زەتلىدى. ئۇ ئاشۇ مەكتەپ ھاياتىنى، مەھەللە، جامائەتنى،
ساۋاقداشلىرىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يېزىسىنى، بىر بۆشۈك-
تە بىرگە چوڭ بولغان غۇنچەمنى سېغىناتتى. «غۇنچەم، قانداق
يۈرىدىغاندۇ؟ مېنى ئوتتا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى دېگەن
ئۆسەك سۆزنى ئاڭلىغان بولسا...» ئۇ غۇنچەمنىڭ ئاخىرقى
تەسەۋۋۇرىنى ئويلىشىدىن قورقاتتى.

مەردان بۈگۈن كوماندىرلىرى ئالدىدا قارىغا ئېتىش ئۈچۈن
بەش تال ئوقنى كوروپكىغا باستى. ئۇ ئالتە يۈز مېتىر ئارىلىقتا
ئۆرە تۇرۇپ قارىغا ئاتتى. بەش دانە ئوق ئېتىلىپ بولدى.

— 9، 10، 10، 10، 10، — قارشى تەرەپ ۋارقىرى-
دى. ئىككىنچى قېتىم بەش تال ئوقنى ماۋزۇرغا بىسىپ ئاتتى.

— 9، 10، 9، 9، 10، — قارشى تەرەپ ۋارقىرىدى.

بۈگۈنكى سىناشتا ئۇنىڭ نەتىجىسى ھەممىدىن ئۈستۈن بولدى.
باتاليون كوماندىرى ئوسمانوپ بىلەن ئىسكادرون كوماندىرى گو
يىباۋ ئۇنى تەبرىكلىدى.

— شورۇنتاي ئاكا! — مەردان يېنىدا تۇرغان شورۇنتاي-
غا قارىدى. ئۇنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرەتتى. شورۇن-
تايمۇ مەرداننى ئۆز ئىنىسىدەك كۆرەتتى. ئۇنىڭ بېشىغا كەل-
گەن دەرد - ئەلەمنى ئۆزىگە كەلگەن دەرد - ئەلەم ھېسابلايتتى.

— مەردان، سېنى تەبرىكلەيمەن، قارا، ئاۋۇ ئاسماندىكى
كەپتەرلەرنى، بىر - بىرسىنى قوغلىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى ئۆر-
لىشىپ، موللاق ئېتىشىپ يۈرىدۇ.

ئۇلار ئاشۇ ئەركىن - ئازادە ئۇچۇپ يۈرگەن بىر توپ
كەپتەرگە قارىشىپ تۇرۇپ كېتىشتى.

# 3

ئۇرۇش قارىماققا تولىمۇ ئاستا كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇنداق ئەمەس ئىدى. قوزغىلاڭ باشلىنىپ بىر ئايدىلا غۇلجا شەھىرى ئاساسەن ئازاد بولۇپ، يەتتە مىڭغا يېقىن دۈشمەن ئەسكىرى يوقىتىلدى، ئەسىر ئېلىندى. ساق قالغان ئۈچ مىڭ دۈشمەن ئۈچ ئورۇنغا كىرىۋالدى، سىرت بىلەن مۇناسىۋىتى ئۈزۈلدى. ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت، پارتىزانلار قوماندانلىق شتابى قۇرۇلدى. سۈيدۈڭ، قورغاس، بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىلىرى ئازاد قىلىندى. چاپچال، موڭغۇلكۈرە، تېكەس، كۈنەس، توققۇزتارادىكى دۈشمەنلەر بېشى قايغان تەرەپكە قېچىشىپ، بۇ يەرلەردە ئىنقىلابىي ھاكىمىيەت قۇرۇلدى. ھەركۈنى قانچە ئونلىغان ھەر مىللەت ئوغۇل - قىزلىرى سەپ بولۇپ كېلىشىپ پىدائىيلار سېپىگە قوشۇلۇپ، بىر نەچچە مىڭ كىشىلىك پارتىزانلار قوشۇنى بولۇپ يېتىلدى. دۈشمەندىن بىرقانچە زەمبىرەك، مىناميوت، پىلىموت، ئاپتومات، مىلتىق، تاپانچا، ھەربىي ئەسلىھەلەر غەنىيمەت ئېلىنىپ، دۈشمەنلەر قېچىش، مۇداپىئەلىنىش، يېڭىلىش، پارتىزانلار ھۇجۇم قىلىش، غەلىبە قىلىش باسقۇچىغا ئۆتتى. ئىلى رايونىدىكى بىر نەچچە كۈنلۈك بولسىمۇ ئازادلىق - ئەركىنلىك تەمىنى تېتىغان ھەرمىللەت خەلقى «ھەممە فرونت ئۈچۈن، ھەممە ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن» دېگەن بۈيۈك چاقىرىق ئاستىغا يىغىلدى.

ئۇرۇشتا ھەربىي ئاتالغۇلارمۇ كۆپ بولىدۇ. مەردان بۇلاردىن پەقەت مىلتىق، ئاپتومات، تاپانچا، بومبا، نەيزىلەرنى كۆردى، قولى بىلەن تۇتۇپ ئۆگەندى، ئاتتى. گازارمىدا يۈرۈپ، جەڭچى، ئىنژۋوت كوماندىرى، روتا كوماندىرى، پولك كوماندى-

رى دېگەن ئاتالغۇلارنى ئاڭلاپ بىلىۋالدى. لەشكەردە بولغان ئادەتتىكى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، پوتەي، ئاكوپلارنى كۆرۈپ، پىلىموتنىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ئۇچقۇنى بىلەن يېقىنلا يەردە ئاسماننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، يەرنى تىترىتىپ پارتلىغان زەمبىرەكنىڭ بىرىنچى قېتىم پارتلاش ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا، تېنى شۈركىنىپ كېتىپ كوماندىرى ئوسمانوپ بىلەن توختىيوپقا قارىغانلىقىنى ئۆزى سەزمەي قالدى ھەم قورققانلىقىنى يوشۇرالمىدى. زەمبىرەك، مىناميوت، مىنا، پىلىموت، تانكا، ئايروپىلان دېگەن ئاتالغۇلارنى ئاڭلىسىمۇ تېخى كۆرمىگەن. ئاتاكا، رازۋېدكا، تەرەپ، يۆنىلىش، ھۇجۇم، مۇداپىئە، چېكىنىش، ئوت كۈچى، توپ، قاراۋۇل، لىنىيە دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلارنى تېخى ئاڭلاپمۇ باقمىدى.

— مەردان ئەلپاتتايوپ! — چاقىردى باتالىيون كوماندىرى ئوسمانوپ.

— بار! — مەردان ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى تۈزەشتۈرگەندىن كېيىن، بەش قەدەم مېڭىپ كوماندىر ئالدىدا توختىدى — دە، — يولداش كوماندىر، مەردان ئەلپاتتايوپ، كەلدىم، — دېدى. ئۇنىڭ كۆزى زامكومبات توختىيوپ قولىدا تۇرغان ئاپتوماتتا ئىدى.

— يولداش ئەلپاتتايوپ، قورال ئەسكەرنىڭ جېنى. ئەسكەرگە قورالنى خەلق بەرگەن، ئەسكەر دۈشمەنگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، دۈشمەننى يوقىتىپ، خەلقنى جان تىكىپ قوغدايدۇ، — كوماندىر ئاپتوماتنى مەردانغا تاپشۇردى.

مەردان ئىككى قەدەم ئالدىغا مېڭىپ ئاپتوماتنى كوماندىر قولىدىن ئىككى قوللاپ ئېلىپ سۆيدى. بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈپ، ئاندىن باغرىغا باستى — دە:



www.uyghurkitap.com

— قورالنى كۆز قارىچۇقۇمدەك ساقلايمەن، ۋەتىنىم، خەلقىم ئۇچۇن جېنىم پىدا! — دېدى.

مەردان يېزىدىكى ۋاقتىدا باللار بىلەن ئۇرۇش قىلىشىپ ئوينىشاتتى. سوپۇرگىنىڭ كۆتىكىنى تاپانچا، ئۇزۇنراق ياغاچ-لارنى مىلتىق قىلاتتى. ئون يىلدا بىر قېتىم چىقىپ يېزىلاردا كىنو قويىدىغان ئىككى تاتار كىشىنىڭ تىلسىز كىنوسىدىن ئۇرۇشنى كۆرگەنىدى. مەردانغا دادىسى ياغاچتىن تاپانچا ياساپ قاپقارا قىلىپ بوياپ بەرگەنىدى.

— چوڭ بولساڭ، زامان ئۆزگەرسە ئەسكەر باشلىقى بو-لامسەنكىن؟ — دەيتتى گۈلنار ئانا.

مەردان ئاپتوماتنى مەھكەم تۇتۇپ سۆيدى، ئاندىن باغرىغا باستى. ئۇ ئاتا - ئانا ئارزۇسى بويىچە ئەسكەر بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئون ئاتار تاپانچا، بۇنىڭ بىلەن كوماندىرىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ. ئاپتومات بىلەن دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىپ ئادالەت-سىز، رەھىمسىز دۇنياغا مۇرەسسەسىز ئوت ئاچىدۇ.

— ئۇرۇش، — دېدى قۇددۇس ئاپتوماتنى ئاق ماتا بىلەن سۈرتۈپ ئولتۇرۇپ، — مىلتىقنىڭ، بىلىمنىڭ، ھۈنەر - سانائەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇتتى، — ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان سەپداشلىرىغا راستمۇ، دېگەن نەزەردە قارىدى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز باش ساقچىغا ھۇجۇم قىلغاندا دۈشمەنلەر پوتەيدە تۇرۇپ پىلىموت - ئاپتومات بىلەن بىزنى باش كۆتۈرگۈزمىدى. بىزدە پىلىموت تۈگۈل مىلتىقمۇ يوق، پەقەت تاياق - توقماقلا بار ئىدى. بىزدە قىسمەن بولسىمۇ پەم بىلەن ئىراده بولغاچقا، قاراملىق بىلەن سېپىلنى پارتلىتىپ بېسىپ كىردۇق. قارىسام، ئاكوپنىڭ ئىچىدىن ئاپتوماتتىن ئاسمانغا قاراپ ئوق يېغىۋاتىدۇ، ئاستا ئۆمىلەپ كېلىپ قارىسام

www.uyghurkitap.com

بىر چېرىك ئاكوپتا ئوڭدىسىغا يېتىۋاپتۇ، هاي ـ هاي دېمە-
سەن، كۆزى ئوچۇقمۇ، يۇمۇقمۇ بىلمەيمەن، ئاپتوماتى سايراۋا-
تىدۇ، مۇشتۇمدەك تاشنى تاشلىغانىدىم، «ۋايجان، بومبا» دەپ
ۋارقىرىدى، ئاپتوماتمۇ توختىدى، ئېتىلىپ چۇشۇپ كانىيىدىن
ئالدىم ـ دە، ئوڭدىسىغا بېسىپ قارنىغا نەيزىنى تىقتىم. ئىشەن-
سەڭلار ئوڭدىسىغا يېتىۋېلىپ ئالتە دىسكا ئوقنى ئاسمانغا قارد-
تىپ ئېتىپ تۈگىتىپتۇ. مەن، ۋاي توخۇ يۈرەك، شۇنچىلىك
ئوقنى زايە قىلماي تىنچ يېتىپ ماڭا بەرگەن بولساڭ، جېنىڭنى
ساق قويۇپ بەش يۈز دۈشمەننى يوقاتماتتىم، دېدىم ـ دە، بىر
دىسكا ئوق بىلەن ئاپتوماتنى قولۇمغا ئالدىم. دۈشمەننى ئۆزد-
نىڭ قورالى بىلەن قىرغىنىمنى دېمەمسەن. مەن ئاپتوماتنى
قولۇمغا ئالسام يۈرىكىم قاپتەك بولۇپ، هېچ نەرسە كۆزۈمگە
كۆرۈنمەيدۇ. مانا بىزدە ئاشۇلار ئۆتۈنۈپ بەرگەن قورال. مانا
ئەمدى دۈشـمـەن بىزدىكى قـورالـىنىڭ كـۈچـىنـى هەم بىزنى
تونۇۋاتىدۇ.

ئارىدا بىر پەس كۈلكە ـ چاقچاقمۇ بولدى.

ــ هەي، هەي، ــ دېگەن ئۆكسۈش بىلەن سۆزد-
نى باشلىدى زەيناۋىدىنوپ. ئۇ موخۇركىسىنى بىر پەس شورد-
غاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ شەن يامۇلىدىن يېشى
60 تىن ئاشقان كۆزلىرى چاپاق يايى بوينىغا كونا قىلىچنى
ئېسىپ چىقىپ بۇگۈن بىرسىنى باج تۆلىمىدىڭ دەپ، ئەتىسىگە
بىرسىنى ئالۋان تۆلىمىدىڭ، ئۆگۈنىگە بىرسىنى هاشارغا بالا
بەرمىدىڭ دەپ ئۇرۇپ، باش ـ كۆزىنى قان قىلىپ باغلاپ
هەيدەپ ماڭسا، تۈرمىدە قاماپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرسە، ناكا قىلسا،
بىزدەك هەر ئوغلانلار قاراپ تۇرۇپ ئاشۇ ئۆلۈمتۈك چاپاققا باش
قويۇپ «خوپ، يايى بېگىم» دەپ چوقۇنۇپ ئالدىغا چۈشۈپ

مېڭىشتىن باشقا، مال ـ دۇنيانى چاپاقنىڭ ئاغزىدىنمۇ، كۆتىدىنمۇ تىقاتتۇق. بۇ زالىملارنىڭ كۈچمۇ تايىنلىقلا ئىدى، بىراق ئەڭ مۇھىمى بىزدىكى بىلىمسىزلىك، ئۆزئارا بىرلىشەلمەسلىك ئىكەن. مانا بىزدىمۇ ئوقۇغان، يېتىلگەن بىلىملىك كىشىلەر چىقىپ، ئىشىنىڭ يولى بۇنداق، دېدى. بىزدە قورالمۇ بار بولدى، قورال بىلەن ئازادلىق، ئەركىنلىكمۇ قولغا كەلدى. ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، تېخى بىزدىن ھەر قوماندانلار، دوختۇر، ھەمشىرىلەرمۇ يېتىشىپ چىقتى. رىزۋاننى دېمەمسىلەر تېخى، ھەرقانداق ئوت كۈچىگە پىسەنت قىلماي، شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ يارىدارلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىككىنچى قېتىم جان بېرىۋاتىدۇ. قىسقىسى، قۇددۇس دېگەندەك، ئۇرۇش بىزنىڭ كۆزىمىزنى ئېچىپ ھەممە نەرسىنى ئۆگىتىۋاتىدۇ، بىزدە يوق نەرسە بىزدە بولىۋاتىدۇ، ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا، بىزنى تېخى نى ـ نى ئىشلار كۈتىۋاتىدۇ، ئۇرۇش تۈگىسە مەن ئوقۇيمەن دەپ نىيەت قىلدىم.

— يولداش زەيناۋىدىنوپ، لەنشاڭدىكى دۈشمەنلەرمۇ بىزنى قاچان كېلىدىكىن دەپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ دېگىنە، — دېدى زامانوپ كۈلكە ئارىلاش.

— شۇنداق، يولداش زەكە، ① ئۆلار ئۆلسە قورالنى ئۆتكۈزۈۋېلىشقا بىز تەييار.

قىبلىدىن ئۇرغان شىۋىرغان كۆز ئاچۇرماي ئادەمنى ئىككى ـ ئۈچ مېتىر يەرگە سۈرەپ كېتەتتى. دېرىزە، تۇرخۇن، ئىشىك يوچۇقلىرىدىن ئۇرغان شامال «شىر» دەك ھۆركىرەيتتى.

— بۈگۈن لەنشاڭغا راسا ھۇجۇم قىلىدىغانلا كۈن

---

① زەكە (قازاقچە قىسقارتما سۆز).

www.uyghurkitap.com

بولدى ـ دە، — دېدى ئىزۋوت كوماندىرى ھاپىسوپ، — راست دەيسەن؟ — دەپ قۇۋۋەتلىدى ئىككىنچى ئىزۋوت كوماندىرى شاۋدۇنوپ، — ئۇ ئۆلۈمتۈكلەرنى شىۋىرغان سېيسىپ قالغان پاخالدەك ئۇچۇرۇپ كېتەتتى.

پولك شتابىدىن قايتىپ كەلگەن كوماندىر ئوسمانوپ ئۇتتۇرلا گازارمىغا كىردى. ئۇ ئۇستۇۋشىدىكى قارلارنى قولاقچىسى بىلەن قېقىپ تازىلىغاندىن كېيىن كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، گېزىت قەغىزىدە موخۇركا ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ ئۈزۈلدۈرمەي بىر نەچچىنى شورىدى. جەڭچىلەر بولسا كوماندىرنىڭ ئەلپازىدىن بۈگۈن كېچە يەنە ھۇجۇمنىڭ ۋە قانداقتۇر بىر جىددىي ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى بارلىقىنى مۆلچەرلىشىپ، بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراشتى.

— ساتتار، قاپاقنىڭ مېيى تۈگەپ قالدىمۇ نېمە؟ جىگدىلەپلا قاپسەنغۇ؟ — دەپ چېقىشتى كوماندىر سۆزىنى باشلاشتىن بۇرۇن.

— يولداش كوماندىر، قاپاقنىڭ مېيىغۇ بار، بىراق، بىراق، ھاجىنى دەيمەن، — ساتتار دەيمۇ دېگەندەك قىلىپ ھاجىغا قارىدى، — يولداش كوماندىر، بىز ھاجىنى باش چۆكۈرۈپ دەريادىن توغرىسىغا ئۆتىدۇ دەپ يۈرسەك، بۇ قارىغۇ ئەگەر بۈگۈن كېچە لەنشاڭغا ھۇجۇم بولمىسا، يېڭى ھايات غەلىبىسىدىن باش چۆكۈرۈپ لەنشاڭدىكى پوتەيدىن چىقىمەن دەيدۇ، شۇنداقمۇ ھاجى؟

— يولداش كوماندىر، قاپاق راست دەيدۇ. بۈگۈن ئۆلىدىغان چېرىكلەرگە ئاتاپ شام كۆيدۈرۈش ئورنىغا قاپاق كۆيدۈرىدىغان بولدۇق، بوپتىمۇ؟

كوماندىر باشلىق جەڭچىلەر بىر پەس كۈلۈشتى.

— يولداشلار! بىز بىر پەس كۈلۈشتۇق، ئەمدى سۆزگە كېلەيلى، بىز ئۇرۇش قىلىپ بىر ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت ئىچىدە يەتتە مىڭدىن ئارتۇق گومىنداڭ قورچاق ئارمىيىسىنى يوقاتتۇق، غۇلجا شەھىرى ۋە بىر قانچە ناھىيىلەرنى ئازاد قىلدۇق. شۇنداقلا بىزمۇ مەلۇم ساندا قۇربانلار بەردۇق. قۇربان بولۇش بىز ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش، چۈنكى قۇربان بەرمەي تۇرۇپ، ئەزىز جاندىن كەچمەي تۇرۇپ، بىزگە ئازادلىق ـ ئەركىنلىك ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ. شۇنداقتىمۇ ئورۇنسىز قۇربان بېرىشتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك، — ئوسمانوپ شۇنداقمۇ؟ دېگەن مەنىدە جەڭچىلەرگە قاراپ قويدى ـ دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھازىر توققۇز ۋىلايەتتە، بولۇپمۇ جەنۇب يەتتە ۋىلايەتتە گومىنداڭچىلار خەلقنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، ئۈچ ئېلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئۇلارغا يار ـ يۆلەك بولۇش، ئازاد قىلىش مەسئۇلىيىتىمىز بار. ھازىر لەنشاڭ، ھەرەمباغ، ئايرودرومدا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق دۈشمەن پۇرسەت كۈتۈپ ياتىدۇ. ئۈرۈمچى گومىنداڭ دائىرىلىرى مۇشۇلارغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىككى قېتىم ئەسكىرىي كۈچ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىز ئۇلارنى يولدىلا يوقاتتۇق. ھازىر ئېلىنغان خەۋەردە يەتتە مىڭ دۈشمەن يولغا چىقىپتۇ. بىز مۇشۇ ئۈچ ئورۇندىكى دۈشمەن بىلەن بولۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭالماي تۇرىمىز. بۈگۈنكى پولك شتابىنىڭ قارارىغا ئاساسەن، بۈگۈنكى قاتتىق شىۋىرغاندىن پايدىلىنىپ لەنشاڭدىكى دۈشمەنلەرنى قوغلاپ چىقىرىش بىلەن، قاچقان ئىتنى توختاتماي قوغلىغاندەك ئەتىدىن باشلاپ دۈشمەنلەرنى ھەرەمباغ، ئايرودرومدىن قوغلاپ چىقىرىپ، دۈشمەننى تەلتۆكۈس يوقىتىشىمىز كېرەك.

كوماندىر قانداق دېگەندەك قىلىپ جەڭچىلەرگە قارىدى.

قىساس ئوتى بىلەن غەزەپكە تولغان كۆزلەر ئوتقا دېسە ئوتقا، سۇغا دېسە سۇغا كىرىشكە تەييار ئىدى.

— يولداشلار! — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى جەڭچىلەر قەلبىنى چۈشەنگەن كوماندىر، — هازىر دۈشمەن كۈچى خېلى ئاجىزلاشتى، يېمەك - ئىچمەكتىن راسا قىسىلدى. بىرىنچى قېتىم دەككىسىنى يەپ يۈرەكئالدى بولدى. قاتتىق سوغۇق، ئاچ - يالىڭاچلىق ئۇلارغا هەر كۈنى ئۆلۈم ئەكېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆلۈم ئالدىدا قورغاندىكى بىرىنچى پوتەينىڭ كۈچى بىلەن جان ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. چۈنكى بىزدە زەمبىرەك، مىناميوت يوق، — كوماندىر تامدىكى خەرىتە ئالدىغا بېرىپ تاياق بىلەن بۈگۈنكى هۇجۇمنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى، — يولداش ئابلايوپنىڭ باتاليونى لەنشاڭنىڭ شەرق تەرىپىدىن، يولداش گو يىباۋ باتاليونى جەنۇب تەرەپتىن، بىز غەرب تەرەپتىن هۇجۇم قىلىمىز، بۈگۈنكى قاتتىق شىۋىرغاننىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئاساسىي هۇجۇم بىزدە بولۇپ، بىز دۈشمەننىڭ پوتىيىنى پارتلىتىپ، قورغان ئىچىگە بېسىپ كىرىمىز. شۇ ۋاقىتتا قالدۇق دۈشمەنلەر هەرەمباغقا قاراپ قاچىدۇ. قاچقان دۈشمەننى يولداش شاۋدۇنۇپ باتاليونى بىلەن تۇرسۇنوپ باتاليونى ئوك - سولدىن ئوتتۇرىغا ئېلىپ يوقىتىدۇ. قېنى، بۇ هەقتە سىلەردە قانداق پىكىرلەر بار؟

كوماندىر تاياقنى قويۇپ جەڭچىلەرگە قارىدى. كوماندىرنىڭ ۋەزىپىسىدىن بىرسى قول ئاستىدىكى جەڭچىلەرنى تەربىيىلەش ئىدى. جەڭدە قورال، ئەڭ مۇھىمى ئەقىل - پاراسەت بولۇشى كېرەك. مانا جەڭچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىغا پۈتۈلگەن كۈچ - غەيرەتنى، ئەقىل - ئىدراكنى ئىشلىتىش پەيتى كەلدى.

— مەن يولداش كوماندىرنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلى -

مەن، — دېدى بىرىنچى ئىزۋوت كوماندىرى قادىروپ قۇد-دۇس، ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز ئۈچ ئورۇنغا قامىلىۋالغان قالدۇق دۇشمەننى يوقىتىشتا ئۇلارنىڭ تايانچى بول-غان پوتەينى پارتلاتماي تۇرۇپ بېسىپ كىرىشنىڭ مۇمكىن بول-مايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە كۆرۈۋاتىمىز. بىزدە ئۆلۈمدىن قورقماس ئىرادە بار. بۇنى ھەر بىر جەڭچىنىڭ ئەمەلىيىتى ئىسپاتلاۋاتىدۇ. بىزدە تېخى چوڭ قوراللار يوق، مەن كوماندىر-نىڭ بۇگۈنكى ئوپېراتسىيىدە دۇشمەن پوتەيىنى پارتلىتىش ۋەزى-پىسىنى ماڭا تاپشۇرۇشىنى سورايمەن، بۇ مېنىڭ قەتئىي تەلە-پىم.

— يولداش كوماندىر، — دېدى ئۈچىنچى ئىزۋوت كو-ماندىر سابىتوپ سۆز قىلىپ، — مەن بۇگۈنكى پىلانغا پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن. بۇگۈنكى ئوپېراتسىيىدە پوتەي پارتلىتىش ۋەزىپە-سىنى ماڭا تاپشۇرۇشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمەن.

روتا، ئىزۋوت كوماندىرلىرىدىن تارتىپ جەڭچىلەرگىچە بىر - بىرسىدىن قىزغىنىشقاندەك بەس - بەستە تەلەپ قىلىشتى.

كوماندىر ئوسمانوپ جەڭچىلەرنىڭ غەيرەت - جاسارىتىدىن مەمنۇن ئىدى.

— يولداش قادىروپ، — دېدى باتاليون كوماندىرى ئوسمانوپ ھەربىيلەرگە خاس قىياپەتتە ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — بۇگۈنكى ئوپېراتسىيىدە دۇشمەننىڭ پوتەيىنى پارتلىتىش ۋەزىپىسىنى سىزگە تاپشۇرىمەن. سىز بىلەن بەش نەپەر جەڭچى بىرگە بولىدۇ. بۇنى ئۆزىڭىز تاللايسىز، زام ئىزۋوت يولداش سادىروپ ۋاقىتلىق ئىزۋوتقا رەھبەرلىك قىلى-دۇ. يولداش توختىيوپ باشلىق بەش نەپەر مەرگەن پوتەيگە

www.uyghurkitap.com

يېقىنلىشىپ بېرىپ سىلەرنى قوغدايدۇ، پوتەي پارتلىغان ھامان قاسىموپ روتىسى بىلەن ئىسلاموپ روتىسى قورغان ئىچىگە بېسىپ كىرىدۇ. ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى ئەتىگەن سائەت تۆت بولدى.

ئىسمى ئاتالغان كوماندىرلار ئورۇنلىرىدا تىك تۇرۇپ ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇۋېلىشتى. قادىروپ قۇددۇس، جەڭچىلەردىن نەسىرىدىن قاتارلىق بەش جەڭچى تاللىنىپ ئۇلار ھەربىي قائىدە بويىچە تەييارلىق قىلىشتى، مەردانمۇ بوگۈن دۈشمەننى يوقىتىش چوڭ ئوپېراتسىيىسىگە قاتنىشىدىغان بولدى. ئۇ ئاپتوماتى بىلەن ماۋزۇرىنى پاكىز تازىلاپ تەكشۈرۈپ چىقتى. تۆت دىسكا ئوقنى زاپاس ئېلىپ، بىر دىسكىنى ئاپتوماتقا سالدى. ئۇ شورۇنتايىنىڭ «قاتىللار لەنشاڭغا قېچىپ كىرىۋاپتۇ» دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، قاتىللارنىڭ تۇرقى، مېڭىشلىرىنى ئەسلىدى. «تونۇيمەن، سەن ئىپلاسلارنى تىرىك پېتى ئۇچراتسام، دادامنى، ئاپامنى، مېنى ئۇرغان قول، تەپكەن پۇتلىرىڭنى، تىللىغان ئاغزى ـ ماغزىلىرىڭنى بىر ـ بىرلەپ كەسسەم. بىرىنچى ئوقۇم دادام ئۇچۇن، ئىككىنچىسى ئاپام ئۇچۇن، ئۇچىنچىسى ئۆزۈم ئۇچۇن قىساس ئوقى بولىدۇ. مەن سەنلەرنى تونۇيمەن، سەنلەرمۇ مېنى تونۇشىسەن.

تۈن قاراڭغۇسى، سائەت ئۇچ بولغانىدى. توختاشقا تايىن تاپقان شىۋىرغان بىراقلا قاتتىق بورانغا ئايلىنىپ قار ئۇچقۇنلىرىدىن كۆزنى ئاچقىلى بولمايتتى. دۈشمەن ئەسكەرلىرى سوغۇقتا توڭلاپ ئەجەل ئۇيقۇسىغا كەتكەنىدى. ئاق جۇۋا كىيىپ ئۇستىگە ئاق خالات كىيىپ نىقابلانغان پىدائىيلار قېلىن قارنىڭ ئىچىدە شۇڭغۇپ، بىرىنىڭ ئىزىنى ئىككىنچىسى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. قاتتىق بوران ئۇچۇرۇپ كېلىپ تامغا ئۇرۇل-

غان قار چاپلىشىپ قالغانلىقتىن پەقەت پوتەينىڭ تۇمشۇقىدىن كۆرۈنگەن «مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك» يورۇقتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. ئەپيۇن چېكىپ خۇدىنى يوقاتقان پولك كوماندىرى ياڭ ۋېنيى چالا بوغۇزلانغاندەك خورەك تارتىپ ۋە بەزەن بىر نېمىلەرنى دەپ جۆيلۈپ چۆچۈپ كېتەتتى. ئېھتىمال چۈشىدە «ئەجەل سىرتمىقى» گېلىنى سىقىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. قۇددۇس ئاپتوماتنى دۈمبىسىگە سىيرىپ قويدى، بېلىدە تۆت دانە گراناتات قىستۇرۇقلۇق، ئىككى قولىدا ئىككى دانە گرانات، بەش نەپەر جەڭچى بىلەن بۇيرۇق كۈتۈپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كوماندىر ئوسمانوپ بىلەن مەردان ۋە توختىيوپ باشلىق مەرگەنلەر گۇرۇپپىسى يېتىپتۇ. كوماندىر سائىتىگە قارىدى. ۋاقىت توشقانىدى.

— دۈشمەننىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق پوتىينى پارتلىتىڭلار! سىلەرگە غەلىبە تىلەيمەن، — كوماندىر قۇددۇسنىڭ قولىنى قاتتىق سىقتى.

قۇددۇس باشلىق زەربىدارلار سەپ تارتىپ ياتقان جەڭچىلەرگە قارىدى. بۇ ئۇلارنىڭ «غەلىبە بىلەن كۆرۈشەيلى» دېگىنى ئىدى. قار ئىچىدە يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرغان قانچە ئونلىغان كۆزلەر مىلتىقلىرىنىڭ ئۈچىنى كۆتۈرۈشۈپ قويۇشتى. بۇ «بېرىڭلار، بىز سىلەرنى جان تىكىپ قوغدايمىز» دېگىنى ئىدى. قۇددۇس قېلىن قار ئىچىدە ئاشۇ پىلدىرلاپ تۇرغان «جىنچىراغ»قا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا ياشلارغا خاس قورقماس يۈرەك بار. ئۇمۇ ھاياتنى، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى، ئەۋلاد قالدۇرۇشنى ئەزەلدىن ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇمىد ھەرقاچان ئۆلۈمدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

«قۇددۇس، جېنىم قۇددۇس، قاچان كېلىسەن، ساڭا ئاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

يول تىلەيمەن. ئامان قايتىپ كەل! يولۇڭغا تەلمۈرىمەن جۇمۇ!» ئۇنىڭ سۆيگەن قىزى رەيھاننىڭ قۇندۇز كەبى بىر جۇپ چېچى كۆكسىدە، بۇلاقتەك كۆزلىرىدە ياش مۆلدۈرلەيتتى. لېكىن، ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئويلاشقا ۋاقىت يوق ئىدى. ئۇ ئۆلۈمگە مەردلىك بىلەن كېتىۋاتىدۇ، ئىككى كۆزى پوتەيدە، ئۇ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ بېرىپ دۈشمەننى پوتەي بىلەن قېتىپلا ئاسمانغا تاشلاپ يول ئاچىدۇ. نەتىجىدە قانچىلىغان جانلار ھايات قالىدۇ.

«پاھ - پاھ - پاھ، — دەيتتى جەڭچىلەر ئۇنىڭ غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان گەۋدىسىنى كۆرۈپ، — بۇ بىر دېھقان بالىسىغا بۇنداق كۈچ - قۇۋۋەت، غەيرەت - ئىرادە نەدىن كەلگەندۇ — ھە! ؟»

قۇددۇس ئۈمىلەپ بېرىپ دۈشمەننىڭ ئاكوپقا چۈشتى. ئۇ بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىشقا ئىككى چېرىكنىڭ ئاكوپقا يۆلەنگەن پېتى يۈزىنى جۇۋىسىنىڭ ئېچىگە تىقىپ، مىلتىقىنى چاتارىغا قىستۇرغان ھالدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. قۇددۇس خەنجەر بىلەن جايلىماقچى بولدىيۇ، بىراق بىرەر شەپە چىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئاستىلا ئۆتۈپ كەتتى. پوتەيگە 50 مېتىرچە قېلىپ يەنە دوقمۇشتىن ئايلىنىشقا ئىككى چېرىكنىڭ زوڭزىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى، بىرسىنىڭ ئۇخلاپ، بىرسىنىڭ ئويغاق تۇرغانلىقىنى كۆردى. دۈشمەن قۇددۇسنى كۆرۈپ نېمە قىلاردىنى بىلمەي ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى - دە:

— ئوغرى كەلدى! ئوغرى كەلدى! — دېگىنىچە پوتەيگە قاراپ قاچتى. ئۇخلاپ قالغىنى چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ كۆز ئاچقۇسىز شىۋىرغاندا ھودۇققىنىدىن قاچىدىغان تەرىپىنى تاپالماي تۇرۇشىغا قۇددۇس ئېتىلىپ كېلىپ، دۈشمەننىڭ كۆكسى-

ىگە خەنجەر ئۇرۇپ باش بىلەن خامىرىغا بىرنى ئۇستى. چېرىك يەرگە يىقىلدى. قۇددۇس قاچقان دۈشمەننىڭ كەينىدىن ئۇلىشىپلا «ئوغرى كەلدى!» دېگىنىچە پوتەيگە قاراپ ئېتىلدى. قاچقان چېرىك قورققىنىدىن ماڭدامدا پۇتلىشىپ يىقىلىپ قارىغا كىرىپ كەتتى. قۇددۇس يېتىشىپ بېرىپ چېرىكنى بىر پۇتلاپ دۈم يىقىتىپ خەنجەرنى يەلكىسىگە ئۇردى. دۈشمەن بېشىنى كۆتۈرەلمەي تېپىرلاپ قالدى. قۇددۇس ئەمدى خۇرشىغا كەلگەن يولۋاس ئىدى. نىشانىنى بەلگىلىمىگەن دۈشمەنلەر پوتەيدىن ھە دەپ قارىسىغىلا ئوق ياغدۇرغىلى تۇردى. قورغان ئىچىدە تەرەپ - تەرەپتىن قىيا - چىيا ئاۋاز چىقىپ، ئوق ئېتىلدى. «ئوغرى كەلدى!» قۇددۇس بايىقى چىرقىراق ئاۋازدا ۋارقىراپ پوتەيگە قاراپ يۈگۈردى.

«ئىپلاسلار! قاراپ تۇرغىن، مەن سەنلەرنىڭ تېنىڭنى جېنىڭدىن جۇدا قىلىپ كۆككە سورۇيمەن. سەن قانچىلىغان جەڭچىلىرىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىدىڭ.» ئۇ ئېتىلىپ بېرىپ پوتەيگە ياماشتى. باغلانغان ئون دانە بومبىنى پوتەينىڭ تۆشۈكىدىن ئىچىگە تاشلاپ، ئۆزىنى ئاكوپقا ئاتتى. بومبا پارتلاپ پوتەينىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. كەينىدىنلا ئىككى دانە بومبىنى تاشلىدى. ئەجدىھادەك ئوت چېچىۋاتقان ئۈچ دانە پىلىموت قاتتىق پارتلاش بىلەن تەڭ بىراقلا جىمىدى، ئاندىن ئۇ يەنە ئىككى دانە گراناتنى قورغان ئىچىگە تاشلىدى. نەسىرىدىن قاتارلىق جەڭچىلەر ئىككى دۈشمەننى بوغۇپ جايلاپ يېتىپ كەلدى. قۇددۇس باشلىق جەڭچىلەر قورغان ئۈستىگە چىقىپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئوق ياغدۇرغىلى تۇردى.

— يولداشلار، ئالغا! بىزنىڭكىلەر ئالغا!

زەربىدارلارنىڭ جاراڭلىق، باتۇرانە ساداسى تاڭ ئالدىدىكى

كۇچلۇك بوراندا يىراق ـ يىراقلاردا جاراڭلايتتى.

كوماندىر ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇنىڭ قولىدا ئون بىر ئاتار ماۋزۇر بار ئىدى.

— يولداشلار، ئالغا! يولداشلار ئالغا! — ئاسمانغا ئۈچ پاي زالىپا ئېتىلدى. كوماندىرنىڭ ئىزىنى بېسىپلا مەردانىمۇ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۈچ تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ھۇررا ساداسى كېچىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەنىدى. يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن دۈشمەنلەر «ئوغرى كەلدى!» دېگىنىچە بېشى قايغان تەرەپكە قاچاتتى. قورغان ئىچىگە بىرىنچى بولۇپ ئوسمانوپ باتاليونى بېسىپ كىردى. شىۋىرغانمۇ ئاستا ـ ئاستا پەسىيىپ، تاڭمۇ يورۇغانىدى. پولك باشلىقى ياڭ باشلىق 20 گە يېقىن دۈشمەن بۆتخانا ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ھەدەپ قارشىلىق قىلىۋاتاتتى.

— خەپ، — دېدى قۇددۇس ياڭ ئۇنىڭغا قارىتىپ ئون پاي ئوق ئاتقاندىن كېيىن، — مەن سېنىڭ ئاشۇ تاپانچا تۇتقان قولۇڭنى ئۈزۈۋېتىپ، باش قويىدۇرغۇزۇپ ئاندىن پېشانەڭدىن ئاتمىسام.

نەسىرىدىن بۆتخانا ئارقىسىدىن كېلىپ ئىككى دانە گرانات تاشلىدى. ئامان قالغان ياڭ باشلىق ئون دۈشمەن يان ئىشىكتىن چىقىپ ھەرەمباغ تەرەپكە قېچىشىغا قۇددۇس ئاپتوماتى بىلەن ياڭنىڭ ئوڭ قولىنى بىلىكىدىن ئۈزۈپ تاشلىدى. كۆك سوكىنىدىن سىم ـ تۇجوركا، سېرىق مۇتتىن تىكىلگەن پەلتو كىيىپ، ئۈچ دانە ئوردېن تاقىغان پولك كوماندىرى ياڭ باشلىق سەككىز نەپەر دۈشمەن ئوفىتسېرى تىزلىنىپ ئولتۇرغىنىچە قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تۇراتتى. ئۇلار قورققىنىدىن كۆزىنىڭ قارىسى يوقاپ كېتەي دېگەنىدى. ياڭ ئالدىدا تاپانچا تۇتقان پېتى ئاق پەلەي



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بىلەن تۇرغان قولىغا قاراپ كۆڭلى بۇزۇلدىمۇ، كۆزىگە ياش ئالدى.

— يولداش كوماندىر، قادىروپ باشلىق زەربىدارلار ئالدىڭىزدا! — قۇددۇس باشلىق جەڭچىلەر قاتارىغا تۇراتتى.

— باركاللا يولداش قادىروپ، مەن سىلەرنى باتاليون نامىدىن تەبرىكلەيمەن، — كوماندىر ئۇسمانوپ بىلەن توختىيوپ زەربىدارلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

مەرداننىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. ئۇ ئۆلگەن دۈشمەن جەسەتلىرىگە، ئەسىر چۈشكەنلىرىگە بىر - بىرلەپ قارايتتى. «خەپ، بۇلار نەگە كەتكەندۇ.» ئۇنىڭ خىيالى ھېلىقى قاتىللاردا ئىدى. ئۇ قۇددۇس ئاكىسىنىڭ قولىنى قىسىپ تەبرىكلىگەن پېتى تۇرۇپلا قالدى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرغانلار ئىچىدە قارا سوكىنىدا قاپلانغان بۆرە جۇۋا بىلەن تولكە قۇلاقچا كىيگەن، تومشۇقىنى جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە تىقىپ يەرگە قارىۋالغانغا قادالغان پېتى تۇراتتى.

«شۇ، چوقۇم شۇ، ھېلىقى قىيسىق كۆز تۇرمە باشلىقى!» مەرداننىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتى يېنىپ چىشلىرى غۇچۇرلايتتى. قىيسىق كۆزمۇ ئۇنى تونۇدى. ئۇ سۇدىن چىققان چاشقاندەك تىترەپ، يىلاندەك تولغىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈشكە چاغلانغان ئاتلىنىپ بەلكىسىدىن تۇتۇپ يەردىن يۇلۇۋالدى - دە، بېشىدىكى قۇلاقچىسىنى ئېلىپ تاشلىدى.

— يولداش كوماندىر، دادام بىلەن ئاپامنى ئۆلتۈرگەن قاتىلنىڭ بىرسى مۇشۇ!

قىيسىق كۆزنىڭ دىيىشىچە، گۇ بىلەن ۋاڭ قاتىل ھەرەم-

www.uyghurkitap.com

باغدا ئىكەن. قىيسىق كۆز مەردانغا باش قويۇپ نالە قىلىپ يىغلايتتى، ئۆزىنى ھە دەپ كاچاتلايتتى.

— ئىپلاسلار، بىز ناھەق قامىلىپ، قان يىغلىغاندا سىنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن. جاننىڭ نەقەدەر تاتلىقلىقىنى بىلىپ قويغىن.

ئۇ كوماندىرغا قارىدى. كوماندىر كۆزىنى قىسىپ قويدى. بۇ ئۆلۈم جازاسى ھۆكمىنى ئىجرا قىلغىن دېگەن بەلگە ئىدى. مەردان ئاپتوماتنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە توغرىلاپ، «دادام پولات ئۈچۈن» دېدى. قاتىل ئورنىدىن تۇرۇپ، «ۋايجان» دېگىنىچە قاچتى. مەردان ئاپتوماتنى باستى، ئۈچ پاي ئوق قاتىلنىڭ رەھىمسىز يۈرىكىنى يۇلۇپ چىقىپ كەتتى — دە، يىقىلغان قاتىل يىلاندەك تولغىنىپ، دۈم پېتى جان ئۈزدى. مەردانىنىڭ كۆڭلى ئايلىنىپ بېشى قايغاندەك بولۇپ توختىدى. ئوسمانوپ باشلىق جەڭچىلەر ئېگىز قار دۆۋىلىرى ئۈستىگە چىقىپ ھۇررا دېگەن جاراڭلىق سادا ئىچىدە غەلىبىنى تەبرىكلەشتى.

ئاۋرال تېغى ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ ئاجايىپ مەزمۇت ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى.

## 4

ھەرەمباغ ئەينى زاماندا ئىلىدا ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن ئىمىن ۋاڭنىڭ ئۈچىنچى خوتۇنىغا ئاتاپ ياساتقان بېغى بولۇپ، ۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، بۇ باغ ياڭ، جىن، شېڭ [1] ۋە گومىنداڭ دەۋرلىرىدە ھەربىي گازارما قىلىنغانىدى. ھەرەمباغ غۇلجا شەھىرىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدىكى دۆڭلۈكتە بولۇپ،

① ياڭ زېڭشىن، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەيلەرنى دېمەكچى.

شەرق تەرىپى بايكۆل، شىمال تەرىپى پەنجىم ۋە ئايروپىلان
ئىستانسىسى، غەرب ۋە جەنۇب تەرىپى بولسا ۋاڭ ئەۋلادلىرى
دەپنە قىلىنغان ئالتۇنلۇق زاراتكاھلىقى ۋە ھەرەمباغ مەھەللىسى
بىلەن تۇتىشىپ تۇراتتى. پىدائىيلار قولىدا زەمبىرەك، مىنام-
يوت، تانكىغا ئوخشاش ئېغىر تىپتىكى قوراللار بولمىغاچقا،
بۇ يەرگە مۇداپىئەلەنگەن قالدۇق دۈشمەنلەر پوتەي، ئاكوپ ۋە
باغنىڭ ئېگىز تۇرغان تېمىدىن پايدىلىنىپ بىر مەھەل جېنىنى
ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ھەرەمباغدا پولك باشلىقى ۋاڭ يۈسەن
قوماندانلىقىدا بىر پولك ئەسكىرىي كۈچ تۇراتتى. كۆن ئارىلاپلا
ئۇرۇمچىدىن يېمەك - ئىچمەك ئەكەلگەن گومىنداڭ سامالىيوتى
بۇلۇتنىڭ ئىچىدە غىل - پال كۆرۈنۈپ قالاتتى - دە، ئەكەلگەن
يېمەكلىكلەرنى ساندۇقى بىلەن قارىسىغىلا يەرگە تاشلاپ قاچات-
تى. بۇنىڭ بىرى دۈشمەن قەلئەسى ئىچىگە چۈشسە قالغىنى
سىرتقا چۈشەتتى - دە، دۈشمەنلەر سىرتقا چۈشكەن يەشىكلەرگە
چىقىشتىن قورقۇپ، نەچچە مىڭ تال ئوقنى قارىسىغىلا ئېتىپ
تۈگىتەتتى. ئۇلاردا يەيدىغان تاماق، كىيىدىغان كىيىم بولمى-
غاچقا، كۆنىگە قانچىسى ئاچلىقتىن توڭلاپ ئۆلۈپ تۇراتتى.
لەنشاڭدىن قېچىپ كىرگەن چېرىكلەرگە ياتقۇدەك جاي، يەيدى-
غان نەرسە بولمىغاچقا، پاناھ بولغۇدەك جاي بولسا، ئون -
يىگىرمىسى توپلىشىپ بىرسىنىڭ ئىسسىشىدا يەنە بىرسى
ئاچ - دۈگدىيىشىپ يېتىشاتتى.

كوماندىر ئوسمانوپ بىلەن مەردان ئەلپاتتايوپ پولك شتابى-
دىن چىقىپ شەھەرنىڭ چوڭ كوچىلىرى بىلەن شىمالغا قاراپ
كېتىۋاتاتتى. ھاياتلىق ئۇچۇن تىرىكچىلىك كېرەك. گومىنداڭ-
نىڭ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن سامالىيوتى ئېزىتقۇدەك شەھەر ئۇس-
تىدە پەيدا بولۇپ، مال بازىرى، قارىياغاچلىق، ئەسكى تاملىق-

www.uyghurkitap.com

لارنى پىلىموتقا تۇتقاندا، خەلق سادىن ئۈركۈگەن چۈجىدەك ھەريان قاچىدۇ. ۋاي، چاپقان يوتىدىن بەش مىڭ. تۆلكىدىن يەتتە مىڭ دۈشمەن ئېتىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان زامان بىر پەس ھەممەيلەن ساراسىمىگە چۈشىدۇ. بىراق ئۇخلاپ قوپقاندىن كېيىنلا يەنە تىرىكچىلىك، كوچىلاردا ئۇششاق باللار بويۇنلىرىغا داڭگاڭلىرىنى ئېسىشىۋېلىپ، بىرسى «زىماتاڭ» دېسە، بىرسى «تاماكا قەغەز، سەرەڭگە، ئىسسىق نان، ياغ يەيسەن» دەپ ۋارقىرىسا، تونۇر بېشىدا ئولتۇرغان سامسىپەز «گۆشگىردە يەيسە، ياغ يەيسە» دەپ كوچىنى بېشىغا كىيىدۇ، قايسىبىرلىرى مەپە، ئىككى ئات قاتقان خادىكلاردا قېلىن بۆرە جۇۋا، تۈلكە قۇلاقچا كىيىپ، چىشىنى كولاپ دۇكانلارنىڭ قۇلۇپلىرىنى شاراقلىتىپ ئېچىپ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئاچ كۆزلۈك بىلەن تالاغا قارىسا، قايسىبىر خېرىدارى يوق ھارۋىكەش تۇمشۇقىنى چاپاننىڭ ئىچىگە تىقىپ خادىك يېنىدا تولغىغان پۇتىنى ھە دەپ يەرگە تېپىدۇ. يېزىدىن قوراي، كۆمۈر ئەكەلگەن يېزا دېھقانلىرى كېچىسىكى قارنىڭ ئىزغىرىن سوغۇقىدا، ئوتتۇرىغا يېقىلغان تاشكۆمۈر ئوتىغا ئون ـ يىگىرمىسى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، قارلىغاچنىڭ بالىلىرى ئانىسىنى كۈتۈشۈپ تۇرغاندەك خېرىدار كۈتۈشۈپ ئولتۇرىدۇ. بىرەر خېرىدار كەلسە، قارلىغاچ بالىلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئاغزىنى ئاچقاندەك ھەركىم ئۆزىنىڭ كۆمۈرىنى، قورايىنى ماختاپ خېرىدارنى تارتىدۇ. قىسقىسى، شەھەر دېگەندە تۆمۈرچىدىن تارتىپ موزدۇز، قاسساپ، ساتىراشقىچە دېگەندەك ھەممىسى ئۆز ئىشى ۋە ئۆز نەپسى بىلەن ئاۋارە.

مەردان شەھەرگە كىرىپ تۇنجى قېتىم كوماندىر بىلەن بۇ چوڭ كوچىلاردا كېتىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ھەممىلا نەرسە ئۇنىڭغا

تاسادىپىي تۈيۈلاتتى. مەردان يېزىدىكى ۋاقتىدا مەكتەپكە بېرىپ كەلگۈچە پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇرۇشقان ئاقساقاللارغا سالام قىلىپ ئۆتەتتى. ئەتىگەنلىكى ئىگە - چاقىسىز قېرى موماي - بوۋايلارغا سۈت ئەكىرىپ بېرەتتى. كوچىدىكى سوقما تاملارغا يېقىپ قويغان تېزەكلىرىنى ئۈچ - تۆت بالا بىر بولۇپ سويۇپ ئەكىرىپ دۆۋىلەپ بەرگىنىدە، مومايلار ئۆز ۋۇندىن - ئۆزۈنغا قول كۆتۈرۈپ دۇئا قىلاتتى. كوچىدىكى ئىككىدىن - ئۈچتىن بولۇپ تۇرغان كالىلار بىر نەرسە دېيىشكەندەك بىر - بىرسىگە قاراپ پۇشۇلدىشىپ قوياتتى. ئەمما، شەھەر ئۇنىڭغا باشقىچە تۈيۈلدى.

— مەردان! يېتىشىپ ماڭ جۇمۇ، — دېدى كوماندىر ئاگاھلاندۇرۇپ.

— يولداش كوماندىر، نەگە بارىمىز؟

— بۇگۈن كېچىدە ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىمىز. شۇڭا، ھازىر يەر شارائىتىنى ئوبدانراق كۆرۈشىمىز كېرەك. قارا، ئەنە گۈمبەزدە بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىز بار، بىز ئاشۇ گۈمبەزگە كىرسەك ھەرەمباغ كۆرۈنىدۇ. مەن قانداق قىلسام سەنمۇ شۇنداق قىلغىن، قارا، بۇ ئارىلىقتا دۈشمەنلەر بىزنى پوتەيدە تۇرۇپ كۆرىدۇ.

— ئۇقتۇم، يولداش كوماندىر.

كوماندىر دېگەندەك، بۇ يەردىن ماڭغانلار دۈشمەنلەرگە كۆرۈنەتتى، غايىۋانە ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بىرنەچچە مېتىر يەرگە يەر بېغىرلاپ مېڭىپ گۈمبەزگە كىردى. گۈمبەزنىڭ ئۈستىنى تېشىپ ئۈچ دانە لىم ياغاچنى قويۇپ، ھەرەمباغقا قارىتىپ قويۇلغان ماكسىمكا پىلىموت يېنىدا پىلىموتچى ساتتاروپ باشلىق بەش نەپەر جەڭچى تۇراتتى.

ئۇلار كوماندىرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلىشتى.

— ئولتۇرۇڭلار، ئولتۇرۇڭلار، يولداش ساتتاروپ، بىرەر ئۆزگىرىش بارمۇ؟ — سورىدى كوماندىر.

— يولداش كوماندىر، ئەتىگەن سائەت ئوندا قورغان ئىچىدە بەش پاي ئوق ئېتىلىپ، قالايمىقان قىقاس چىقىپ بېسىلدى. پوتەيدىن كۈندىكىدەك ئوق ئېتىلدى، قارىغاندا، ئىچىدە بىرەر ماجىرا بارمىكىن، دەيمەن.

— توغرا دېدىڭىز، لەنشاڭدىن يەتتە يۈزگە يېقىن دۈشمەن قېچىپ كىردى، بۇلار نەگە سىغىدۇ.

— بىزمۇ شۇنداق ئويلىدۇق، يولداش كوماندىر.

— يولداش ساتتاروپ، — دېدى كوماندىر ئوسمانوپ جىددىي ھالەتتە، — بۈگۈن ھەرەمباغقا ھۇجۇم قىلىمىز. قاراڭ، ھازىر ھەرەمباغ، ئايرودرومدا بولۇپ مىڭغا يېقىن ئەر - ئايال، قېرى - چۆرە، ياش بالىلار بار، بۇلارنى گومىنداڭچىلار مەجبۇرىي ئەكىرىپ كەتكەن. بىزدە ھازىر ئىككى تۈرلۈك مەسئۇلىيەت بار. بىرسى قالدۇق دۈشمەننى يوقىتىش، يەنە بىرسى ئاشۇ گۇناھسىز پۇقرالارنى ساق - سالامەت قۇتۇلدۇرۇش، سىز پىلىموتىڭىزنى دۈشمەننىڭ بىرىنچى پوتەيىگە توغرىلاپ قويۇپ ئوت كۈچىنى يوقىتىسىز. بىز شۇ پوتەينى پارتلىتىپ قورغان ئىچىگە بېسىپ كىرىمىز. سىزچە مۇمكىنمۇ؟ — كوماندىر سۆزىدىن كېيىن ساتتاروپقا قارىدى.

— تامامەن مۇمكىن، يولداش كوماندىر، بىز پىلىموتنى ھازىرلا پوتەينىڭ تۆشۈكىگە توغرىلاپ قويىمىز - دە، ھۇجۇمدا شۇ نىشان بويىچە ئاتىمىز، — دېدى ساتتاروپ.

— قېنى توغرىلاڭ، سىناپ كۆرەيلى.

ساتتاروپ پىلىموتنى نىشانغا توغرىلىدى - دە:

— يولداش كوماندىر، سىناپ كۆرۈڭ، — دېدى.
ئوسمانوپ ماكسىمكانىڭ ئۈتقۈچىنى تۇتۇپ قارىغا ئالدى.
نىشان — پوتەينىڭ تۆشۈكىگە توغرىلانغانىدى.
— دىققەت قىلىڭ، — دېدى ساتتاروپ ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇ ياغاچقا باغلانغان قۇلاقچىنى يان تۆشۈكتىن چىقاردى. دۈشمەننىڭ پوتىيىدىن «تات - تات» قىلىپ ئوق ئاۋازى چىقىش بىلەن تەڭ ئوسمانوپ كورچوكنى باستى. «پو - پو - پوپ» قىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ دۈشمەن پىلىموتى توختاپ، ۋاڭ - چۇڭ كۆتۈرۈلدى.
— ئەبلەخ جەھەننەمگە كەتتى. قاراڭ، ئۇنىڭغا ئۈچ تال ئوق تېگىپتۇ، ئۇنىڭ ئاتقىنى دىكتاركا، — دېدى ساتتاروپ قۇلاقچىدىكى ئىزنى كۆرسىتىپ.
مەردان پىلىموتلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆرمىگەنىدى. مانا هازىر ماكسىمكا پىلىموتىنى كۆردى. ئۇ پىلىموتنىڭ ئۇ يەر، بۇ يېرىنى سىلاپ كۆرۈپ كورچوكنى تۇتۇپ باشمالتىنقى بىلەن باسقۇسى كەلدى، بىراق باسمىدى.
— ماكسىمكا، ماكسىمكا، — تەكرارلىدى ئۇ پىلىموتقا ھەۋىسى كېلىپ، — دىكتاركا يامانمۇ، ماكسىمكا يامانمۇ؟
— ماكسىمكا يامان، قارا، بۇ قالقان دۈشمەن ئوقىنى توسۇيدۇ. قانچە ئېتىلسا قىزىمايدۇ، دەل تېگىدۇ، يىراققا بارىدۇ. دىكتاركا ئۇنداق ئەمەس، — دېدى ئۇنىڭ سوئالىغا زوقى كەلگەن جەڭچى ئەكبەر. مەردان كىچىكىدىن تارتىپلا قىزىققاق، بىر نەرسىنى يىپ - يىڭنىسىگە قەدەر سورايتتى. بىر كۈنى ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىدا تاپشۇرۇق ئىشلەپ ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان ئاپىسىنىڭ قىزىل قەلەم بىلەن ئاستىنى سىزغان مۇنۇ قۇرلارنى كۆرۈپ قالغانىدى:

«بىز ئىنقىلابچىلارمىز! بەزىلەر پەقەت بۇيرۇقلا بېرىلىدى-
غان، ئىككىنچىلىرى، پەقەت ئىشلا قىلىنىدىغان تەرتىپ يوقالمى-
غۇچە بىز بۇ يولدىن قايتمايمىز، بىز سىلەر ھىمايە قىلىپ
تۇرغان جەمئىيەتكە قارشى تۇرىمىز، شۇڭا بىز سىلەرنىڭمۇ،
شۇ جەمئىيەتنىڭمۇ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىز-
دا كېلىشىمنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بىز ئىشچىلار ھامان
يېڭىپ چىقىمىز. سىلەر ئۆزۈڭلارنى كۈچلۈك دەپ ھېسابلايسى-
لەر، لېكىن ئانچىلا كۈچلۈك ئەمەس.»

— ئاپا، بۇ كىمنىڭ كىتابى؟

— ماكسىم گوركىنىڭ.

— ئاپا! بىز، سىلەر دېگەن كىملەر ئۇ؟ كىم يامان؟

— بىز دېگەن ئىشچىلار سىنىپى، سىلەر دېگىنى ئەزگۈ-
چى ئازچىلىق بۇرژۇئا - كاپىتالىستلار ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيىتى
بولۇپ، ئىشچىلار ئىنقىلاب قىلىپ ھامان بىر كۈنى بۇرژۇئازىيە
ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى يوقىتىدۇ.

— ماكسىمكا، ماكسىمكا، — مەردان پىلىموتنى ماك-
سىم نامىغا قويغاندىمۇ، دەپ ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا
مېھرىبان ئاتا - ئانىسىنىڭ پولاتتەك ئوبرازى بىلەن قىزىل
قەلەم سىزىلغان يۇقىرىقى سۆزلەر ۋە بوگۇنىنىڭ ئۆزىدىكى ئونغا
يەتمىگەن خادىكلاردا بۆرە جۇۋا كىيىپ گىدىيىپ ئولتۇرغانلار
بىلەن جان بېقىش كويىدا توڭلاپ قاتراپ يۈرگەن يوقسۇللار ۋە
ئۆتكەن كېچە ئۆزلىرىنى يېڭىلمەس كۈچ دەپ قورال تۇتقان
گومىنداڭ پولكوۋنىكىنىڭ ئۆلۈمدىن قورقۇپ قاچقان شەرمەندە
قىياپىتى ئەكس ئەتتى. مەردان ئاتا - ئانىسىنىڭ غەيرەت،
جاسارەت، باتۇرلۇقىنى نەدىنمۇ كەلگەندۇ ياكى ئۇلار يارىتىلى-
شىدىنلا شۇنداقمىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى ئىنقىلابىي

ھايات، جەڭگىۋار ۋەزىپە، كۈرەش، غەلىبە ئوتى ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلىنىشقا، چۈشىنىشكە يېتەكلىمەكتە.
29 ـ فېۋرال، كېچە تۈن يېرىمدىن ئاشقانىدى. ئۆتكەن كېچىدىكى قارنىڭ سوغۇقى زەھەردەك چاقاتتى. بىرەر ـ سىرەن ئېتىلغان ئوق ئاۋازىمۇ جىمىغانىدى. زامانوپ ئىزۋوتىدىن زەر- بىدارلىقنى ئۈستىگە ئالغان داۋۇتوپ باشچىلىقىدىكى سەككىز نەپەر جەڭچى بىلەن توختىيوپ باشچىلىقىدىكى مەرگەنلەر گۇ- رۇپپىسى قېلىن زاراتكاھلىق ئىچىدە يىلان بېغىرلاپ سېپىلگە قاراپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلاردىن 20 مېتىرچە ئارىلىق قالدۇ- رۇپ كوماندىر ئوسمانوپ بىلەن مەردانمۇ ئىلگىرىلىمەكتە. مەر- دان ھەرقانداق ئېھتىمالغا قارشى كۆزى كوماندىردا ئىدى.
— مەردان، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ھەرقانداق چاغدا كوماندىرنى قوغداش. قۇربان بولۇشقا توغرا كەلسە ھېچبىر ئىككىلەنمەي قۇربان بولىسەن، — مانا بۇ ئۇنىڭغا توختىيوپ ئوشەم چوڭ دادىسى تاپانچا بەرگەندە تاپشۇرغان ئىنقىلابىي ۋەزىپە ئىدى. ئەنە قارىيىپ كۆرۈنگەن قورغان، پوتەينىڭ تۆشۈكى مۇشۇكنىڭ كۆ- زىدەكلا پىلدىرلاپ تۇرىدۇ. ئەتراپ جىمجىت، جەڭچىلەر ئىلگى- رىلەپ ئاتاكىغا ئۆتۈشكە تەييارلاندى، داۋۇتوپ ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۈچ دانە گراناتنى پوتەينىڭ ئىچىگە تاشلاش بىلەن تەڭ «گۇمباڭ» قىلىپ پارتلىغان پوتەينىڭ ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلگەن توپا ـ چاڭى تۈن جىملىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. زەربىدارلار ئارقا ـ ئارقىدىن قورغان ئىچىگە گرانات تاشلىدى.
— يولداشلار ئالغا، يولداشلار ئالغا!
ئاسمانغا قارىتىپ ساليوت ئېتىلدى.
ھۇررا! ھۇررا! جەڭچىلەر ئېتىلىپ كېلىپ قورغانغا يامى- شىپ ئۈستىگە چىقىپ دۈشمەنگە قارىتىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن

www.uyghurkitap.com

ئوق ياغدۇرماقتا. يۇرەكئالدى بولۇپ كەتكەن دۈشمەن چېرىكلە-
رى بېشى قايغان تەرەپكە قاچماقتا. بىر پەس قاتتىق ئوق ئاۋازى-
دىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئوق ئاۋازىمۇ بېسىلىپ، تاڭ ئېتىپ،
ئۇرۇش خارابىسى ئۈستىگە قۇياش نۇرى چۈشتى. تاڭ يورۇشى
بىلەن تەڭلا ئۇرۇش خارابىسى بايكۆل، پەنجىم ۋە ئەتراپ يېزى-
لاردىن كەلگەن كىشىلەر بىلەن تولدى. ئۇلارنىڭ بىرسى دادى-
سىنى ئىزدىسە، بىرسى بالىسىنى، ئاكا - ئىنى، ئانا - سىڭلى-
سىنى ئىزدەيتتى. گومىنداڭچىلار ھەيدەپ كىرىپ ئۆلتۈرگەن
بۇ كىشىلەرنىڭ جەسەتلىرى ئۆرۈلگەن تامنىڭ ئاستى، قۇدۇق-
لاردىن چىقىرىلدى. بۇرنى، پۇت - قولى، جان يېرى كېسىل-
گەن، قارنى يېرىلىپ ئۈچەيى - قارنى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى
ئويۇلۇپ، كۆكسىلىرى كېسىلىپ، ئىتلارغا تالانغان ۋە تىرىكلا
تامغا باستۇرۇلغان بولۇپ، يىغا - زار يۈرەكلەرنى ئېزەتتى.
«خەپ، — دەيتتى غەزىپى ئۆرلىگەن مەردان، — بۇ
ئىپلاسلار نەگىمۇ كەتكەندۇ؟» ئۇ كوماندىرى بىلەن بىرگە يۈ-
رۈپ، ئۆلگەن، يارىدار بولغان دۈشمەنلەرنى بىر - بىر-
لەپ كۆرۈپ چىقتى، ئەسىرگە چۈشكەن پولك باشلىقى باشلىق
320 نەپەر ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى ئايرىلاپ كۆرۈپ چىقتى.
بىراق، ئۇ ئىزدىگەن جاللات گۇ جۇجاڭ بىلەن ۋاڭ دوسا يوق
ئىدى.
«بۇ جاللاتلارنىڭ ئۆلۈكى قارنىڭ ئاستىدا قالدىمىكىن؟»
ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سالدى. بۇ ئىككى جاللاتقا ئاتاپ قويغان
ئىككى تال ئوق قولىغا چىقتى. ئايرىدورومغا قېچىپ كەتتىمۇيا؟
ئۇ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ سوئال سورايتتى. بايكۆل تەرەپتىن
ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ كىرگەن گو يىباۋ باتاليونى يىگىرمىگە
يېقىن دۈشمەننى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. مەردان خېلى يىراقتىنلا

شورۇنتاينى تونۇدى. ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا جىددىيلىشىپ ئىككى جاللاتنى تاپىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئۇ يانچۇقىدىكى ئىككى تال ئوقنى ئېلىپ «ئاپام ئۈچۈن، ئۆزۈم ئۈچۈن» دەپ ئاپتوماتقا باستى. ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى ئىككى رەت تىزلىنىپ كېتىۋا- تاتتى. مەردان «كىچىك ئىتنى» ئەللىك مېتىرچە ئارىلىقتىنلا تونۇدى. ئۇ ھەممىنىڭ كەينىدە كېتىۋاتاتتى.

— يـولـداش كـومـانـدىـر! دادام - ئاپامنى ئۆلتۈرگەن جاللات! — مەردان غەزىپى ئۆرلىگەنلىكىدىن ئۆزىنى باسالماي غال - غال تىترەپ كەتتى.

— تىنچ تۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈشۈڭ كېرەك يولداش مەردان ئەلپاتتايوپ، — كوماندىر مەردانىنى ئاگاھلاندۇردى. ئۇ قانداق بولسۇن ھەربىي ئىنتىزام بويىچە ئىش قىلىشى كېرەك. مەردان- نىڭ ۋارقىرىغۇسى، ئېتىلىپ بېرىپ جاللاتنىڭ پۇت - قول، قۇلاق - بۇرۇنلىرىنى چاناپ تۇرۇپ ئۇزۇۋەتكۇسى كېلەتتى. مانا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گۇ، ۋاڭ جاللاتلار بىلەن باتۇر ئانىنىڭ پولاتتەك سىماسى ئانىنىڭ «سەنلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشۈڭ ئاسان، بىراق جاۋاب بېرىشىڭ تەس» دېگەن قەيسىرانە، جاراڭ- لىق ساداسى مەردانىنىڭ يۈرىكىدە جاراڭلىماقتا. شورۇنتاي ئۇ- رۇش جىنايەتچىلىرى ئىچىدىن گۇ بىلەن ۋاڭنى يەلكىسىدىن تۇتقان پېتى سۆرەپ ئاچىقىپ توپنىڭ ئالدىدا تىزلاندۇرۇپ ئول- تۇرغۇزدى. گۇ بىلەن ۋاڭ ئورۇقلاپ، گۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق خورخور ئىتقا، ۋاڭ بولسا كونىراپ كەتكەن ئەسكى تاغار- غىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

— بۇ بالىنى تونۇمسەن؟ — سورىدى باتالىيون كوماندى- رى گو يىباۋ جاللاتلار ئالدىدا ئاپتومات تۇتۇپ تۇرغان مەردانىنى كۆرسىتىپ.

www.uyghurkitap.com

جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئاسان، ھېساب بېرىش تەس ئىدى. جاللاتلار بېشىنى يەردىن مىڭ تەستە كۆتۈردىيۇ، لېكىن ئاغزىدىن زۇۋان چىقىرىشقا مادارى يوق، بېشى لاسىسىدە چۈشۈپ كەتتى. فرونت ئۈستىدە بىر ـ بىرلەپ ھېساب ئېلىشقا ۋاقىت يوق ئىدى.

— گۈ جۇجاك! ۋاڭ دوسا! مەن مەردان، دادام پولات، ئاپام گۈلنار، سىلەر بىزنى ياخشى تونۇيسىلەر. دادامنى، ئاپامنى ۋە شۇ كۈنى تۈرمىدىكى تۇتقۇنلارنى قىرغان جىنايىتىڭنى ئىسماغول ئىككىمىز ئۆگزىدە تۇرۇپ كۆردۇق. دادام، ئاپام «يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى!» دەپ ئۆلۈم ئالدىدا شوئار توۋلىدى.

گۈ بىلەن ۋاڭنىڭ كۆز ئالدىدا شۇ پاجىئەلىك كېچىدىكى باشلىرى كېسىلگەن، قارنى يېرىلغان، پۇت ـ قوللىرى سۇنغان تۇتقۇنلارنىڭ غەزەپكە تولۇپ ئالايغان كۆزلىرى، غۇچۇرلىغان چىشلىرى، تۈرۈلگەن مۇشتلىرى، غەزەپ ـ نەپرەتلىرى بىلەن پىچاق ـ جادۇ، قىلىچ ـ چەيدو تۇتۇپ قوللىرى قانغا مىلەنگەن، كۆزلىرى قانغا تولغان جاللاتلارنىڭ ئەسلىي ھالىتى ئۆتۈۋاتاتتى. قانغا مىلەنگەن پىچاقنى يالاپ، غورت قىلىپ يۇتقان گۈ بىلەن ۋاڭ ھېساب ئالدىدا ئەقلىدىن ئېزىپ ۋارقىرايتتى، يىغلايتتى، كۈلەتتى. بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ خۇداغا چوقۇناتتى. «ھەممىنى قىلغان گاۋ سىلىڭ دېگەن قېرى، ئاناڭنى» دەپ ئىتتەك غىڭشىيتتى.

— گۈ، — دېدى مەردان پىچىرلاپ، گۈغا ئاتاپ بىر تال ئوقنى يانچۇققا سالدى ـ دە، «بىگۇناھ قۇربان بولغانلارنىڭ قىساسى ئۈچۈن» دېدى.

— يولداش ئەلپاتتايوپ تەييارلىنىڭ، — دېدى كوماندىر ئوسمانوپ.

مەردان ئىككى جاللاتنىڭ كەينىگە ئۆتتى. كوماندىر ئوڭ قول باشمالتىقى بىلەن مەردانغا كۆرسىتىپ دۈگىلەك چەمبىرەك سىزىق قىلىپ كۆرسەتتى. بۇ «ئۆلۈم جازا ھۆكمى ئىجرا قىلىنسۇن» دېگەن بۇيرۇق ئىدى.

— ئەل قىساسى مىنەل ھەق، ئاپام ئۇچۇن، ئۆزۈم ئۇچۇن، — مەردان ئىككى تال ئوق بىلەن ئىككى قاتىلنى دوم چۈشۈردى.

تەرەپ - تەرەپتىن توپلانغان جەڭچىلەر بۇگۈنكى غەلىبىنى تەبرىكلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكتە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا بىر توپ موللاقچى كەپتەر كۆك ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىشىپ غەلىبىنى تەبرىكلىگەندەك ئۇچۇپ يۈرەتتى.

5

چار پادىشاھ دەۋرىدە «پېرىم پادىشاھ» دەپ ھوقۇق تۇتۇپ، نام - ئابرۇيغا ئىگە بولغان ۋىلىباي يولداشوپ سالدۇرغان غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى بىرنەچچە يۇرۇش ئۆيلەر باشقا ئىمارەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. چوڭ كوچىغا قاراشلىق ئوتتۇرا دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان ئېگىزلىكى ئىككى مېتىرلىق ئىككى دانە شىر ھەيكىلى بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى، ياڭ زېڭشىڭ، جىن شۇرېن، شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە بۇ ئورۇن ھەربىي - مەمۇرىي مەھكىمە، دېۋىزىيە شتابلىرى بولۇپ، مەنچىڭ زامانىدىن تارتىپ گومىنداڭغىچە بولغان دەۋردە پۈتۈن ئىلى رايونىدىن تارتىپ بورتالاغىچە بولغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بېشىغا چۈشىدىغان

بالايىئاپەت، قىرغىنچىلىق مۇشۇ ھەربىي ـ مەمۇرىي مەھكىمە-
دىن چىقىپ، ئالتۇن، كۈمۈش، زىبۇ زىننەت، مال ـ مۈلۈك
مۇشۇ ئورۇنغا توپلىناتتى.

ۋاقىت ئۆتتى، ھازىر ئىنقىلابىي ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قو-
ماندانلىق شتابى قۇرۇلۇپ، يەنە مۇشۇ ئورۇنغا ئورۇنلىشىپ،
شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى، ئېگىلىكنى
قايتا تىكلەپ خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، مەدەنىيەت ـ
مائارىپ، سەھىيە، قاتناش ئىشلىرىنى يولغا قويۇش ئۈستىدە
قىزغىن مۇزاكىرە، سۆھبەتلەر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ.

ـــ يولداشلار! ـــ دەپ سۆزىنى باشلىدى پولك كوماندى-
رى ھاكىموپ قېيۇم چوڭ ئۈستەل ياقىلاپ ئولتۇرغان باتاليون،
روتا كوماندىرلىرىغا قاراپ باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۈگۈن
كېچە ئايرودرومدىكى دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ، غۇلجا شەھىرىنى
پۈتۈنلەي ئازاد قىلىش، گومىنداڭ ئۇرۇمچى دائىرىلىرىنىڭ
غۇلجا شەھىرىدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزۈش مەقسىتىدىكى قا-
رارىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، بۈگۈنكى جەڭدىكى ۋەزىپە ئۈستىدە
سۆزىنى داۋام قىلدى، ـــ بىز غۇلجا شەھەر ئەتراپىدىكى دۈش-
مەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يوقاتقان بولساقمۇ، لېكىن گاۋ
سىلىڭ، دۇ ۋالىي قوماندانلىق شتابى تېخى يوقىتىلمىدى. ئۇلار
بىر قىسىم ھەربىي كۈچ بىلەن ئايرودرومدا تۇرۇۋاتىدۇ. دې-
مەك، بىزنىڭ بۈگۈن كېچىدىكى جەڭدە ئاساسىي ۋەزىپىمىز
بىرىنچىدىن، گاۋ قوماندانلىقىدىكى دۈشمەننى يوقىتىپ، قوماند-
دانلىق شتابىنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىش؛ ئىككىنچىدىن، ئاي-
رودرومدا قامىلىپ ياتقان مىڭدىن ئارتۇق بىگۇناھ خەنزۇ قې-
رىنداشنى ساق ـ سالامەت قايتۇرۇپ چىقىش، شۇنداق بولغاندا
بىزنىڭ ئايرودرومنى ئازاد قىلىشىمىز ھەربىي ۋە سىياسىي

جەھەتتىن ئېيتقاندا، زور غەلىبە بولۇپ، ئەڭ چوڭ شەرەپلىك ئىشتۇر، ــ ھاكىموپ «شۇنداقتۇ» دېگەن مەنىدە ئۇلتۇرغان كوماندىرلارغا قارىدى، ئاندىن، ــ يولداش شتاب باشلىقى، سىز ئەھۋالنى تولۇق تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈڭ، ــ دېدى ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان پولك شتاب باشلىقى سادىروپنى تەكلىپ قىلىپ.

ــ يولداشلار! ــ دەپ سۆز باشلىدى شتاب باشلىقى، ــ بىزنىڭ پارتىزانلىرىمىز قۇربان بېرىشتىن قورقماي، باتۇرلۇق، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ دۈشمەنگە ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ئىككى كېچىدىكى جاپالىق جەڭدە لەنشاڭ، ھەرەمباغنى ئازاد قىلدۇق. مۇشۇ ئىككى ئورۇندىكى ئۇرۇشتا بىز گومىنداڭ قالدۇق قىسىملىرىدىن 210 دۈشمەننى يوقىتىپ، 170 دۈشمەننى ياربدار قىلدۇق. 450 ئەسىرگە چۈشۈپ، جەمئىي 830 دۈشمەن يوقىتىلدى، ئەسىر ئېلىندى. شۇنداقلا ئاشۇ ئىككى ئورۇندىن 1000 دانە مىلتىق، 40 دانە ئاپتومات، 10 دانە تاپانچا، 3 دانە زەمبىرەك، 7 دانە مىناميوت، 40 دانە گرانات، 5 دانە ماكسىمكا، 10 دانە دىكتاركا پىلىموت، 3000 دانە ھەرخىل ئوق غەنىيمەت ئېلىنىپ، يۇقرالاردىن 15 نەپەر ئەر ـ ئايال، ئوغۇل ـ قىز قۇتقۇزۇپ قېلىندى، ــ شتاب باشلىقى بۇ كېچىدىكى جاپالىق ئۇرۇشتا قۇددۇس قاتارلىق جەڭچىلەرنىڭ باتۇرلۇقىنى مەدھىيىلىگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ يۇقىرىقى غەلىبىلەر بەدىلىگە بىز بەراخونوپ ئېلى ئەكبەر، باۋۇدونوپ تۇرسۇن، ئىبراھىموپ توختى قاتارلىق ئون نەپەر مۇنەۋۋەر سەپدىشىمىزدىن ئايرىلدۇق.

ئۈچ مىنۇت سۈكۈتتىن كېيىن:

ــ يولداشلار! ــ دەپ سۆز باشلىدى شتاب باشلىقى

سادىروپ، — بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە، ئايرودرومدا ئەسلىي بارى 1300 نەپەر دۈشمەن ئەسكىرىي كۆچى بىلەن 600 نەپەر ئەتراپىدا تۇتۇپ تۇرۇلغان خەلق بار ئىدى. ھازىر لەنشاڭ، ھەرەمباغدىن قېچىپ بارغان 900 گە يېقىن قورچاق ئەسكىرى بىلەن 210 پۇقرا بولۇپ، ئايرودورومدا قورچاق ئەسكىرى 2000 نەپەر، پۇقرا 800 ئەتراپىدا. قورال جەھەتتىن، مىلتىق، ئاپتوماتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، 28 دانە ماكسىمكا، 14 دانە دىكتاركا، 20 مىناميوت، يەتتە دانە چوڭ ـ كىچىك زەمبىرەك بار، ئوق زاپىسى بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا، يەتتە دانە ساماليوت بولسىمۇ، ساماليوتلار بىز تەرەپتىن سۇ قۇيۇلۇپ توڭلىتىۋېتىلگەن، شۇڭا قېچىپ كېتىش ئىمكانىيىتى يوق دېيىشكە بولىدۇ؛ — شتاب باشلىقى دۈشمەن تەرەپ بىلەن ئۆز كۈچىنى سېلىشتۇرۇپ كېلىپ مۇنداق دېدى، — دېمەك، گاۋ سىلىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردە بىرقانچە قېتىم چوڭ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ خىزمەتمۇ كۆرسەتكەن، ئىناۋەت تەسىرى بار گېنېرال، ئۇنىڭ قولىدىكى ئىككى مىڭغا يېقىن ھەربىي كۈچ ئاز كۈچ ئەمەس. شۇڭا، قامىلىپ قالغان ئىت جان ـ جەھلى بىلەن ئېتىلغاندەك، ئىزا ـ نومۇس، نام ـ ئابرۇيى ئۈچۈن بولسىمۇ بىز بىلەن ئۆلگۈچە قارشىلىشىشى مۇمكىن. بىراق، شۇنچىلىك دۈشمەن ئالىقاندەك يەرگىلا تىقىلىپ قالدى. «ئۆي مۈشۈكى تالا مۈشۈكىنى پاتۇرمىغاندەك»، قېچىپ بارغانلار بىلەن ئەسلىي بارلىرى تاماق، ياتاق تالىشىپ، ئىككى تەرەپتىن بىرقانچىسى ئۆلۈپتۇ. ئاچلىقتىنمۇ توڭلاپ ھەركۈنى قانچىسى ئۆلىدىكەن. ئىككى كۈندىن بېرى ئەسىرگە چۈشكەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئاشلىق زاپىسى تۈگەپ، ئەسكەرلەرگە كۈنىگە 50 گرام، پۇقرالارغا 25 گرام قوناق مومىسى بېرىلىدىكەن. دې-

مەك، ئەسكەرلەر روھىي جەھەتتىن ئۆلگەن ۋە بىر قىسمى بىزنىڭ زەربىمىزنىڭ تەمىنى تېتىغان، ئۇلار ھامان قورققان خوراز ئارقىسىغا قاراشقا پېتىنالمىغاندەك، ئۆز كۈچىگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. — دېدى ھەم بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، — كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، قەھرىتان سوغۇق، ئاچ-يالىڭاچلىق 800 ئەتراپىدىكى خەنزۇ قېرىندىشىمىزنى ھاياتىدىن ئايرىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەسئۇلىيىتىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار. گومىنداڭ قىسىملىرىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى يالالىما ۋە مەجبۇرىي قوبۇل قىلىنغان، بۇلارنىمۇ ئاچلىق، رەھىمسىز سوغۇق ھاياتىدىن ئايرىش ئۈستىدە، بىز قانداق بولسۇن، ئىنسانپەرۋەرلىك يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىپ، چىقىش يولى بېرىشىمىز كېرەك.

شتاب باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن كوماندىرلار ئىچىدە غۇلغۇلا باشلىنىپ، ھەرقايسىسى ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتىشتى. پولك باشلىقى بىلەن شتاب باشلىقىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەندىن باشقا، ھۇجۇم قىلىش پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

— مەن پولك كوماندىرى بىلەن شتاب باشلىقىنىڭ قارارىغا قوشۇلىمەن. يولداش شتاب باشلىقى دېگەندەك، ۋاقىت قىس، دۈشمەن دائىرىلىرى بىزنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ، — دېدى باتالىيون كوماندىرى ئوسمانوپ، — ھازىر ئايرودرومىدىكى قالدۇق دۈشمەنلەر سان ۋە ئەمەلىي كۈچتە ۋاقىتىنچە بىزدىن ئۈستۈن تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار روھىي جەھەتتىن ئۆلگەن، غەلىبە قىلىش، قىسقىسى ھايات قېلىش ئۈمىدى يوق. زەربە يېگەن كۈچىنى تولۇقلىيالمايدۇ. ئىچكى جەھەتتە بۆلۈنگەن. ئەكسىچە

بىزدە بولسا، جەڭچىلىرىمىزنىڭ روھى ئۈستۈن، غەلىبە قىلىش ئىشەنچى تولۇق، كىم ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشنى بىلىدۇ. ئۇسمانوپ تامدا ئېسىقلىق تۇرغان ئايرودروم خەرىتىسى ئالدىغا چىقىپ كۆرسەتكۈچ تاياقنى قولىغا ئېلىپ خەرىتىنى كۆرسىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — مانا بۇ ئايروپىلان ئىستانسىسى، شەرق تەرىپى پەنجىم، شىمالىي تەرىپى ئاقئۆستەڭ، غەرب تەرىپى تاللىق، جەنۇبىي تەرىپى ئالتۇنلۇق بولۇپ، دۈشمەن 1209 مېتىر ئارىلىق قالدۇرۇپ، ھەر تەرەپتە ئۈچتىن توققۇز، ئەمەلىيەتتە سەككىز پوتەي ياسىغان، ئېگىزلىكى سەككىز مېتىر ئەتراپىدا، ئىككى قەۋەت، يىراقتا زەربە بېرەلەيدۇ. شۇڭا ھەر بىر پوتەيگە بىر ماكسىمكا، بىر دىكتاركا پىلىموت ئورۇنلاشتۇرۇلغان. پوتەيلەر بىر - بىرسى بىلەن ماسلىشالايدۇ، ئىككىنچى ئەھۋال، ھەر ئىككى پوتەي ئارىلىقىغا بىر مېتىر ئېگىزلىكتە يەر ئاستى پوتەي ياسالغان بولۇپ، سەككىز پوتەيگە بىردىن ماكسىمكا، بىردىن دىكتاركا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، پوتەيلەر يەر ئاستى يولى بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان. مىلتىق، ئاپتومات تۇتقان دۈشمەنلەر ئاشۇ ئايلانما ئاكوپلاردا تۇرۇپ قارشىلىق كۆرسىتىدۇ، — ئۇسمانوپ چۈشىنىشلىك بولدىمۇ دېگەندەك قىلىپ، كوماندىرغا قارىدى - دە، سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۈچ قۇر سىم توسۇق بىلەن ئورالغان بولۇپ، دۈشمەن يەر ئاستى يولى ئارقىلىق توسۇقتىن چىقىپ، يۈز مېتىر ئارىلىقتا مەخپىي پوست ئورنىتىدۇ، — ئۇ سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خەرىتىنى كۆرسەتتى، — بىزنىڭ رازۋېدكىمىز بۇنىڭدىن بەش كۈن بۇرۇن، جەنۇبتا مۇشۇ ئىككى ئورۇندا، شەرقتە بۇ ئىككى ئورۇندا ئۇلارنىڭ ئىككىدىن سەككىز مەخپىي پوستىنى بايقىغان.

— پىكىرىڭىزنى داۋام قىلىڭ، — دېدى كوماندىر



www.uyghurkitap.com

ھاكىموپ.

— بىز، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئوسمانوپ، — يەنىلا بۇرۇنقى ئۇسۇل بويىچە «قامىلىپ قالغان ئىت» قا قېچىپ چىقىش يولى بېرىپ، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى ئۆزۈرسىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، ئاندىن ئالدىدىن توسۇۋېلىپ زەربە بەرسەك دەيمەن. شۇنداق بولغاندا بىزنىڭ بىر باتالىيونىمىز جەنۇبتىن، ئىككى باتالىيونىمىز شەرق - غەربتىن ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى شىمالىي پىلچى غولىغا قېچىشقا مەجبۇرلىساق، دۈشمەن قاچقان زامان جەنۇبتىن ھۇجۇم قىلغان باتالىيون بېسىپ كىرسە شەرق - غەربتىكى ئىككى باتالىيون شىمالغا قاراپ سىلجىپ دۈشمەننى ئوڭ - سولدىن قىسىپ، غول ئىچىگە مېڭىشقا قىستايدۇ. بۇنداق بولغاندا، دۈشمەنلەر ئەتراپ يېزىدىكى خەلققە چېقىلالمايدۇ. بىر باتالىيون پىلچى غولى ئىچىدە دۈشمەننىڭ ئالدىنى توسۇپ كەينىگە قايتۇرىدۇ - دە، ئوڭ - سولدىن قىسىپ بارغان ئىككى باتالىيون بىرلىشىپ دۈشمەننى قورشاۋغا ئالىدۇ. بۇ ئەھۋالدا دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا مەجبۇرلىيالايمىز. يەنە بىر پىكرىم، — دېدى ئوسمانوپ ئىلتىماس تەلەپپۇزىدا، — دۈشمەننىڭ ئىستىھكامى كۆچلۈك، شۇڭا ئېغىر چىقىمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھۇجۇمغا بىراقلا تورلىنىپ ئۆتۈشتىن ساقلىنىش كېرەك. ئەگەر دۈشمەنلەر سېزىپ قالغان ئەھۋالدا ئۇلارنى ئالداش بىلەن ئوقىنى ئۈپرىتىپ تۈگىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئەتراپتىكى يېزا خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، قىقاس، ھۇررا ئارقىلىق بىزنىڭ ھۇجۇمىمىزغا ئارقىدا تۇرۇپ ماسلاشتۇرساق. ئۇرۇشتا «بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن سۆز بارغۇ.

ئوسمانوپنىڭ سۆزىدىن كېيىن بىر پەس غۇلغۇلا بولۇپ

كوماندىرلارنىڭ بەزىلىرى قوشۇلدى، بەزىلىرى قىسمەن قوشۇمـ
چە قىلدى. پىكىرلەر ئاياغلىشىپ كوماندىرلار پولك كوماندىرى
بىلەن شتاب باشلىقىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈشتى. پولك كوماندىـ
رى هاكىموپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالماق قەدەم بىلەن تامدىكى
خەرىتىگە بېرىپ كۆرسەتكۈچ تاياقنى ئالدى. دىققەت قىلىڭلار
دېگەن مەنىدە كوماندىرلارغا قارىدى ــ دە:
ــ يولداش ئابلايوپ، ــ دېدى.
ــ بار! ــ باتاليون كوماندىرى ئابلايوپ ئورنىدىن تۇـ
رۇپ تامدىكى خەرىتىگە قارىدى.
ــ سىزنىڭ باتاليونىڭىز ھەرەمباغدىن چىقىپ ئايرودرومـ
نىڭ شەرق تەرىپىگە ئۆتۈپ پەنجىم خەلقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ
شەرق تەرەپتىن ھۇجۇمنى شەكىللەندۈرىسىز، لېكىن ئاساسىي
نىشان، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى مۇنۇ بىرىنچى نومۇرلۇق
بۇرجەكتىكى پوتەي بولۇپ، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمنى پۈتۈنلەي
ئۆزىڭىزگە تارتىسىز. دۈشمەن قاچقان ھامان شىمالغا قاراپ
سىلجىپ، قاچقان دۈشمەننى پىلىچى غولىغا قارىتىپ ماڭغۇزىـ
سىز. يولداش تۇرسۇنوپ، سىز نوغايتو خەلقىنى ھەرىكەتكە
كەلتۈرۈپ، دۈشمەننىڭ غەربىدىن ھۇجۇم قىلىسىز. ھۇجۇمـ
نىڭ ئاساسىي نىشانى مانا بۇ غەربىي جەنۇبتىكى بۇرجەكتىكى
پوتەي بولۇپ، دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى سىلەرگە قارىتىلىدۇ.
دۈشمەن قاچقان زامان سىزمۇ قاچقان دۈشمەننى غەربتىن قىـ
سىپ پىلىچى غولىغا كىرگۈزىسىز، بۇنىڭدا شەرق ۋە غەربتە
بىزدە قۇربان بېرىش بولمايدۇ. يولداش ئوسمانوپ، سىزنىڭ
باتاليونىڭىز مانا بۇ جەنۇبتىكى ئىككى يەر ئاستى پوتىيى بىلەن
چوڭ بىر پوتەي، يەنى ئالتە دانە پىلىموتقا قارىتا ھۇجۇم قىـ
لىپ، بۆسۈپ كىرىپ دۈشمەننى ئۆۋىسىدىن قوغلاپ چىقىرىـ

سىز. بۇنىڭدا ئەھۋال ئېغىر، قۇربان بېرىشمۇ بولىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى تۈرلۈك ئىمكانىيەت بار: بىرىنچىسى، تۆيدۇرماي بېرىپ پوتەينى پارتلىتىش، يەنە بىرسى، بايىقى سىز دېگەن يوشۇرۇن پوست يولىنى قولغا چۈشۈرۈش. بىز ئىمكان بار قۇربان بەر-مەسلىكىمىز كېرەك، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، يولداش كوماندىر، سىز دېگەن ھەر ئىككى ئىمكانىيەتنى قولغا چۈشۈرۈشكە تىرىشىمىز.

— رەھمەت سىزگە، سىزگە قوماندانلىق شتابىمۇ ئىشە-نىدۇ.

— يولداش شاۋدىنوپ، سىزنىڭ باتالىيونىڭىز پىلچى غو-لى قارىياغاچلىق ئاستىدا تۇرۇپ قاچىدىغان دۈشمەننى ئالدىن توسۇيسىز - دە، دۈشمەننى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەپ ئادەم ئەۋە-تىسىلەر. بارىدىغان ۋەكىللەرنى يولداش ئابلايوپ بەلگىلەيدۇ. ئۇلار قوماندانلىق شتابىنىڭ خېتىنى ئاپىرىدۇ. ھۇجۇم ۋاقتى 30 - فېۋرال كېچە سائەت بىر بولىدۇ. پولك قوماندانلىق ئورنى ئالتۇنلۇقتىكى تاللىقتا بولىدۇ. ئۇقۇشلۇق بولدىمۇ؟ — ھاكىموپ كوماندىرلارغا قارىدى - دە، — سىزدە يەنە قانداق تاپشۇرۇق بار؟ — دېدى شتاب باشلىقىغا قاراپ.

— يولداشلار! بۇ قېتىمقى ئۇرۇش ئەھۋالى ئۆتكەندىكىگە قارىغاندا ئېغىر ۋە مۇشكۈل. بىز گومىنداڭنىڭ ئالدىمىزدىكى جەنۇب تەرەپتە يەتتە ۋىلايەت، شىمالدىكى ئۈرۈمچى، ئالتاي، تارباغاتايدا خەلق ئۈستىدە يۈگۈرۈۋاتقان قىرغىنچىلىقىنى ئويلى-غىنىمدا، بىر مىنۇتمۇ كېچىكىپ تۇرالمايمىز. بىز ۋەتەنگە، خەلققە ئۆزىمىزنىڭ ھېسسىياتىنى بېغىشلاپ قولىمىزغا قورال ئالغاندۇق، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ. يولداشلار دىققەت قىلىدى-غان بىر ئىش، — شتاب باشلىقى سادىروپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا

كوماندىرلارنى ئاگاھلاندۇردى، — گاۋ سىلىڭ بىلەن دۇ ۋاللىي ھازىر ئايرودرومدا، بۇ ئىككىسىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەردە بۇ ئىككىسى تىرىك قولغا چۈشسە، بىزنىڭ ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى غەلىبىمىز تېخىمۇ چوڭ بولىدۇ. چۈشىنىشلىكمۇ؟

كوماندىرلار بىر - بىرسى بىلەن قول ئېلىشىپ «غەلىبە بىلەن كۆرۈشەيلى» دېيىشىپ، خوشلىشىپ چىقىشتى.

شتاب خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدە يېشى قىرىقلارغا تاقاپ قالغان، بۇرۇتلۇق، ئۇچىسىغا ھەربىي كىيىم كىيگەن كىشى كېچىدىكى ئۇرۇش غەلىبىسى بېسىلغان گېزىتنى ئوقۇپ بېشىنى ئۈستەلدىن كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى.

— سالام! — دېدى بۆلۈمگە كىرگەن مەردان چاس بېرىپ، ھەربىي قائىدە بويىچە تىك تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

— سالام! — بۇرۇتلۇق كىشى جاۋاب قايتۇرۇش بىلەن تەڭ مەردانىنىڭ باش - ئايىغىغا سەپسېلىپ قارىدى - دە:

— ھە كىچىك جەڭچى، بىرەر ئىشىڭ بارمىدى ياكى بىرەرسىنى ساقلامسەن؟ — دېدى.

— ياق، ياق، مەن كوماندىر ئوسمانوپنى ساقلايمەن. سىز ئۇنى تونۇيدىغانسىز، ئاجايىپ كوماندىر - دە، — مەردان ئۈستەل يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— ھە، ھە، ھە، تونۇيمەن، ئوسمانوپنى پۈتۈن قوماندانلىق شتابىمۇ تونۇيدۇ، بۇ گەپچە، ياش جەڭچى يىگىت، سەن ئوسمانوپنىڭ ئادىيوتانتى ئوخشايسەن، قارا، ئاخشامقى ئۇرۇشتا سىلەرنىڭ باتالىيونىڭلارنىڭ ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىڭلارنى بۈگۈنكى گېزىتكە بېسىپتۇ. ھەي، ھەي، ھەي، ئەگەردە كېچىدىكى جەڭدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلەرنى رەسىملىرى بى-

لەن باسقان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى، ئامال قانچە، — بۇرۇتلۇق كىشى ئېغىر تىن ئېلىپ ئۆكۈندى.

— شۇنداق، شۇنداق، كېچىدىكى ئۇرۇشتا دۇشمەننىڭ پوتىيىنى پارتلاتقانلىقىمىزنى دېمەمسىز، ھۇجۇم قىلغاندا كوماندىر تىك تۇرۇپ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوققا قاراپ ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈردى. ئۇتتۇر كېلىۋاتقان دۇشمەننىڭ ئوقلىرى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتكەندەك قىلىدۇ. «قورالنى تاشلا» دەپ ۋارقىرىسا، دۇشمەننىڭ قولى تىترەپ قورالى يەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. مەن ئۇسمانوپتەك باتۇرنى كۆرمىدىم. ھەرقانچە بولسا شۇنچىلىك بولار، يۈرىكى قازاندە قازان، — مەردان كوماندىرنى يەنىمۇ ماختىماقچى ئىدى، بىراق لايىق ھەربىي ئاتالغۇلارنى تاپالمىدى.

— ھە، ھە، ھە، مۇنداق دېگىن، شۇنداق قىلىپ سەندىمۇ ئۇرۇشتا بوپسەن - دە؟ — قىزىقىپ سورىدى بۇرۇتلۇق كىشى.

— بولمايچۇ، ئۇرۇشتا بولمىسا ئەسكەر بولامدۇ. لەنشاڭ، ھەرنەمباغدىكى ھۇجۇملارنى دېمەمسىز، ئادەمنىڭ كۆلگۈسىنى كەلتۈرۈپ، چېرىكلەر دوڭغىيىۋېلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايدۇ. شۇلارمۇ ئەسكەر بولۇپ، قورال تۇتۇپ بىزنىڭ قېنىمىزنى شوراپ كەلسە خوپ دەپ يۈرۈپتۇق، تېخى ئۇلارنىڭ قاچقىنىنى، ئۆلگىنىنى دېمەمسىز.

— بۇ گەپچە يىگىت، قاچقان دۈشمەننى راسا قىرىپسەن - دە؟ — چاقچاق ئارىلاش كۈلدى بۇرۇتلۇق كىشى.

— شۇنداق، بىز بېسىپ كىرگەندىن كېيىن دۈشمەنلەر قاچىدۇ - دە، — دېدى مەردان.

— يارايسەن يىگىت، يارايسەن، جەڭچىلىرىمىز باتۇرلۇق

بىلەن بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلار قاچىدۇ. ئۇ قورقۇنچاق «باتۇرلار» بىزنى ئوقۇتماي، بىزنىڭ بىلىمسىزلىكىمىزدىن، ئاڭسىزلىقىمىزدىن، نادانلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ ھۆكۈم سۈرۈپ ئەزگەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى مەردان.

— تونۇشۇپ قويايلى، پات - پات كېلىپ تۇرغىن، ئىسمىم ئالىم خوجايوپ، — دېدى بورۇتلۇق كىشى.

— مېنىڭ مەردان ئەلپاتتايوپ.

ئۇلار قول ئېلىشىپ خوشلاشتى، خوجايوپ تالاغا ئۇزىتىپ چىقتى.

— ئۆزۈڭ ياش بولساڭمۇ چوڭ قازاندا قورۇلۇپ پىشقاندەك كۆرۈنىسەن، خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسۇن، — ئاق يول تىلىدى خوجايوپ.

## 6

شىنجاڭغا ئون يىل قانلىق ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن شېڭ شىسەي ئىچكى ئۆلكىگە يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن، شىنجاڭغا رەئىس بولۇپ تەيىنلەنگەن ۋۇ جىڭشىن ئۆز يۈرتداشلىرى، شۇنداقلا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولۇپ بىر مۇنچە پارتىيە، ئارمىيە، مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى بىرگە ئەكەلگەنىدى. ۋۇ جىڭشىندىن ئىبارەت بۇ قېرى تۈلكە شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن «ئۆكۈز ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ توشقان ئېلىش» نەيرىڭىنى ئىشلىتىپ، كۆرۈنۈشتە ئاز - تولا ياخشى ئىش قىلغان بولۇپ، خەلقنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئۇ قۇرغان قاپقانغا دەسسىمەي،



www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرى تاللىغان يول ـ مەقسەت بويىچە ئىش قىلىشتى. ۋۇ-
جۇڭشىن غۇلجا شەھىرىگە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ھەربىي قوماندانى
ۋە پەۋقۇلئاددە ۋەكىل سۇپىتىدە ئۆزى بىللە ئەكەلگەن گاۋنى
سىلىك قىلىپ ئەۋەتتى. گېنېرال مايور گاۋ سىلىك ئىچكى
ئۆلكىلەردە بىرقانچە يىل ئۇرۇشلاردا بولغان، جياڭ جيېشىنىڭ
ياپونغا قارشى پاسسىپ پوزىتسىيىسى، كوممۇنىستلارغا قارشى
ئاكتىپ پوزىتسىيىسى بويىچە ئۇرۇش قىلىپ، ياپونغا قارشى
ئۇرۇشتا ئاكتىپ چېكىنىش بىلەن «ئۇچراشماسلىق» تاكتىكى-
سىنى قوللىنىپ، ئەسكىرىي كۈچى ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىما-
غان، ئەمما قىزىل ئارمىيىگە قارشى ئۇرۇشتا ئەسكىرىي كۈچى
زىيانغا ئۇچراپ، ئۈنتۈلغۇسىز دەككىسىنى يېگەن بولسىمۇ،
ئاكتىپ قارشى تۇرغانلىق سەۋەبىدىن جياڭ جيېشى تەرىپىدىن
بىرقانچە قېتىم ئوردېن ۋە مېدال بىلەن مۇكاپاتلانغانىدى. ئۇ
غۇلجا شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن، ئىلى ۋادىسىنىڭ تاغ ـ
ئېدىرلىرىدىن، ئېرىق ـ ئۆستەڭلىرىدىن ئېقىۋاتقان «ماي» دەك
بايلىقلىرىنى كۆرگىنىدە ئاغزى ئوچۇقلا قالدى ـ دە، ئالتۇن،
كۈمۈش، زىبۇزىننەتلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن، ئۆزىگە ۋە ئايالىغا
ئاتاپ شاخەيدىن ئالاھىدە ماتېرىياللاردا ياسالغان چامادان، ساند-
دۇقلارنى ئەكەلدۈرگەنىدى.
«بۇ ياۋايى ھايۋانلار نېمىدىن تۆرەلگەن، يە قورقۇش،
چېكىنىش دېگەننى بىلمەيدۇ، نە ئوق تېگىپ ئۆلگىنى يوق.
ئالتە ئوغرى، خەپ ئالتە ئوغرى، سەن ئالتە ئوغرى يىگىرمە
ئىككى كۈن ئىچىدە يەتتە يۈز ئاتمىش ئەسكىرىمنى ئۆلتۈرۈپ
قورالىنى بۇلاپ كەتتىڭ، ئون مىڭ، يىگىرمە مىڭ دانە ئوق
ئېتىلىپ بولدى. يەنىلا ئالتە ئوغرى، ئالتە، خەپ، ئەكبەر،
پاتىخ، غېنى، سەن ئوغرىلار قولۇمغا چۈشسەڭ، يۈرىكىڭنى

تىرىك تۇرغۇزۇپ ئېلىپ خام پىتى يەپ، مېڭەڭنى هاراققا
چىلاپ ئىچىمەن.» گاۋ سىلىڭ ئەلەم ئىچىدە ھەسرەتلىنىۋاتتى،
قايناۋاتتى. ئۇ غۇلجىغا مېڭىش ئالدىدا ۋۇجۇشى بىلەن شتاب
باشلىقى سۇڭ گېنېرال ئالدىدا ئوغرىلارنىڭ يۈرىكى بىلەن مې-
ڭىسىنى هاراققا چىلاپ ئالاھىدە سوۋغا سۇپىتىدە ئەۋەتىشكە
ۋەدىمۇ قىلىغانىدى. ھەسرەت، پۇشايمان، ئالتە ئوغرى ئاتالمىش
ياۋايىلاردىن مەغلۇپ بولۇش، گېنېرال ئۈچۈن ئۆلۈم ئىدى.
گېنېرال گاۋ سىلىڭ بۇنىڭدىن بىر ھەپتە بۇرۇن ئۈرۈمچى
باش سەنمۇبۇسىدىن بىر مەخپىي تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋالدى،
تېلېگراممىدا: «بۇ قېتىم سىزلەرگە ياردەمگە تۆت مىڭ كىشى-
لىك مۇنتىزىم قوشۇن ئەۋەتىلدى. دۆلەت ئاتىمىز جياڭ ۋېي-
يۈەنجاڭ ئالىيلىرى سىزنىڭ ئىلى ئوغرىلىرىنى يوقىتىشتا با-
تۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، هازىرغىچە باش ئەگمەي پۇت
تىرەپ تۇرالىغان ئالىيجاناب ئىرادىڭىزدىن مەمنۇن بولۇپ، ئور-
دېن بىلەن تەقدىرلەش بىلەن بىرگە، پۈتۈن ئوغرىلارنى يوقى-
تىش قوماندانلىق شتابىنىڭ باش قوماندانلىق ۋە ئىلى ۋىلايىتى-
نىڭ مەمۇرىي ۋالىيلىق ئەمىلىنى سىزگە بەردى. دۆلەت ئاتى-
مىزنىڭ ۋە باش سەنمۇبۇنىڭ بۇنداق ئالىيجاناب غەمخورلۇقى ۋە
ئاتىدارچىلىقىنىڭ تەلىپىدىن تولۇق چىقىدۇ دەپ سىزگە ئىشى-
نىمىز، سىزگە ئالىي ھۆرمەت ۋە بەخت، غەلىبە، شان -
شەرەپ تىلەيمىز. گېنېرال بىلەن گاۋ خېنىم» دېيىلگەنىدى.
باش سەنمۇبۇنىڭ بۇ تېلېگراممىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئىد-
شەنسۇن - ئىشەنمىسۇن، ئۈچكەن ئۈمىد - يۇلتۇزلىرى قايتى-
دىن غۇۋالىشىپ يورۇغاندەك بولدى - دە، ئەر - خوتۇن ئىككى-
سى خۇشاللىقىدىنمۇ ئىشقىلىپ مارتىلدىشىپ يىغلاشتى، «ئال-
تۇن، كۈمۈش، زىبۇزىنىنەت سېلىنغان چامادان، ساندۇقلارنىڭ



www.uyghurkitap.com

بوش قالغان يېرى توشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

گېنېرال شۇ كېچىسىلا سابىق ۋالىي باشلىق باتاليوندىن
يۇقىرى ھەربىي ئەمەلدارلارنى چاقىرىپ، تېلېگراممىنى يەتكۈ-
زۇش بىلەن خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرماقچى بولدى. مەجلىسكە
قاتنىشالايدىغانلار كېلىپ ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن:

— ۋالىي جانابلىرى، ئالدى بىلەن تۆت ئېغىز بىر نەرسە
دەپ بېرەرسىز؟ — دېدى. ئەمما «ئەمدى سەن قېرىنىڭ ئى-
شىڭمۇ تۈگىدى. گۆەنسەينى ياسىتىپ تەييارلاشتىن باشقا نېمە
ئىشىڭ بار» دېمەكچى بولغان سۆزىنى دېمىدى. جاللات شېڭ
شىسەي ئىلى ۋىلايىتىگە يەتتە يىل ۋالىي، قوشۇمچە ھەربىي
باشلىق بولۇپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ، سە-
ھىيە، قاتناش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، خەلقىنىڭ تۇرمۇشى-
نى ياخشىلاشتا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان تەرەققىيپەرۋەر ياۋ-
شۇننى «خائىن» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئالغاندىن كېيىن،
يۇرتدىشى دۇنى ۋالىي قىلىپ ئىلىغا ئەۋەتكەنىدى. دۇ شېڭ
شىسەينىڭ غۇلجىدىكى قولچومىقى بولۇپ، لىۇ بىندى بىلەن بىر
جاڭگالنىڭ بۆرىلىرىدىن ئىدى. شېڭ شىسەي كېتىپ ھازىر ئۇ
ئىگىسىز ئىت بولۇپ قالغانىدى.

— جانابىي گېنېرال! بۇگۇنكى يىغىندا ئاساسلىقى ھەر-
بىي ئىشلار قارالغاچقا، سۆز سىزدىن بولسۇن، — دېدى دۇ
ۋالىي. ئۇ ئىچىدە: «مەنغۇ قورالسىز ھۆكۇمران، نەچچە مىڭ
كىشىلىك ئەسكىرىڭ تۇرۇپ، ئالتە توكتوك ئوغرىغا تەڭ كېلەل-
مەي نەچچە يۈز ئەسكىرىڭنى يوقاتتىڭ. ئۇرۇشقا قوماندانلىق
قىلىمەن دېگۇچە، ئاستا بېرىپ ئېشىكىڭنى باقساڭچۇ قاپاق
باش» دېمەكتە ئىدى. يىغىن تاپا - تەنىدە باشلاندى.

— دۆي[1] ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى گېنېرال گومىنداڭ ئەمەلدارلىرىغا خاس «دۆي» ئىپادىسى بىلەن. ئۇ بۈگۈنكى يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى ئۈستىدە قىسقىچە سۆزلىگەندىن كېيىن، شتاب باشلىقى ئالدى بىلەن تېلېگراممىنى ئوقۇماقچى بولدى.

گېنېرال سېرىق مۇت ئىشتان ـ چاپان كىيىپ، ئالتە دانە ئوردېن ـ مېدال تاقاپ، تامدىكى ياغاق باش جياڭ جيېشىنىڭ رەسىمى ئالدىدا باشقىلاردىن ئىككى قەدەم ئالدىدا تىك تۇراتتى. شتاب باشلىقى تېلېگراممىنى ئوقۇپ يېرىمىغا كەلگەندە، چېچىغا ئاق كىرگەن ئېگىز پولك كوماندىرى مىچىلداپ يىغلىدى ـ دە، ئاخىرىدا ئۆزىنى باسالماي، «تەخەي ھاڭرىغان» دەك ئۈن سېلىپ يىغلىدى. بۇ كوماندىرنىڭ يىغىسىدىن جياڭ جيېشىنىڭ تېلېگراممىسىدىكى مەزمۇنىنىڭ ھاياتلىقتىن كۆرە ئۆلۈم يولى ئىكەنلىكى كوماندىرغا ئېنىق ئىدى.

— گېنېرال ئەپەندى، مەن قايتسام بولارمىكىن؟ — سورىدى دۇ ۋالىي ئەمدى ئۆزىنىڭ ئوشۇقچە ئادەملىكىنى سەزگەندىن كېيىن ئىچىدە: «سەن موزايۋېشى ئاسقاق ـ چولاق ئەرۋاھلارغا قوماندان بولارسەن، ئىلاھىم» دېدى.

— جانابىي ۋالىي، ئىختىيار ئۆزىڭىزدە؟ — گېنېرال شۇنداق دېگىنى بىلەن ئىچىدە «ئەمدى قوشقۇنغا پوق قىسىلغاندەك قىسىلمىساڭمۇ بولىدىغۇ» دەپ ئويلاپ ھۇرپەيدى. ۋالىي بىلەن گېنېرالنىڭ كۇنداشلىقى شۇنىڭ بىلەن ئاياغلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن گاۋ سىلىڭ ئىككىدىن ئالتە نەپەر پولك كوماندىرىنى ئېپقېلىپ، ئۆزى ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ تۈزگەن ئوغرىلارنى يوقىتىش ئۇرۇش پىلانىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، لەن-

[1] «توغرا» دېگەن مەنىدە

شاڭ، ھەرەمباغ، ئايردورومنىڭ مۇداپىئەسىنى قانداق ساقلاپ
تۇرۇش، تۆت مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قانداق ماسلىشىش بىلەن
ئىلى رايونىدىن ئوغرىلارنى قايتۇرما ھۇجۇم بىلەن يوقاتقاندىن
كېيىن، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان خەلقنى رەھىم
قىلماي قىرىپ قىساس ئېلىپ، خەلقنىڭ يۈرىكىنى ئەبەدىي باش
كۆتۈرمەس قىلىپ مۇجۇش، ئادەتتىكى چېرىكتىن تارتىپ گېنې-
رالغىچە خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاش، قاماش، ئۆلتۈرۈش،
ئاياللارنى ھاقارەت قىلىپ، ئاياغ ئاستى قىلىش ھوقۇقىنى بې-
رىشكە ئوخشاش ئىشلارنى كونكرېت قىلىپ تاپشۇرغاندىن كې-
يىن، گېنېرال ئىشنىڭ باشلىنىشى قىلىپ ھەربىرسىگە ئىككى
دانە تىللا، بەش دانە كۈمۈش، بىردىن تۈلكە تېرىسى سوۋغا
قىلىپ، ئۇلارغا ئوغرىلارنى يوقاتقاندىن كېيىن بېرىدىغان ھەر-
بىي ۋە مەمۇرىي ھوقۇقلار ھەققىدە، جياڭ جيېشىغا نامى بىلەن
قەسەم ئىچىپ ۋەدە بەردى. شۇنداقلا ھەربىرى ئىسمىنى ئاتاپ
خىزمەتكە بەلگىلىگەندىن كېيىن، ھەممىسى بىرلىكتە جياڭ
جيېشىغا مەڭگۈ سادىق بولۇپ، بىر تامچە قېنى قالغۇچە ئۇرۇش
قىلىدىغانلىقى ھەققىدە قەسەم ئىچىشتى.

ئاھ، پۇل، پۇل، پۇلدا «قىزىل قاننىڭ دېغى بار»
دېگەندەك، بايىقى گېنېرال باشلىق سەككىز ئەمەلدار كۆزىنى
يۇمۇپ، جياڭ جيېشىغا سادىق بولۇپ، ئاغزىدا قەسەم ئىچىس-
مۇ، كۆڭلىدە بايىقى ئالتۇن تىللادىن ئونىلا بولسا جياڭ جيېشى-
نىڭ كاللىسىنى سېتىۋېتىشنى ئويلاۋاتاتتى.

ئارىدىن بىر كۈن ئۆتتى، پىدائىيلار لەنشاڭغا تۇيۇقسىز
ھۇجۇم قىلىپ، ھۇجۇمدا بىر ئۆي ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، مۇئاۋىن
پولك كوماندىرىنىڭ ئايالى بىلەن يەتتە ياشلىق ئوغلى ئۆلۈپ،
ئۆزىنىڭ بېشى يېرىلدى. كوماندىر قورققىنىدا ئايالىنىڭ كىيى-

مىنى كىيىپ قاچقان پېتى ئايرودرومغا كېلىپ توختىدى.

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتتى، پىدائىيلار بۇ زەربە بىلەن لەت-شاڭدىكى، ئەتىسى ھەرەمباغدىكى قالدۇق دۈشمەنلەرنى يوقىتىپ ئۈچ پولك كوماندىرىنى ئەسىرگە ئالدى، ئىككى ئورۇندىن قې-چىپ كەلگەن قاچقۇنلار بىلەن ئايرودرومدا ئەسلىي بارلىرى تاماق، ياتاق تالىشىپ، ئۆزئارا ئېتىشىپ ئىككى تەرەپتىن يۈزگە يېقىن چېرىك ئۆلدى. گېنېرالغا قارىتىپ ئېتىلغان ئوق كاند-ۋېيىغا تېگىپ كانىۋاي نەق جايىدىلا ئۆلدى. گېنېرال قورقىنىد-دىن سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ توختاپ قالدى ـ دە، قولىدىكى غاڭزىد-سى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ماجىرانى بېسىش ئۈچۈن شتاب باشلىقى ناگاننى چىقىرىپ، ئېرە تاراقشىتىپ، ھەيۋە قىلىشىغا ئارقىسىدىن بىر ئوق كېلىپ ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى بىلىكىدىن ئۈزۈۋەتتى.

گېنېرال ئىشخانىسىغا كىرىپ، قوقاس دەسسىۋالغاندەك ئورنىدا تۇرالمايتتى. گاۋ خېنىم ئۇنىڭ نېرۋىسىنى باسماق ئۈچۈن كېلىپ سۈركىلىپ غىلجىڭلىغانىدى، گېنېرال جەينىكى بىلەن مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتى. ئاندىن يەنە غىڭشىد-ۋاتقان پاتېفونىنى ئۈستەلدىن ئېلىپ يەرگە ئېتىۋىدى، بېشى ئاجراپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. گېنېرال ئېسىنى يوقىتىپ قۇرۇق غاڭزىنى شورىغانىدى، سېرىق شىلىم چىقىپ ئۇنىڭ كانىيىغا چاپلىشىپ قېلىپ زەھەردەك ئاچچىقتىن يىلاندەك تول-غىنىپ كەتتى. «كۈچۈك يەتمىسە ئۈر توقۇمنى» دېگەندەك، گېنېرال ئالدىغا ئۇچرىغان نەرسىنى ئۇرۇپ چاقاتتى. ساق قال-غان ئۈچ نەپەر پولك كوماندىرى كىرىپ كەلدى. گېنېرال ئۇلارغا خىرىس قىلغان ئىتقا ئوخشاش قارايتتى، مۈشت ئاتىدى-غاندەكلا قىلاتتى.

گېنېرال بۇنىڭدىن بىر سائەت بۇرۇن ئۇرۇمچى باش سەن-
مۇبۇغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىپ تەسلىم بولۇشنى، ئۆزى بولسا
ئۆلۈۋېلىشنى تەلەپ قىلغاندى. بىراق، سەنمۇجاڭ: «بۇنداق
قىلىش دۆلەت ئاتىمىزغا، ئالىي قوماندانغا قىلىنغان خائىنلىق
بولىدۇ، دۆلەت ئارمىيىمىزگە ئـاھـانـەت بـولىدۇ. يـاردەم-
چى قوشۇن بارغۇچە چىڭ تۇرۇڭلار» دېگەن كونا مۇقامنى
تەكرارلىدى.

— تـۇگـەشـتـۇق، تـۇگـەشـتـۇق دەيمەن، تۇگەش-
تۇق، سەن قېرى ياغاق باش ئۇچۇن جېنىمىزنى دوغا تىكىپ
تۇگەشتۇق، — گېنېرال سەۋدايىدەك كۇلەتتى، يىغلايتتى،
ئۆزىنى كاچاتلايتتى، ئاغزىغا كەلگىنىچە ۋارقىرايتتى. ئۇ سەۋ-
دايىدەك كۇلۇپ كېلىپ ئايالىنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇشىغا ھاجەتخا-
نىدىن چىققان مۇئاۋىن پولك كوماندىرى كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ
كۆزلىرى قىزارغان، نەق ساراڭنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

— مېنىڭ خوتۇنۇم بىلەن بالامنى سەن ئاتتىڭ، ئاناڭنى،
خوتۇنوم بىلەن بالامنى تۆلەيسەن، بۇ خوتۇنۇڭ مېنىڭ بولىدۇ،
ئەكەل خوتۇننى، سەن قېرى كۆزۇمدىن يوقال، يوقال دەيمەن.

ساراڭ كېلىپ گېنېرالنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ ئا-
يالنى بىلىكىدىن تۇتۇپ تارتتى. گېنېرال تاپانچىسىنى چىقىرىپ
ساراڭنىڭ يۇرىكىگە ئاتقانىدى، ئوق تەگكەن ساراڭ بىلەن ھو-
شىنى يوقاتقان ئايال تەڭلا يەرگە يىقىلدى. گېنېرال ئەمدى
تېخىمۇ ئەسەبىيلىشىپ ساراڭنىڭ ئۆزىلا بولدى.

— يوقال دەيمەن، يوقىلىش، بۇنىڭدىن كېيىن كۆزۇمگە
كۆرۇنگۇچى بولۇشما، ئالتە ئوغرىغا تەڭ كېلىشەلمىدىڭ، ۋاي
ئاناڭنى، كالۋا، نان قېپىلار، سەنلەرنىڭ كاللاڭغا چاشقان ئۇۋۋا
سالغان، سەنلەرنىڭ ئۆلۇكىڭنى قاغا - قۇزغۇنلار يېسۇن، —

گېنېرالنىڭ چىشلىرى غۇچۇرلاپ ھەدەپ كالپۇكىنى يالايتتى. بايىقى نان قېپى ئۈچ كوماندىر ساراڭنىڭ ئۆلۈكىنى يۆتىدىن سۆرىگەن پېتى ئاچىقىپ كېتىشتى.

گېنېرال بىلەن ئايال خۇدادىن مەدەت تىلەپ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ئۆينىڭ بۇلۇڭلىرىغا، ئۆينىڭ تورىدىكى كىچىككىنە مىس بۇت ئالدىغا شام ياندۇرۇپ ئاندىن قاتار تىزلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن پىچىرلىشىپ بېشىنى يەرگە قويۇشتى. ئېھتىمال گېنې-رال تەڭرىدىن مەدەت تىلەش ئورنىغا گۇناھىنى ئەپۇ قىلىپ، جەننەت ئاتا قىلىشنى سورىغان بولسا، ئۇمىدسىز شەيتان — گېنېرالدىن يىگىرمە ياش كىچىك گاۋ خېنىم خۇدادىن قايتا ئۆمۈر تىلەش بىلەن بىللە ئۆزى بىلەن تەگتۈش بىر ئەر بىلەن گاۋ سىلىڭنىڭ ھەممىسىدە قولغا كىرگەن ئالتۇن، كۈمۈش، زىبۇ زىننەتلەرنىڭ كۆچىدە بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشنى تى-لىگەندۇ.

## 7

«خۇدا ئورغاننى خۇدابەردى قوشلاپ ئۇرۇپتۇ» دېگەن تەم-سىل بار. بىر ھەپتىدىن بېرى بىر توختاپ، بىر يېغىۋاتقان قار كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىن يەنە يېغىشقا باشلىدى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا كۆزنى ئېچىپ جاننى قويغۇسىز قاتتىق شىۋىرغانغا ئايلاندى. غەرب تەرەپتىكى تۆزلەڭلىكتىن ئورغان بوران ئالدىنقى كۈنلىرى يېغىپ تېخى قاتمىغان بورپاك قارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئايرودرومدىكى قېلىن قارىياغاچلىقتا ئۇرۇپ كۆزنى ئاچقۇسىز قويۇن قىلىپ گومىنداڭچىلارنىڭ مىڭ تەستە ئاچقان ئاكوپلىرىنى تۈپتۈز قىلىۋەتكەنىدى. قارىياغاچلىقتىكى

شىۋىرغاننىڭ ھۇشقۇيتىشى ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىلەردەك كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي يۈرگەن قالدۇق چېرىكلەر ئۈچۈن ئەجەل ھىدىنى پۇرىتىپ تۇراتتى.

ئىككى كېچە ئۇدا ھۇجۇم قىلغان پىدائىيلار ئۇيقۇسىز ھېرىپ چارچىغان، بۈگۈن كەچكى تاماقنى بىر سائەت بۇرۇن يەپ ئۇخلاشقانىدى. تۈن يېرىم بولغاندا، ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تاماق يېيىشتى، ئاندىن ھەركىم ئۆز ۋەزىپىسى بويىچە قورال - ئوقلىرىنى تەكشۈرۈشۈپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى قى-لىشتى. ۋاقىت بويىچە ھەر بىر باتاليون ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ نىشان قىلغان پەللىگە بېرىپ، سانجاق - سانجاق بولۇپ ھۇجۇم باشلاشقا تەييارلىنىپ تۇرۇشتى، جەڭچىدىن تار-تىپ كوماندىرلارغىچە ئۇلارنىڭ كىندىك قېنى مۇشۇ ئانا تۇپراق ئىلى ۋادىسىغا تۆكۈلگەن، ئىلى دەريا سۈيىنى ئىچىپ، مۇشۇ تۇپراقتا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئاھ، غۇلجا شەھىرى، ئۇلار ئۈچۈن قۇتلۇق غۇلجا شەھىرىنى گومىنداڭ قاراقچىلىرىدىن پۈتۈنلەي ئازاد قىلىشتىنمۇ ئارتۇق شەرەپلىك ۋەزىپە بولسۇنمۇ.

تېخى مۇنتىزىم ھەربىي تۈزۈمگە كىرمىگەن ئوسمانوپ با-تاليونىدىكى قوراللىق پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ قىياپىتىدىن دۈش-مەنگە نىسبەتەن چەكسىز غەزەپ - نەپرەت ۋە جەڭگىۋار روھ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

مەردان قولىنى يانچۇقىغا سالدى. ئۇ گېنېرالغا ئاتاپ قوي-غان بىر دانە ئاپتومات ئوقىنى سىقىمدىغان پېتى گېنېرالنى خىيال قىلدى. ئىككى كۈنلۈك ئۇرۇش خارابىسىدە تام ئاستى-دىن، قۇدۇق - ھاجەتخانىلاردىن چىققان بېشى كېسىلگەن، كۆزلىرى ئويۇلغان، قورساقلىرى يېرىلغان 700 بىگۇناھ ئەر، ئايال، نارەسىدە ئوغۇل - قىزلارنىڭ قورقۇنچلۇق جەسەتلىرى

www.uyghurkitap.com

كۆز ئالدىغا كەلگىنىدە چىشلىرى غۇچۇرلاپ، كۆزلىرىدىن غە-
زەپ ـ نەپرەت ئوتى يېنىپ، بىر تال ئوقنى سىقىمدىغان تولا
تېخىمۇ كىرىشتى ـ دە، «خەپ توختاپتۇر!» دېدى.

كوماندىر ئوسمانوپ سائىتىگە قارىدى. ۋاقىت توشقانىدى.
ئوسمانوپنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇنداق ئىدى: ئىزۋوت كوماندى-
رى زامانوپ بىلەن ئىزۋوت كوماندىرى ئىسلاموپ تۆتتىن سەك-
كىز جەڭچى بىلەن بىرىپ دۈشمەننىڭ ئىككى يەر ئاستى ئاكوپى-
دىكى تۆت نەپەر مەخپىي قاراۋۇلنى تىرىك قولغا چۈشۈرىدۇ
ياكى تۈيۈقسىز زەربە بىلەن يوقىتىدۇ. ئاندىن ئىككى ئىزۋوتتى-
كى جەڭچىلەر شۇ يول بىلەن دۈشمەننىڭ ئالدىنقى ئۈچ پوتىيىنى
پارتلىتىدۇ ياكى تۈيۈقسىز بېسىپ كىرىپ ئەسىرگە ئالىدۇ.
قالغان جەڭچىلەرمۇ نىشانغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئۈچ تەرەپ-
تىن بىراقلا ھۇجۇمغا ئۆتۈپ بېسىپ كىرىدۇ.

ــــ يولداش زامانوپ، يولداش ئىسلاموپ، بۇيرۇق! سى-
لەرگە غەلىبە تىلەيمەن، ــــ دېدى كوماندىر ئوسمانوپ.

ــــ يولداش كوماندىر! ۋەتەن ئۈچۈن، خەلقىمىز ئۈچۈن،
ئازادلىق ئۈچۈن جېنىمىز پىدا، ۋەزىپىنى چوقۇم غەلىبىلىك
ئورۇندايمىز! ــــ دېدى ئىزۋوت كوماندىرلىرى.

ئون پىدائىي جەڭچى سەپ بولۇپ تۇرغان سەپداشلىرى
بىلەن خوشلاشتى. ئۇلار كۆز ئاچقۇسىز شىۋىرغاندا غايىب بو-
لۇپ ئىلگىرىلەپ كېتىشتى، قالغان جەڭچىلەرمۇ قىلىن قاردا
يىلان بېغىرلاپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. كۆز ئاچقۇسىز شىۋىر-
غاندا تۇمشۇقىنى جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە، مىلتىقىنى چاترىقىغا
تىقىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشقان تۆت چېرىك بىغەم ئۈيقۇدا ئى-
دى. ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر ئۆلۈم، چۈنكى ئاچلىق ئۇلارنى
نىمجان قىلىپ قويغانىدى. زامانوپ بىلەن ئىسلاموپ قاتارلىق

زەربىدارلار دۈشمەننىڭ ئۈستىگە شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چۈ-
شۈپ كانىيىدىن ئېلىپ يەرگە باستى.
— قىمىرلىما، ئاۋاز چىقارساڭ جېنىڭدىن
ئايرىلىسەن! — زەربىدارلار خەنجەرنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تىرەپ
تۇردى.
— ھە، ھە، ھە! — ئەس - ھوشىنى يوقاتقان تۆت
چېرىك خەنجەرنى كۆرگەندىن كېيىن، نېمە قىلارنىنى بىلمەي ھە
دەپ باش قويۇپ بىرنېمىلەرنى دەپ يالۋۇراتتى.
— ئەگەر سىلەر خىزمەت كۆرسەتسەڭلار، بىز سىلەرنىڭ
جىنايىتىڭلارنى كەچۈرۈم قىلىپ تەقدىرلەيمىز، قانداق؟ —
سورىدى كوماندىر ئوسمانوپ.
— ماقۇل، ماقۇل، قانداق قىل دېسەڭلار شۇنداق قىلى-
مىز.
— ياخشى، ياخشى، بۈگۈنكى پودپوسكا نېمە؟ — سورى-
دى ئوسمانوپ.
— تەنسەن، تاچىڭ، — دېدى چېرىكلەر تەڭلا. ئۇلار
بىر - بىرسىدىن تالاشقاندەك ئاكوپنىڭ پوتەيلەرگە تۇتىشىش
يولى، پوتەي يوللىرىدىكى پوست قاتارلىق دۈشمەننىڭ مۇداپىئە
نىشانلىرىنى ئېنىق قىلىپ دېيىشتى.
— ياخشى، ياخشى، — دەپ خۇشاللاندى كوماندىر باش-
لىق ھەر بىر پىدائىي جەڭچى.
ئۇرۇش ۋاقتىدا «ئۆيدىكى خىيال تالاغا توغرا كەلمەپتۇ»
دېگەندەك، تاسادىپىي ئەھۋاللار بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا كوماندىر
ئەقىل - پاراسىتىنى چاقماق تېزلىكىدە ئىشقا سېلىشقا ماھىر
بولۇشى كېرەك.
كوماندىر ئوسمانوپ ھۇجۇمنى دەرھال مۇنداق ئورۇنلاش-

تۇردى: زامانوپ ئىنزۋوتى بىلەن ئىسلاموپ ئىنزۋوتى ئىككى يول
بىلەن مېڭىپ ئۇچتىن ئالتە ئادەم ئاجرىتىپ ئوتتۇرىدىكى چوڭ
پوتەيدىكى ئىككى دانە پىلىموت بىلەن تۆت دانە ئاپتومات تۇتقان
دۇشمەننى تەسلىم قىلدۇرۇش. بۇنىڭغا زامانوپ مەسئۇل بو-
لۇش، ئاندىن ئىككى ئىنزۋوت كوماندىرى ئۆز ئىنزۋوتىغا مەسئۇل
بولۇپ، ئوڭ - سولغا بۆلۈنۈپ، قالغان تۆت پوتەيدىكى دۇشمەن-
نى تەسلىم قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئاسمانغا قارىتىپ ئىككى پاي
زالپا ئېتىپ ئوڭ - سولدىكى باتاليونلارغا ھۇجۇم قىلىش سىگ-
نالى بېرىش بىلەن، ئۈچ تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ دۇشمەن
ئىچىگە بېسىپ كىرىپ، تەسلىم بولغان دۇشمەننى شىمالغا قارى-
تىپ قوغلاش.
بۇ پىلان خېلى ئەقىلغا ئۇيغۇن بولۇپ، بىرىنچىدىن، بايى-
قى تۆت دۇشمەننىڭ خىزمەت كۆرسىتىشى بىرقەدەر مۇقىم ئى-
دى. ئىككىنچىدىن، «تەنسەن، تاچېڭ» پوداپوسكا قولغا چۈش-
كەنىدى. ئوسمانوپ ئەھۋالنى دەرھال پولك قوماندانلىق شتابىغا
خەۋەردار قىلىشقا سىۋەنى ئەۋەتتى. جەڭچىلەر ئۇچقاندەك نىشان
بويىچە ئىلگىرىلەپ، تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بولدى.
— يولداش كوماندىر، قاراڭ، زالپا ئېتىلدى، قاراڭ،
ئاياقتىنمۇ ئېتىلدى.
كوماندىرنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئېغىزمۇ ئېغىز ئاڭلاپ ھۇ-
جۇمغا تەمشىلىپ تۇرغان مەردان ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن زالپىنى
خۇددى ئۆز بىلا كۆرگەندەك خۇشاللىقىدا خېلى ئۈنلۈك ۋارقىرى-
ۋەتتى.
باتاليون كوماندىرى ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇلار پوتەينى
ئىشغال قىلغان پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ:
— يولداشلار، ئالغا! يولداشلار، ئالغا! — دىگەن جا-

راڭلىق ساداسىنى، دۈشمەن پىلىموتلىرىنىڭ دۈشمەن ئۆزىگە قارىتىپ ئېتىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق ئاڭلاپ تۇردى.
— يولداشلار، ئالغا! يولداشلار، ئالغا! — كوماندىر ھەممىنىڭ ئالدىدا، قولىدا ئون ئاتار ماۋزۇر، كوماندىرنىڭ ئىزىنى بېسىپلا مەردان كېتىۋاتاتتى. ئۈچ تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن «ھۇررا! ھۇررا! ھۇررا!» ساداسى يەر بىلەن ئاسماننى تىترىتىۋەتتى. ئوسمانوپ باتاليونى دۈشمەن ئىستىھكامى ئىچىگە بۆسۈپ كىردى.
گېنېرال گاۋ سىلىڭ ئاخىرقى قېتىم سىمسىز تېلېفوننى قولىغا ئېلىپ ئۇرۇمچى باش سەنبۇبۇغا ئۇرغان بولسىمۇ، لېكىن باش سەنمۇدا قوبۇل قىلىدىغان ئادەم چىقمىدى.
— ئاناڭنى، خۇمپەرلەر! بىز بۇ يەردە ئۆلگىلى ۋاتساق، سەنلەر ئىسسىق ئورنۇڭدا ئۇخلاش. سەن ئالدامچى ئوغرىلار، — گېنېرال ئاچچىقىغا پايلىماي تېلېفوننى يەرگە ئۇرۇپ پارە - پارە قىلىۋەتتى، — توگەشتۇق، توگەشتۇق، ئاناڭنى خۇمپەرلەر، توگەشتۇق، — دېگىنىچە سەۋدايىدەك ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يىغلايتتى. ئۇ ئۇستەل ئۇستىدىكى تاماكا كۇلدانىنى ئېلىپ، «ھەممىسىنى قىلغان سەن قېرى تاز. سېنىڭ ئۈچۈن توگەشتۇق» دېگىنىچە تامدىكى جياڭ جيېشىنىڭ ئەينەك جازىلىق رەسىمىنى ئۇرغانىدى. ئەينەك جازا پارچە - پارچە بولۇپ يەرگە چۈشتى. گېنېرال ئەمدى ئالدىغا كەلگەننى ئۇرۇپ، تېپىپ سوندۇرغىلى تۇردى. گاۋ خېنىممۇ ئۇنىڭ كۆزىگە قانداقتۇر جىن - ئالۋاستىدەك كۆرۈنەتتى.
— ھەممىنى قىلغان سەن قېرى شوۋىچى، مال - دۇنياغا تويۇۋال، ۋاي خۇدا، مەن ئەمدى قانداق قىلىمەن، قىزىم بىلەن ئوغلۇمنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم، — گېنېرالنىڭ ئايالى چۇ

www.uyghurkitap.com

خېنىم ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ دوق قىلدى.

— ھەي قانجۇق، تۇگەشتۇق دەيمەن، تۇگەشتۇق، ماڭ، كۆزۈمدىن يوقال دەيمەن، سېنى ئوغرىلار چاتارىڭنى يىرتىپ ئىككى پارچە قىلىشۋەتسۇن، — گېنېرالنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ قارىسى يوقاپ تولىمۇ قورقۇنچلۇق تۈسكە كىرىپ قالدى. ئۇ ئايالىنى مەيدىسىدىن ئىتتىرگەندى، ئايال سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يەرگە يىقىلدى.

— ۋاي خۇدا، مەن قانداق قىلىمەن؟ سەن قېرى قاقۋاش يەيدىغاننى يەپ بولغان، ئىچىدىغاننى ئىچىپ بولغان، ئاپام بىلەن دادامچۇ تېخى، — ئايال ئالىقىنىنى، ئىككى يانپېشىنى شاپىلاقلاپ ئۆيىنىڭ ئىچىنى بېشىغا كىيگەندى.

— ھۇررا! ھۇررا! — پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ كۈچلۈك ساداسى خەلق ساداسىغا قوشۇلۇپ، گۈلدۈرمامىدەك گۈلدۈرلەپ، دېرىزە — ئىشىكلەر جاراڭلاپ، ئېتىلغان ئوق يالقۇنىدا ئەتراپ بىر يورۇپ، بىر قاراڭغۇلىشىپ تولىمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ئەجەل سىرتمىقى گېنېرالنىڭ بوينىنى قىسىۋاتقاندەك دېمى سىقىلىپ ھاسىرايتتى. تەسلىم بولۇپ قول كۆتۈرۈش، «ياۋايى ئوغرىلار» ئالدىدا باش ساڭگىلىتىپ مېڭىش، ئۆرۈش قەھرىمانى بولغان بۇ ئاتاقلىق گېنېرال ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئىش ئىدى.

— ئاناڭنى خۇمپەر تاز، سېنىڭ ئۈچۈن ھارام ئۆلىدىغان بولدۇم! — گېنېرال تامدا يۆلەكلىك تۇرغان جياڭ جيېشىنىڭ رەسىمىنىڭ ئاغزىغا تەپكەندى، پۈتى قەغەزنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتتى، — ئاناڭنى خۇمپەر!

قوماندان ئۈچۈن بىردىنبىر يول ئۆلۈۋېلىش، ئۇ تاپانچىسىنى چېكىسىگە تاقىۋىدى، كۆزلىرى 16 يىللىق قەددىناس

خوتۇنغا ئاخىرقى قېتىم چۈشتى.

«ھۇ ئوغرىلار! ھۇ ئوغرىلار!» گېنېرال پەس ئاۋازدا بۇ سۆزنى تەكرارلىدى ـ دە، تاپانچىسىنى چېكىسىدىن قايتۇرۇپ ئېلىپ خوتۇنغا تەڭلىدى ـ دە، تەپكىسىنى باستى. خوتۇنى ئالدى ـ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ يېنىچە يىقىلدى. ئۇنىڭ جان تالىشىپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ، ئالايغان كۆزلىرىدىن «ھەي ۋىجدانسىز ئىپلاس، سەندەك بىر ۋىجدانسىز بىلەن ئۆتكەن ئۆمـ-رۈمگە لەنەت، لەنەت» دېگەندەك قىلاتتى. گاۋ خېنىم بۇرۇن گاۋ ئىسىملىك بىر ھەربىي كىشىگە ياتلىق بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغۇپ 12 يىل بىرگە بولغانىدى. كېيىن گاۋ گېنېرال بىلەن مەخپىي تېپىشىپ قالدى، گېنېرال ئۇ گاۋ فامىلىلىكنى ھە دېسىلا ئالدىنقى ئۇرۇش سېپىگە ئەۋەتتى، ئۇ ياپونلارنىڭ ئوقىدا ئۆلگەندىن كېيىن گېنېرالغا تەگدى ھەم ئۇنىڭدىن بىر قىزى بار بولدى. قوماندان قاتىللىق ئەپتى بىلەن خوتۇنغا ئىككى مىنۇتچە قاراپ تۇردى.

قوماندان بۇرۇن تۇرمىلەردە پۇتىغا كىشەن، قولىغا كويزا سېلىنغان، فاشىستلارچە قىيناشلارغا دۇچار بولغان كوممۇ-نىستلارنى، ئىنقىلابچىلارنى كۆرگەنىدى. ئۇلار ئۆلۈم ئالدىدا دۈشمەنگە پىسەنتمۇ قىلماي: «يوقالسۇن گومىنداڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتى!» ، «ياشىسۇن جۇڭگو كومپارتىيىسى!» دەپ شو-ئار توۋلىغانىدى. بۇنىڭدىن 15 كۈن بۇرۇنلا پۇتىغا ئوق تېگىپ ھەرەمباغدا ئەسىرگە چۈشكەن پىدائىي جەڭچى ئابتوپ تاھىر ئۆلۈم ئالدىدا: «يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى!» دەپ شوئار توۋلىغىنىدا ئوغىسى قايناپ قالغان قوماندان غەزىپىنى باسال-ماي: «ئۆلتۈر! چاپ! تېز بول!» دەپ جار سالغانىدى. قوماندان خىيالىدا تۆمۈر كىشەن، كويزىلار ئىنقىلابچىلارغا ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

بەلكى ئۆزىنىڭ پۇت ـ قولىغا سىلىنغاندەك سەزدى ـ دە، ناگاننى ئۆزىنىڭ ئوڭ چېكىسىگە تاقىدى. كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى، ئېھتىمال، ئۇ تەڭرىدىن گۇنا-ھىنى تىلىگەندۇ، ئوسمانوپ ئېتىلىپ كېلىپ ئەينەكلىك قوش قاناتلىق ئىشىكنى تەپتى. ئەينەكلىك ئىشىك پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

— قولۇڭنى كۆتۈر!

— كۆتۈر قولۇڭنى! — ئوسمانوپ بىلەن مەردانىنىڭ بۇيرۇق ساداسى قوماندانىنىڭ بېشىغا تۇيۇقسىز تەگكەن توقماق-تەك بىلىندى ـ دە، قوماندان سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ يەردە سوناي-لىنىپ ياتقان خوتۇنىنىڭ جەسىتىگە پۈتلىشىپ دۈم چۈشتى. مەردان ئېتىلىپ كېلىپ گېنېرالنىڭ ناگان تۇتقان قولىنى بې-غىشىدىن دەسسىدى ـ دە، ناگاننى ئېلىۋالدى.

— تۇر! — بۇيرۇق قىلدى مەردان گاۋ سىلىڭغا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ناگىنىنى تەڭلەپ.

— ھە، ھە، ھە، — گېنېرال قوللىرىغا تايىنىپ يېنىچە ياتاتتى. ئۇ قورققىنىدىن چىرايىدا قان يوق، تىرىك مۇردا ئىدى. قوماندانىنىڭ كۆزى تاپانچىسىدا بولۇپ تەپكىسى قايرىقلىق ئىدى. قول بېسىلسىلا ئۆزىنىڭ بۇ ئالەمدىن مەڭگۇ جۇدا بولى-دىغانلىقىنى بىلەتتى.

— يائاللا، مۇنۇ ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتى تېخى ئاغزىدىن كەتمىگەن تەلۋە تەپكىنى باسسىلا مەن يوق، — قوماندان ئەمدى جان قايغۇسىدا قالغانىدى.

— تۇر ئورنۇڭدىن! — مەردان ناگان بىلەن شەرەت قىلدى. بىراق، ئۇ ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئۇنىڭ جېنى نېمىدې-گەن تاتلىق. ناگان ئۇچىنىڭ ھەر بىر كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ

ئۇ تۇرماقچى بولۇپ قوزغىلاتتى.

— دۇ ۋالىي نەدە؟ — سورىدى ئوسمانوپ.

— ئۇ، ئۇ، ئۇ، ئۇچىنچى ئۆيدە، — گېنېرال بۇ سۆزنى دۇدۇقلاپ ئاران دېدىيۇ، لېكىن بىر ئاز يېنىكلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئوسمانوپ چىقىپ كېتىپ ھايال قالماي دۇ ۋالىينى ھەيدەپ كىردى. ئۈچ يىل ئىلى خەلقىنىڭ قېنىنى ئىچىپ، قان - تەرىنى شورىغان بۇ قېرى جاللات «سۇغا چۆش-كەن چاشقان» دەك غال - غال تىترەپ شۈمشىيىپ تۇراتتى...

31 - فېۋرال ئەزىزانە غۇلجا شەھىرى گومىنداڭ ئەكسى-يەتچى ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەڭگۈ خاتىمە بېرىپ، ئىلى رايونى ئازاد بولدى. كوچىلارغا رەڭگارەڭ پىلاكات، لو-زونكىلار ئېسىلىپ، خەلق ناغرا - سۇناي ساداسىدا بۇ ئۇلۇغ تارىخىي غەلىبىنى تەبرىكلىدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقەدەم ئادرېسى

# ئىككىنچى باب

## 1

قىشتا ياغقان قارنىڭ قېلىنلىقىغا قارىماي بۇ يىل ئەتىياز خېلى بۇرۇنلا كەلدى. 3 ـ ئاينىڭ بېشىدىلا يەرلەر ئېرىپ، ئاينىڭ ئوتتۇرىدا ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىن سەل ئېقىپ، يەر ـ جاھان كۆكىرىپ، دېھقانلارنىڭ دېگىنىدەك يىلىدىكىدىن ئون كۈن بۇرۇن يەرگە قوش تىكىشتى.

«كۈندىن قالساڭ ئايدىن قالىسەن» دېگەندەك، شەھەردىن تارتىپ يېزىلارغىچە ھەممىلا كىشى ئۇرۇش بولمىغاندەك ئۆز تىرىقچىلىقىنى باشلىۋەتتى. قىسىملاردا بولسا، كەلگۈسى ئۇ- رۇشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىش ئۈچۈن مۇنتىزىملىشىشقا قاراپ، تارقاق پىدائىيلار قىسمىنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك مىللىي ئارمىيە قىلىپ ئۆزگەرتىپ قۇرۇپ چىقىش تەييارلىق ئىشىغا جىددىي تۇتۇش قىلىندى. ھەرقايسى ئۇرۇش سەپلىرىدە ۋە ئارقا سەپ تەمىنات قىسىملىرىدا خىزمەت كۆرسەتكەن پىدائىي كوماند- دىر ـ جەڭچىلەرگە ھەربىي فورما تارقىتىلىپ، ئۇنۋان، ئور- دېن ـ مېداللار بېرىلدى. ھۆكۈمەت قارارى بويىچە باتاليون كوماندىرى ئوسمانوپ ماناپقا مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانى بېرد- لىپ، بىرىنچى دەرىجىلىك «ئىستىقلالىيەت» ئالتۇن ئوردېنى بىلەن «باتۇرلۇق» ۋە «پىدائىي» ئوردېن ـ مېداللىرى بېرىل- دى. زامانوپ، ئىسلاموپ، قۇددۇسلارغا پاروتچىك ئۇنۋانى بې- رىلىپ، ئىزۋوت كوماندىرىدىن روتا كوماندىرى قىلىپ ئۆستۈ-

رولۇپ، «باتۇرلۇق» ، «پىدائىي» ئوردېن - مېدالى بېرىلدى.

مەردان ئەلپاتتايوپقا پروپورچىك ئۇنۋانى بېرىلىپ، ئۇ- رۇشتا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك «ئىس- تىقلالىيەت» ئالتۇن مېدالى بىلەن «باتۇرلۇق» ۋە «پىدائىي» ئوردېن - مېدالى بېرىلدى. بۇلاردىن باشقا يەنە ئابلايوپ قاتار- لىق 20 نەپەر كوماندىر - جەڭچىگە «باتۇرلۇق» ، «پىدائىي» ئوردېن - مېداللىرى بېرىلدى. قىسىملار تەرتىپكە سېلىنىپ، ھەربىي فورما كىيگەندىن تارتىپ ئىنتىزاملىرى كۈچەيتىلدى.

مەردان سېرىق تېرىكىدىن تىكىلگەن گىمناستوركا، بۇرۇلكا بىلەن پۇتىغا قارا خۇرۇم شىبلىت كىيدى. بېشىدىكى ئوك قېشىنى بېسىپ سەل سىڭارىيان كىيگەن ئىسپانكىسىدا سېرىق مىستىن ياسالغان يۇلتۇز پارقىراپ نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئىككى مۈرىسىدىكى يېشىل مەخمەلدىن تىكىلگەن پاگوندا بىر بالداق، بىر يۇلتۇز بىلەن سول كۆكسىدىكى ئالتۇن مېدال - ئوردېنلى- رى ۋال - ۋۇل قىلىپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا تولىمۇ ياراشقان، ھەركىمنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ ئۆزىگە تارتاتتى.

مەردان ئەمدى ئاپتومات ئاسمايتتى. ئۇنىڭ بېلىدە ئەپتىسارىكى رېمون بولۇپ، ئوڭ بېقىنىدا جىگەررەڭ قاپلىق «تى - تى» تاپانچا بىلەن سول بېقىنىدا ئەپتىسارىكى پولىۋى سومكا، ئۇ كۆپىنچە باتالىيون بىلەن پولك شتابى ۋە بەزىدە باش قوماندانلىق شتابىدىمۇ بولاتتى. شۇڭا ئۇنى كىچىكىدىن تارتىپ چوڭىغىچە بولغان ھەربىي - مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ كۆپچىلىكى تونۇيتتى.

مەردان گازارمىدا ئولتۇرۇپ، گېنېراللارنى، پولك كوماندىرلىرىنى دوراپ يولداشلىرىنى راسا كۈلدۈرەتتى. قىسقىسى، مەردان ئەمدى بۇرۇنقى بالا مەردان ئەمەس، مىللىي ئارمىيىنىڭ

ئوفتسېرى ئىدى. بىر كۈنى قەمبىرى بىلەن رەخىم كېلىپ ئۈنىڭدىن ئەھۋال سوراپ، ئىچكى ئىشلار نازارىتىدە ئىشلىشىنى ئېيتىشتى. بۇ قېتىم ئۇ يىغلىمىدى، بۇ مېھرىبان ئاتىلارنىڭ مۆرىسىدىكى قىزىل مەخمەل پاگوندا پولكوۋنىك ئىككى تاياق بىلەن ئۈچتىن يۇلتۇز ۋە كۆكسىدە ئۈچ دانە ئالتۇن ـ كۈمۈش ئوردېن ـ مېداللار ئالتۇندەك پارقىراپ تۇراتتى. تارىخ بۇنىڭدىن يېرىم يىل بۇرۇن مۇشۇ ئىككى مېھرىبان كىشى بىلەن مەردانىنىڭ مېھرىبان دادىسى پولات باغدىكى سۇپىدا ئولتۇرۇپ، ئەتراپىغا بېقىپ، قولاقنى قولاققا يېقىپ، «كەلگۈسى، يەنى بۈگۈنكى ئۇلۇغ ئىشلار ئۈستىدە پىكىرلەشكىنىدە مەردان بىلەن غۇنچەم باغدىكى مارجاندەك قىزارغان جىنەستە، قۇلۇپنىك، ئەينۇلىلارنى تېرىپ جوزىغا قويغان، مېھرىبان ئاپىسى گۈلنار قوزا گۆشىدە بۇ ئەزىز مېھمانلارغا لەززەتلىك تاماق تەييارلىغانىدى. مانا ئەمدى ئۈنىڭ مېھرىبان ئاتىسى، كۆيۈمچان ئانىسى بۇ دۇنيادا يوق. مەڭگۈگە يوق. غۇنچەمچۇ؟ مەردان بۇ ئۆمۈرلۈك دوستىنى سېغىنىدى. ئۇ زادى نەدە؟ ئۇ مەرداننى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ، ياق، ئۇنتۇمايدۇ. مەڭگۈلۈك مۇھەببەتنى، مەڭگۈلۈك دوستلۇقنى ھەرقانداق ئوت كۆيدۈرەلمەيدۇ، ھەرقانداق سۇ ئۆچۈرەلمەيدۇ، ھەرقانداق بوران ـ چاپقۇن ئۆچۈرۈپ كېتەلمەيدۇ، ھەرقانداق رەزىللىك نابۇت قىلالمايدۇ. مەردان ئۇنى ھەقىقەتەن سېغىنغانىدى. بەزىدە خالىي جاي تېپىپ سەۋدايىدەك سۆزلەپمۇ كېتىدىغان بولدى. غۇنچەممۇ ئېھتىمال ئۇنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقاندۇ بەلكىم...

مەردان ئۇ ئىككىسى بىلەن ئەركىن ـ ئازادە پاراڭلاشتى. مەردان ئاخىر قىساسىنى ئالدى، ئالغاندىمۇ قانۇنلۇق، ئۆز قولى بىلەن ئالدى. بىراق، مەرداننىڭ تۆپكى مەقسىتى قىساس ئې-

لىش بىلەن تۈگىمەيتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت مۇشكۇل ۋە كۈرەشچان ۋەزىپىسى بارلىقىنى بىلەتتى. بۇ ۋەزىپە ئاتا - ئانا ئارزۇسى ئىدى.

مەردان كىچىكىدىن تارتىپلا بىر ئىشقا قانائەت قىلىپ توختاپ قالمايتتى. ئوتتەك قىزغىنلىق، تەلەپچانلىقى، ۋىجدانلىقى بىلەن نى - نى ئىشلارنى قىلغۇسى كېلەتتى. يامان ئىشلارنى قىلمايتتى، ناھەق ئىشلارغا قاراپ تۇرمايتتى. يازلىقى بالىلار بىلەن سايغا كۆل ياساپ سۇغا چۆمۈلىشىپ ئوينايتتى. سايدىن بىر ئېرىق سۇ ئالتۇنلۇققا بىكارغىلا ئاقاتتى. بۇ سۇغا بىر مۇتتەھەم قارايتتى. بالىلار تاش توشۇپ چىم كولاپ كۆلنى توسۇپ، ئەمدىلا سۇغا چۈشۈپ ئوينىشىغا ھېلىقى مۇتتەھەم ئېزىتقۇدەكلا پەيدا بولاتتى - دە، بالىلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ، كىيىم - كېچەكنى تاشلاپ قاچاتتى. تۇتۇۋالغان بالىلارنى ئۇرۇپ، قالقاي يېقىپ ئازابلاپ، كۆلنى بۇزۇۋېتىپ بالىلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. يېزىدىكى مومايلارنى قورقۇتۇپ توخۇ، تۇخۇم، ئالما، ئۆرۈكلىرىنى ئېلىۋېلىپ، پۇل بەرمەي ئۇششۇقلۇق قىلاتتى. ئالدىنقى يىلى بالىلار ئۇچىنچى قېتىم كۆلنى ياساپ ئەمدىلا سۇغا چۈشۈشىگە ھېلىقى مۇتتەھەم قولىدا تاياق تۇتقانچە يوقىرىدىن كېلىۋىدى. بۇنى كۆرگەن بالىلار سادىن قاچقان چۈجىلەردەك كىيىملىرىنى قولتۇقلىشىپ قېچىشتى.

— ئاغىنىلەر، قاچماڭلار، بىز شۇنچىلىك كۆپ بالىنىڭ ئاشۇ بىر ئۆلۈمتۈك ماڭقىغا كۈچىمىز يەتمەمدۇ. مەن ئىسقىرتىمەن، سىلەر ئېتىلىپ كېلىڭلار. ھەممىمىز بىرلىشىپ سۇغا راسا بېسىپ ئەدىپىنى بېرەيلى، — دېدى مەردان ۋە ئۆزى كۆرمىگەن كىشى بولۇپ، كۆلنىڭ قىرىدا قولىنى يۇغان بولۇپ

ئولتۇردى. مۇتتەھەم كېلىپ مەرداننى قولىقىدىن تۇتۇۋېلىپ تاياق بىلەن ئۇرماقچى بولغاندا، مەردان بىر ئىسقىرتتى ـ دە، ئۇنى سۆرەپلا سۇغا ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى. تەرەپ ـ تەرەپتىن سۇغا سەكرەپ چۈشكەن بالىلار ئۇنى بىرلىشىپ بېشىنى سۇغا بىر تىقىپ، بىر چىقىرىپ ئۆلگۈدەك سازايە قىلىپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئىككىنچىلەپ بۇ مەھەللىگە ئاياغ باسمايدىغان بولدى، بالىلارمۇ سۇغا چۆمۈلۈپ قانغۇچە ئوينايدىغان بولدى.

گازارمىدا ئۇيغۇر، قازاق، خەنزۇ، قىرغىز، تاتار، موڭغۇل، شىبە بولۇپ 13 مىللەتتىن بولغان جەڭچىلەر بار ئىدى. مەردان ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ناھايىتى ئەپ ئۆتەتتى. «بىز بۇ ئۇلۇمتوكلەرگە ئىتتىپاقسىزلىقىمىزدىنلا بوزەك بولۇپ كەلگەن» دەيتتى ئۇ دائىم چوڭلاردىن ئاڭلىغان بۇ سۆزنى تەكرارلاپ.

بىر كۈنى مەردان پولك شتابىغا بېرىپ قايتىشىدا چوڭ كوچىدا تىزىلىپ كېتىۋاتقان بىر توپ مەكتەپ بالىلىرىغا ئۇچراپ قالدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپ فورمىلىرىنى كىيىپ، پىئونېرلار قىزىل گالستۇكنى تاقىۋالغانىدى. بىر ئوغۇل بالا ئالدىدا پىئونېرلار بايرىقىنى كۆتۈرۈپتۇ، ئۇنىڭ كەينىدە ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز بارابان چاپتۇ، مەردان مەكتەپكە كىرىپ ئۈچىنچى يىلىلا غۇنچەم ئىككىسى بارابان چالاتتى. ئۇلارنى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم تىزىلدۇرۇپ كوچىلارغا ئاچىققاندا، گۈلنار مۇئەللىمە مەسئۇل بولۇپ، بارابان توختىغاندا سېرىق مىس پۇشتەكنى چېلىپ ماڭغۇزۇپ، ئوڭدىن ئالغا، سولدىن ئالغا دەپ كوماندا بېرەتتى. ئانا بۇ كۈنلىرى قىزىل گۈللۈك ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا قىزىل شىپۇن ياغلىقىنى يېزا ئايالىغا خاس چېكىلەپ تاڭاتتى. ئۇنىڭ بىر جۈپ قارا چېچى ئانىنىڭ

تېقىمىنى بېسىپ چۈشۈپ، ئېگىز، زىلۋا بويىغا ئالاھىدە ھۆسن قوشاتتى. قاتار تىزىلىپ كېتىۋاتقان ئوقۇغۇچىلار قىشىدىكى قىزىل گۈللۈك ئەتلەس كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا قىزىل شىپىڭ ياغلىقىنى چېكىلەپ تاڭغان، بىر جۈپ قارا چېچى تېقىمىنى بېسىپ چۈشۈپ ئېگىز زىلۋا بويىغا ھۆسن قوشقان مۇئەللىمەمۇ بارابان توختىشى بىلەن پۇشتەك چالدى. پۇشتەك ئاۋازىمۇ خۇد-دى شۇ. «سولدىن ئالغا مارش!» مۇئەللىمە كوماندا بېرىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار سولغا بۇرۇلۇپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا كىرىپ كېتىشتى.

مەردان يولنىڭ ئۇ چېتىدە تۇراتتى، شۇڭا ئۇ ئوقۇتقۇچىد-نىڭ يۈزىنى كۆرەلمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ، بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتتى. ئۇ ئاغزىدىن «ئاپا، ئاپا، ئاپا!» دېگەن سۆزنىڭ قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

«ئاپا، ئاپا، جېنىم ئاپا!» ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيار-سىز ياشلار تۆكۈلدى. ئۇ ھېلىقى مۇئەللىمەگە ئېتىلىپ بېرىپ: «ئاپا، ئاپا، جېنىم ئاپام. مەن مەردان، ئاق سۈت بېرىپ باققان يالغۇز قوزاڭ مەردان» دەپ بوينىغا ئېسىلغۇسى كەلدى. مەردان ئەگەر ئاتا - ئانىسىنىڭ رەھىمسىزلەر قولىدا رەھىمسىزلەرچە توغرالغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن بولسا، بەلكىم شۇنداق قىلغانمۇ بولاتتى.

نېمىلا دېيلى، مەردان يەنىلا بالا، ئاغزىدىن ئوغۇز سۈتىد-نىڭ ھىدى كەتمىگەن، ئاتا - ئانا باغرىغا قانمىغان يۇمران پاقلان.

مەردان ئېغىر تىن ئالدى. كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ خېلى يەرگە بارغۇچە ئارقىسىغا قاراپ ماڭدى. ئاشۇ ئانا مەردانىنى

نېمىشقا كۆرمىدىكىن؟ كۆرگەن بولسا باغرىغا بېسىپ باشلىرىنى سىلاپ قويغان بولسا ـ ھە. مەردان ئۆزىنىڭ بالىسى بولغان بولسا ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتى. گۈلنار ئانا يالغۇز ئوغلىنى ئاشۇ ئاق كۆڭۈل ئانىلارغا تاپشۇرغان ئەمەسمىدى.

— دادا! دادا! قارا ئاۋۇ تۇرغان مەردانغۇ، قارا، دەل شۇ.

مەردان يولىنىڭ قارشى تەرىپىدە تۇرغان تۇرسۇن بىلەن دادىسى ئەمەت ئاكىنى كۆردى. مەردان ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ ئۆز يېزىدىكىلىرىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى مۇشۇ ئىدى.

— تۇرسۇن، تۇرسۇن! — مەردان يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ تۇرسۇن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئەمەت ئاكىغا سالام بېرىپ كۆرۈشتى. مەردانلار بىلەن تۇرسۇنلارنىڭ ئۆيى ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئۆيلۈك كىشى بولۇپ، يېقىن قوشنا ھەم ئىككىسى بىر سىنىپتا ئوقۇيتتى. ئەمەت ئاكا مەرداننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ـ دە، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بۇزماسلىقا تىرىشىپ:

— مەردان ئوغلۇم، قارا، چوپچوڭلا بولۇپ قاپسەن. خۇدا ئۆمرۈڭنى بەرسۇن، ئادەم بولدى دېگەن مۇشۇ، — دېدى. ئاندىن، — مەھەللە ئىچى ھەممىسى ئۆزۈڭ كۆرگەندەك، تىنچلىق، — دەپ قوشۇپ قويدى. مەردان ساۋاقداشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سورىدى. تۇرسۇن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك غۇنچەمنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالدى.

«غۇنچەم» پىچىرلىدى مەردان. ئۇ تۇرسۇننىڭ ئاغزىدىن قانداق سۆز چىقاركىن دەپ سوراشقا پېتىنالماي تۇراتتى.

— غۇنچەم دادىسى بىلەن ئىككى قېتىم شەھەرگە چۈشۈپ، سېنىڭ دېرىكىڭنى ئالالماي قايتىپ چىقتى. سەن توغرۇ-

لوق مەھەللىدە بەزىلەر ئوتتا كۆيۈپ كېتىپتۇ دېسە، يەنە بەزىلەر بىر قازاق كىشى بىلەن قېچىپ كېتىپ تاغدا ھەر ئىككىسىنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ دېيىشىپ يۈرىدۇ، — دېدى تۇرسۇن باللار-غا خاس ساددىلىقى بىلەن گەپ يوشۇرماي.

— ئىككى قېتىم چۈشتى؟ تۇرسۇن ئاداش ئېيتە، غۇن-چەم، چوڭ دادام، چوڭ ئاپاملار ياخشىمۇ؟

مەردانىنىڭ يۈرىكى بىر ئاز ئورنىغا چۈشكەن بولسىمۇ، لې-كىن يەنە نېمىدىندۇر ئەنسىرەيتتى.

— شۇنداق، ئىككى قېتىم سىنى ئىزدەپ چۈشۈپ تاپالماي قايتىپ چىقتى، سىنى ئەكەتكەن كونى غۇنچەمنى ھېچ يەردىن تاپالماي، ئەتىسى چۈشتە ئىتىزدىن تېپىپ كېلىپ باخشىغا پېرە ئويناتتى، موللىغا ئوقۇتتى. ئۇ ئاستا - ئاستا ياخشى بولۇپ، ھازىر مەكتەپتە پارتىدا ئۆزى يالغۇز ئولتۇرىدۇ. ھەر كونى سىنىڭ سومكاڭنى ئەكېلىپ سىنىڭ ئورنۇڭغا قويىدۇ. سىنىڭ، ئۆزىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەپ مۇئەللىمگە تاپشۇرىدۇ.

«غۇنچەم! ئـاھ، غـۇنـچـەم، سىنىڭ مەڭگۈلۈك دوس-تۇڭ مەردان ھايات» پىچىرلايتتى ئۇ ئىچىدە. يەر - جاھان، دەل - دەرەخ، ئۆيلەر ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ پىرقىرىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئـالـددـدا قـوش سومكىنى بوينىغا ئاسقان، گەپ - سۆز قىلمايدىغان، بىراق كۆلۈمسىرەپ تۇرغان بىر قىز گەۋدىلەندى. «غۇنچەم، غۇنچەم، مىنىڭ بۇ دۇنيادا غۇنچەمدىن باشقا كىمىم بار؟»

— ھە راست، — دېدى تۇرسۇن مەردانىنىڭ خىيالىنى بۆلۈپ، بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ، — قارا، ھېلىد-قى ھىممىت قېچىپ كېتىپ مەھەللىدىكىلەر ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىغان، بىزگە ھېلىلا ئاۋۇ كوچىدا ئۇچرىشىپ قالدى.

ئەسكى چاپان، ئەسكى مالىخاي كىيىۋاپتۇ. تېخى بۇرۇتمۇ قويۇۋاپتۇ. بىزنى كۆرۈپ دۇدۇقلاپ، دادامغا سالام قىلىپ قول بەرگەنىدى، دادام: «ھە ھىممىت، ئىگىسىز قالغان لالما ئىتتقا ئوخشاش كوچىدا قاپسەن ـ دە» دېۋىدى، غىڭ ـ پىڭ قىلماي تىرنىقىنى تاتىلاپ يەرگە قاراپ تۇرىدۇ.

— قاچان كۆردۇڭلار؟ — مەرداننىڭ غەزىپى بىردىنلا ئۆرلەپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى.

— ھازىرلا، قارا، ئاياغقا كەتتى، يۈگۈرسەك يېتىشىمىز، — دېدى تۇرسۇن.

مەردان بۇرۇلكىسىنىڭ سائەت يانچۇقىنى سىلىدى، بۇنىڭدا جاللات غوجەك، ساتقۇن ئىشپىيون ئەھەت ۋە ھىممىتقا ئاتاپ قويغان ئۈچ دانە تاپانچا ئوقى بار ئىدى.

— باللىرىم، قويۇڭلارچۇ، پەيلىڭلاردىن يېنىڭلار، ئۇ مۇناپىقنىڭ جاجىسىنى خۇدا ئۆزىلا بەرسۇن، — سۆزگە ئارىلاشتى ئەمەت ئاكا.

— خەپ، ئۇرۇش ۋاقتى بولغىنىدا، — دېدى مەردان ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ. ئۇ ئەمەت ئاكىغا قارىدى ـ دە، دادىسى پولاتنىڭ «ئىچ ئاغرىتىش ئەكسىيەتچىلەرنىڭ بىزنىڭ قېنىمىزغا سىڭدۈرگەن زەھىرى بولۇپ، خەلقنىڭ تارىختىن بېرىقى زۇلۇم چېكىشىنىڭ ئاساسى. تەسەللى بېرىش ئىنقىلابىي روھنى پەسەيتىپ، ئىنقىلابنى ئارقىغا سۈرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى. مەرداننىڭ قېنى قىزىپ جىددىيلەشكەنىدى.

— تۇرسۇن، — دېدى مەردان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خوشلىشىپ، — مەن ھازىرلا شتابقا بارمىسام بولمايدۇ، ھىممىت يەر يۈزىدىلا بولسا، بەرىبىر قانۇن تورىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھامان جازاسىنى تارتىدۇ. ساۋاقداشلارغا سالام



www.uyghurkitap.com

دېگىن. چوڭ دادام، چوڭ ئاپام، غۇنچەمگە مېنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم دېگىن جۇمۇ، ئۇرۇش توگىسىلا مەن ئۇلارنى كۆرگىلى چىقىمەن، ئۇنتۇما - ھە.

مەردان ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ كەتتى. گازارمىغا كىرىپ، كارىۋىتىغا ئوڭدىسىغا چۈشتى. ئۇنىڭ ياشقا تولغان ئىككى كۆزى تورۇسقا تىكىلگەنىدى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەممە ئىشلار كىنو لېنتىسىغا ئوخشاش كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا بايىقى مۇئەللىمە ئانا بىلەن تۇرسۇننىڭ دېيىشى بويىچە ئۆزى پەرەز قىلغان، گەپ - سۆز قىلماي ئىككى سومكىنى بويىنىغا ئېسىپ تۇرغان غۇنچەم ۋە ئەسكى مالخاي كىيىۋالغان خائىن ھېمىتنىڭ نىجاسەت تۇرقى قېتىپ تۇردى.

«باخشىغا پېرە ئوينىتىپ، موللىغا ئوقۇتتى» پىچىرلىدى مەردان. ئۇ مەھەللىدىكى ۋاقتىدا بالىلار بىلەن دېرىزىدە تۇرۇپ مەرۇپ باخشىنىڭ پېرىسىنى كۆرگەنىدى. مەرۇپ باخشى ئۇزۇن ئاق كۆڭلەكنى كىيىپ ئويۇنغا چۈشكەندە، يېرىم سائەتچە پىرقىراپ «ئاللا - ئاللا» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۆيدىكى چوڭدىن كىچىكى ھەممىسى «ئاللا - ئاللا» دەپ چۇقان سالاتتى، ئاندىن باخشى بىر قولىدا قامچا، بىر قولىدا قوڭغۇراقلىق خەنجەرنى تۇتۇپ ئاغرىق كىشىنى قوغلاپ يۈرۈپ ئۇرۇپ، تۇغقا يۆلەندۇرۇپ خەنجەر سالاتتى. مەرداننىڭ پېرىدە كۆرگەن ئاغرىق كىشىلىرى ياشقا تولغان ۋە ياكى قېرى بوۋاي، مومايلار بولۇپ، ئۇلارغا جىن - ئالۋاستىلار چاپلىشىپ، ئىت، مۈشۈك، توخۇ بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلايتتى. بىراق، مەرداننىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى باخشىغا زادىلا ئىشەنمەيتتى، «ئالدامچى، خۇراپاتلىق» دەيتتى. غۇنچەم بولسا، باخشىدىن، جىن - ئالۋاستى دېگەندىن جېنىنى ئالىدىغاندەكلا قورقاتتى.

مانا شۇ تۇرقىدا مەردانىنىڭ كۆزى تىكلەنگەن تۇمدا، ھېلىقى مەرۇپ باخشى بىر قولىدا خەنجەر، بىر قولىدا قامچا تۇتۇپ غۇنچەمنى ئالدىغا سېلىپ قوغلاپ يۈرىدۇ. بىچارە غۇنچەم «ۋاي ئاپا! ۋاي دادا، مېنى قۇتۇلدۇرۇڭلار!» دەپ نالە قىلماقتا. بىراق، ئۇلاردىن سادا چىقمىدى. «مەردان، جېنىم مەردان، مېنى قۇتۇلدۇرۇۋال، مەردان! سەن نەدە؟» غۇنچەم نالە قىلدى. بۇ مەردانىنىڭ چۈشىمۇ ياكى ئوڭىمۇ؟

— غۇنچەم! جېنىم غۇنچەم! قويۇۋەت! ئۇ ئاغرىق ئەمەس، قويۇۋەت! — مەردان بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغان پېتى ئورنىدىن چاچراپ تۇردى. ئۇنىڭ چەكچەيگەن كۆزلىرى يېنىدىكى جەڭچىلەرگە سۈرلۈك قارايتتى. قىزىتمىسى ئۆرلەپ قالغانىدى. مەردان پەقەت ھىممىتنىڭ كوچىدا يۈرگەنلىكىنىلا كوماندىرغا ئېيتتى.

— مەردان، — دېدى ئوسمانوپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئاتىلارچە سىلاپ تۇرۇپ، — بىز سېنىڭ بېشىڭغا كەلگەن چىدىغۇسىز دەرد - ئەلەمنى بىلىمىز. سەن قانچىلىك ئوتتا كۆيسەڭ بىزمۇ باتاليوندىن تارتىپ قوماندانلىق شتابى ھەم ھۆكۈمەت ئورنىغىچە ھەممىمىز سەن كۆيگەن ئوتتا شۇنچىلىك كۆيىمىز، چۈنكى سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ بىزنىڭ ئىنقىلابىي سەپداشىمىز، شۇنداقلا ئۇستازىمىز ئىدى. ئۇلار بىزنىڭ تارىخىمىزدا پەخىرلەنگۈدەك ئىز قالدۇرۇپ كەتتى. ھىممەت ۋە ھىممىتقا ئوخشاش خائىنلار، ئىشپىيونلار، ئەكسىيەتچىلەر ئەمدى بىزنىڭ قانۇن تورىمىزدىن ھېچ ياققا قېچىپ كېتەلمەيدۇ. ۋاقتى كەلگەندە قانۇن سەھنىسىدە، سوت ئالدىدا ھازىر بولۇپ خەلق ھېسابىنى ئالىدۇ.



www.uyghurkitap.com

## 2

غۇلجا شەھىرى باھار گۈللىرىدەك رەڭگا ـ رەڭ پلاكاتلار، لوزۇنكىلار، بايراقلار، چىراغلار بىلەن بېزەلگەن، ھەربىي فورما كىيىپ پولكوۋنىك، پوتىرىكوۋنىك مايور، كاپىتان دېگەندەك پاگون تاقاپ، «ئىستىقلالىيەت»، «باتۇرلۇق»، «پىدائىي»، «ساداقەت»، «ئازادلىق» ئالتۇن ـ كۈمۈش ئوردېن ـ مېداللىرىنى تاقىغان كوماندىر ـ جەڭچىلەر پاراتقا تەييارلىنىپ كوچىلاردا سانجاق ـ سانجاق تۇراتتى. زەمبىرەك ـ مىناميوتلار كۆك ئاسمانغا بويۇن سوزۇپ، قارا، ئاق، بوز، كۆل رەڭ تۇلپارلار يـۈگەن سىيرىپ، چېلچىپ پۇشقىرىپ تـۇراتتـى. 10 ـ ئاپرېل چوڭ يىغىلىش پارات بولۇپ، مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى.

ئال قولۇڭغا قىزىل تۇغنى،
بەرمە دۈشمەنگە ھېچ ئۇنى.
دۈشمەن سوزسا ياۋۇز قولىنى،
يانچىپ تاشلايمىز بىز ئۇنى.

جەڭچىلەر غالىب ناخشىلىرىنى ياڭرىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچلىرىنى ئۆز خەلقىگە نامايان قىلدى. قوماندانلىق شتابى پۈتۈن شىنجاڭ خەلقىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپە ھەم كۈنسايىن ئۇلغىيىۋاتقان مىللىي ئارمىيىنىڭ كۈچىگە ئاساسەن، ئوتتۇرا يۆنىلىش، شىمالىي يۆنىلىش، جەنۇبىي يۆنىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ يۆنىلىنىش بويىچە ئۇرۇش قىلىشنى قارار قىلدى.

قوماندانلىق شتابى مەردان ئەلپاتتايوپىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىـى ئـۈچـۈن ئـۇنىڭغا «ئىستىقلالىيەت I » ، «باتۇر- لۇق» ، «پىدائىي» ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن پىراپورچىك ئۇنۋانى بەردى.

«ئەل ئايىغى ئۈزۈن» دېگەندەك، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئال- دىنقى سەپكە يۈرۈش قىلىش بـۇيـرۇقـى شەھەردىن تارتىپ ناھىيە ـ قىشلاقلارغىمۇ يېتىپ باردى، جەڭچىلەردىن بەزىلىرى ئاتا ـ ئانا، خوتۇن ـ بالىلىرىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئۆيلىرىگە كېتىشتى. بىر ھـەپتىدىن بېرى گازارمىنىڭ ئىچـى ـ تېشـى مىغ ـ مىغلا ئادەم ئىدى. ئۇلار شەھەردىن، ناھىيە، يېزا ـ قىشلاقلاردىن ئوغۇل ـ قىزلىرى، ئاكا ـ ئىنىسى، قەدىرلىك يولدىشى بىلەن، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ خوش- لىشىشقا كەلگەنلەر ئىدى.

ئاتا ـ ئانىلار جەڭچى بالىلىرىنىڭ بېشىنى سىلاپ قوللىرى- نى يۈزلىرىگە ياقاتتى. ئەكەلگەن قويماق، توخۇم ـ قايماقلىرى- نى ئۇنىمىغىنىغا قويماي يېگۈزەتتى. «بۇ دېگەن ئۇرۇش، جان بار يەردە قازا بار. جان خۇدانىڭ قولىدا» . ئاتا ـ ئانىلار بۇ سۆزلەرنى دېگىنىدە كالپۇكلىرى تىترەپ كۆزلىرىگە ياشلار ئە- گىيتتى، «ئوتنىڭ ئىچىدە پاختىنى ساقلار خۇدايىم» دېگىنىدە يۈرىكى بىر ئاز بولسىمۇ ئورنىغا چۈشەتتى.

«ئېھ، ئاتا ـ ئانا، سەن نېمىدېگەن ئۇلۇغ، مېھرىبانسەن؟ ئاتادەك مېھرىبان قايدا، ئانادەك غەمگۈزار قايدا. »

بىر ھەپتىدىن بېرى مەردانىنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، مەگز سۆڭەكلىرى چىقىپ قالغانىدى. ئۇ جەڭچىلەرنىڭ زورلى- شى بىلەن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن تاماقلىرىغا ئېغىز تېگىپ قويۇپلا، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىگە دەخلى قىلماي،

دەپ كېتىپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىسى بولغان بولسا ئۆزىگە قانچىلىك قىلىپ كېتەر ئىدى ـ ھە. ئۇ ئانىسىنى تۇلكە يەپ كېتىپ يالغۇز قالغان چۈجىدەك بويىنىنى قىسىپ، سۆگەتنىڭ دالدىسىغا، تامنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ يۇرەك ـ باغرى قانغۇچە يىغلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ باغرىغا قانغاندەك، ئىچ ـ قارنى بىردەم بولسىمۇ يېنىكلىشىپ قالاتتى.

مەن ئاتامدىن ئايرىلىپ،
سۇندى قاناتىم قايرىلىپ.
مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن،
جانىم ئانامدىن ئايرىلىپ.

مەردانلارنىڭ قىسمىدا ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىم بالىلارمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاغرىپ ياكى بىرەر پاجىئە بىلەن ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئۇنى كۆرمىگەن. مەردان بولسا نەق ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، بۇ دەرد ـ ئەلەم يۈرىكىگە مۆھۈر بولۇپ كۆيدۈرۈپ بېسىلغانىدى. بۇ دەرد قانداقمۇ ئۇن- تۇلسۇن؟ … ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى سېغىناتتى، يىغلايتتى، قى- ساس ئوتى لاۋۇلداپ ياناتتى.

«خەپ، — دەپ ئورنىدىن تۇردى مەردان تامنىڭ ئارقى- سىدا ئولتۇرغان يېرىدىن، — ھېلىقى كۈنى ئەدىپىنى بەرسەم بوپتىكەن.» مەرداننىڭ قىزىغان قېنى ئاستا ـ ئاستا سوۋۇپ، كىرىشكەن چىشلىرى بوشاپ ئەس ـ ھوشىنى يىغدى ـ دە، «تۇرسۇن مېنى كۆرگەنلىكىنى چوڭ دادام، چوڭ ئاپام، غۇن- چەمگە دېگەنمىدۇ» دەپ ئويلىدى.

1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ھاۋا شېشىدەك

www.uyghurkitap.com

سۈزۈك، يەر يۈزى ياپيېشىل مەخمەلگە پۈركەنگەنىدى. بايانداي يېزىسىنىڭ باغلىرىدا كاككۇك، بۇلبۇللار، يولىنىڭ ئىككى چېتىدىكى دالىلاردا بوز تورغايلار ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي بەس ـ بەستە سايراشماقتا. ئارمىيە، خەلق قوشۇلۇپ بايانداي كوچىلىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغانىدى.

ئوتتۇرا يۈنىلىش غۇلجا پولكى بۈگۈن مۇشۇ باياندايدىن يولغا چىقىدۇ. ئاتا ـ ئانا، يار ـ دوستلار جەڭچىلەرنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن:

«دۈشمەننىڭ ئوقى ئالدىڭدىن تەگسە بەرگەن سۈتۈمگە رازى، ئارقاڭدىن تەگسە رازى ئەمەس، خەير بالىلىرىم، سىلەرگە مەدەت ۋە ئاق يول تىلەيمىز» دېيىشىپ دۇئا ـ تىلەك قىلىشماقتا. «مەن سىزنى سېغىنىمەن، خەت يېزىپ تۇرۇڭ جۇمۇ». چىرايلىق قىز ـ جۇۋانلارنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ، كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

تاغ بۈركۈتىدەك دۆڭنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرغان مەردان ئانا تۇپراقتىن مەدەت كۈتكەندەك ئىلى ۋادىسىغا كۆز تىكتى. يىراقتا ھەيۋەتلىك ئەۋلىيا چوققىسى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئەنە ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسى، دەل ـ دەرەخ، ئۆرۈك، ئالما، مايسىدەك كۆكەرگەن ئېتىز ـ ئېرىق، كەڭ دالا، تاغلار، سايلار ... ئانا مەكتىپى ...

مەردانغا ئەۋلىيا چوققىسى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولۇپ كۆرۈندى. ئەنە ئۇلار ئۇنى ئۇزاتماقتا. يەنە غۇنچەمۇ بار ...

بىراق ئۇ ئىككى چىن ئىنسان ھازىر نەدە؟ ئۇلارنىڭ پاك جەسىتى نەدە؟ مەردان بېلىگە ئاق باغلاپ، ئوغلى ئورنىدا ئوغۇل، قىزى ئورنىدا قىز بولۇپ يىغلاپ تاۋۇت ئالدىدا «ۋاي ئاتام، ۋاي ئانام» دەپ ماڭالمىدىغۇ، قەبرە بېشىدا يەتتە كەتمەن

توپىدىن بۇرۇن «ئاتام ـ ئانام قانداق كىشىلەر ئىدى؟» دەپ سوراپ، سىقىمداپ توپا تاشلىيالمىدىغۇ؟ مانا بۇلار ئۇنىڭ بويىن-دىكى بالىلىق بۇرچى ئىدىغۇ؟ مەردان ئېگىز دۆڭ ئۈستىدە تۇرۇپ پىچىرلايتتى. ئىلى دەرياسى ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئىككى كۆزىدە ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتامدۇ ياكى ئوت بولۇپ يېنىپ كۆيۈۋاتقان بەدىنىدىكى ئوتنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن تاشتىن ـ تاشقا، قىرغاقتىن ـ قىرغاققا ئۇرۇلۇپ ئېقىۋاتامدۇ ۋە ياكى يەنىلا دولقۇنلار يېرىپ ئالغا ئۈزۈپ كېتىۋاتامدۇ؟

«ئەي ئەزىز ئوغلۇم، يىغلىما! ئاققان قانلار زايە كەتمەي-دۇ، قان بولۇپ ئەجدادلار تارىخىغا پۈتۈلىدۇ، كەلگۈسى ئەۋلاد-لار بۇ تارىختىن پەخىرلىنىدۇ. سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن. تارىخنىڭ زۇلمەتلىك كىشەنلىرىنى رەھىمسىزلەرچە ئۇ-رۇپ چىقىڭلار!» مانا بۇ ئاقباش ئەۋلىيا چوققىسىنىڭ ساداسى ئىدى. يىراقتىن بىر جەڭچىنىڭ:

ئانجان يادىمدا بار
تىنماي ئازاپ چەككەنلىرىڭ.
كېچىلىرى ئۇخلىماي
ئاق سۈت بېرىپ باققانلىرىڭ.

ئون سەككىز ياشقىچە
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى.
رازى بولغىن ئانجان
ئەمدى كۆرەرمەنمۇ سېنى.

دېگەن ناخشا ساداسى ياڭراپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

«خەير ـ خوش، ئەي تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى ئىلى دەرياسى، خەير خوش ئەي مويسىپىت ئەۋلىيا چوققا! خەير ـ خوش مېنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزام! خەير ـ خوش غۇنچەم...» مەردان ئىغىر تىن ئېلىپ توپقا قاراپ كەتتى.

* * *

بەش سائەت يولنى پىيادە مېڭىپ، ئۈچ سائەتتىن بېرى بۇ پايانسىز ئادەم دېڭىزىدا چايقىلىپ ھالى قالمىغان غۇنچەمنىڭ بارلىق ئۈمىد ـ ئارزۇلىرى يوققا چىققاندەك قىلاتتى.

ــ دېڭىزنىڭ ئىچىدىن تېرىق ئىزدىگەندەك ئىش بولدى ـ دە، خۇددى ئاسمانغا ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك ــ دېدى ئادەملەر توپىدىن ئۈزۈلۈپ چىقىپ بىر چەتتە ئولتۇرۇشقان ساۋاقداشلاردىن غىياس قاپاقتىكى سۇدىن بىرنەچچە يۇتۇمنى ئىچكەندىن كېيىن.

ــ راست دەيسەن، بۇنچىلىك كىشىلەر ئىچىدىن تېپىشنىڭ ئۆزى بىر گەپ، قارا، قورسىقىم ئېچىپ ئۈچەيلىرىم قاتلىشىپ كەتتى، ــ دېدى قاۋۇل بېلىدىكى تۈگۈندىن بىر پارچە ناننى ئېلىپ چاينىغاچ.

ــ ساۋاقداشلار، بايىقى بىز سورىغان جەڭچىلەرنىڭ دېيىشىچە، مەردان ئەلپاتتا دېگەن بىرسىنىڭ بارلىقى ئېنىق. بىراق، بىز ئۇنى تاپالمىدۇق، ئېھتىمال مەردان پولات شۇدۇ، ھامىنى جاپا تارتتۇق، نان يەپ قورساقلارنى ئازراق قىرلاپ، بۇ قېتىم بۇلۇڭ‌ـ پۇچقاقلاپ ئىزدەيلى، قانداق دەيسىلەر؟ ــ دېدى تۇرسۇن. ئۇ قاپاقتىكى سۇدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، قاپاقنى غۇنچەمگە بەردى. غۇنچەمنىڭ گېلىدىن سۇ ئۆت-

مەيتتى. «مەرداننى كۆرەلمىسەم دادامغا، ئاپامغا نېمە دەيمەن؟
كىچىك دادام، كىچىك ئاپاملارنىڭ روھى ئالدىدا نېمە دەيمەن؟
مەردان نېمىلەرنى ئويلار؟ ياق، مەردان مېنى تۆت كۆزى بىلەن
كۈتۈپ كۆزلىرى تېلىپ ھەسرەت چېكىدۇ، مەردان، مەن سېنى
تېپىشىم كېرەك، تاپىمەن» دەپ ئويلايتتى ئۇ.
تۇرسۇننىڭ سۆزى غۇنچەمگە زور مەدەت بەردى.
ــ ساۋاقداشلار! ــ دېدى غۇنچەم ساۋاقداشلىرىغا قا-
راپ، ــ تۇرسۇن راست دەيدۇ، ئەگەر بىز مەرداننى تاپمىساق
مۇئەللىملەرگە، ئوقۇغۇچىلارغا، مەھەللە جامائىتىگە، خەلقىگە
چىقىپ نېمە دەيمىز؟ مەردان بىلەن ئالتە يىللىق ساۋاقداشلىقى-
مىز قېنى؟ قاراڭلار! ــ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، ــ
جەڭچىلەرنىڭ يولغا چىقىشىغا ئازلا قالدى. ئۇلار خەلق بىلەن
خوشلىشىپ بولۇپ تىزىلدى. ئاۋۇ يول بىلەن ئۇياققا قاراپ
ماڭىدۇ. بىز ھازىرلا ئۇلاردىن بۇرۇن بېرىپ يولنىڭ چېتىدە
ئېگىزرەك يەردە تۇرساق، ئۇلار تىزىلىپ ئالدىمىزدىن
ئۆتىدۇ ـ دە، مەردان بىزنى چوقۇم كۆرىدۇ، شۇنداقمۇ؟
ــ راست، راست، سېنىڭ پىلانىڭ دەل جايىدا بولدى.
ئاداشلار، يۈرۈڭلار، شۇ يەرگە بېرىپ نان يەپ تۇرايلى، ــ
دېدى تۇرسۇن. ئۇلار توپتىن چىقىپ بىر كىلومېتىرچە مېڭىپ،
يولنىڭ ئوڭ چېتىدە ئېگىزرەك يەرگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى.
غۇنچەمنىڭ يۈرىكى تەقەززالىق بىلەن سوقماقتا. ئۇ تۇرۇپ-
تۇرۇپلا يېنىدىكىلەرگە قاراپ: «نېمىشقا ئۆزۈم يالغۇزلا كەلمى-
دىم» دەپ پۇشايمان قىلاتتى. ئەنە، غۇنچەم دېگەندەك، جەڭچى-
لەر سەپ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ يۈرىكى جەڭچىلەرنىڭ
قەدەم باسقان ئايىغىدەك دۈپۈلدىمەكتە.
ــ مەردان! مەردان! ــ غۇنچەمنىڭ نازۇك

www.uyghurkitap.com

ئاۋازى بۇ پايانسىز كەڭ زېمىندا جاراڭلاپ يىراقلارغا كەتكەنىدى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇغان، خىيالى پەقەت مەرداندىلا ئىدى.

— مەردان! ھەي مەردان!

مەردان بۇ تونۇش ئاۋازنى خېلى يىراقتىنلا ئاڭلاپ تونۇدى.

— غۇنچەم! يولداش كوماندىر، غۇنچەم! ئەنە ئۇلار! ئالدىمىزدا تۇرىدۇ!

باتالىيون كوماندىرى ئۇسمانوپ بىلەن مەردان ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتاتتى. كوماندىر مەرداننىڭ جۆيلۈپ غۇنچەم دېگەنىنى نەچچە قېتىم ئاڭلىغاچقا، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى.

— يولداش ئەلپاتتايوپ، ئالدىرىماي ئارقىمىزدىن يېتىپ بارسىڭىزمۇ بولىدۇ، قېنى يۈگۈرۈڭ، — بۇيرۇق قىلدى كوماندىر.

غۇنچەم، تۇرسۇن، غىياس، قاۋۇل، مەردان بەشى قىيا - چىيا قىلىشىپ بىر - بىرىگە قاراپ ئېتىلىشتى. مەردان ئوغۇللار بىلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى - دە، غۇنچەمگە قارىدى.

— مەردان! مەردان! — غۇنچەم مەردانغا تەلمۈرۈپ قارىدى. بىراق، ئۇنىڭ كالپۇكلىرى تىترەپ بوتا كۆزلىرى لىق ياشقا تولغانىدى.

— يىغلىما، يىغلىما، چوڭ دادام، چوڭ ئاپاملار ياخشىمۇ؟ ئۆزۈڭچۇ؟ — غۇنچەمنىڭ قولى مەرداننىڭ ئالىقىنىدا ئىدى. ئۇ ئۆزىنى زورىغا تۇتۇپ تۇراتتى.

— ياخشى، ياخشى، دادام، ئاپاملار ساڭا سالام ئېيتتى. تۇرسۇندىن خەۋىرىڭنى ئۇقۇپ ئاپام بىلەن چۈشۈپ سىنى تاپالمىدۇق، — غۇنچەم بۇ سۆزلەرنى يىغا ئارىلاش ئۆپكىدەپ تۇرۇپ ئارانلا دېيەلىدى - دە، ئۆيدىن ئاپىسى پىشۇرغان تۇخۇم،

قايماق، توقاچلارنى مەرداننىڭ سومكىسىغا سېلىشقا باشلىدى.
— رەھمەت غۇنچەم، رەھمەت، ئاۋارە بولدۇڭلار، —
مەردان غۇنچەمگە قاراپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى ـ دە، چوڭقۇر ئۇھسىنىدى. ئۇنىڭ بويى بىر يىلدىن بىرى كۆرمىگەچكىمۇ خېلىلا ئۆسۈپ قاپتۇ، بىراق ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان بىجىرىم غۇنچەم ئۇنىڭ كۆزىگە تەڭ يېرىم ياداپ كەتكەندەك كۆرۈندى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەردان بىر يىلدىن بېرى كەتمەنلىگەنلەر ئۈچۈن، ئاشۇ شېرىن دوستى ئۈچۈن چەكسىز ھەسرەت چېكىپ، نادامەت تارتتى، يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپ، تۈن ئىسپىدە، تام ياقىلىرىدا «غۇنچەم، سەن نەدە» دەپ زارلىدى. بۇ دۇنيادا ئالدىدىكى يايلى، ئارقىسىدىكى قويرۇقى پەقەت مۇشۇ بىر تال غۇنچىغۇ. بۇلار بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇنلا بىر تال ئۈرۈك، بىر تال ئالمىنى بىر سەن، بىر مەن چىشلەپ يېيىشكەنىدىغۇ، بۇگۈن غۇنچەمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئاشۇ چۈۋۈلۈپ تۇرغان قارا چېچىنى بىرنەچچە دەقىقە پۇراپ سىلاپ، ياغلىق بىلەن چىگىپ قويۇش، ياق، قانغۇچە يىغلاپ، ئاندىن قانغۇچە بېيىش كېرەكتىغۇ، بىراق مۇنۇ تۇرغان ئىككىدىن ئالتە كۆز، ئالتە قۇلاق ئالدىدا بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟
غۇنچەمنىڭ كۆز يېشى تېخى قۇرۇمىغانىدى. مەردان بۇرۇنقى مەردان ئەمەس، بويى خېلى ئۆسۈپتۇ، بۇرۇتىمۇ خەت تارتىپتۇ. بىراق، تەڭ يېرىم ياداپ، ئېڭەكلىرى چىقىپ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، بۇرۇنلىرى قىڭراقتەك، پېشانىسى تاتۇق، ئاھ خۇدا! غۇنچەم قانچە قېتىم قۇربانلار قەبرىسىگە باش قويۇپ، مەيدىسىنى يېقىپ يىغلىدى، قاقشىدى، مۇشۇ مەردان ئۈچۈن ساراڭ بولۇپ بارمىغان زاراتگاھ، ئەسكى تام، قارىياغاچلىق قالماي، ھەتتا «ساراڭ» دېگەن نامى چىقتى.

www.uyghurkitap.com

«مەردان! مەردان! مېنىڭ مەردانىم! — غۇنچەمنىڭ يۈرىكى سۆزلەيتتى، — مەن سېنىڭ، سەن مېنىڭ، مېنى قانغۇچە باغرىڭغا بېسىپ تۇرۇپ قانغۇچە يىغلاپ...» بىراق بۇ سۆزلەرنى دېيىشكە يەر تار ئىدى.

غۇنچەمنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى مەردانغا تىكىلدى. مەردانمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى — دە، دەرھال گەپنى بۇراپ مەھەللىدىكى مۇئەللىملەرنى، ساۋاقداشلارنى، مەھەللە ئىچىنى سورىدى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، كېرەم مۇئەللىم بىلەن ھېتاخۇن مۇئەللىم مازار ئۇرۇشىدا قۇربان بوپتۇ. سۇلايمان مۇئەللىم سوپىتاي ئۇرۇشىدا پۇتىغا ئوق تېگىپ يارىلىنىپتۇ. ھېتاخۇن بوۋاي، روزاخۇن بوۋايلار شەھەرگە بىر قېتىم چۈشۈپ، مەردانىنى تاپالماي قايتىپ چىقىپتۇ. بۈگۈن يۇرت چوڭلىرى، مۇئەللىملەر، ئوقۇغۇچىلار نامىدىن چۈشۈپتۇ.

— ساۋاقداشلار! سىلەرگە رەھمەت، مەھەللىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممىسىگە، مۇئەللىملەرگە، ساۋاقداشلارغا سالام دەڭلار، ئۇرۇش تۈگىسە، مەن چىقىمەن. خەير، سالامەت كۆرۈشەيلى! چوڭ دادام، چوڭ ئاپامغا سېغىنىپ سالام دېگىن.

مەردان ئۇلار بىلەن بىر - بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى - دە، قىسىم كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ پات - پاتلا كەينىگە قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتاتتى. مەردان بىر دوقمۇشتىن ئايلىنىپلا كۆرۈنمىدى. ئۇ قارىياغاچ يېنىدا ساقلاپ تۇردى.

— غىياس، غىياس! قارا، دادام بەرگەن پۇلنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى غۇنچەم بىر سىقىم پۇلنى كۆرسىتىپ.

— ئەكەل، مەن يۈگۈرۈپ ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى غىياس.

— ياق، ياق، ئۆزۈم ئاپىرىپ بېرىمەن. سىلەر مېنى
دەڭدە ساقلاپ تۇرۇڭلار.

غۇنچەم مەردانىنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك يۈگۈردى - دە،
ئايلانمىغا بارغاندا «مەردان» دەپ قەستەن ۋارقىرىدى. ئايلانمىدا
ساقلاپ تۇرغان مەرداننى كۆرگەن غۇنچەم ئېتىلىپ بېرىپ ئۆزد-
نى مەردانغا ئاتتى - دە، بويىنىغا گىرە سېلىپ، مەڭزىنى
مەڭزىگە يېقىپ ئۆپكىدەپ يىغلىدى. بۇ ئىككىسىنىڭ يۈرىكىدىن
ئېتىلىپ چىققان ئىسسىق ياشلار قوشۇلۇپ، ئىسسىق قانغا ئوخ-
شاش ھەر ئىككىسىنىڭ كۆكسىنى بويلاپ ئاقماقتا ئىدى.

— يىغلىما غۇنچەم، يىغلىما، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن
ئۇنتۇلغۇسىز دەرد - ئەلەملەر باشقا كىشىنىڭ بېشىغا كەلمى-
سۇن. مەن سېنىڭ قانچىلىك دەرد تارتىپ، ھەسرەت چەكك-
ىنىڭنى بىلىمەن، يىغلىما، يىغلىما، جېنىم.

مەردان يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ غۇنچەمنىڭ كۆز
ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويدى. يىغا كىشىنى بىرئاز بولسىمۇ يې-
نىكلەشتۈرۈپ ئىچ - قارنىنى بوشىتىدۇ. ئۇلار چىڭ قۇچاقلى-
شىپ ئۇزاق سۆيۈشكەندىن كېيىن:

— بۈگۈن كەتسەڭ قاچان كېلىسەن؟ — دەپ سورىدى
غۇنچەم.

— ئۇرۇش تۈگىسە. ئۇرۇش بىر يىلدا تۈگەمدۇ، بەش
يىلدىمۇ، ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ۋاقىتتىمۇ، بىلمەيمەن.

— ئاھ خۇدا، بىز ھازىر ئون بەشكە كەلدۇق. ئون بەشكە
شۇنداقمۇ؟ بىزغۇ چىدايمىز، بىراق ... مەردان غۇنچەمنىڭ
سۆزىنىڭ تېگىگە يەتكەندى.

— سەن نېمە دېسەڭ شۇ غۇنچەم، سېنىڭ كۆڭلۈڭنى
يەردە قويۇشقا ھەققىم يوق. مەنمۇ سەن ئويلىغاندەك، —

www.uyghurkitap.com

مەردان پەقەت شۇنداقلا دېيەلىدى، — مەن ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپلا ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدۇم، غۇنچەم سەنچۇ؟ بۇ يىل گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىرگىن، بولامدۇ؟

— ماقۇل، مەن سەن دېگەندەك چوقۇم گىمنازىيىگە ئوقۇشقا كىرىمەن، قانۇن ساھەسىدە ئوقۇغۇم بار، سەنچە بولامدۇ؟

— ياخشى، كەلگۈسىدە دۆلىتىمىزگە قانۇن كادىرلىرى كېرەك، غۇنچەم.

مەردان سۆزىدىن كېيىن سومكىسىدىن تۆت سۇكلۇق ھەربىي فورمىدا چۈشكەن سۈرىتىنى ئېلىپ غۇنچەمگە بەردى. سۈرەتنىڭ ئارقىسىدا «ساۋاقدىشىم غۇنچەمگە، سېنىڭ مەرداندىن» ، ئاستىغا «1945 - يىلى 4 - ئاينىڭ 1 - كۈنى» دەپ ۋاقتى يېزىلغانىدى. غۇنچەم سومكىسىدىن ئاق قەغەزگە ئورالغان ئاق شىپۇن قولياغلىقنى ئېلىپ مەردانغا بەردى. ياغلىقتا غۇنچەم ئۆزى بىر تال قىزىلگۈل غۇنچىسىنى ئايلىنىپ كېپىنەكنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەن رەسىمىنى يىپەك يىپلار بىلەن كەشتىلىگەن بولۇپ، بۇ مۇھەببەتنىڭ سىمۋولى ئىدى. ئاستىغا «ساۋاقدىشىم مەردانغا! سېنىڭ غۇنچەڭ، 1945 - يىلى 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى» دەپ يېزىلغان، ياغلىقتىن ئەتىر كەبى شېرىن پۇراق چىقىپ تۇراتتى.

مەردان غۇنچەمنى يەنە باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ، ئاشۇ قولياغلىقتا ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى. ئاپئاق قولياغلىقتا كۆز يېشىدىن ساغۇچ داغ قالدى. ۋاقىت قىس ئىدى.

— خەير، جېنىم، ئامان بول!

— خەير، جېنىم مەردان، ئامان بولغىن! سېنى كۈتىمەن!

مەردانىنىڭ يۈرىكى غايىبانە بىرتال يىپ بىلەن غۇنچەمنىڭ يۈرىكىگە باغلىنىپ، ئاسماندا ئۇچۇرۇلغان لەگلەكتەك ئۆزىراپ كېتىۋاتاتتى. يىپنىڭ ئۇچىنى تارتسا لەگلەك ئاسمانغا ئۆرلىگەندەك، مەردانمۇ ماڭدامدا بىر دېگۈدەك ئارقىسىغا قارىغىنىدا، پۈتلىرىمۇ ئىختىيارسىز ئارقىسىغا چامدىغاندەك قىلاتتى.

قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى قارىغايلارنىڭ ئۇچلىرىدا، ئېگىز قىيا تاشلاردا، چوققىلاردا قىپقىزىل چوغدەك تاۋلىنىپ تۇراتتى. قىسىملار جاپالىق يۈرۈش قىلىپ، ئۇچىنچى كۈنى ئالدى تەلكە داۋانىدىن ئېشىپ سايرام بويىغا چۈشتى. ئېگىز تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان مەردان بۇ پايانسىز كەتكەن ئېگىز تاغ تىزمىلىرىغا قاراپ خىيال سۈرەتتى. ئۇ كۆك ئاسماندا تۇرۇپ يەرگە قارىغاندەك بىرىدە ئوڭغا، بىرىدە سولغا، ئالدىغا، ئارقىسىغا قارايتتى. تەلكە تېغىنىڭ ھەر بىر ساي ـ سالاسىدا خۇددى بوك ـ باراقسان ئۆسكەن يېشىل قارىغايلار، قۇياشنىڭ نۇرىدا سېرىق، يېشىل، ھال، قىزىل نۇر چىقىرىپ تۇرغان خادا تاشلار، ئەنە پەستە مارالىق، قىيىنلىق، ئۆرۈكلۈك، جانچىقار دېگەن سايلار، بۇ سايلاردىن سىرغىپ چىققان تاغ سۇلىرى قوشۇلۇپ چوڭ ئېقىن بولۇپ، دولقۇن ياساپ ئاقماقتا. شەھەردىن، يېزا ـ قىشلاقتىن كېلىپ بىر نىيەت، بىر مەقسەت ئۈچۈن قوشۇلغانلار چوڭ قوشۇن بولۇپ، بىرسىنىڭ ئىزىنى ئىككىنچىسى بېسىپ داۋانلار ئېشىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

قوللارغا قورال ئالدۇق،<br>
قاراتتۇق دۈشمەنلەرگە.<br>
توغرا چەنلەپ ئاتىمىز،<br>
ئۇ ياۋۇز دۈشمەنلەرگە.

مانا بۇ جەڭگىۋار ناخشىلار ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئۈمىد بىلەن، روھىنى كۈرەش بىلەن تاۋلىماقتا.

ئېھ، سايرام كۆلى، ئايمۇ سەن، يۇلتۇزمۇسەن؟ سېنىڭ كۈمۈشتەك يۈزۈڭدە جەڭچى - ئەزىمەتلەر ياققان گۇلخانلارنىڭ شولىلىرى ۋالىلداپ تۇرىدۇ. قانچە مىڭلىغان قوي - قوزا، ئۆچكە - ئوغلاق، موزاي - كالا، ئات - قۇلۇنلار كىشنەپ، مەرىسە، سېنىڭ باغرىڭدا ئاپئاق بۇلۇتتەك لەيلەپ تۇرغان كىگىز ئۆيلەردىن كۆتۈرۈلگەن كۈمۈش ئىسلار ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپتۇ.

مەردانلار ھەر يازلىقى دادىسى، ئاپىسى، غۇنچەم بىلەن يايلاققا چىقىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كېلەتتى. مەردان بىلەن غۇنچەم قاپتالغا چىقىپ، بۆلدۈرگەن، گۆشۈنە تېرەتتى. قارىغايلىققا كىرىپ قارىغاي سېغىزى ئېتەتتى. ئۆي ئىگىسى قوي، ئۆچكە ساغقاندا مەردان ئۆچكىنى تۇتۇپ بېرەتتى - دە، غۇنچەم ئۆچكىنى ساغاتتى.

بىزنىڭ تاغلىرىمىز، باغلىرىمىز نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە؟ قاراڭلار، تەبىئەت ھەممە گۈزەللىكنى بىزنىڭ يۇرتىمىزغىلا ئاتا قىلغاندەك، — دېدى گۈلنار ئانا بىر كۈنى ئاتا - ئانا، بالا دۆڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندا.

— شۇنداق، — دېدى پولات ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، — بىزدىكى «چىرايلىقنىڭ دۈشمىنى كۆپ» دېگەن تەمسىل بىكار ئېيتىلمىغان، يېرىمىز باي ۋە گۈزەل بولغاچقا، ھەر تەرەپتىن كېلىپ قول سالىدىغانلارنىڭ چىقىشى سەۋەبسىز ئەمەستە. قاراڭلار، بۇ ساي - سايدىكى سانسىزلىغان بايلىققا، كەلگۈسىدە سانائەت تەرەققىي قىلغاندا مۇشۇ بىر سايىنىڭ تېشى بىلەنلا خەلقنى ئون يىل بەخۇدۇك باققىلى بولىدۇ،



www.uyghurkitap.com

شۇنداقمۇ؟
— شۇنداق، — تەستىقلىدى ئانا. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئەسلىگەن مەردان، تاش ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشتى. ئۇنىڭ خىيال دېڭىزىدا لەيلەپ يۈرگەن بۇ ئىشلار ئۇنىڭ كۆرگەن شېرىن چۈشىمۇ ياكى ھەقىقىي بولغان ئىشمۇ؟ ئەگەر راست بولسا، كەلگۈسى ئەجدادلار غېمىدە سەدپارە بولغان بۇ مېھرىبان ئاتا - ئانا بۈگۈنكى كۈندە زادى نەدە؟ دوستلارچە سېغىنىش ئورنىغا مۇھەببەت ئوتى ياققان، مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ، مۇھەببەت دەرياسىدا ئاققان غۇنچەمچۇ؟ مەردان غۇنچەمنى ئويلىدى، خىيالىدا غۇنچەم ئۆزىنىڭ قۇچىقىدا ئىدى.
«مەردان! مەن مەڭگۈ سېنىڭ جۇمۇ!»
«شۇنداق، جېنىم غۇنچەم، سەن مەڭگۈ مېنىڭ، مەنمۇ مەڭگۈ سېنىڭ، بىز بىر - بىرىمىزسىز ھەرگىز ياشىيالمايمىز.» مەردان يىراقلارغا قاراپ، بۇ پايانسىز دۇنيادىن بىرسىنى ئىزدىگەندەك قىلاتتى.
مەردان بۇ رەھىمسىزلىكنى دەسلەپىدە ھىمىت، ئەھەتكە ئوخشاش خائىنلار، گۇ، غوجەككە ئوخشاش ھېلىقى بىرنەچچە جاللاتنىڭ ئىشى دەپ ئۇلاردىن قىساسىمۇ ئالدى ۋە قىساس ئېلىشقا ساناپ يېنىدا بىرنەچچە تال ئوقنىمۇ ساقلاپ يۈردى. كېيىنچە ھەربىي تۇرمۇش، جەڭگىۋار ۋەزىپە ئۇنىڭ كۆزىنى ئېچىپ، جەمئىيەت ۋە شۇ جەمئىيەتكە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنىڭ رەھىمسىزلىكى، خائىنلار، ساتقىنلار، مۇناپىقلار، ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار، ئاشۇ جەمئىيەت ۋە ھاكىمىيەتنىڭ لالما ئىتلىرى، ياۋۇز چىلبۆرىلىرىنى تونۇپ يەتتى. مەردان ئېغىر تىن ئالدى. ئەسكەرنىڭ قەلبى ھامان ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ سايرام بويىغا چۇشۇپ چەتتەرەك بىر جاينى تاللىدى. ئۇنىڭ قولىدا ئىككى دانە ياغاچ گرانات، ئۇ ئالدىدىكى يۈز ئەللىك مېتىر ئارىلىقتىكى تاش دۆۋىسىنى نىشان قىلدى. مانا ئەمدى بىرىدە يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ، بىرىدە تولۇقچىلاپ غۇلاپ دۇشمەنىنىڭ رەھىمسىز پوتىيىنى پارتلىتىش ئۇچۇن ئالغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. ئاخىر ئۇ مۆلچەرلىگەن پەللىگە يەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ گراناتنى نىشانغا ھالقىتىپ ئاتتى. گرانات دەل نىشانلىغان تاش دۆۋىسىنىڭ ئۇستىگىلا چۇشتى، مەردان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۆزىنى نىشان ئۇستىگە ئاتتى.

— يولداش پراپورچىك، بۇ ياقىقا كېلىڭ! — دېدى باياتىن بېرى مەرداننىڭ ماھارىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان باتاليون كوماندىرى مايور ئوسمانوپ. ئۇ مەردان ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇگۇنكى ماھارىتىڭىز ياخشى بولدى. گرانات دەل نىشانغا چۇشتى. بىراق، دۇشمەننىڭ پوتىيىگە بىر گرانات تاشلاپلا بېسىپ كىرىشكە بولمايدۇ. پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھال ئىككى - ئۇچ گراناتنى تاشلاپ دۇشمەن پوتونلىي يوقىتىلغاندىن كېيىن بېسىپ كىرىش كېرەك. ئۇرۇشتا «بىرسى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن سۆز ھەر ئىككى تەرەپكە ئوخشاشلا، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، يولداش مايور، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمەن.

— ھە راست، قايسى كۇندىكى ساۋاقداشلىرىڭىزنى كوماندىر پولكوۋنىك سۇيدۇك پولكىنى ئۆزىتىپ قويۇپ غۇلجىغا قايتىشىدا چەيلەكزىدە ئۇچرىتىپتۇ، پولكوۋنىك ئۇلارنى ماشىنىسىغا سېلىۋېلىپ يولدا كېتىۋېتىپ سورىسا، ئۇلار سېنى يوقلاپ

ئۆزىنىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇلار شۇ كۈنى شتابتا يې-
تىپ، ئون ئوغۇل بالا يېزىغا چىقىپ كېتىپتۇ، غۇنچەم دېگەن
قىزنىڭ قىزىتمىسى ئۆرە بولغاچقا، دەرھال دوختۇرغا ئاپىرىپ،
ئىككى كۈن ياتقۇزۇپ ياخشى بولغاندىن كېيىن، پولكوۋنىك
ماشىنىسى بىلەن قىزنى ئۆيىگە ئاچىقىپ قويۇپتۇ. پولكوۋنىك-
نىڭ دېيىشىچە، ئۇ قىزدىن ئۈرۈش تۈگىسە سىزنىڭ ھەربىي
مەكتەپتە ئوقۇماقچى بولغانلىقىڭىزنى، ئۆزىنىڭ بۇ يىل گىمنا-
زىيىدە ئوقۇماقچى بولغانلىقىنى ئۇققاندىن كېيىن «غۇنچەم ئىمە-
تىھانسىز قوبۇل قىلىنسۇن» دەپ گىمنازىيە مۇدىرىغا خەت
يېزىپ بېرىپتۇ، سىزنىڭ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇشىڭىزغا ۋەدە
بېرىپتۇ.
— رەھمەت يولداش مايور، رەھمەت. پولكوۋنىك قېيىۇم
دادامغا مەن ئۇچۇن ئالاھىدە رەھمەت دەپ قويسىڭىز، — دەپ
ئىلتىجا قىلدى مەردان ۋە تۆت كۈندىن بېرىقى ئۈستىنى بېسىپ
تۇرغان تاشتىن يېنىكلەشكەندەك بولدى.
ئۇرۇش خۇددى تېگى يوق رەھىمسىز قاينام. بۇ قاينامغا
چۈشكەنلەردىن رىزقى تۈگىگەنلەرنى قاينام ھەش - پەش دېگۈ-
چىلا جىنىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ جەسىتىنى ئۈرۈپ سۇنىڭ
چېتىگە چىقىرىپ قويىدۇ. ساق قالغانلىرى ئىككىنچى ئۇرۇش-
قىچە «ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا» دېگەندەك ئوينىغىنى ئويناپ،
كۈلگىنى كۈلۈپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئىشى بىلەن يۈرىدۇ. ئەنە
سايرام ياقىسىدا يېقىلغان گۈلخان ئەتراپىدا كوماندىر - جەڭچى-
لەر، ئۇلار ئېيتقان ناخشا، گارمونىنىڭ شوخ ئاۋازلىرى
ئوغلاق - قوزا، قۇلۇن - بوتىلاقلارنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ
سايرام بويىنى قىزىتماقتا، جامىنىڭ تەمبۇر چېلىپ ئېيتقان
ناخشىسى ياڭرىماقتا:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ھەر كىشىنىڭ دەردى بولسا،
يىغلىسۇن ياپ ئالدىدا.
قالمىسۇن كۆڭلىدە ئارمان،
بەلكى ئىزھار ئالدىدا.

نەفسۇرى ئەللا يۈرەك،
ئىچىپ شارابى ئەمتىسھۇ.
شەر ئۇرۇپ يىغلاپ تۇرادۇر،
چىققىنى دار ئالدىغا.

مۇقام نەغمىلىرى ئۆز رىتىمى بىلەن ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئەلىيوپ كەرەشىنىڭ دۇتار بىلەن باشلىغان ئىلى ناخشىلىرىدىن «يار سېنىڭ دەردىڭ» دىن كېيىن بىر قاتار چاتما ناخشىلار باشلاندى. ئابلايوپ ھېكىمنىڭ ئىسكىرىپكىسى كوماندىر – جەڭچىلەرنىڭ قەلبىنى تىترەتمەكتە.

سادىرمەنۇ سادىرمەن،
سادىر بولماي نېمە مەن.
سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىدا خېتىم قالدى.

يامۇلنىڭ ياغاچلىرى،
زىلۋا قارىغاي چەنزە.
يامۇلدىن قېچىپ چىققان،
سادىر ئۆزى خوخەنزە.

ئەلىيوپ سادىرنىڭ ناخشىلىرىنى تۈگىتىشى بىلەن پەدىنى يۆتكىدى.

گۈلۈم غۇنچە، گۈلۈم غۇنچە،
نىمە كۆيدۈرسەن مۇنچە.
يېنىمدا تۇرمىدىڭ بىردەم،
مىنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلغۇچە.

كاككۇكلار كېلىپ قوندى،
ياشارغان تېرەكلەرگە.
يار يادىمغا كەلگەندە،
ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

تۈمەن دەريا نەرە تارتتى،
سۇ ئورنىدا قانلار ئاقتى.
شاھىدىن بولۇپ شۇ تارىخقا،
مىڭلاپ نورۇز - نەغمە قاتتى.

بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن،
يارۇ دوستلار ياخشى قال.
كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن،
قەشقەر شەرىم ياخشى قالدى.

قۇشنىڭ ئۇچىقىدىن كۆرە قونىقى تەس دېگەندەك، ناخشىنىڭمۇ باشلىنىشىدىن كۆرە چۈشۈرمىكى تەس بولدى. ماھىر ناخشىچى بىلەن چالغۇچىلار ئۇنى ئۆز رىتىمى بىلەن چۈشۈرەلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تىنىق ئاسماندا، سۇ يۈزىدە، خادا تاشلاردا جاراڭلىق سادا پەيدا قىلغان بۇ ناخشىلارنى مۇشۇ ئولتۇرغان كوماندىر جەڭچىلەر خېلى كۆپ ئاڭلىغانىدى، لېكىن ھېچقاچان مۇنداق مۇڭلۇق، تەسىرلىك تۇيۇلمىغان بولغىيدى. دۇتار، تەمبۇر، ئىسكىرىپكىلارمۇ مۇنداق جاراڭلىق سايرىمىغان بولغىيدى. ناخشىچىلارنىڭ قەلبى سايرىماقتا ئىدى. ناخشىدىن چىققان ھەسرەت ـ نادامەت يالقۇنى جەڭچىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ، لەختە ـ لەختە قىلماقتا.

ئايدىڭ كېچە، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي كۆك ئاسماندا ۋە سۇ يۈزىدە ئۈزۈپ تۇرۇپتۇ. ھەربىر جەڭچىنىڭ قەلبىمۇ ئاشۇ تولۇن ئايدەك كۆك ئاسماندا ۋە كۆل يۈزىدە ئۈزمەكتە.

گۈلۈم غۇنچە گۈلۈم غۇنچە،
نېمە كۆيدۈرىسەن مۇنچە.
يېنىمدا تۇرمىدىڭ بىردەم،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئېچىلغۇچە.

مەردان ئاشۇ تولۇن ئايغا تىكىلگىنىچە پىچىرلايتتى.

# ئۈچىنچى باب

## 1

قىسىملار شەرققە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، سەنتەي، سىتەي، ئۇتەيدىكى پارچە - پۇرات گومىنداڭ قىسىملىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ، يىگىرمە بەش كۈن دېگەندە قىسىمنىڭ ئالدى جىڭ ناھىيە مەركىزىنىڭ غەربىدىكى قېلىن ئورمانلىققا كېلىپ ۋاقتىنچە توختىدى. ئادەم ئايىغى باسمىغان ئورماننىڭ ئىچى قېلىن شورتاڭلىق بولۇپ، ئورماننىڭ قېلىنلىقىدىن يىگىرمە مېتىر نېرىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئورماندا كېيىك، جەرەن، تۈلكە، بۆرە، قىرغاۋۇل، كەكلىك، چاشقان، ئاغمىخان، يىلان دېگەندەكلەردىن باشقا، «جىڭنىڭ پاشىسى جىڭمومىنى ئېلىپ قېچىشىدۇ» دېگەن سۆزمۇ بار ئىدى. ئورماننىڭ شەرق تەرىپى سازلىق بىلەن قېلىن قومۇشلۇق ئىدى. سازلىقتا ياۋا ئۆردەك، ياۋا چوشقىلارمۇ بولۇپ، سازلىق جىڭ دەرياسىغا بېرىپ تۇتىشاتتى. ئورمان ئىچىدىن تەڭرىتېغىنىڭ ئېگىز قارلىق چوققىلىرى، تاغ ئۈستىدىكى يېشىل قارىغايلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جەڭچىلەر يول مېڭىپ كەلگۈچە تاپانلىرى تېشىلىپ، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ، يۈزلىرى ئىسسىق - سوغۇق شامالدا يېرىلىپ، قارىداپ كېتىشكەنىدى. ئۇلار قارلىق تاغلارنى، ئېگىز داۋانلارنى، قېلىن قارىغايلىق يېشىل بوستانلارنى، ئادەم ئايىغى باسمىغان چۆل - جەزىرىلەرنى، شورتاڭ ئورمانلارنى، سازلىق قاراسۇلارنى كېچىپ، يول بويى گومىنداڭ توسۇقلىرىنى بىتچىت

www.uyghurkitap.com

قىلىپ كەلگەنىدى.

مەردان ئورمانلىقتىن شاخ ـ شۇمبىلارنى كېسىپ ئەكېلىپ، قومۇش بىلەن قوشۇپ ئەپلىك ئۈچ كىشىلىك چېدىر ياسىدى. يۇمشاق ئوتلارنى ئورۇپ ئەكېلىپ تەكشىلەپ يەرگە قېلىن قىلىپ يېيىتىپ، ئۈستىگە ئۈچ كىشىلىك كىگىزنى سېلىپ، يوتقان ـ كۆرپىلەرنى گازارمىدەك رەتلىك قىلىپ تىزىپ قويدى. ئۇ ھەربىي تۇرمۇشنى پۇختا ئۆگەنگەنىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن ئورماننىڭ ئىچى تولىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. جەڭچىلەرنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشى بېسىلىپ، ھارغىن تىنىق ئارىلاش خورەك تارتىش باشلىنىشى بىلەن ئورمان ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ، سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. قەيەرلەردىندۇر خۇددى يەر تېگىدىن چىققاندەك شۇم قۇشلارنىڭ قەھەتلىك سايرىشىغا قوشۇلۇپ، پاقىلارنىڭ كوركىراشلىرى تولىمۇ سەت ئاڭلىنىشقا باشلىدى. كېيىكلەرنىڭ «باب ـ باب» دەپ بابىلداشلىرى، چاشقانلارنىڭ چىرقىراشلىرى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرەتتى.

مايور ئوسمانوپ پولك شتابىدىن قايتىپ كېلىپ، يار ئېلىپ كېتىپ ئۆچۈشكە تايىن تاپقان شامنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن گېزىت قەغىزىدە موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇرۇپ قېنىپ ـ قېنىپ شورىدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قانداقتۇر بىر يېڭى جىددىي ۋەزىپە باردەك قىلاتتى.

ــ يولداش مايور، بىرەر يېڭى ۋەزىپە بارمۇ؟ ــ دېدى مۇئاۋىن كاپىتان توختىيوپ. ئۇ كېيىمى بىلەنلا ياتقاچقىمۇ ياكى پاشىنىڭ چېقىشىمۇ ئىشقىلىپ ئىچى پۇشۇپ ئۇخلىيالماي ياتاتتى.

ــ شۇنداق، يولداش كاپىتان، بىزگە قوماندانلىق شتابى

مۇھىم بىر ئىشنى تاپشۇردى. بۇ ۋەزىپە سىز بىلەن مەردان ئىككىڭلارغىلا تاپشۇرۇلدى، — ئوسمانوپ سومكىسىدىن خەرد-تىنى ئېلىپ يەرگە ئاۋايلاپ يايدى. مەردان شامنى ئېلىپ خەرد-تە ئۈستىگە توغرىلىدى ۋە ئوسمانوپنىڭ ئاغزىدىن قانداق تاپشۇ-رۇق چىقىشىنى كۈتۈپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

— يولداش كاپىتان، سىز قايسى يىلى جىڭغا كەلگەنلىكد-ڭىزنى دېگەنىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، يولداش مايور. مەن 1936 - يىلى سەيسىگە تۇتۇلۇپ، 25 ھارۋىغا مەسئۇل بولۇپ ئاشلىق ئەكىلىپ، جىڭدا 20 كۈن تۇرۇپ تۇز بېسىپ قايتقان، كونا تونۇشلارمۇ بار ئىدى، — توختىيوپ سۆزىنى تۈگىتىپ «قانداق ۋەزىپە بولسا تاپشۇرۇڭ، جان - دىل بىلەن ئىشلەيمىز» دېگەن مەنىدە كوماند-دىرغا تىكىلىپ قارىدى.

— ياخشى، ياخشى، سىز يەر - جاينى بىلىسىز، كونا تونۇشلار بولسا ئىشنىڭ ئەپلەشكىنى دەڭ، — مايور ئوسمانوپ كاپىتان توختىيوپ بىلەن مەردان ئەلپاتتايوپقا قوماندانلىق شتابى تاپشۇرغان دۈشمەن ئىچىگە كىرىپ رازۋېدكا قىلىپ چىقىشتەك مۇشكۈل ۋە خەتەرلىك ۋەزىپىنى تاپشۇرۇش بىلەن، — بىزنىڭ رازۋېدكا خىزمىتىمىز ئارمىيىمىزنىڭ يۈرىكى، شۇنداقلا كۆز - قۇلىقى، — دېدى - دە، ئاندىن خەرىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى، — بىز مانا مۇشۇ ئورماندا قىسىملار تەلتۆ-كۈس يېتىپ كەلگۈچە سەككىز كۈندىن ئون كۈنگىچە جەڭچىلەر-نى دەم ئالدۇرىمىز. مۇشۇ ئارىلىقتا بىز روتا كوماندىرىدىن تارتىپ ئىزۋوت كوماندىرلىرىغىچە بىرلىكتە ئۇرۇش لىنىيىلە-رىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ يەر شارائىتىنى پۇختا ئۆگىنىمىز. چۈنكى، بۇ قېتىم بىز ھۇجۇم قىلىدىغان دۈشمەن سان ۋە

ھەربىي كۆچ جەھەتتىن ئىلگىرىكىگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە كۆپ ھەم مۇستەھكەم، شۇڭا بىز يولداش ئەخمەتجان قاسىمى كۆرسەتكەن «ئۆگەن، سوقۇش، ئۆگەن» دېگەن يوليورۇقنى ھەرۋاقىت ئېسىمىزدە تۇتۇپ، جەڭ ئىنزامى بويىچە بىزدىن تەلەپ قىلىنغان دۇشمەن تەرەپتىن ئۆگىنىش بىلەن ئۆزىمىزنىگە سىيلىشتۇرۇپ ئىش كۆرۈشنى قىلچىمۇ بوشاشتۇرماسلىقىمىز لازىم.

— توغرا، — دەپ قۇۋۋەتلەپ سۆز باشلىدى كاپىتان توختىيوپ، — ئۇرۇشتا يېڭىش، يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن ئادالەتلىك ئۇرۇش ھامان غەلىبە قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇرۇشىمىز ئادالەتلىك ئۇرۇش. شۇڭا، قايسىلا جايدا بولسا خەلق بىزگە يار - يۆلەك بولۇپ، ھەتتا، جان بىلەن بىزگە قوشۇلۇپ ئۇرۇش قىلىۋاتىدۇ. ئۆتكەندىكى ئۇرۇش تەجرىبىلىرى بىزگە كۆڭلىمىزدە ئېنىق سان بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى، شۇنداقلا مۇتەلەقلىقىنى ئېنىق تونۇتتى. بىزدە كۈچ بىلەن بىرگە پەم - پاراسەت، تەدبىرچانلىق، زېرەكلىك بولۇشى كېرەك.

— دېمەك، سىز «سادىر ئاتىدۇ باشقا، چېرىك ئاتىدۇ تاشقا» دېمەكچىمۇ؟

— شۇنداق، يولداش مايور، بىز ئۆتكەندىكى ئىلقا، مازار، سۇپتاي ئۇرۇشلىرىدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى تاشقا ئاتقۇزۇپ نەچچە مىڭ پاي ئوقنى زايە قىلغۇزۇپ، ئۆزىمىز باشقا ئاتقاندۇق. بۇ بىر ئەمەلىيەتتۇ. دېمەك، ئۇرۇشتا «بىرسى جەڭ، توققۇزى رەڭ» دېگەن شۇدە.

قەدىناسلار بىر پەس ئۆتمۇشنى ئەسلەپ كۈلۈشتى - دە، كېيىنت قەغىزىدە ئورالغان موخۇركىلىرىنى قويۇق ئىس چىقىرىپ چېكىشتى. ئۇرۇش سېپىدە موخۇركا كوماندىر - جەڭچى-

لەر ئۇچۇن ئەڭ سىرداش دوست ئىدى. شۇڭا، ئۇلار خۇشاللىق-
تا، خاپىلىقتا ۋە قىيىن ئىشلارغا دۇچ كەلگەندە تاماكا چېكىشى-
دۇ.
— سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن، — دېدى كوماندىر.
— رەھمەت، سالامەت كۆرۈشەيلى، — دېدى كاپىتان.
كاپىتان توختىيوپ بىلەن مەردان ئەلپاتتايوپ ئوتۇن ئارت-
قان ئۇچ ئېشەكنى ھەيدەپ، توقايلىقتىن چىغىر يولغا چىقتى.
ئۇلار پۇتلىرىنى يەرگە ئۇرۇشۇپ چورۇقلىرىدىكى شور توپىلارنى
قېقىشتى، مەرداننىڭ كىيگىنى رەڭگى ئۆچۈپ كىرلىشىپ كەت-
كەن كۆك چاپان بىلەن كىرلىشىپ قالغان ئاق كۆڭلەك، ئىش-
تان، بېشىدا ئۆڭۈپ رەڭگى قالمىغان كەشتە بېسىلغان قىزىل
دوپپا ئىدى. ئۇ يولغا چىققاندىن كېيىن، چاپاننى يېشىپ ئوتۇن-
نىڭ ئۇستىگە تاشلاپ قويدى. مايلىشىپ كەتكەن كۆڭلەك تەردە
ئۇمبىسىگە چاپلىشىپ لازا قۇيغاندەك ئېچىشتۇراتتى. ئۇ يۇزىدى-
كى تەپچىرەپ چىققان مۇنچاق تەرلەرنى بــۆكــىــنــى ئېلىپ
سۇرتەتتى - دە، قولىدىكى چىۋىق بىلەن ئېشەكلەرگە ھەيۋە
قىلىپ تېز ھەيدەيتتى.
— ھەي ئوتۇنچى بالا، ئوتۇنىڭنى ساتامسەن؟ — دېدى
توختىيوپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ چېقىشىپ.
— ساتىمەن، قانداق، سېپى ئۆزىدىنلا ئوخشاپتىمەنمۇ؟
ئەگەر ئوتۇنلارنى پۇلىغا يارىتىپ ساتالىساق، پۇلىغا گومىنداڭ-
چىلارغا مانتا يېگۇزۇپ، مېھمان قىلىپ بۇرنىدىن بۇلاق قىلات-
تۇق، — دېدى مەردان.
مەردان يېزىدىكى ۋاقتىدا يازلىقى ئاغىنىلىرى بىلەن تاغقا
ئوتۇن ئەكېلىشكە باراتتى. ئۇلار ئوتۇنلارنى ئېلىپ بولغاندىن
كېيىن تاغ بۆلدۇرگىنى، گۆشۇنە تېرىپ يەيتتى. ئېيىق بالىسى-

www.uyghurkitap.com

نى تۇتمىز دېيىشىپ ئېگىز ئۆسكەن ئوتلارنىڭ ئارىسىنى، خادا تاشلارنىڭ ئويمانلىرىنى ئىزدىشەتتى. ئۇ قاپتالدا تۇرۇپ بۇ قاپتالدىكىلەرگە ۋارقىرىغاندا، ئۇلارنىڭ زىل ئاۋازلىرى خادا تاشلاردا جاراڭلايتتى. ئوتۇنلىرىنىڭ ئارقىسىغا مىنىشىۋېلىپ، يەر تۆۋەنلەپ ئېشەكلىرىنى چېپىشتۇراتتى. مانا هازىر ئۇلار قاتتىقراق ۋارقىرىيالمايدۇ، ئېشەك چېپىشتۇرۇپ ئوينىيالمايدۇ. «كۈندۈزى گەپ قىلساڭ ئەتراپىڭغا باق، كېچىسى گەپ قىلساڭ قۇلاقنى ـ قۇلاققا ياق» دېگەندەك، مەردان ئالدى ـ كەينىگە ئېھتىياتچانلىق بىلەن قارىدى ـ دە، ئاندىن:

— دادا، ئاز قالدۇقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يەرلەر ئۆزگىرىپلا كېتىپتۇ، مېنىڭچە، ئاشۇ قومۇشلۇقتىن ئۆتسەكلا، تۇزخانىدىن كېلىدىغان هارۋا يولىغا چىقىمىزمىكىن، يولغا چىقىۋالساق ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغان كىشى يولۇقۇپ قالاتتى. سەن ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ ماڭغىن.

توختىيوپ بېشىدىكى كىرلىشىپ قارىداپ كەتكەن ئاق قالپاقنى ئېلىپ يۈزىنى يەلپۈدى. ئۇ ئاق ماتادا ئىشتان، كۆڭلەك كىيىپ، بېلىنى ئەسكى قارا لاتا پوتىدا باغلىۋالغانىدى.

مەردان يولنىڭ ئەتراپىغا، ئېگىز دۆڭلەرگە، ئالاھىدە پەرقلىق ئۆسكەن قارىياغاچلارغا، سازلىقلارغا، ئويمان، دۆڭلەرگە زەن سېلىپ قاراپ ئەستە قالدۇرۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ، ئوسمانوپنىڭ «رازۋېدكىچى — ئارمىيىنىڭ كۆزى، قۇلىقى، ئۇ زېرەك، تېتىك، هەرىكەتچان، ماسلىشىشچان بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزىنى ئەسلىدى ـ دە، «مەن هېلىغۇ كۈندۈزكەن، كېچىدە كۆزۈمنى تېڭىپ قويسىمۇ، مۇشۇ ماڭغان يولۇمدا تېنىمەستىن جەڭچىلىرىمىزنى باشلاپ كېلىمەن» دەيدتى. دېگەندەك، ئۇلار قومۇشلۇقتىن ئۆتۈپلا هارۋا يولىغا چىق-

تى. چوڭ يولدا مېڭىش ئۇنچە گۇمان تۇغدۇرمايتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر پارچە قارا بۇلۇتنىڭ ئاستىدا قارىيىپ سېپىل كۆرۈن-دى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى توختىيوپ يىراقتا قارىيىپ تۇرغان سېپىلنى كۆرسىتىپ، — ئاشۇ قارايغان جىڭ، ھېلىقى دېيىشكەن سۆزلەرنى ئېسىڭدە ساقلا جۇمۇ.

— شۇنداق، دادا، خاتىرجەم بولغىن، — دېدى مەردان. يىراق ئاشۇ قارايغان سېپىل مەرداننىڭ كۆزىگە يىرگىنچلىك كۆرۈنۈپ، يۈرىكى ئاغقاندەك قىلدى.

— توختى[1]، قارا، ئاۋۇ ئالدىمىزدا كېتىۋاتقان نېمە ئۇ، كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى توختىيوپ قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئالدىدا يولدا كېتىۋاتقان قارىنى كۆرسىتىپ.

— دادا، دادا، ئوتۇن باسقان ھارۋا، قارا، ئۈستىدە بىر كىشى ئولتۇرىدۇ، — دېدى مەردان سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن.

— راست، ئوتۇن باسقان ھارۋىكەن، ئېشەكلەرنى تېزرەك ھەيدەپ يېتىشىۋالايلى، ئۇ كىشىدىن بەزى ئىشلارنى بىلىشىمىز مۇمكىن، مانا ھازىردىن باشلاپ سېنىڭ ئېتىڭ توختى، مەن داداڭ تۇرغان جۇمۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى توختىيوپ.

— ئۇقتۇم، دادا.

تۇرغان بىلەن توختى ئېشەكلەرنىڭ مېڭىشىنى تېزلىتىپ ئوتۇن باسقان ھارۋىغا يېتىشىۋالدى. ھارۋىغا قوشۇر ئۆكۈز قوشۇپ لىق ئوتۇن بېسىلغان، ھارۋىنىڭ ئۈستىدە بۇرۇت قوي-غان، يېشى ئەللىكتىن ھالقىغان كىشى قومۇشتىن ياسىۋالغان غاڭزىدا كۆك تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. مايسىراپ كونىراپ

---

[1] مەرداننىڭ ئىسمى توختىغا ئۆزگەرتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

كەتكەن كۆتەك ھارۋىنىڭ غىچىلدىشى بۇ سۇرلۇك تۇمان باسقان شورلۇق يولىنىڭ جىمىلىقىنى بۇزۇپ خېلى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئەۋرەنتى[1]، — دېدى تۇرغان ئۇ كىشىنىڭ موڭغۇللىقىنى چىرايىدىن بىلىپ موڭغۇلچە.

— بەنى[2]. — دېدى ھارۋىدا ئولتۇرغان كىشى.

ھارۋىكەش تىنچىق ھاۋادا ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېزىلىپ قالدىمۇ، ئىشقىلىپ بۇ كىشىلەرنى نەدىن كەلدىڭلار، نەگە بارىسىلەر دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ئۇلار ئۆزئارا غاڭزىلىرىغا كۆك تاماكىنى سېلىشىپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن بىر - بىرىگە تۇتۇشتى. ھارۋىكەشنىڭ ئىسمى بادىن ئىكەن، ئۇيى ئالتۇنبولۇدا بولۇپ، ئۆيىدە ئايالى، ئىككى ئوغلى، ئىككى قىزى بار ئىكەن. بادىن ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئوتۇن بېسىپ جىڭ بازىرىغا ئەكىرىپ ھەربىيلەرنىڭ ئاشخانىسىغا ئۆتكۈزىدىكەن. ھەرقېتىم دەرۋازىدىن كىرىشى ئۈچۈن ۋاڭ تەنجاڭ دېگەنگە بىر سوم، ئاشخانا باشقۇرىدىغان ياڭ دېگەنگە بىر سوم بېرىپ قالغان بەش سوم ئۆزىگە قالىدىكەن. تۇيۇقسىز دەرۋازا تاقىلىپ قېلىپ بىر - ئىككى كۈن سىپىل ئىچىدە قامىلىپ قالسا قۇرۇق قول قايتىدىكەن. بادىن بۇ سۆزلەرنى قىلغىنىدا ئاچچىقىنى غاڭزىسىدىن ئېلىۋاتقاندەك، غاڭزىنى كۈچەپ شورايتتى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

— ھېلىقى غۇلجىلىقلار ۋاقتىدا كېلىپ بۇ ئەبلەخلەرنىڭ جېنىنى ئالمىدى يە، — دېدى ۋە ئېغىر تىن ئالغاندىن كېيىن ئىچ - قارنى بوشاپ ئۇستىدىكى ئېغىر يۈك سەل يېگىلەشكەندە بولدى.

---

[1] ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، [2] ۋەئەلەيكۇم مەنىسىدە.

— شۇنداق، هازىر كۆن ئېلىپ جان بېقىشمۇ تەس بولۇپ قالدى. پۇل تاپماقنىڭ تەسلىكى، پۇل تاپسا ئالىدىغان نەرسىنىڭ يوقلۇقى، ھەممە جاپا بىز پۇقرالارغا بولىۋاتىدۇ، — دېدى تۇرغان ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىپ. ئۇلار يول بويى جىڭدىكى گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىشىپ خېلى چىقىشىپ قالدى. تۇرغان بىلەن توختى ئۈچ ئېشەكتىكى ئوتۇننى بادىن بىلەن بىرگە ھەربىيلەر ئاشخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ ئوتۇن پۇلىنى بادىنگە بېرىدىغان بولدى. قارا دەرۋازىدىن كىرىشتە تۇرغان بىر سوملۇق تەڭگە پۇلنى بادىن ئارقىلىق ۋاڭ تەنجاڭغا بېرىپ دەرۋازىدىن بىرگە كىرىۋالىدىغان، بادىن ئۇلارغا ياڭ گەلىياندىن تۆت دانە تەنگە پۇلغا قاراچاي ۋە ئازراق گۆرۈچ ئېلىپ بەرمەكچى بولدى.

— ئۇ ئۆلگۈرلەر بۇ كۆمۈش پۇلنى كۆرسە جېنىنىمۇ بېرىشىدۇ، — دېدى بادىن تەڭگە پۇلنى كۆرۈپ.

— شۇنداق، مەن سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، دادامدىن قالغان تەڭگە پۇللار ئىدى. توي ئىشى بىلەن خەجلەۋاتىمەن، — دېدى تۇرغان.

ئۇلار ئۇيان - بۇيان سۆز بىلەن كونا تونۇشلاردەك يېقىن بولۇشۇپ قالدى. كەمبەغەلنىڭ قاياشى كەمبەغەلدە، ئەلۋەتتە.

ئۇلار سېپىلغا ئازلا قالدى. ئەنە سېپىلنىڭ قوش قاناتلىق تۆمۈر دەرۋازىسى. ئۇ خۇددى ئەجدىھانىڭ بېشىدەك سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ. سېپىلنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ياسالغان سەككىز پوتەي، خۇددى ئوچۇق «گۆرگە» ئوخشاش ئاپتاپتا چاڭقىپ تۇرۇپتۇ. سېپىلنىڭ ئۈستى ئايلاندۇرۇلۇپ كېسەك بىلەن ئادەم بويىدىن ئېگىز تام قىلىپ قوپۇرۇلغان، ھەر يېرىم مېتىر ئارىلىقتىكى تۆشۈكلەردىن مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموتلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇچى چىقىپ تۇرىدۇ. قورال تۇتقان چېرىكلەرنىڭ سېپىل ئۈس-
تىدە توپ - توپى بىلەن ئۇيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلىكى
كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. قارا تۆمۈر دەرۋازا بىر ئادەم يېنىچە يانتۇ-
دەكلا قىيا ئوچۇق بولۇپ، دەرۋازا ئۈستىدىكى ئىككى پوتەيدە
ئىككىدىن تۆت دانە پىلىموتنىڭ ئۇچى سىرتقا قاراپ تۇرىدۇ.
قارا دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىگە قۇم قاچىلانغاندەك تاغارلار
ئۈستى - ئۈستىگە تىزىپ قويۇلۇپ، ئاپتومات، مىلتىق تۇتقان
ئۇچتىن ئالتە چېرىك دەرۋازىنىڭ ئىككى چېتىدە پوستتا تۇرۇپ-
تۇ. قارا چاپان كىيىپ پۇتىنى گوجەي بىلەن ئوراپ قارا قاسقان
شەپكە كىيگەن، ياقىسىغا پولك باشلىقى پاگونى تاقاپ، قاپلىق
ماۋزۇر ئاسقان بىرسى دەرۋازا ئالدىغا كەلگەنلەرنى «ئاناڭنى
هايۋانلار، يوقال» دېگەندەك ئاغزىنى بۇزۇپ، هاقارەتلەپ، ۋار-
قىراپ يۈرىدۇ.

تۇرغان ئوغلىغا قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس كۆزىنى قى-
سىپ قويدى. ئوغلى ئۇنىڭ «هودۇقما، دىققەت قىلغىن» دې-
مەكچى بولغانلىقىنى دەرهال سەزدى.

«خۇددى هويلىغا سولىنىپ قالغان ئوغرى ئىتنىڭ ئۆزى»
دەپ ئويلىدى مەردان.

— ۋاڭ دېگەن دۆيۈز ئاشۇ شۇ، يېقىن مېڭىڭلار، —
دېدى بادىن ئۇلارنى ئاگاهلاندۇرۇپ پەس ئاۋازدا.

ئۆكۈز هارۋا بىلەن ئېشەكلەر قارا دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ
توختىدى. ۋاڭ كۆزلىرىنى چاشقاننىڭ كۆزىدەك پىلدىرلىتىپ،
ئۆكۈز هارۋىنىڭ يېنىغا ئۆتتى. بۇ ئىنسانلارنى تىللىغان بىلەن
پۇلنى تىللىمايتتى هەم نېسىگە ئۇنمايتتى. ئەتىكى هاياتىغا
ئىشەنمەيتتى، قېچىشقا پۇل كېرەك ئىدى.

— بۇلار كىم؟ — سورىدى ۋاڭ.

بۇ كىشى بىزنىڭ قوشنا، خورجا① كىشى، ئېتى تۇرغان، توي ئىشى بىلەن ئاز - تولا لازىم نەرسە ئالماقچى ئىدى. ياڭ گەلىيانمۇ ئوتتۇن يەتمەيۋاتىدۇ، دېگەنىدى، — بادىن سۆز ئارد-سىدا بىر سوم پۇلنى تۆش يانچۇقىدىن ئېلىپ ۋاڭغا سۇندى. ۋاڭنىڭ قۇلىقى تۇرغاننىڭ قولىدىكى «جىرىڭ» قىلغان ئاۋازدا ئىدى.

— ئاز بولسىمۇ ۋاڭ تەنجاڭغا، ئېشىپ قالسا قايتقاندا تاشلاپ كېتەرمەن.

توختىيوپ ئىشتان قىرغىقىدىن ئون دانە كۇمۇش تەڭگە پۇلنى چىقىرىپ، ئىچىدىن بىر سوملۇق تەڭگە پۇلنى ۋاڭغا سۇندى. سانىڭ پۇتى يەردىكى پاقىغا سۇنۇلغاندەك، ۋاڭ ئىككى قولىنى تەڭگە پۇلغا سوزدى. ئۇنىڭ ئون بارمىقى تەڭ ئېچىدلىپ، كۆزلىرى ئاچ قالغان لالما ئىتقا ئوخشاش تەڭگە پۇلدا ئىدى. ۋاڭ تەڭگە پۇلنى ئېلىپ، «پۇۋ» قىلدى - دە، قۇلىقىغا تۇتتى. تەڭگە پۇل ئۇنىڭ قۇلىقىدا ۋاڭىلداپ تۇراتتى. ۋاڭ ئۈچۈن تەڭگە جان ئىدى. تەڭگىلا بولسا، ھەممىنى سېتىۋېتىپ قېچىشقا تەييار ئىدى.

بادىن ئۇلارنى ئۇتتۇر ئاشخانا قورۇسىغا باشلاپ باردى. ئاشخانا سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇب بۇرجىكىدە بولۇپ، ياڭنىڭ قارىمىقىدا ئىدى.

— ياڭ دېگەن ئاشۇ، — دېدى بادىن ھويلىدا كۆل رەڭ كىيىم كىيىپ لاتا خەينىڭ سۆڭىنى دەسسىۋالغان، يەلپۈگۈچ تۇتۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ تۇرغان بىرسىنى كۆرسىتىپ.

— پاھ - پاھ - پاھ، سەمرىپ كۆزى، ئاغزىمۇ ئوخشاپ كېتىپتۇ، — دېدى مەردان ياڭنى مەسخىرە قىلىپ، — ئوق

---

① دېھقان.

www.uyghurkitap.com

تەگسە قانداق يېقىلار؟

— بىكار تاماق سەمرىتىدىكەن، — دېدى توختىيوپ.

ياڭ ئۆكۈز هارۋا قېشىغا كەلدى ـ دە:

— بۇلار نېمە ئادەم؟ — دېدى.

بادىن ياڭغا يېقىنراق كېلىپ:

— سىز ماڭا تەڭگە پۇل بولسا دېگەنىدىڭىز، بۇ كىشى مېنىڭ قوشنام، ئۇ بالىسى، بۇلارنىڭ توي ئىشى بولۇپ، چاي، گۈرۈچ لازىم ئىكەن. سىز دېگەن تەڭگە پۇلغا ئالماقچى ئىدى، شۇڭا بۇلارنى مەن سىزگە باشلاپ كەلدىم.

— تەڭگە پۇل؟ — ئۆزىنىڭ قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك قايتا سورىدى ياڭ ۋە دەرھال بادىنىڭ يېنىدا تۇرغان كىشىگە قارىدى.

«شۇنداق» دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى توختىيوپ. ياڭغا تەڭگە پۇللا بولسا چاي، گۈرۈچ، تاۋار ئەمەس، گېنېرالنىمۇ سېتىشقا تەييار ئىدى.

توختىيوپ ئىشتان قىرغىقىدىن ئون سوملۇق تەڭگە پۇلدىن سەككىزنى ئېلىپ ياڭغا بەردى. ئۇ تەڭگىلەرنى قولغا ئالدى ـ دە، كۆزلىرى ھۇۋقۇشنىڭ كۆزىدەك پارقىراپلا قالدى. شۇنداق قىلىپ ياڭ ئەتە كەچتە تۆت دانە قاراچاي، بىرخو گۈرۈچ، يىگىرمە مېتىر رەخت بېرىدىغان بولۇپ، بۇلارنى ئات قورۇسىغا باشلاپ كىرىپ، يېتىپ تۇرۇشقا چەتتىكى بىر بوش ئۆينى كۆرسىتىپ قويدى.

مەردانلار بىر يىلى ئوقۇغۇچىلار بىلەن غول يۇقىرىسىغا باراۋەتكە چىقىپ بېلىق تۇتماقچى بولۇشۇپ، قاراسۇغا قارماق سېلىشتى، ئانچە ئۆتمەيلا قارماق سىلكىنىپ قالدى. ئۇلار قامارقنى ئاستا يىغدى. قارىسا بېلىق ئەمەس، يوغان قارا سۇ

يىلىنى. «يىلان!» بالىلار قىقاس سېلىپ تارتقان تەرىپىگە سۈرۈلۈپ يىلان ھەريان تولغىناتتى، جان ئاچچىقىدا ئۆزىدىنى تاشتىن ـ تاشقا ئۇراتتى. بىراق، ياڭ بولسا قارا يىلاندەك تولغىنىپ ئۆزىنى ھەريان تاشلىمايتتى، ئالىيىپمۇ قارىمايتتى. ئۈچ دانە تەڭگە پۇلنى دەپ ئەسكى ئۆينى ئەگىپ، پات ـ پاتلا ئات قورۇسىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇ خۇددى يۇندا دېسىنى يەرگە قويغۇچە ئالدىراپ ئاغزىنى يالاپ، قۇيرۇق شىپاڭلىتىدىغان ئىتنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

## 2

ئات قورۇسىنىڭ ئارقا تېمى سېپىلگە ياندىشاتتى. ئۆگزىدە سېپىل بىلەن تەڭلا دېگۈدەك نەچچە مىڭ باغ بېدە دۆۋىسى تۇراتتى. سېپىلگە بوي يەتكۈدەك قىلىپ قېقىلغان ئوتتۇز بەش ياغاچ قوزۇقتا قارا، كۆل رەڭ، بوز دېگەندەك ئاتلار قاتارىغا باغلاقلىق تۇراتتى. مەردان ئات قورۇسىغا كىرگەندىن كېيىن يۈرىكى «قارت» قىلىپ بېشىدىن بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك شۈركىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گىرىمسەن بولۇپ ئىسماغول كەلدى.

«بىچارە ئاق كۆڭۈل ئادەم ياخشى بولۇپ قالغاندىمۇ؟ ھازىر نېمە قىلىپ يۈرىدىغاندۇ؟ ئەگەر ھېلىمۇ بىرگە بولغان بولساق، ئاشۇ بېدىگە ئوت قويغان بولساق، بۇ ئەجدىھالار ئۆۋسىمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە؟»

كۈن قېيىلىپ نامازدىگەر ۋاقتى بولغانىدى. كۆل رەڭ ماتادىن ئىشتان ـ چاپان كىيىپ پۇتىغا قارا گوجەي ئورىغان

ئىككى چىرىك بىر ئەسكى ئۆيدىن چىقىپ، خۇددى ئىنىدىن[1] چىقىپ نېمە ئېيتىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرغان ئاۋغاندەك ئەتراپقا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ، ئاندىن كېرىلىپ ئەسنەشتى ـ دە،» ئۈن ـ تىنسىزلا شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ، ھە دەپ جادۇ بىلەن بىدە توغرىغىلى تۇردى.

— دادا، دادا! مەيەرگە كەل، قارا، ئاۋۇ ئىككى ئەسكەر ئاۋۇ ئەسكى ئۆيدىن چىقىپ بىدە توغرىشىۋاتىدۇ، ئۇيغۇردەك قىلىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — دېدى مەردان ھېلىقى ئىككى ئەسكەرگە سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن.

— شۇنداق، ھەر ئىككىسىلا ئۇيغۇر ئىكەن، بۇلار ئاتلارغا قارايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى توختىيوپ، — بۇلار بىلەن قانداق يېقىنلىشىش كېرەك؟

— مەن بارايمۇ؟ ئۇلار بىلەن چوقۇم تونۇشالايمەن، — دېدى مەردان.

— شۇنداق قىلغىن، ئېشەكلەرگە بىدە سورىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېتى نېمە، ئەسلىي قەيەرلىك، نېمە ئىش قىلىدۇ، ئۇقۇپ باققىن، ئەگەر بىرسى كەلسە مەن ساڭا ۋارقىرايمەن، ئەتراپقا دىققەت قىلغىن، جۇمۇ.

— ماقۇل.

مەردان شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغاندىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغانلىقىنى بۇ ئىككى ئەسكەر تۇيمىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ جادۇغا بىدە تۇتۇپ بېرىۋاتاتتى. يەنە بىرسى جادۇنىڭ تىغىنى كۆتۈرۈپ بېسىۋاتاتتى، قورساق ئاچ، ماغدۇرنىڭ يوقلۇقىمۇ ياكى خىيالى جايىدا ئەمەسمۇ، ھەر ئىككىسىنىڭ بېشى ئاشۇ بىدە بىلەن بىرگە قوشۇلۇپ نەچچە قېتىم جادۇنىڭ ئاستىغا

---

① ئىن — ئۇۋا.

كىرىپ كېتىشكە تاسلا قالاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

خۇددى تاپىنىدىن بىر مىخ كىرىپ يۈرىكىنى يېرىپ چىقىپ كەتكەندەك بۇ ئىككى چېرىك چۆچۈپ كەتتى. «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم» دېگەن بۇ سۆز بۇ ئىككى تۇتقۇن قۇل ئۈچۈن يات ۋە غەيرىي بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار قۇلاقلىرىغا ئىشەنمىگەن ھالدا:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېيىشتى-دە، بۇ ناتونۇش بالىنىڭ بېشىدىن تارتىپ پۇتىغىچە بىر-بىرسىدىن قىزغىنىشقاندەك سەپسېلىپ قاراشتى.

— دادا، چوڭ دادا! قاراڭلار، ئاۋۇ دادام ئىككىمىز ئوتۇن ئەكېلىپ ساتقانىدۇق. ئاۋۇ ئېشەكلەر بىزنىڭ، ئاچ قالدى. ئازراق بېدە بېرەمسىلەر؟ سىلەر مەشەدە تۇرامسىلەر؟ ھە راست، ئاشۇ ئاتلارنىڭ ھەممىسىلا سىلەرنىڭمۇ؟ ۋاي-ۋۇي، راست باي ئىكەنسىلەر؟ چوڭ دادا، مەن بېدە تۇتۇپ بېرەيمۇ؟ ئۆيدە ئاكام ئىككىمىز بېدە توغرىغاندا مەن تۇتۇپ بېرەتتىم، — مەردانىنىڭ ئاغزىدىن كەينى-كەينىدىن چىققان دادا، چوڭ دادا دېگەن بۇ ئۇلۇغ ۋە مېھرىبان سۆزلەر بۇ ئىككى ياللانما چېرىكنى تەمتىرىتىپ قويغانىدى. نېمە دەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەيتتى. موزاينىڭ يۇمران ئاغزى تەگكەن يېلىنىدەك ئۇلارنىڭ پۈتۈن بەدىنى شۇرقىراپ ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. مەردان ئۇلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئىچى سىيرىلاتتى. ئۇلاردىن جاۋاب كۈتمەيلا سۆزىنى ئۇلاشتۇردى، — چوڭ دادا، ئېتىڭلار نېمە؟ سىلەر ئالتۇنبولۇغا بارغانمۇ؟ بىزنىڭ ئۆيىمىز ئاشۇ ئالتۇنبولۇدا، يازلىقى كۆممىقوناق، كاۋا، قوغۇنلارنى تېرىيمىز، قوغۇنلار شۇنداق ئوخشاپ كېتىدۇ. بازاردىن دادامنىڭ ئاغىنىلىرى خوتۇن-بالىلىرىنى ئېلىپ چىقىپ قونۇپ كېلىدۇ. سىلەرمۇ خوتۇن-بالىلـ

ـرىڭلارنى ئېلىپ چىقىڭلار، ئۆيۈڭلەر نەدە؟ ئەمدى كىرگەندە مەن قوغۇن، سۈت، قېتىق ئالغاچ كىرەي، بولامدۇ؟

مەردانىنىڭ بۇ سۆزلىرى يېغىرغا تۇز سەپكەندەك بۇ ئىككى ياللانما چېرىكنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى.

ــ ھەي بالام قويساڭچۇ؟ ــ دەپ ئىغىر تىن ئېلىپ ھەسرەت چەككەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى تاز چىراي، يېشى قارىماققا 35 لەرگە تاقاپ قالغان چېرىك، ــ دېسەڭ گەپ بولىدۇ، دېمىسەڭ دەرد بولىدۇ. كىچىك بولساڭمۇ سوراپ قالدىڭ، خۇددى مەنمۇ بالا كۆرگەن ئاتىدەك بولۇپ قالدىم. راستىنى دېسەم، بىز ئۆي ـ ئوچاقلىق بولمىغان يەردە بىزدە بالا نېمە قىلسۇن، دەيسەن، بىزگە ئاسمان يېپىنچا، يەر سېلىنچا، خام كېسەك ياستۇق، يېگىنىمىز زاغرا، ئىچىشىمىز داغ سۇ، كېيگەن كىيىمىمىزنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن. بىزنىڭمۇ ئاتا ـ ئانىمىز، چوڭ دادىلىرىمىز بار ئىدى. ئۇلارنى دادا، ئاپا، چوڭ دادا دەپ چاقىراتتۇق. مېنىڭ ئىسمىم قادىر، تونۇش ـ بىلىشلەر قادىر ياڭتۇش دەيدۇ، ــ قادىر يەنە بىر قېتىم ئىغىر تىن ئالدى ـ دە، قورسىقى سەل يېرىم چۈشكەندەك بولدى، ــ مەن ئۇستۇنئاتۇشتىن بولىمەن، ئۇ يەرلەرنى سەن بىلمەيسەن. 34 ـ يىلى ھېلىقى شىڭ دۇبەن دېگەن ئوغرى ئالتە شەھەردىن مەجبۇرىي ئەسكەرگە بالا تۇتتى. شۇ كەزدە مېنىڭ دادام قۇۋانباي دېگەن مۇناپىقنىڭ ئۆيىدە يىللىقچى بولۇپ ئىشلەيتتى. مەن ئون يەتتىدە ئىدىم. قۇۋانباينىڭ بالىسى ئەسكەر بولۇشقا توشاتتى، قارىمامسەن، ھەي پۇل، ھەي پۇل، پۇل بىلەن ئەمەلدارلارنى سېتىۋېلىپ بالىسىنىڭ ئورنىغا مېنى ئەسكەرلىككە تۇتۇپ بەردى. مانا بۇ يېتىمچىنىڭ ئىسمى سېلىم، بۇنىڭ بۇرۇتىغا قاراپ سېلىم بۇرۇت دەيدۇ، سەنمۇ چوڭ دادا

دېدىڭ. قەشقەر چىنىۋاغدىن، بۇمۇ ماڭا ئوخشاش، ئىككىمىز بىر گە چىققان، ئالتاي ئۇر ۇشلىرىغا ئاپاردى، بارمىغان يەر، تارتمىغان جاپا قالمىدى. ئاخىر جىڭغا كېلىپ ئۈچ يىلدىن بېرى مۇشۇ ئات قور ۇسىدا ماتا چاپاننىڭ قۇلى، پىت ـ چۇسىنىڭ يېمى بولۇپ يۈردۇق. ئالتۇنبولۇغا بارماق تۇگۇل ھازىر بىز گە ئات قور ۇدىن چىقىشمۇ يوق دېگىنە.

قادىر سۆزىنى تۈگىتىپ سېلىمغا قارىدى. سېلىم ئېغىكىد-نى تۇتۇپ خىيالدا ئىدى.

— ئاكا، ئاكا! — دېدى مەردان ئۇلارنىڭ يېشىنىڭ ئانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، — سىلەردە مىل-تىق بارمۇ؟ بىز تەرەپتە قىرغاۋۇل، جەرەن، يامان تولا، بارساڭلار راسا ئاتىسىلەر، — مەردان ئۇلارنىڭ يېغىرىنى تاتىلىدى.

— جەرەن، قىرغاۋۇل دېگەنغۇ تولا، ئۇكام. بىراق، بىز دە نەدىكى مىلتىق دەيسەن، غۇلجىدا مالىماتاڭ بولغاندىن كېيىن، بىزدىكى مىلتىقنى ئېلىشىۋالدى، — دېدى باياتىن بېرى جىم ئولتۇرغان سېلىم.

— سېلىم ئاكا، ئۇ غۇلجىلىق مالىمان كۆتۈرگەنلەر بۇ يەرلەرگىمۇ كېلەمدۇ؟ بۇلار بىلەمدۇ؟ — دېدى مەردان سې-لىمغا يېقىنلىشىپ.

— ئەلۋەتتە كېلىدۇ ـ دە، كەلمىسە ئۇرۇش قىلامدۇ. بۇلار پۈتۈن ئىلىخونى تاتتۇر ۇپ قويۇپ، شۇنچىلىك ئادەم بىلەن بىر تۈشۈككە تىقىلىپ ئولتۇر ۇشتى. ئاڭلىساق ئالتاي، چۆ-چەكلەرمۇ قوزغىلىپتۇ. ئۇلار كەلسە جىڭخونى تاشلاپ بۇ شوۋد-چىلار نەگە قاچاتتىكىن.

— ئاكا، ئۇرۇش بولۇپ ئۇلار قاچسا سىلەرمۇ قاچامسى-

لەر؟ سىلەر بىزنىڭ ئۆيگە كېتىڭلار. ھە راست، ئۆتكەندە شىخودىن سىلەرگە ئوخشاش ماتا كىيىم كىيگەن ئوتتۇز نەچچە ئەسكەر قېچىپ كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيدىن چاي ئىچىپ غۇلجىغا كەتكەنىدى. ئۇلار، غۇلجىلىقلار قارشى ئېلىپ ھەممىسى چوڭ ئەسكەر باشلىقى بوپتۇ، دېيىشىدۇ. بۇ راست، سىلەرمۇ شۇنداق قىلساڭلار بولمامدۇ؟ — مەردان بۇ ئىككى ياللانما چېرىكنىڭ قورسىقىغا كىرىۋالغانىدى.

— ھەي، — دېدى قادىر ئۈمىدسىزلىك بىلەن مەردانغا قاراپ، — سەن كىچىكتە تېخى. «بۆرىنىڭ ئاغزى يېسىمۇ قان، يېمىسىمۇ قان» دېگەندەك، قانچە يىل مۇشۇ ماتا چاپاننى كىيدۇق. بۇنىڭ دەردى بار دېگىن، — قادىر سۆزدىن كېيىن قولىدىكى ئوينىتىپ تۇرغان بىر تال قۇرۇق بېدىنى چىشلەپ ئاغزىغا چىققان پارچىسىنى چايناپ يەرگە تۈكۈرۈۋەتتى.

— قادىر ئاكا! مەن دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى راست، سىز مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەمسىز؟ مەيلى ئىشەنمىسىڭىز، دادام ئەنە قاراپ تۇرىدۇ. ئېتى تۇرغان، ئۈستۈنئاتۇشلۇق، قەشقەر چىنىۋاغدا ئاكىسىمۇ بار، كەچتە كىرىڭلار، بەلكىم تونۇشۇپ قالىسىلەر، ماقۇلمۇ؟ — مەردان قايتىپ چۈشتى. قادىر بىلەن سېلىم ماقۇل دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك بىئارام قىلىشتى.

قادىر بىلەن سېلىم ئات قورۇسىدا بىر ئېغىز ئەسكى ئۆيدە تۇراتتى. بۇ غېرىبانە ئۆيدە بىر دانە كونا پالاس بىلەن ئىككى دانە كىرلىشىپ رەڭگى ئۆزگىرىپ تەر پۇراپ كەتكەن يوتقان، بىر دانە قازان بىلەن ئىككى دانە ھېجىر، بىر دانە كىچىككىنە چۆمۈچ، سىرى قالمىغان بىر دانە لېگەندىن باشقا بىسات يوق ئىدى. ئۆينىڭ ئىچى ئىس پۇراپ، تورۇستىكى قۇرۇم باغلاپ

قارىداپ كەتكەن قومۇشلار خۇددى كونا تۇرخۇنغىلا ئوخشايتتى. ئالغان پۇلى چەككەن تاماكىسىغىمۇ يەتمەيتتى. ئايلاپ قۇرۇق سەيدىن باشقا گۆش كۆرمەيتتى. ئۇلار بۇگۇن بىدىنى كۇندىكىدىن خېلىلا ئاز توغرىدى، ماللارنى بېسىقتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇن - تىنسىزلا ئۆيگە كىرىشىپ ھەرقايسى كۇندىكىدەك ئۆز ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشۇپ جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا ھېچىردىكى داغ سۇغا زاغرىنى ئۇۋۇتۇپ سېلىشتى، لېكىن ھەر ئىككىسىدە كۇندىكى ئىشتىھا يوق ئىدى.

«چوڭ دادا، ئاكا! ئۆيۈڭلەر نەدە؟ قانچە بالاڭلار بار؟ بىزنىڭ ئۆيگە بارامسىلەر؟ قېچىپ كېتەمسىلەر؟ مەن قوغۇن ئەكېلىپ بېرىمەن». مەرداننىڭ جاراڭلىق سۆزلىرى ئۇلارنىڭ قۇلىقىدا ۋاڭىلدايتتى. يۇرىكىنى مۇجۇپ ئۆتكەن كۇنگە پۇشايمان قىلىپ، كەلگۇسىگە چىراغ يېقىپ يورۇتقاندەك قىلاتتى. مەردان ئىشىكىدىن «ئاكىلار يۇرۇڭلار، بىزنىڭ ئۆيگە كېتىمىز» دەپ كىرىپ كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى.

قادىر بىلەن سېلىمنىڭ ئۆمرىنىڭ تولىسى قۇلچىلىق بىلەن ئۆتتى. كىم بىلىدۇ، بەلكى ئەتىكى ئۇرۇشتا ئۆز ئىچىدىن بىرسى بىر پاي ئوق بىلەن جايلاپ كېتىپ، «نەدە كۆردۇم مەن سېنى» دەپ يولغا چۇشەمدۇ؟ ئۆلۇكى ئاشۇ قاراڭغۇ گۆردە قېلىپ سېسىپ، چىرىپ، قۇرت - قوڭغۇز يەمدۇ؟ شېڭ دۇبەن ۋاقتىدا ئالتەشەھەر يولىدا، ئالتاي ئۇرۇشلىرىدا بۇنداق ئاقىۋەتتىن كۇرمىگىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردىغۇ. بەس ئەمدى، شۇمۇ يېتەر». سېلىم ئۇن - تىنسىز بېشىنى سېلىپ خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتى. قادىر پۇشۇلداپ يىغلىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن يىگىرمە يىلدىن بېرىقى ئېچىنىشلىق كەچۇرمىشلەر ئۆتۇۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— قادىر! — دېدى سېلىم بېشىنى كۆتۈرۈپ قادىرغا قاراپ، — مەن سېنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ، شۇنداقمۇ؟ بىزنىڭ تارتقان كۈنىمىزنى ئىتمۇ تارتمايدۇ. بۇ بىزگە ئايان، شۇنداقمۇ؟ مەن كېتىمەن، جاننى قولغا ئالدىم، خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئۆزى ئالىدۇ، ئۆلۈمگە بۇيرۇسا يەنە تۆت ئەھلى مۇسۇلمان چىقىپ يۇيۇپ، تاراپ كۆمۈپ قويىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — سېلىم بۇ سۆزلەرنى ئوچۇق ۋە كەسكىن قىلىپ دېدى.

— مەنمۇ شۇ، سەن نېمە بولساڭ مەنمۇ. راستىنى دېگەندە بىز نېمە قىلدۇق، گۇناھىمىز بولسا توۋا قىلساق خۇدا كەچۈرىدۇ، بەندە نېمىشقا كەچۈرمەيدۇ. قېنى دېگىن، قانداق قىلىمىز؟ — قادىر سېلىمغا قارىدى. ئۇلار گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئېغىر تاش غۇلاپ چۈشۈپ يېنىكلىشىپ قالغاندەك، ئۆيىنىڭ ئىچىمۇ يورۇپ قالغاندەك بولۇشتى.

— قانداق قىلاتتۇق، بالىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، دادىسى بىزگە مەسلىھەت بېرىپ يولغا سالا، كىرەيلۇق، — دېدى سېلىم.

— توختا، ياخشىسى بۇ يەرگە چاقىرايلى - دە، بۇگۈن قىمارخانىغا كىرمەيلى، — دېدى قادىر.

گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن كۆل رەڭ ماتادىن كىيىم كىيگەن قىمارۋازلار ئات قورۇسىدىكى يوغان بوش ئۆي — قىمارخانىغا بىر - ئىككىدىن كىرىشىپ ئەل ئايىغى بېسىلدى. توختىيوپ ئۇيان - بۇيان قارىدى - دە، غىپپىلا قىلىپ قادىر بىلەن سېلىمنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۇلار جىنچىراغنىڭ يورۇقىدا گۆردە ئولتۇرغاندەك پارقىرىشىپ ئولتۇراتتى.

— قاراڭلار! — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى توختىيوپ

ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى ئۇقۇپ، ئۇلارغا بىر قاتار ئەمەلىي ئىشلار-نى جىددىي ۋە كەسكىن قىلىپ دېگەندىن كېيىن، — ھازىر ۋاقىت قىس، ۋەزىپە مۇھىم ۋە جىددىي، جان تۇمشۇققا كېلىپ بوگۈن ياكى ئەتىنىڭ ئىشىلا قالدى. ھازىر سىلەرنىڭ ئالدىڭلار-دا ئىككىلا يول بار. بۇنى تاللاش پەيتى ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى. بىرسى سىلەر مەيلى ئۆتمۈشتە قورال تۇتۇڭلار ياكى تۇتماڭلار، خەلققە قارشى مۇستەبىت ھاكىمىيەت تەرەپتە تۇردۇڭلار، مانا ھازىر ئېزىلگەن خەلق قولىغا قورال ئېلىپ قوزغالدى، بۇ سىلەرگە سىناق، سىلەر يەنىلا بۇرۇنقى يولۇڭلاردا تۇرۇپ شۇ يولدا ماڭامسىلەر؟ بۇنداق قىلساڭلار خەلق سىلەرنى كەچۈرمەي-دۇ. ئىككىنچى يول ئىسيان كۆتۈرۈپ خەلق تەرەپكە ئۆتۈش، بۇنداق قىلساڭلار خەلق گۇناھىڭلاردىن ئۆتۈپ كەچۈرۈم قىلى-دۇ، قارشى ئالىدۇ. خىزمەت كۆرسەتسەڭلار كۆرسەتكەن خىز-مەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ تەقدىرلەيدۇ. خىزمەت كۆرسىتىش ئىمكانىيىتى سىلەردە بار، شۇنداقمۇ؟ — توختى-يوپ ئۇلارنىڭ خىزمەت كۆرسىتىشى ئۈستىدە بىرقاتار ئەمەلىي ئىشلارنى تەلەپ قىلدى.

— بۇرادەر! سىز نېمە دېسىڭىز مەن شۇ، — دېدى سېلىم.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى قادىر.

سېلىم بىلەن قادىرنىڭ دېيىشىچە، سېپىلنىڭ سىرتقى ئۇچ تەرىپىگە ئايلاندۇرۇپ مىنالار كۆمۈلۈپتۇ. سېپىلنىڭ غەرب تە-رىپىگە كۆمۈلگەن مىنىلارنى ھەر ئىككىسى بىلىدىكەن. جىڭنىڭ ھەربىي خەرىتىسى جاۋشاڭ دېگەن پولك كوماندىرىدا بىر پارچە بولۇپ، خەرىتە جاۋنىڭ ھەر كۈنى بويىنىدىن چۈشەرمەيدىغان سومكىسىدا ساقلىنىدىكەن. جاۋ ھەر كۈنى كەچتە قىمارخانىغا

كىلىپ ئۇتقانلاردىن چوتۇر ئالىدىكەن، مۆرتى كەلسە ھارافنى ئۆلگۈچە ئىچىدىكەن.

— يولداشلار! — دېدى توختىيوپ سېلىم بىلەن قادىر-نىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، — مانا مۇنۇ ئون سوملۇق تەڭگە پۇلنى چوتۇر ھېسابىدا جاۋغا بىرىپ، ئۇنىڭ كىكىرىدىكىگە قار-ماق سېلىپ قويىسىز ـ دە، يىپنى تارتماي باغلاپ قويىسىز. ئۇ ئايلىنىپ تۇرسۇن، بۇ سىلەرنىڭ خەلققە قىلغان ياخشى ئىشىڭلارنىڭ باشلىنىشى ۋە باسقان بىرىنچى قەدىمىڭلار بولىدۇ.

سېلىم بىلەن قادىرنىڭ يۈزىدە ئۈمىد يۇلتۇزى پارقىرىدى.

توختىيوپ ئىككى كىشىلىك ماتا كىيىمنى ئېلىپ غىپلا قىلىپ ئۆيدىن چىقتى. ئېشەكلەرگە ئوت سېلىپ يۈرگەن مەردان ئۇنى ساقلاپ تۇراتتى. قىمارخانىدا ئۈچ ئورۇندا تاۋكا قۇرۇلغانىدى.

سېلىم ئاتقان تۆت ئوشۇق ئۆدا بەش قېتىم ئالچۇ چۈشتى. ئۇ تاۋكادىكى ھەممە پۇلنى سانىمايلا ئالدىغا تارتتى.

— سېلىمۇ، سېلىمۇ، سېلىمۇ، ياخشى! ياخشى! — جاۋ ساڭقارىدەك يېتىپ كەلدى. گەجگىسىنىڭ تايىنى يوق، پۈۋدىگەن دوۋساقتەك سەمرىپ كەتكەن بۇ ھاراماقنىڭ سېسىق تەرى ئىككى مېتىر ئارىلىقتىن باشقىلارنىڭ بۇرنىنى ئېچىشتۇ-رۇپ كۆڭلىنى ئايلاندۇراتتى. سېلىم قەغەز پۇللارنىڭ ئاستىدى-كى كۈمۈش تەڭگە پۇلنىڭ بىرسىنى ئېلىپ:

— تۇەنجاڭ جانابلىرى، — دېگىنىچە ئىككى قوللاپ جاۋغا سۇندى. تەڭگە پۇلنى كۆرۈپ كۆزىنىڭ قارىچۇقىنى يوقات-قان جاۋ:

— سېلىمۇ، سېلىمۇ، ياخشى، — دېگىنىچە تەڭگىنى ئېلىپ «پۇۋ» قىلىپ دەرھال قۇلىقىغا تۇتتى. تەڭگە پۇل «مەن سېنىڭ، باشقىلارنىڭمۇ سېنىڭ» دېگەندەك جاۋنىڭ قۇلىقىدا



www.uyghurkitap.com

غۇڭۇلدايتتى.

— جاۋ تۆەنجاڭ بۇنىڭدىن كېيىن تەڭگە پۇللارنىڭ ھەممى-
سى سىزنىڭكى، — دېدى سېلىم قەغەز پۇللارنى سانىمايلا
يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ ھەمدە تۇيدۇرماستىن بەش سوملۇق پۇل-
دىن بىرىنى ئېلىپ تۆش يانچۇقىغا ئايرىم سېلىپ قويدى. تەييار
پۇلغا ئىگە بولغان جاۋنىڭ كۆزلىرى كۆزەينەكلىك پىلاننىڭ
كۆزىدەك سېلىمنىڭ تۆش يانچۇقىغا قادالغانىدى.

مەردان بوسۇغىدا تۇرۇپ بۇ جالالەتنىڭ ئەپت - بەشرىسىنى
ئوچۇق كۆردى. جاۋنىڭ ئوڭ سۆڭگۈچىدە بۇلغارى قاپلىق تاپانچا
بىلەن سول سۆڭگۈچىدە بېغىررەڭ پالىۋاي سومكا ئېسىقلىق
ئىدى.

«ھىم، توختاپ تۇرغىن» دېدى مەردان مۇشتۇمىنى تۈگۈپ
تۇرۇپ. سېنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىپ، بۇ تويماس نەپسىڭنى پۇلغا
تويغۇزمىساق. مەردان بۇ كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇ يەرگە
سېلىنغان بۇغداي پاخىلى ئۈستىدە ئۇيان - بۇيان ئۆرۈلەتتى.
ئۇ دەسلىپىدە بۇگۈنكى قىلغان ئىشلىرىنى، يول بويى كۆرگەن-
لىرىنى ئويلاپ ئەسلىدى. چاشقانلارنىڭ چىرىلداشلىرى ھېلىقى
كۈنى قامالغان سامانلىقنى ئەسلىتىپ، مېھرىبان ئاتا -
ئانىسىنى ئويلاپ كۆڭلى بىر ئاز بۇزۇلۇپ، كۆزىگە ياش تولدى.
ئاندىن خىيالى غۇنچەمگە چۈشتى.

مەردان غۇنچەمدىن ئايرىلغىنىغا توپتوغرا 37 كۈن بولدى.
ئۇ غۇنچەمنى ھەرسائەت، ھەر مىنۇت ئەسلەيتتى. غۇنچەمنى
سېغىنغانىدى.

3

كۈل رەڭ ماتادىن كىيىم كىيگەن ئىككى گومىنداڭ چېرى-

www.uyghurkitap.com

نىكى ئەگرى - بۈگرى كوچىلاردا مېڭىپ يۈرۈپ ئاخىرى تۆت كوچىغا بېرىپ بىر دوقمۇشتا توختىدى. تۆت كوچا مېڭىنىڭ بازار كوچىسى بولۇپ، ئاشخانا، ناۋايخانا، سودا دۇكانلىرى مۇشۇ تۆت كوچىدا ئىدى. كۆن چىقار - چىقمايلا كۆك ماتادىن ئىشتان - چاپان كىيگەن گومىنداڭ چېرىكلىرى خۇددى ئۇۋۇسى بۇزۇلغان چۈمۈلىگە ئوخشاش بېشى قايغان، ئۇتتۇر كەلگەن كوچىلارغا كىرىپ قاترىشىپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى ئون يىل بەزگەك بولغان ئادەمنىڭ چىرايىدەك ئورۇق ھەم قانسىز ئىدى. ئاشخانىلارغا ئۇسۇپ كىرىپ جوزىلاردىكى چېچىلغان سەي - ناننىڭ پارچىلىرىنى سىيرىپ ئاغزىغا سالاتتى. خۇددى ئوغرى مۈشۈكتەك ناۋايخانىنىڭ بۇلۇڭلىرىدا مارىشىپ تۇرۇپ ناۋاينىڭ كۆزى نېرى بولسىلا نانلارنى ئېلىپ قاچاتتى - دە، ناۋايلار بۇ ئوغرى مۈشۈكلەر كەينىدىن بىرەر مىڭنى تىللاپ قالاتتى. ئىككى چېرىك يان تەرەپتىكى ھويلىدىن ئىككى ئاق توخۇنى قاقاقلىتىپ پۇتىدىن تۇتۇپ ئاچىقىشىغا كەينىدىن 20 ياشلار چامىسىدىكى خەنزۇ قىز بىلەن بىر ئايال قوغلاپ چىقىپ، ھېلىقى قىز تاياق بىلەن چېرىكلەرنىڭ بېشىغا، دۈمبىسىگە كېلىشتۇرۇپ نەچچىنى ئۇرۇپ، يېرىم خىش بىلەن باشقا سال-دى. چېرىك «ۋايجان!» دېگىنىچە تىزلىنىپ قوپۇپ يەنە قاچ-تى. تۆت كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدا، خۇددى ھاك تاش ئۇستىدە ئولتۇرغان قومايدەك تاپانچا ئاسقان بىرسى قايسى تۆشۈكتىن نەپ چىقىدۇ دەپ ئەتراپقا بوينىنى سوزۇپ چەكچىيىپ تۇراتتى.

— توختا! — دېدى ھېلىقى قاراقچى ئىككى نەپەر توخۇ ئوغرىسىغا بۇيرۇق قىلىپ.

ئىككى بۇلاڭچى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تىك تۇراتتى.

— ئانـاڭـنـى ھايۋانلار، — دېدى ھېلىقى قاراقچى

ئوغرىلارنى ئىككىدىن تۆت كاچات ئۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىككى توخۇنى ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلۇۋالدى ـ دە، سۇڭغا بىرنى تېپىپ، ـــ ماڭ، كەت، كۆزۈمگە ئىككىنچى كۆرۈنگۈچى بولۇشما، ـــ دەپ دوق قىلدى.

ـــ خوپ، خوپ، ـــ دېگىنىچە ئىككى ئوغرى ساغرىسىنى سىلاپ ماڭدى. قاراقچى ئىككى توخۇنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ بىر نېمە دەپ غىڭشىغىنىچە تار كوچىغا قاراپ يول ئالدى، ھېلىقى ئىككى ئوغرى قاراقچىنىڭ كەينىدىن يىلپىزغا ئولجىسىنى تاتتۇرۇپ قويغان چىلبۆرىگە ئوخشاش يېنىچە ـ قىرىچە قارىشىپ تۇردى ـ دە، «خەپ، ئاناڭنى هايۋان!» دەپ يەرگە تۈكۈرگەندىن كېيىن ئىككىنچى بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى.

ـــ سەن ئىپلاسلارنىڭ گېلىڭنى تېشىپ چىقار ئىلاھىم، ـــ دەپ تېخىچە تىللاۋاتاتتى ھېلىقى خەنزۇ ئايال.

گومىنداڭچىلار كېيىنكى ۋاقىتلاردا يوللارنى بۇزۇپ ئاكوپ كولاپ، پوتەي سېلىپ ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتكەنىدى. توختىيوپ بىلەن مەردان بىر نەچچە كوچىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر قانىتى يوق يوغان ئاق دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئۇيان ـ بۇيان قارىغاندىن كېيىن ھويلىغا كىرىشتى.

ـــ تۇداخۇن ئۇستام! ـــ ۋارقىرىدى توختىيوپ.

ـــ دادا! دادا، ئىككى چېرىك، ـــ دېدى ئىشىكنىڭ ئەينىكىدىن ئۇلارنى كۆرگەن قىز تۆردە ئولتۇرغان دادىسىغا ئۆگىنلى يوق قاراپ.

كۈنگە بۇنداق چېرىكلەرنىڭ قانچىسىنىڭ بولاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچراپ، يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەچكىمۇ ئۆي ئىچىدىكى چوڭ ـ كىچىك، ئايال ـ قىز باللاردا ئەنسىزچىلىك پەيدا بولۇپ، سادىن ئۈركۈگەن چۈجىلەرگە ئوخشاش ھەرقايسى ئۆي-

نىڭ بۆلۈك - پۇچقاقلىرىغا قېچىشتى.

— تۇداخۇن ئۇستام، — ئىككىنچىلەپ ۋارقىرىدى توخ-تىيوپ.

— تۇداخۇن ئۇستام؟ — تەكرارلىدى كۆپنى كۆرگەن تۇداخۇن ئاكا. بۇ ئەلۋەتتە تونۇش بىرسى بولۇشى كېرەك. تۇداخۇن ئاكا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىشىغا ئۇلارمۇ ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بولغانىدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

— ۋەلەيكۇم ئەسسالام، — ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆ-رۈشكەن بولسىمۇ، تۇداخۇن ئۇستام ئۇلارنى دەررۇ تونۇ-يالمىدى - دە:

— قېنى ئۆيگە، — دەپ تەكلىپ قىلدى.

— ئۇستام، مېنى تونۇيالمىدىڭىز، خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ئايلام ئىككىڭلار شۇنداقلا تۇرۇۋېرىسلەر.

تۇداخۇن ئۇستام بۇ ئىككى چىرىكنىڭ باش - ئايىغىغا قارىدى - دە:

— هوي، هوي، ئۇشەمغۇ سەن، هەي خوتۇن، قارا بۇنى، مۇنۇ ئۇستۇڭدىكى كىيىمىڭگە قاراپ بۇ ئىككى بۇلاڭچى ئەمدى نېمىنى ئېلىپ قاچار دېگەن خىيال بىلەن ساڭىمۇ سەپسال-ماپتىمەن.

ئۇلار قايتىدىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئامانلىق سوراش-تى. ئايالى دەرهال داستىخان سېلىپ چاي تەييارلىدى - دە، ئېرىنىڭ ئىشارىتى بىلەن چىقىپ كەتتى. تۇداخۇن ئۇستام يېشى 60قا تاقاپ قالغان ساقاللىق، بەستلىك ئادەم بولۇپ، ساراي ئاچاتتى. هەرقايسى ياقا يۇرتلاردىن كەلگەنلەر سارايغا چۈشۈپ، ئىش - پىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن كېتىشەتتى. جىگدىكى



www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر، يەرلىك خەنزۇ، خۇيزۇ، موڭغۇللار ئىچىدە ئىناۋىتى بار ئىدى، قول ئىلكىمۇ يېتەرلىك ئىدى.

— قارا! — دېدى تۇداخۇن ئۇستام جەينىكىنى جوزىغا قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ توختىيوپقا يېقىنلاشقاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — هازىر ئولتۇراق خەنزۇلاردا ئەندىشە ئېغىر، ئۇلار قاچاي دېسە مەشەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، نەگە بارىدۇ، قاچماي دېسە گومىنداڭچىلار هەركۈنى ئىلى ئوغرىلىرى خەنزۇلارنى بىرنى قويماي ئۆلتۈرۈۋەتتى دەپ تەشۋىق قىلىپ ئۇلارنى قورقۇتۇۋاتىدۇ. بۇلار هازىر بىزدىنمۇ گۇمانلىنىدىغان بولدى. مۇنۇ ۋاڭ جاڭگۇدىنى بىلىسەنغۇ؟ قارا، ئاشۇنىڭ بىلەن مەن 12 يېشىمدىن تارتىپ بىرگە ئويناپ، بىرگە چوڭ بولغان. ئاشۇ مېنىڭدىن، ئىلى ئوغرىلىرى كەلسە بىزنى ئۆلتۈرۈۋېتەرمۇ دەپ سورىدى.

— ئۇستام، ۋاڭ جاڭگۇدە بارمۇ؟

— بار، هازىرمۇ مۇشۇ ئۆيدە، — دېدى تۇداخۇن ئۇستام.

— ئۇستام، — دېدى توختىيوپ. ئۇنىڭ سۆزى كەسكىن ۋە جىددىي چىقتى، — ئىلى ئوغرىلىرى دېگەن گومىنداڭغا قارشى قوزغالغان خەلقنىڭ ئىنقىلابىي هەرىكىتى، قوزغىلاڭچىلار خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق بولۇپ 13 مىللەتتىن قوشۇلغان، خەنزۇلارنى ئۆلتۈردى دېگەن سۆز گومىنداڭچىلارنىڭ ئىغۋاسى. ئۇلارنىڭ بىگۇناھ خەنزۇ، ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت خەلقىنى ئۆلتۈرۈش، قىرىش، چېپىش، بۇلاشتىكى باهانىسى. ئىككى چېرىكنىڭ هازىرلا تۆت كوچىدا بىر خەنزۇ ئايالنىڭ ئىككى توخۇسىنى بۇلاپ چىققىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، — توختىيوپ راستىمۇ دېگەندەك قىلىپ مەردانىغا قارىدى — دە،

سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىز جىڭغا پات ئارىدا ھۇجۇم قىلد-ىمىز، شۇڭا توپ - زەمبىرەكنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىشىشلارنى ئېھتىماللىغا يېقىن.

توختىيوپ بىلەن تۇداخۇن ئۇستام يۇقىرىقى ئېھتىماللىغا قارشى ئىشلارنى بىرقاتار ئوچۇق مۇزاكىرىلەشتى.

— ئۇستام، — دېدى توختىيوپ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا ئىلتىماس تەرىقىسىدە تۇداخۇن ئۇستامغا قاراپ، — تىللادىن ئۈچ تال، تەڭگە پۇلدىن بەش سوملۇقتىن ئون تال بېرىپ تۇرسىڭىز، قول - قولنى تونۇيدۇ. مېنى بىلىسىزغۇ، نېرىسى ئون كۈن ئىچىدە ئەينەن قايتۇرۇلىدۇ.

— ھە، ھە، ھە، بۇنداق دېگىن. سەن ئىلىلىقلارزە ئىش تېرىپلا يۈرگەن - دە. مەن سېنىڭ كېلىشىڭدىنلا بىلگەن. ئايلانسۇن، قانچە دېسەڭ تەييار، قېرىغاندا جېنىمنى سورىساڭمۇ بۇ يولدا ياق دېمەيتتىم.

تۇداخۇن ئۇستام تىللا بىلەن تەڭگە پۇلنى ساراي ئۆيدىن ئاچىقىپ جوزا ئۈستىگە قويدى - دە:

— ھەي، ھەي، ھەي، ئون يىل بۇرۇن بولۇپ، قولۇمغا بەردەڭگىنىن بىرسى چىققان بولسا نېمە قىلىۋېتەتتىم - ھە، ھېلىمۇ بولسا، — ساقىلىنى سىيپىدى ئۇستام.

— ئىش شۇنداق بولىدۇ، ئۇستام، — دېدى توختىيوپ خوشلىشىۋېتىپ.

— خاتىرجەم بولغىن چېرىك، — چاقچاق قىلدى تۇدا-خۇن ئۇستام ئۇلارنىڭ كەينىۋالغان كەينىگە قاراپ.

توختىيوپ بىلەن مەردان جىڭنىڭ كوچىلىرىنى، سېپىل ياقىسىدىكى گومىنداڭ گازارمىلىرىنى، قوماندانلىق شتابلىرىنى ئايلىنىپ كۆرۈپ، بازارغا كېلىپ ئىككى كىلو پىششىق گۆش،

ئۈچ پىششىق قوينىڭ بېشى، تۆت كىلو جۇن ئېلىپ ۋەدە بويىچە ئات قورۇسىغا قايتىپ كەلدى. ئۇلارنى سېلىم بىلەن قادىر كۈتۈۋالدى. كۈن ئولتۇرۇشى بىلەنلا قىمارۋازلار بىرلەپ - ئىككىلەپ كېلىشكە باشلىدى. قىمارخانىدا يەنە تۆت ئوشۇق، شىشخال، بەش لەڭ بولۇپ ئۇن ئورۇندا تاۋكا قۇرۇلدى. قىمارخانىدا ئوينىغۇچىلاردىن كۆرگۈچىلەر كۆپ ئىدى. سېلىم بىلەن قادىر ئاتلارنى بېسىقتۇرۇۋاتاتتى.

— سېلىمۇ، بۈگۈن يەنە قىمار ئويلاندۇ؟ سەندە تەڭگە پۇل تولا، تولا، — دەپ ھىجايدى قىمارخانىغا كېتىۋاتقان جاۋ يولىنى بۇراپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— ئوينايدۇ، ئوينايدۇ ئالتۇن، پۇل، تەڭگە پۇل مەندە تولا، تولا، — دېدى سېلىم يانچۇقىدىكى پۇللارنى شاراقلىتىپ. ئاندىن ئۈچ تىللانى ئېلىپ جاۋغا كۆرسىتىپ، — بۈگۈن چۈشتە بىر باي بىلەن قىمار ئويناپ بۇ پۇللارنى ئۇتۇۋالدىم، — دەپ قوشۇپ قويدى. ئۈچ دانە ئالتۇن تىللانى كۆرگەن جاۋنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى - دە:

— سېلىمۇ ياخشى، بۈگۈن يەنە تولا، تولا ئۇتىدۇ، — دېگىنىچە قانجۇق كۈچۈكتەك ئەركىلىدى.

سېلىم بىلەن قادىر قىمارخانىغا كىرگەندە ئۇتتۇرغانلار ئولتۇرۇپ بىرنەچچىسىلا تاۋكادا قېلىشقانىدى. بۈگۈنكى تۆت ئوشۇقنى يېشى 40 لەرگە بېرىپ قالغان، چېقىر كۆز، يۈزىنىڭ ئالىسى يوق سېرىق تۇك باسقان، كۆل رەڭ ماتا كىيىم ئۈستىگە ئىككى دانە توچكىلىق پاگون تاقىغان ئۇيغۇر ئەسكەر جەز قىلغانىدى. ئۇ تۆت ئوشۇقنى قاتىرىغا تىزىپ، چېقىر كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ئىچىدە كىسىرلاپ بىر نەرسىلەرنى ئوقۇغاندەك قىلدى - دە، «سۇف» دېدى، ئاندىن:

www.uyghurkitap.com

ــ قېنى كىم چىقىدۇ؟ ــ دېدى. ئۇنىڭ مۇز چىراي تۇكلۇك يۈزىدىن ئىنسانغا رەھمى كەلمەيدىغان، قان ئىچىپ قانچە ئۇنلىغان كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

ــ تىكىتىم؟ ــ دېدى ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان بىر چېرىك قاتلانغان پۇلنى تاۋكاغا قويۇپ.

ــ دو بارمۇ؟ دو بارمۇ؟ ــ سورىدى چېقىر كۆز.

ئولتۇرغانلاردىن نەچچىسى پۇللىرىنى دوغا قويۇشتى.

ــ يا، جەمشىت، ــ چېقىر كۆز ئوشۇقنى يەرگە ئاتتى. تۆت ئوشۇق سىياھ چۈشتى.

تۆت ئوشۇق ئون ئىككى قېتىم ئۇ قول، بۇ قولدا تاشلىنىپ بار پۇل چېقىر كۆزگە يىغىلىپ، قالغانلار «غاق» بولۇپ قورققان خورازدەك قانىتىنى مۇرىسىگە ئېلىشتى.

ــ قېنى كىم چىقىدۇ؟ ــ چېقىر كۆزنىڭ قىزارغان كۆزلىرى ھەركىمگە قاراپ تىكىلىۋاتاتتى.

قىمارۋازلار بۇ چېقىر كۆزنى دەسلەپىدە قۇربانوپ دېيىشتى، ئاندىن ھېتەككە ئۆتۈپ ئۇنىڭ يولسىز، مۇتتەھەملىكىدىن بەزىلىرىنىڭ ئاغزىدىن «توخۇ پوقى» دېگەن سۆزلەرمۇ چىقتى. قۇربانوپ ھېتەم بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇنلا چۆچەكتىكى گومىنداڭ قىسىملىرىدىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئۇستا پىلىموتچىك ئىدى. ئۇ چۆچەكتىكى پارتىزانلارغا قارشى ئۇرۇشتا پارتىزانلارنى كۆپلەپ قىرغانلىقى ئۈچۈن بەنجاڭلىققا كۆتۈرۈلگەنىدى. «بەنجاڭ» دەپ دۇمبىسىگە ئۇرۇپلا قويسا، رەھىمسىزلىكتە ئاپشارىكىنىمۇ يولدا قوياتتى.

ــ كىم چىقىدۇ؟ ــ ھېتەم يەنە بىر قېتىم سورىدى.

ــ چىقتىم، ــ سېلىم بىر كاللەك پۇلنى سانىمايلا

تاۋكاغا قويدى.

— دو بارمۇ؟

— دو، — قادىر سانىمايلا بىر كاللەك پۇلنى تاشلىدى.

— دەتتىكام، — ھېتەمنىڭ ئوشۇقى بىر ئالچۇ، بىر تاككا، ئىككىسى پۈككا چۈشتى، — خەپ، مۇشۇ چىكا چۈشۈپ ئۆرۈلۈپ كەتتى - دە.

سېلىم تۆت ئوشۇقنى ئېلىپ يەرگە ئاتتى. تۆتى تۆت يەرگە ئالچۇ چۈشتى. ھېتەمنىڭ چېقىر كۆزلىرى مايمۇننىڭ كۆزىدەك چىمچىقلاپ كەتتى. سېلىمنىڭ ئاتقان ئوشۇقى ئۇدا تۆت قېتىم كەلدى.

— ھە، بەنجاڭ ئاستا چىقىپ قولىڭىزغا سىيىپ كېلىڭ، — ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى بىر چېرىك خۇشامەت قىلىپ. ئارىلىقتا ھېتەك غىپلا قىلىپ چىقىپ كېتىپ، ھەر ئىككى قولىغا سىيگەن بولدى - دە، ئىككى قولىنى قولتۇقىغا سۇرتۈۋېتىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە نۆۋىتىدە تۆت ئوشۇقنى قاتىرىغا تىزىپ:

— ياپىرىم جەمشىت! — دېگىنىچە يەرگە ئاتتى.

— چۇ، چۇ، چۇ، — ھېتەكنىڭ تۆت ئوشۇقىنىڭ بىرسى تاككا، ئۈچى پۈككا تۇراتتى.

— ئاناڭنى، ئۇنىڭ ئون سوم پۇلى يەتمىدى - دە.

— ئالىسەنۇي ھېتەك، جىڭخودىن قېچىپ كەتمەيدۇ.

— سېلىمۇ! سېلىمۇ! — جاۋ قوتۇرتاش ئۈستىدە ماراپ ئولتۇرغان قومايدەك قىمارخانىدىكى ئۈچ تاۋكاغا قاراشلىق ئىدى. سېلىم قەغەز پۇللارنى سانىمايلا يىغدى - دە، ئىككى دانە تەڭگە پۇلنى چوتۇر ئۈچۈن جاۋغا بېرىپ، ئۈچ دانە تىللا بىلەن تەڭگە پۇللارنى يانچۇقىغا سېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى

قىقنىپ تالاغا ماڭدى.

— سىلىماخۇن، بۈگۈن ھەرياقتىن ئامىتىڭلار كەلگەندەك تۇرىدۇ، مېھمان قىلارسىلە؟ — دېدى ھېتەك.

— ھە، ھە، ھە بەنجاڭ، بىزنىڭ مۇساپىرخانىنىڭ ئىشىكى قاچانلا بولسا ئوچۇق. بۈگۈن بولمىسا ئەتىگە بولار، — دېدى سىلىم چىقىپ كېتىۋېتىپ. ئاندىن جاۋغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ ئۆيگە كىرگىن دېگەندەك ئىشارە قىلدى ـ دە، قىمارخانىدىن چىقىپ ئۆيگە كىرمەي ئىشىك تۈۋىدە تۇردى. جاۋ تۆەنجاڭنىڭ ئوي ـ خىيالى بايىقى تىللا بىلەن تەڭگە پۇلدا ئىدى. ئەگەردە بۇ پۇل قولغا چۈشسە تاڭلا بەش كۈن ئىلىلىقلار كېلىپ تالاڭ ـ تۇڭ قىلسا، تۆەنجاڭ قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ قاچاتتى. بۇ پۇللار ئاتا ـ ئانىسىغا سوۋغا ئېلىش بىلەن بىرەر ئىشىنىڭ پېشىنى تۇتقۇچە يېتەتتى.

قىمارۋازلارنىڭ ھەممىسى كېتىپ، جاۋ بىلەن ھېتەك ئات قورۇدا ئايلىنىپ يۈرەتتى.

— ئۇمۇ كىرسۇن، بۇ مۇناپىق يەنە قانچىلىغان جەڭچىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى توختىيوپ. مەردان ئىشەكلەرگە قارىغان بولۇپ سىلىمغا بۇنى دەپ قويدى. قادىر ئۆيگە كىرىپ چىراغ ياندۇرۇپ يەرگە داستىخان سالدى ـ دە، ھەش ـ پەش دېگۈچىلا قوينىڭ بېشىنى شۇلۇپ يوغان بىر تاۋاقتىكى گۆش بىلەن تۆت دانە گىردە نان، ئىككى بوتۇلكا جۇن ھارىقىنى ئەكېلىپ داستىخانغا قويدى. «جاۋ» بىلەن «ھ» دىن ئىبارەت بۇ ئاچ بۆرىلەر تاۋاقتىكى گۆشنى ئاغزىغا سېلىپ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ پۈتۈن ـ پۈتۈنلا يۇتۇشتى.

— ھىم بەنجاڭ، قانداق؟ سىلىم ۋەدىسىدە تۇردىمۇ؟ —

سېلىم ئىككى ھېجىرغا ھاراقنى يېرىم قۇيۇپ ئۇلارغا تۇتتى.

— بەللى، بەللى، سېلىماخۇن، قېنى ئاش ئىگىسى بىلەن دېگەنغۇ، جاۋ تۇەنجاڭ بىلەن ئۆزۈڭدىن بولسۇن، — دېدى ھېتەك. ئۇ گۆشنى چاينىماي يۇتۇۋېتىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ كەتكەنىدى.

— سېلىمۇ ياخشى، گەنبى، — جاۋ ھېجىرنى سېلىم بىلەن سوقۇشتۇردى. بۇ كېپەن ئوغرىسىنىڭ قەستى تىللادا ئىدى. سېلىم بىر يۇتۇم ئىچتى - دە، ئۈستىگە يەنە جىقلاپ ھېتەككە سۇندى.

— ماقۇل، قادىرەم، سالامەتلىك ئۈچۈن ئىچتۇق.

ھېتەك قادىر بىلەن سوقۇشتۇرۇپ ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. سېسىق ھاراقتىن ئۇنىڭ ئاغزى قومدىكى ئاپتاپتا قالغان كەسلەنچۈكنىڭ ئاغزىدەك ئوچۇق قالدى. «جاۋ» بىلەن «ھ» كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم كۆتۈردى - دە، ئۈچىنچىسىدە «غىق - غىق» قىلىشىپ ھاراق گېلىدىن ئۆتمەي قالدى.

قادىر بولسا ئۇلارغا ئۆزۈلدۈرمەي موخوركا ئوراپ تۇتۇپ تۇراتتى. سېلىم يانچۇقىدىن بىر دانە تىللانى ئېلىپ جاۋنىڭ نېرىسىدىكى ھاراققا «چولتۇك» قىلىپ سېلىپ قويدى.

— سېلىمۇ ياخشى! — جاۋ ھاراقنى تەستە كۆتۈرۈپ يۇتتى - دە، قولى كالۋالىشىپ تىللانى تەستە ئالدى.

قادىر ئوتتۇرا قولىدەك قىلىپ نەشىنى بوراپ تۇتاشتۇردى - دە:

— بەنجاڭ، ئۆزلەگە خوش كەتتى، — دەپ ھېتەككە سۇندى. ئۇ ئەگىز سۇمۇرگەن كۆتۈرەم كالىدەك سۇمۇردى - دە، قاقىغان پېتى ئورنىغا دۈملا چۈشتى. سېلىم نەشىنى ئېلىپ

جاۋغا سۇندى. جاۋمۇ ئەپيۇن شورىغاندەك بىر شورىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆيلەر پىرقىراپ، قولۋاقتا ئولتۇرۇپ دېڭىزدا كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ـ دە، قىيسايغىنىچە خورەك تارتتى. مەردان ئېتىلىپ كىرىپ ئۇنىڭ بويىنىدىكى سومكىنى ئېلىپ ئاچتى.

ــ خەرىتە! ــ دېدى ئۇ قەغەزلەر ئارىسىدىن خەرىتىنى ئېلىپ، ــ بۇ جىڭنىڭ ئۇرۇش خەرىتىسى.

سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئەتىگەن كۈن چىقىشتىن بۇرۇنلا ئېچىلاتتى، كېچىدە چىقىپ كېتىشكە بولمايتتى.

ــ ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ــ دېدى توختىيوپ سېلىم بىلەن قادىرغا قاراپ.

ــ قانداق قىلاتتۇق، ئۆلتۈرۈپ چىلەنىڭ ئاستىغا كۆمىمىز، بۇ ئۇلارغا بېرىلگەن ئادىل جازا، ــ دېدى سېلىم.

ــ شۇنداق، مۇنۇ چايانمۇ قانچە كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان، بۇلارنىڭ جاجىسى مۇشۇ، ــ دېدى قادىر.

سېلىم ھېيتەرنىڭ يېنىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇۋالدى ـ دە، يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان ھېيتەرنىڭ سول قوۋۇرغا ئارىسىدىن يۈرىكىگە قارىتىپ خەنجەرنى ئۇردى. ئۇ جان ئاچچىقىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرماقچى بولدىيۇ، بىراق سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ بېشىچە تامغا ئۇستى ـ دە، يەنە دۈملا چۈشتى.

ــ ئەكەل! سېنىڭ ۋەزىپەڭ تۈگىدى، ــ دېدى قادىر.

ئۇ خەنجەرنى ئېلىپ يېنىچە ياتقان جاۋنىڭ سول قوۋۇرغىسىدىن يۈرىكىگە ئۇردى. ھەر ئىككى جاللات بېشى يانچىلغان زەھەرلىك يىلانغا ئوخشاش سوزۇلاتتى، تولغىناتتى.

ــ مانا ئەمدى ئۆلسەك ئارمانىمىز يوق، ــ دېدى قادىر قانغا مىلەنگەن خەنجەرنى ھېيتەكنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ.

ــ شۇنداق، مېنىڭمۇ ئارمىنىم يوق، ــ دېدى سېلىم.



www.uyghurkitap.com

مەردانىنىڭ بىر پەس ئىچى ئېلىشىپ قۇسقۇسى كەلدى، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق ئۆلۈمنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشى ئىدى.

— يولداش سېلىم، يولداش قادىر! سىلەر تۇنۇگۈندىن باشلاپ ھەقىقىي ئىنسان قەدىمىنى باستىڭلار، خەلق سېپىگە ئۆتۈپ دۈشمەنگە قارىتا ئوق ئاتتىڭلار، مانا بۇ ئىككى نەپەر جاللاتقا بېرىلگەن جازا تارىخنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئادالەتلىك ھۆكمى بولۇپ، بۇنى سىلەر ئىجرا قىلدىڭلار. سىلەرنىڭ بۈگۈن-كى كۆرسەتكەن خىزمىتىڭلارنى خەلقىمىز ئۇنتۇمايدۇ، سىلەرنى قەدىرلەيدۇ، — توختىيوپ بىلەن مەردان ئۇلار بىلەن قۇچاقلى-شىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئىككى جاللاتنىڭ ئۆلۈكىنى ئات قورۇ-سىدىكى دۆۋىلەكلىك چىلەنى ئويۇپ كۆمۈۋەتتى. بىگۇناھ خەلق-نىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ قان ئىچكەن يىرتقۇچلارنىڭ سېسىپ قۇرت - قوڭغۇزلارغا يەم بولۇشى ھەق ئىش ئىدى.

ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىمىدى. ئەتىگەنلىكى سېپىلنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەن سېلىم بىلەن مەردان، قادىر بىلەن توختىيوپ ئاتلارنى سۇغارماقچى بولۇپ بىرىنچى بولۇپ غەربىي دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار ئاتلارنى سۇغىرىپ ئاپارماي ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

— يولداش كوماندىر، تۆت نەپەر دۈشمەن ئەسكىرى بىر نەچچە ئاتنى ھەيدەپ ئورمانغا كىردى، — دېدى يوغان قارىيا-غاچنىڭ ئۇچىغا يوشۇرۇنغان مەخپىي پوست دۇربۇن بىلەن قاراپ.

— دىققەت بىلەن كۆزىتىڭ، — دېدى كوماندىر ئوسما-نوپ ۋە شۇ زامانلا قاھاروپ باشلىق بەش نەپەر جەڭچىنى شۇ يۆنىلىش بويىچە شۇ تەرەپكە ئەۋەتتى.

— ئوغلۇم، قېنى بەلگە بەرگىن، — دېدى توختىيوپ.

www.uyghurkitap.com

مەردان ئىككى قولىنى ئاغزىغا ئەكېلىپ: «قاق، قاق، قاق» قىلغان قاغىنىڭ ئاۋازىنى چىقاردى.

— ئەنە، ئەنە، يولداش كاپىتان، بىزنىڭكىلەر ئەنە، — مەردان خۇشاللىقىدا خېلى ئۈنلۈك ۋارقىرىدى. ئۇلار بىر - بىرسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— سېلىم ئاكا، قادىر ئاكا، قاراڭلار، بۇ ئورماننىڭ ئىچى نېمىدېگەن گۈزەل، راھەت - ھە! ئاھ، ئازادلىق، — دېدى مەردان.

— شۇنداق ئىنىم، ئورماننىڭ گۈزەللىكىنى مانا بىرىنچى قېتىم كۆرۈشىمىزغۇ، كۆكسۈممۇ مۇنۇ ساپ ھاۋاغا تويمايۋاتىدۇ، — دېدى سېلىم.

— مۇنۇ يەلكەمدىن بېسىپ غولۇمنى قورۇپ تۇرغان تىرىك كېپەننى كۆيدۈرۈۋېتەي، — دېدى قادىر كىرلىشىپ پارقىراپ كەتكەن كۆل رەڭ ماتا كىيىمنى يېشىپ تاشلاپ.

# تۆتىنچى باب

## 1

«شېھىتلەرنىڭ چىرىغى ئۆچمىسۇن، تاپقان ـ تەرگىنى بۇزۇلۇپ ـ چېچىلمىسۇن» دېدىمۇ، گايىت ئاتا بىلەن دىلنار ئانا چوڭ ئوغلىنى ئۆز ئۆيىدە قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى مەردانىلار-نىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ چىقتى. يېزا ئوقۇتقۇچىلىرى، جامائەت بولۇپ پولات ئەپەندى بىلەن گۈلنار مۇئەللىمنىڭ جەسىتىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ قورۇسىدىن تېپىپ چىقتى، ئاندىن ئۆز ئۆيىگە ئاچىقىپ يۇيۇپ ـ تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئىككى-سىنى بىر گۆرگە قويدى. ئىنقىلابىي كومىتېت تەرىپى-دىن دەپنە قىلىش، نەزىر ـ چىراغ ئۆچۈن پۇل بېرىلىپ شېھىتلەرنىڭ قەبرىسىگە گۇمبەز قاتۇرۇلدى. يەتتە نەزىر، قىر-قى، يىل نەزىرلىرى بېرىلدى، غۇنچەمنىڭ بېشىغا سىلىنغان ئاق بىلەن گايىت ئاتىنىڭ بېلىغا باغلانغان ئاقنى يۇرت چوڭلىرى قىرقى نەزىر كۈنى ئالدى. دىلنار ئانا ئىككى قېرىندىشى ئۈچۈن ئاق ياغلىقنى بىر يىل بېشىدىن ئالمىدى، ھەر جۈمە كۈنى يىت سېلىپ، ياغ پۇراتتى، خەتمىقۇرئان قىلىپ يىل نەزىر كۈنى جامائەت بېشىدىكى ئاقنى ئالدى. غۇنچەمنى ئاچىققان جىپ ما-شىنا يېرىم سائەتلەردىن كېيىن قايتتى. «كوڭكا ـ كوڭكا!» دېيىشىپ كوچا ـ كوچىدىن چىقىشقان يېزا باللىرى قىڭغىر ـ قىيسىق، تار كوچىلاردا ماشىنا بىلەن بەسلىشىپ يۈگۈرۈشۈپ بىرىدە ئالدىغا ئۆتۈپ كەتسە، بىرىدە توپا ـ چاڭغا

www.uyghurkitap.com

مىلىنىپ: «كوڭكا ـ كوڭكا!» دېيىشىپ كوچىسى بېشىغا كې-
يىشەتتى.

غۇنچەمدىن ئەھۋال سوراپ، مەردانىنىڭ ھالىنى بىلىشكە
كەلگەن يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە قوشنىلارغا دىلنار ئانا سالقىنراق
دەپ باغدىكى سۇپىغا كۆرپە سېلىپ داستىخان تەييارلاپ چاي
قويدى. بىر ھەپتىدىن بېرى كۆرمىگەچكىمۇ غۇنچەمنىڭ چىرايى
يادالڭ، ئېڭەكلىرى چىقىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. تولا يىغلاپ
كۆزىدىن ياش قۇرۇمىغاچقا، سۇمبۇل چاچلىرى يېيىلىپ دۈم-
بىسىنى يېپىپ تۇراتتى.

غۇنچەم مەردانىنىڭ سالامەتلىكىنى، ئۇنىڭ غۇلجىدىكى ئۇ-
رۇشلاردا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئوردېن، مېدال ئالغان-
لىقىنى، ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە كەتكەنلىكىنى،
مەھەللىدىكى يۇرت ـ جامائەتكە، ئاتا ـ ئانا، ئاكا ـ ھەدىلەرگە
ئالاھىدە سالام ئېيتقانلىقىنى ئىسمىنى ئاتاپ ئېيتتى. مەردانىنىڭ
سالىمىنى ئاڭلىغان ئاپئاق ئانا:

ـــ ۋاي قېرىنداشلىرىمەي! ئەلنىڭ غېمىنى يەپ شېھىت
بولغان قېرىنداشلىرىمەي، بىرسىڭ كەتكەندە بىرسىڭ بولسىمۇ
قالساڭ بولماسمىدى جىگەرلىرىم! ھەر ئىككىڭ كېتىپ يالغۇز
قوزاڭنى تېنىتىپ قويدۇڭغۇ جىگەرلىرىم. باشقىلار دادام، ئاپام
دېگەندە بوينۇڭنى قىسىپ قالارسەن بالام، ئاتا ـ ئاناڭ ئېسىڭگە
كـەلـگـەنـدە قـايىـسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا يىغلاپ يۈرەرسەن
بالام، ـــ دەپ يىغا سالدى.

ئاپئاق ئانىنىڭ مۇڭلۇق، مىسكىن يىغىسى ئولتۇرۇشقان
ئەر ـ ئاياللارنىڭ يۈرىكىنى لەختە ـ لەختە قىلىپ ئەزگەنىدى.
بەزىلىرى ئۈن سېلىپ يىغلىسا، بەزىلىرى ئۈنسىز يۇم ـ يۇم
يىغلىشاتتى.

— سەۋر قىلىڭلار! شېھىتلەر — خەلق ئۈچۈن قۇربان بولغانلار، ئۇلار ھەرقاچان ھايات بولۇپ خەلقنىڭ دىلىدا ساقلىنىدۇ. شېھىتلەرغا يىغا كەتمەيدۇ، — دېدى مەزىنئاخۇن ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلىشقاندىن كېيىن.

دەر ھەقىقەت! پولات بىلەن گۇلنارنى يېزا خەلقى قانداقمۇ ئۇنتۇسۇن، ئەر - ئايال يېزا ئوقۇتقۇچىسى يېزىدا مەكتەپ ئېچىپ ئىلىم - مەرىپەت نۇرىنى چاچتى. ئۇلار ئىلىم بېرىپ ئۆستۈرگەن قانچىلىغان يېزا ياشلىرى غۇلجا، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ بىلىم ئالغان بولسا، قانچىسى پىدائىي بولۇپ قولىغا قورال ئېلىپ ئالدىنقى سەپتە دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى يېزىدا ساۋاتسىزلىققا، خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەش قىلىپ ئادالەت بىلەن ئادالەتسىزلىكنىڭ، ئازادلىق بىلەن مەھكۇملۇقنىڭ، بايلىق بىلەن نامراتلىقنىڭ پەرقىنى ئۆز خەلقىگە تونۇتتى. شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، شىبە قاتارلىق ئون ئۈچ مىللەتنىڭ ئازادلىقى، ئەركىنلىكى ئۈچۈن شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى تەشكىلات قۇرۇپ قوراللىق باستۇرۇشتا قۇربان بولدى. ئۆلۈم ئالدىدا دۈشمەنگە باش ئەگمىدى. ئەر - ئايال شېھىتلەر جىسمانىي جەھەتتىن خەلقىدىن ئايرىلسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ روھى خەلقنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ.

ئەتىسى ئاپىسى غۇنچەمنىڭ قولىدا مەرداننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ قالدى.

— ئەكىلە قىزىم، مەردانغۇ بۇ، ئەكەلگىنە كۆرۈپ باقاي، — دېدى ئاپىسى كۆرۈشكە ئالدىراپ.

غۇنچەم ئاپىسىغا ئەركىلەپ سۈرەتنى ئارقىسىغا تىقىۋالدى.

ئانا يالۋۇرغاندەك قىلىپ مەردانىنىڭ رەسىمىنى قولىغا ئالدى. مەردانىنىڭ كۆكرىكىدە ئوردېن، مېداللار قاتارىغا ئېسىلىپ ئىككى مۈرىسىدە پاگونلىرى يالتىراپ تۇراتتى.

ئۆمرىدە ھەربىي كىيىم، ئوردېن، مېدال، پاگونلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن ئانا ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قىلىپ رەسىمنىڭ يۈزىنى سىلاپ:

— جېنىم قوزام، چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قاپسەن. يامان كۆزدىن نېرى قىلغاي، ئوتنىڭ ئىچىدە پاختىنى ساقلىغايسەن ئىلاھىم، — دېدى - دە، مەردانىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئاندىن رەسىمنى كۆكسىگە باستى ۋە غۇنچەمنىڭ كۆڭلىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ پۇۋلەۋاتقان دەردىنى زورىغا بېسىپ يۇتۇۋەتتى. «ئۇرۇش» دەيتتى ئانا ئىچىدە، ئۇنىڭ بىر تۇغقان ئاكىسى بىلەن بىر نەۋرە ئاكىسى ئەينى ۋاقىتتا يەركەنت شەھىرىدىكى ۋاقىتىدا ئابدۇللا روزىباقى باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر پولكىدا كوماندىر بولۇپ، ئۇلۇغ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قۇربان بولغانىدى. تېخى بىرنەچچە ئاي بۇرۇنلا ئۆز يېزىسىدىن قېچىپ كېتىپ نىلقا پارتىزانلىرىغا قوشۇلغان ئىككى نەپەر ئوقۇتقۇچى مازار ئۇرۇشىدا قۇربان بولۇپ جەسىتىمۇ تېپىلمىدى. تىرىك تۇرغۇزۇپ بوغۇزلانغان، مەيدە، قورساق، يانپاشلىرىغا قىلىچ، نەيزە، پىچاق تىقىپ ئۆلتۈرۈلگەن بىر نەۋرە ئىنىسى پولات بىلەن سىڭلىسى گۈلنارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى تېخى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن مىنۇت نېرى كەتكىنى يوققۇ، بۇنداق ئېچىنىشلىق پاجىئەلەرنى غۇنچەم بىلمەيدۇ - دە.

— مەردان كەتتى، مەردان كەتتى، — پىچىرلايتتى ئانا. ئۇنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرى بۇلاق سۈيىدەك پارقىراپ

تۇراتتى.

— ئاپا! جېنىم ئاپا! كۆڭلۈڭنى بۇزمىغىنا ئاپا! قارا مەنچۇ بۇ يىل ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ قانۇن سىنىپىغا كىرىپ ئوقۇيدىغان بولدۇم. مەردان ئۇرۇشنى توگىتىپلا قايتىپ كېلىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدى. ئاپا بىز شۇنداق كېلىشتۇق، مەن ئىمتىھانسىزلا كىرىدىغان بولدۇم. مانا مەردانلارنىڭ كوماندىرىنىڭ خېتى.

غۇنچەم پولك كوماندىرىنىڭ خېتىنى ئاپىسىغا كۆرسىتىپ، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويدى.

— شۇنداق، قىزىم، خۇدايىم قىلغان نىيىتىڭلارنى ئادا قىلىپ مەقسەت - مۇرادىڭلارغا يەتكۈزگەي.

ئانا قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ قولىدىكى سۇرەتنىڭ ئارقىسىغا يېزىلغان خەتنى ئوقۇدى.

«سېنىڭ مەردانىڭ، — ئانا پىچىرلاپ تەكرارلايتتى، — سېنىڭ مەردانىڭ. تالادىن ئاشۇ ھەربىي فورما كىيىپ ئوردېن، مېدال تاقىغان مەردان «چوڭ ئاپا! چوڭ ئاپا! مەن كەلدىم» دەپ كىرىپ كېلىدىغاندەكلا قىلاتتى. ئانا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ئىشىككە تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئىختىيارسىز گۈپ - گۈپ سوقماقتا ئىدى.

— ئاپا! ئاپا! نېمە بولدۇڭ؟ ئاپا! ئاپا!

— ھېچنېمە قىزىم، ھېچنېمە، راست سېنىڭ مەردانىڭ، — ئانا بىر پەس ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن قىزىغا تىكىلگەنچە قارىدى. غۇنچەمنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ قىزىلقاچا ئۈرۈككىلا ئوخشاپ قالغانىدى، — سېنىڭ مەردانىڭ، شۇنداق، بىز سىلەرنى مەڭگۈگە بىر - بىرىڭنىڭ دەپ تۇغقان، قىزىم.

— ئاپا! ئاپا! — ئۇنىڭ ئىككى مەڭزى ئاناردەك قىزارغانىدى.

غۇنچەم ئەتىسىدىن باشلاپلا يەنە ئادەتتىكىدەك مەكتەپكە باردى. ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاپىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاندىن كېيىن تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەيتتى. ئاندىن باغقا كىرىپ پىشىپ قېقىلغان ئۆرۈك - ئالمىلارنى قاق سالاتتى.

— قىزىم، «يازنىڭ پوقى قىشقا دورا» دېگەندەك، مۇشۇ ئۆرۈك - ئالمىلارنى قاق سېلىپ قۇرۇتۇپ قويساق قىشتا ساتساقمۇ ھارغىچىلا پۇلغۇ. ئەتە - ئۆگۈن ھامىنى سىلەرگە پۇل كېرەككۇ؟ — دېدى ئانا.

غۇنچەم دەرھاللا ئانىغا قارىدى. ئۇنىڭ ئالدىدا مەردان ئولتۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇلار بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن قانچە قېتىملاپ بىرگە ئولتۇرۇپ ئاپىلىرى بىلەن قاق سېلىشقانىدى، پىشىپ مەي بولۇپ كەتكەن ئۆرۈكلەرنى بىر - بىرسىنىڭ ئاغزىلىرىغا سېلىشقانىدى، مېغىزلىرىنى بىر - بىرىگە ئېتىشىپ شوخلۇق قىلىشقانىدى. مانا ئۇ شوخلۇقلار ھازىر يوق، پەقەت خىيال. خىياللار بىرىدە شېرىن، بىرىدە ھەسرەتلىك.

غۇنچەم پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرگە ھەر كۈنى سۇ قۇيۇپ پەرۋىش قىلاتتى. مەرداننى مۇشۇ گۈلشەن ئارا كۈتۈۋالىمەن دەپ دىققىتىنى ئاشۇ گۈل پەرۋىشىگە سەرپ قىلاتتى. ۋىسال ئارزۇسىدا تەلمۈرۈپ ئۆتكەن كۈنلەردە ئۇنىڭ ئەرمىكى، كۆڭۈل خۇشى مۇشۇ قىرمىزى گۈللەر ئىدى.

«مەردان، مېنىڭ مەردانىم!»

غۇنچەم باغدا ئۆزى يالغۇز قالغاچقا ئۈنلۈك دېدى. شۇئان مەسۇم خاتىرىلەر قايتىدىن قوزغىلىپ كەتتى...

مانا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئىمتىھان بېرىشكە چۈشكەن ئوقۇغۇچىلار غۇنچەمنىڭ سىياسىي ـ قانۇن سىنىپىغا تىزىمغا ئالدۇرۇش قەغىزىنى ئېلىپ چىقىپتۇ. يېزىدىن ئالتە بالا ئىمتىھاندىن ئۆتۈپتۇ. ئۈچ بالىغا ئەسكىرىي چاقىرىق قەغە-ـزى چىقتى. غۇنچەم ئۇرۇشنىڭ قانداق دەھشەتلىكلىكىنى كۆر-ـمىسىمۇ، لېكىن ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىز ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. رەھىمسىز ئوق ھېچكىمگە رەھىم قىلمايدۇ. ئۇرۇش قاچان تۈگەيدۇ، ئەتىمۇ، ئۆگۈنىمۇ، بىر يىلدىمۇ، ئون يىلدىمۇ، كىم بىلىدۇ؟ ئاھ خۇدا، تۈگىمەس خىياللار... «مەردان، جېنىم مەردانىم، شېرىن پەرھات ئۈچۈن جېنىنى ئايىمىغاندەك، مەنمۇ سەن ئۈچۈن جېنىمنى ئايىمايمەن».

غۇنچەم باغ ئىچىدە ئايلىنىپ كېلىپ سۇپىغا چىقىپ ئول-ـتۇردى ـ دە، مەردانغا قارىتىپ خەت يازدى.

«مەردان! ياخشىمۇ سەن؟ مەن خېتىمدە سېنى يەنىلا سەن دەپ يازدىم، چۈنكى ئون بەش يىللىق ھاياتىمدا ‹سەن› دېيىـشىپ ئۆتكەچكىمۇ ‹سەن› دېسەم ئىككىمىزنىڭ قېنى، جېنى، يۈرىكىمىز ماڭا بىردەكلا تۇيۇلىدۇ...»

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر! غۇنچەمنىڭ مەردانغا يازغان خې-ـتىنى ھازىرچە شۇنچىلىكلا بايان قىلاي. خەت تېخى ئىگىسىگە تەگمىدى. ھەر ئىككىسىدىن سوراقسىز خەتنى كۆرۈش قانۇنغا خىلاپلىق ئىش، ئەلۋەتتە. غۇنچەم خەتنى يېزىۋېتىپ مۇنۇ بىر كۇپلېت خەلق ناخشىسىنى ئېيتتى:

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

غۇنچەمنىڭ ئاۋازى مۇڭلۇق، مىسكىن ئىدى، خېتىگە يازـ
دىمۇ، يازمىدىمۇ بىلمەيمەن. ئۇ خەتنى تاماملاپ قايتىلاپ ئوقۇـ
غاندا، بۇلاقتەك كۆزلىرى لىق ياشقا تولۇپ، لەۋلىرى ئىختىـ
يارسىز تىترەيتتى. ئۇنىڭ ئىككى تېمىم يېشى يازغان خېتى
ئۈستىدە يۇلتۇزدەك پارقىراپ تۇردى ـ دە، قۇياش نۇرىدا قۇـ
رۇپ قالدى. ئۇ ئەتراپىغا قاراپ بىر نەرسىنى ئىزدىگەنـ
دەك قىلدى ـ دە، سىدە ياغىچىدا ئېسىلىپ تۇرغان بىر تال
پاختەك پېيى بىلەن كىچىككىنە بۇغداي پاخلىنى خەتنىڭ ئوتتۇـ
رىسىغا سىپلىپ، خەتنى يۇرەكچە قاتلاپ كونۋېرت ئىچىگە سېـ
لىپ، شىلىم بىلەن يەملىدى، ئاندىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى.
سىدىدىكى بىر جۈپ پاختەك مۇڭلۇق ئاۋازدا بىرخىل سايرىماقتا
ئىدى. ئۇ بىر پەس ئۇلارغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ تۇردى.
چۈنكى، مەردان بىلەن غۇنچەم ئۇلارغا ئۇۋا ياساپ، قىشلىقى
توخۇلاردىن ئايرىپ دان بېرەتتى. پاقا باشلىقى ئەركىكى، يىلان
باشلىقى چىشىسى ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۇچىنچىسىنىڭ بولـ
مىغانلىقىدىن ئىككىسى ئۇلارغا ئامراقلىق قىلاتتى.

2

ئۇرۇشتا يېڭىش بولغىنىدەك، يېڭىلىشمۇ بولىدۇ. ھۇجۇم
بولغاندا مۇداپىئەمۇ بولىدۇ. خۇشاللىق بىلەن قايغۇرۇشمۇ تەڭ
مەۋجۇت، رازۋېدكىدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن
بۇرۇن دۇشمەننىڭ ئىچكى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن سەككىز نە
پەر رازۋېدچىك سېزىلىپ قېلىپ، گومىنداڭچىلار ھەممىسىنى
تىرىك تۇرغۇزۇپلا جادۇغا بېسىپ باشلىرىنى جىڭنىڭ بازىرىغا
ئېسىپ قويغانىدى. مانا توختىيوپ بىلەن مەردان ئەلپاتتايوپنىڭ

ئىشى ئوڭدىن كېلىپ دۈشمەننىڭ جىگدىكى مەخپىي ھەربىي خەرىتىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ سالامەت قايتىپ چىقتى. ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى توختىيوپ بىلەن ئەلپاتتايوپنى بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى دەپ ئەنگە ئېلىپ دەرھال قىسىملارغا ئۇقتۇردى. ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققان قادىر بىلەن سېلىمغا پاتپورەتچىلىك ئۇنۋانى بىلەن «پىدائىي» مېدالى بېرىلىپ، مۇئاۋىن ئىزۋوت كوماندىرى قىلىپ تەيىنلەندى.

ئوسمانوپ باتاليونى باجاخو ـ يونجىخو ئورۇشىغا قاتناشتۇرۇلماي، دۈشمەننىڭ كۆمگەن مىناسىنى تازىلاشتەك جىددىي ۋە خەتەرلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى. مەردان بۇ كېچە زادىلا ئۇخلىيالمىدى. بەدىنى چوغدەك قىزىپ كەتكەچكىمۇ تۇرۇپلا غال ـ غال تىترەپ كېتەتتى. كۆزىگە ئىمىر ـ چىمىر بىر نەرسىلەر كۆرۈنگەندەك قىلاتتى. ئاي ئولتۇرۇپ، ئەل ئايىغى بېسىلغاندىن كېيىن بۇ جىمجىتلىق ئورمان خۇددى گۆردەك قاراڭغۇ ھەم سىرلىق، قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. مەردان چوڭ ـ كىچىك ئۇرۇشلارغا قاتناشتى. قانچىلىغان دۈشمەنلەرنى يوقاتتى، ئەسىرگە ئالدى. يارىدارلارنى، جانسىز جاراھەتلەرنى يۈدۈپ ئاچىقتى. لېكىن، ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە ئىرگىنىش ھېس قىلمىدى. مەردان كۆزىنى ۋاقتىنچە چىڭ يۇمغانسېرى ئالدىنقى كېچىدىكى ھېلىقى ئىككى جاللاتنىڭ جان تالىشىپ خارقىرىشى، تولغىنىپ قوپۇپ، سوزۇلۇپ، يىغىلىشى، چىشلىرى غۇچۇرلاپ كۆزلىرىنىڭ ئالىيىشى، سېلىم بىلەن قادىرنىڭ ھېچبىر ھېيىقمايلا ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە كېلىشتۇرۈپ پىچاق ئۇرغانلىقى، «ھ»نىڭ جەسىتى ئۈستىدىكى قانغا مىلەنگەن خەنجەر كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى.

«پاھ، پاھ، نېمىدېگەن دەھشەت.»

«ئەل قىساسى مىنەل ھەق، بۇ جازا ئۇلار ئۈچۈن بىردىن-بىر توغرا، ئادىل ھۆكۈمغۇ.»

مەردان ئۇيان ئۆرۈلەتتى، بۇيان ئۆرۈلەتتى. ئۇنىڭ خىيالى بىر دە دەھشەتلىك دېڭىز دولقۇنىدا، بىر دە پايانسىز دېڭىز ساھىلىدا ئۈزەتتى. «ئاھ خۇدا، دادام بىلەن ئاپام». ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولۇپ، يۈرەك - باغرى لازا سەپكەندەك ئېچىشىپ، ئوتتا كۆيگەندەك پۇچۇلىناتتى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا پولات تۈۋرۈكتەك ئېگىلمەي تۇرغان باتۇرانە سىماسى بىلەن تۈن نىسپىدە ياڭرىغان خىتابى كۆز ئالدىدا نامايان بولۇپ قۇلىقىدا جاراڭلايتتى. مەردانىنىڭ كۆز ئالدىدا ھېلىقى ئاتخانىدىكى ئىككى سېسىق جەسەت كۆمۈلگەن چىلە دۆۋىسى بىلەن ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۈچۈن تىكلەنگەن ئاسمانپەلەك خاتىرە مۇنارى تۇراتتى.

«يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى! ياشىسۇن ئازادلىق! قىساس!»

مەردان بۇ بۈيۈك خىتابنى، ئاتا - ئانا ۋەسىيىتىنى پىچىرلاپ تەكرارلىدى. مەردان تاڭغا يېقىن ئۇخلىغاندەك قىلدى. چۈشىدە غۇنچەمنى كۆردى. مەردان ئالما شېخىدا تۇرۇپ يەردىكى غۇنچەمگە ئالما ئۈزۈپ تاشلاپ بېرىۋاتاتتى. غۇنچەم ئېتىكىنى ئېچىپ مەردان تاشلىغان ئالمىلارنى تۇتۇۋاتاتتى.

— مەردان، ئاۋايلا! مەردان، بولدى، قايتىپ چۈش!

مەردانىنىڭ پۇتى شاختىن سىيرىلىپ كەتتى - دە، چۆچۈپ ئويغاندى.

«غۇنچەم، غۇنچەم، غۇنچەم!» مەردان ئەتراپىغا قارىدى. چۈشىنىڭ ئاخىرىنى كۆرىمەن دەپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ يېتىپ باقتى، بىراق كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

مەرداننى ھېچقاچان يوز بەرمىگەن پەرىشانلىق باسقاندى. ئۇ نېمە ئويلىسۇن، نېمە قىلسۇن كۆز ئالدىدا غۇنچەمنىڭ يول- تۇزدەك چاقناپ تۇرغان گوزەل سىماسى گەۋدىلىنەتتى. مەردان بۇگۇن كۇندىكىدىن خېلىلا بۇرۇن تۇرۇپ، پايانسىز ئورمان ئىچىدە خىيال سۇرۇپ يۇردى. قارلىق تەڭرىتاغ چوققىلىرىغا، يېشىل قارىغايلىق تاغ قاپتاللىرىغا، كۆك ئاسماندا ئۇيان - بۇيان ئۇچۇپ ئۆتكەن ئۆردەك، تۇرنىلارغا سەپسېلىپ قارايتتى. «ئاھ جېنىم غۇنچەم! خويما سېغىنىدىمغۇ سېنى، مۇشۇن- داق ھەسرەتلىك كۇنلەردە يېنىمدا بىرگە بولغان بولساڭچۇ؟ يۇرىكىمگە بىر پارچە ئىشق - مۇھەببەت ئوتىنى يېقىپ قويدۇڭ، بۇ ئوتتا سەن قانچىلىك كۆيۈپ ئۆرتىنىپ يۇرىدىغانسەن؟... ئاھ غۇنچەم!»

مەردان غۇنچەمگە ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ. خۇدا ساقلىسۇن ئۇنداق مۇناپىقلىقتىن. مەردان پىدائىي بولۇپ ئىنقى- لاب سېپىگە كىرگەن، مانا ھازىر مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوفىتسې- رى، جەڭگىۋار جەڭچىسى، ئۇرۇش توپىلى ئالدىنقى سەپكە كەلگەن. يالغۇز غۇنچەمنىڭ ئەمەس، مىڭلىغان غۇنچەم سىياق مەزلۇم ئەللەرنىڭ، پۇتكۇل خەلقنىڭ ئازادلىقى، بەخت - سائا- دىتى ئۇچۇن ئۆزىنى كۇرەش مەيدانىغا ئاتقان پىدائىي جەڭچى. ئۇنىڭ پۇتكۇل خىيالى ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقنىڭ ئەركىنلى- كى بىلەن بەند بولغاچقا، شەخسىي ئارزۇ - ھەۋىسى ئۇچۇن كۆڭۇل بۆلگۇدەك ۋاقىت، پۇرسەتمۇ بولمىغان، چولىسىمۇ تەگ- مىگەنىدى ۋە شۇنداق بولاتتى. ئۇ پەقەت ئۇيقۇسىز كېچىلەردە، مۇڭلانغان پەيتلەردە ۋە ياكى چۇشىدىلا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزى- سىنى، ئۇنىڭ بىپايان، گوزەل، مەنزىرىلىك دالا - يايلاقلىرى- نى، باغۇ بوستانلىرىنى، ئانا مەكتىپىنى سەيلە قىلاتتى. بىللە

ئوقۇپ، بىللە چوڭ بولغان ساۋاقداش، ئەل ـ ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە ئويناپ كۈلۈشەتتى. مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ ئەركىلەيتتى. غۇنچەم بىلەن بىرگە باغلار ئارا، تاغلار ئارا، كەڭ ئېتىزلاردا، ئالتۇن دان خامانلاردا سەيلە قىلاتتى. ھەتتا ئۇيقۇسى كەلگەندە بىر ـ بىرىگە بېشىنى قويۇشۇپ ئۇخلىشىپمۇ قالاتتى…

ئورمان ئىچىدە يېقىنلا يەردە بىر جەڭچىنىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى.

قاتار ـ قاتار تىزىلغان جەڭچى باللار،
قوللىرىغا قورال ئېلىپ ئاتلانغانلار.
ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن پىدائىيلار،
جانجىگەرىم ئوغلانىمنى كۆردۈڭلارمۇ؟

بالاڭنىڭ باتۇرلۇق مېدالى بار،
كۆكسىنى زىننەتلىگەن نىشانى بار.
دۈشمەننى مەغلۇپ قىلىش ئارمىنى بار،
بالام دەپ كۆز يېشىڭنى تۆكمە ئانا.

ئۇ ناخشا تۇگىگۈچە ئاڭلىدى ـ دە، ئىختىيارسىز ئۆلۈغ ـ كىچىك تىنىدى.

«ئېھ ئانىلار! ئانا دېگەن نام نېمىدېگەن ئەزىز، قەدىرلىك، ئۇلۇغ ـ ھە!»

ئۇرۇش، ھەي ئۇرۇش، مىليونلىغان ئاتا ـ ئانىلارنىڭ يۈرەك رىشتى بۇ ئۇرۇشلارغا ئاتىغان ئوغلانلىرىغا تۇتاشقان. مەردان تۈنۈگۈن كەچتە تاپشۇرۇۋالغان ئىككى پارچە خەتنى ياد-

چۈقىدىن ئالدى. بۇ خەتلەرنىڭ بىرسى ئىلىنىڭ بىر يېزىسىدى-
كى ھۆرنىساخان دېگەن ئانىدىن، ئىككىنچىسى بەختىيار دېگەن
ئوقۇغۇچىدىن كەلگەنىدى.

«ئوغلۇم! — دېگەنىدى ئانا خېتىنىڭ ئاخىرىدا پەخىرلەنـ-
گەن ھالدا، — بىز ھازىر ئانا تۇپرىقىمىزدا ياشاۋاتقان بەختلىك
ئاتا - ئانىلارمىز. چۈنكى، بىز ئۆز باللىرىمىزدىن پەخىرلىنىد-
مىز. باللىرىم، سىلەر قورال ئېلىپ دۈشمەنلىرىمىزنى يوقى-
تىۋاتىسىلەر. مەڭگۈ ئازادلىقىمىز ئۈچۈن قان كېچىپ ئۇرۇش
قىلىۋاتىسىلەر. سىلەردىن بۈگۈنكى خەلقىمىزلا ئەمەس، بەلكى
ئەڭ قىسقىسى كەلگۈسى تارىخ ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز رازى
بولىدۇ. ئاخىرقى ئۈمىد ۋە غەلىبە يەنىلا سىلەردە.»

ئىككىنچى خەتتە:

«ساۋاقداشىم، — دېگەنىدى بەختىيار خېتىنىڭ ئاخىرى-
دا، — مەن يېقىندا ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە ئىمتىھان
بېرىپ 95 نەتىجەم بىلەن قانۇن سىنىپىغا ئۆتتۈم، بىز پەقەت
سىلەرگە ئوخشاش قەھرىمان جەڭچىلىرىمىزنىڭ دۈشمەننى تەل-
تۆكۈس يوقىتىپ، ئازاد، تىنچ تۇرمۇش شارائىت يارىتىپ
بېرىشىڭلاردىنلا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگۈسىدە ۋە-
تەنگە، خەلقىمىزگە پايدىلىق ئادەم بولۇپ يېتىشىپ چىقالايمىز.
مەن قولۇڭنى قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ پەرھاتنىڭ «ۋەتەن ئىشقى،
يار ئىشقىنى كۆز بىلەن ئەمەس، دىل بىلەن باغلاش كېرەك»
دېگەن بىر جۈملە سۆزىنى ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەن، شۇندىلا
سەن، بىز ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار پەخىرلەنگۈدەك ئىش قىلالاي-
سەن.»

مەردان ھەر ئىككى خەتنى ئاۋايلاپ قاتلىدى. «ئاخىرقى
ئۈمىد يەنىلا سىلەردە، كەلگۈسى ئەۋلادلار پەخىرلەنگۈدەك ئىش

قىلالايسەن» دەپ پىچىرلىدى ئۇ خەتتە ئوقۇغانلىرىنى تەكرار-لاپ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قانداقتۇر ئاق ياغلىق تاڭغان خوش چىراي ئانا بىلەن بىر ئوقۇغۇچى غۇۋا تۇراتتى.

«قانۇن سىنىپى؟» تەكرارلىدى مەردان. شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا غۇنچەمنىڭ ئاي جامالى كەلدى. «مەردان، مەن بۇ يىل مىللەتلەر كىمنازىيىسىنىڭ قانۇن سىنىپىدا ئوقۇيمەن، بولامدۇ؟» ئۇنىڭ زىلۋا ئاۋازى قۇلىقىدا جاراڭلايتتى. كىرە-لەشكەن قوللار، ئۆتۈشكەن دەملەر، تەلمۈرۈشكەن كۆزلەر ... ئاھ خۇدا، مەردان بىر پەس ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ قېتىپلا قالغانىدى. ئويىمۇ، چۈشىمۇ، خىيالىمۇ؟ ئۇ تەرگە چۆمۈپ كەتكەنىدى.

«غۇنچەم! غۇنچەم!» پىچىرلىدى مەردان. ئۇ غۇنچەمنىڭ قانۇن سىنىپىغا كىرگەن - كىرمىگىنىنى بىلىشنى كېرەك. ئۆزى ئۇرۇش تۈگىشى بىلەن ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيدىغۇ، ئا-خىر مەردان سۆڭەتكە يۆلىنىپ ئولتۇردى - دە، سومكىسىدىن قەغەز - قەلەم ئېلىپ غۇنچەمگە قارىتىپ خەت يازدى:

«غۇنچەم، ياخشىمۇسەن؟ مەن سېنى يەنىلا سەن دەپ ب-زىشنى لايىق كۆردۈم، چۈنكى سەن مېنىڭ غۇنچەم.»

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەرداننىڭ غۇنچەمگە يازغان خېتى تېخى ئىگىسىگە تەگمىدى، شۇڭا بۇ يەردە ئاشكارىلاش تولىمۇ ئەدەپسىزلىك. خەتنىڭ ئەينىنى ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇپ كۆرەر-مىز. مەردان خەتنى يېزىۋېتىپ مۇنۇ بىر كۇپلېت خەلق ناخشى-سىنى پەس ئاۋازدا ئېيتتى. خەتتە يازدىمۇ، بىلمەيمەن.

سەن سېغىندىڭمۇ مېنى،
خويما سېغىندىم مەن سېنى.

سەن يۈرەكىڭدە سېغىنساڭ،
مەن جىگەرىمدە سېنى.

مەردان خەتنى يۈرەك شەكلىدە قاتلاپ كونۋېرتقا سالدى - دە، ئاغزىنى يەملىدى ھەم كونۋېرت تېشىغا ئادرېسىنى يازغاندىن كېيىن «1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، جىڭ» دەپ قوشۇپ قويدى.
ھەربىي پوچتا بەش كۈندە بىر كېلەتتى. كەتكىلى تېخى ئىككى كۈن بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# بەشىنچى باب

## 1

سىرىق موۋتتىن كىيىم كىيىپ گېنېرال مايورلۇق پاگون تاقىغان، ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ ئوندىن ئوشۇق چوڭ، كىچىك ئوردېن تاقىغان گېنېرال گۈچىنىڭ ئاستا قەدەم بېسىپ كېڭەشخانىغا كىرىپ كېلىشىگە ئوتتۇزغا يېقىن پولك كوماندىر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ قارشى ئېلىشتى. گېنېرال ئادىتى بو- يىچە ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ، يېرىم ـ يارتا كۈلۈم- سىرىگىنىچە تۆردە ئېسىقلىق جىاڭ جېيشىنىڭ ھەشەمەتلىك سۈرىتى ئالدىدا تىك تۇرۇپ، بېشىنى يېرىم ئەگدى، ئاندىن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، قول ئىشارىتى بىلەن ئۆرە تۇرغانلارغا «ئولتۇرۇش» دېدى ۋە ئۆزى ئۈستەلنىڭ باش تەرىپىدە ئولتۇر- دى.

پۈتۈن ئىلى رايونى، بىر شەھەر، 12 ناھىيە قولدىن كې- تىپ، بىر دىۋىزىيە دۆلەت ئارمىيىسى بىلەن ئۈرۈمچىدىن يوتا داۋىنى ئارقىلىق بىرىنچى تۇركۇم ئەۋەتىلگەن يەتتە مىڭ، ئىك- كىنچى قېتىم ئەۋەتىلگەن تۆت مىڭ گومىنداڭ ئارمىيىسى قى- رىلىپ، ئەسىرگە چۈشۈپ پۈتۈنلەي يوقالدى.

2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى غۇلجا ئاتلىق چوڭ ئەترىتى گو گېنېرال قوماندانلىقىدىكى ئۈچىنچى پولكنى سۇر ـ توقاي قى- لىپ قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بەرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئامان قالغىنى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىپ داخىيەنزە، جىڭغا

ئۇلاشتى. كەڭساي ئاتلىق چوڭ ئەترەت پارتىزانلىرى ئىككى پولكقا ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەننى توختاۋسىز قوغلاپ، ستەيدىن داخىيەنزىگە ئاپىرىپ تىقتى.

1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى غۇلجا شەھىرىدە داغدۇغىلىق چوڭ يىغىن، نامايىش ئۆتكۈزۈلۈپ، تارقاق پارتىزانلار ئەترىتى مىللىي ئارمىيىگە ئۆزگەرتىلىپ مىللىي ئارمىيە ئۈچ يۆنىلىش بويىچە ئۇرۇش قىلىشقا ئاتلاندى. داخىيەنزىدە تۇرغان گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ بىر پولكىدىن ئارتۇق ئەسكىرىي قىسمى «كەلدى ـ كەلدى» دېگەن داۋراڭدىنلا قورقۇپ كېتىپ، بىر پايمۇ ئوق ئاتماي، قاچقان پېتى جىڭخا كېلىپ تىقىلدى. مانا مۇشۇنداق تارىخىي بۇرۇلۇش، ئەجەللىك بۇرنىغا يېپىشتىن كېيىن گومىنداڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى «ئالتە ئوغرى» نىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، ئۇلار تاسادىپىي ئادەملەر بولماي، بەلكى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا، خەلق ئىچىدىن يېتىلگەن ئىنسيانكارلار، ئازادلىق تۇغىنى كۆتۈرگەن جەڭگىۋارلار ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇش بىلەن بىللە، ئۇلاردا قورقۇنچ، تەھدىت پەيدا بولغانىدى.

گۇ گېنېرال شىخودىكى ئۈچ كۈنلۈك مەخپىي ئېچىلغان ھەربىي كېڭەشكە قاتنىشىپ، گېنېرال شىي فېڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئېلىپ قايتتى. مانا شۇ بۇيرۇق بويىچە بۇگۈنكى ھەربىي كېڭەشتە مۇشۇكتىن يولۋاسقا ئايلانغان ئاشۇ ئىنقىلابچىلارنى دەپنە قىلىش چارىسىنى مۇزاكىرە قىلماقچى.

«ھەر كاللىدا بىر خىيال» دېگەندەك، ئۇلاشتۇرۇپ چەككەن سىگارتىنىڭ قاڭسىق ئىس ـ تۈتەكلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرغان گېنېرال گۇ گېنېرال شىينىڭ «ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ جىڭ، شىخو ئەتراپىدا بىرسىنىمۇ قويماي تەلتۆكۈس

يوقىتىمىز ياكى بىر سىمىزمۇ ساق قالماي ئۆلۈپ تۈگەيمىز» دېگەن بۇيرۇقىنى ئەسلىگىنىدە، قانداقتۇر بىر سىرتماق گېلىنى سىققاندەك، يۈرىكىگە قادالغان خەنجەر ئىچكىرىلەپ كىرىپ كې-تىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ـ دە، پېشانىسىدىن سوغۇق تەر چىقىپ كېتەتتى.

— قېنى، ئاخبارات بېرىڭ، جاۋ سەنمۇجاڭ! — دېدى گۇ گېنېرال شتاب باشلىقى جاۋغا.

جاۋ سەنمۇ جاڭ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاستا قەدەم بىلەن تامدىكى ئېنىسقلىق تۇرغان ھەربىي خەرىتە تەرەپكە ئۆتۈپ كې-تىۋېتىپ، جىياڭ جېيشىنىڭ سۈرىتىگە، ئاندىن گۇ گېنېرالغا خۇشامەت ۋە ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئېگىلىپ ھىجىيىپ قويدى ـ دە، خەرىتىگە بىر قۇر قارىۋالغاندىن كېيىن، كۆرسەتكۈچ تاياق-نى قولىغا ئېلىپ، خەرىتىدىكى ھەربىي بەلگىلەرنى كۆرسەتتى.

— ئوغرىلار، — دەپ سۆزىنى باشلىدى جاۋ سەنمۇجاڭ «ئوغرى» دېگەن ئىبارىنى ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىپ، — بىزنىڭ داخىيەنزىگە ئالدىن قويغان بىر پولك ئەسكىرىي كۈچىمىز ئوغ-رىلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقاندىن كېيىن، نەتىجىدە پىلان-لىق تۈردە ئىستىھكامنى تاشلاپ بېرىپ، چېكىنىپ چىقىپ، باجاخو ـ يونجىخودىكى قىسىملارغا كېلىپ قوشۇلدى. جىڭ بىلەن شىخو ئەتراپىدا يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئوغرىلار-نىڭ 80 گە يېقىن ئادىمى تارباغاتايدىن كەلگەن ئوغرىلار بىلەن بىرلىشىپ، چاغاتاي داۋىنىدىكى بىزنىڭ ئالدىنقى سەپ ئىستىھ-كامىمىزغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، بىزدىن 14 كىشى چىقىم بولدى. قالغىنى چېكىنىپ چىقىپ يونجىخودىكى قىسىملارغا قوشۇلدى. ھازىر بۇ ئوغرىلار بىزنىڭ شىخو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى چورتىنىدە ئۈزۈش ئۈچۈن جىددىي ھەرىكەت

قىلىۋاتىدۇ. دېمەك، يىغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ باجاخۇ ـ يونجىخودىن باشقا، باشقا ... يەنى مۇنداقىسىگە ئېيتقاندا، باشقا يەردىكى ئالدىنقى ئىستىھامىلىرىمىز ئوغرىلار تەرىپىدىن، تەرد-پىدىن ...

جاۋ سەنمۇجاڭ بوغۇزىغا يىگنە تۇرۇپ قالغاندەك بىرنەچچە قېتىم قۇرۇق يۆتەلدى ـ دە، شۇ باھانە بىلەن سۆزىنىڭ ئاخىرى-نى يۇتۇۋەتتى.

ــ جانابىي سەنمۇجاڭ، مەن سىزنى قىرىق يىلدىن بېرىقى كونا خامانىنى سورۇپ قاچقان ـ تۇرغىنىڭىزنى سۆزلەڭ دېمە-دىم. بىزگە مۇھىمى ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ، قىسقىسى ئۇلار بىزگە قاچان، قايسى چاغدا ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن، ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى، يەنى ئوچۇق ئېيتقاندا ئۇلار بىزنى قايسى تەرەپلەردىن مۇھاسىرىگە ئالدى، دېمەكچى-مەن. جانابىي سەنمۇجاڭ، سىزنىڭ ئاخباراتىڭىز خۇددى ئېشەك ھاڭرىغاندەك، ياق، قۇلاقتا مۇشت ئۇرغاندەك.

ئىككى ئايدىن بېرى تۇخۇم باسقان كۇرۇك توخۇدەك، ئالد-قاندەك جىڭ بازىرىغا قامىلىپ ياتقان جاۋ سەنمۇجاڭ «قويۇندەك ھەرىكەت قىلىپ، چاقماقتەك ئىلگىرىلەۋاتقان» پايانسىز دېڭىز ـ ئوكياندەك خەلق كۆچىگە تايانغان ئىنقىلابچىلارنىڭ بۇ مەخپىي سىرىنى نەدىنمۇ بىلسۇن. «ۋاي قوۋۇرغام، ئاناڭنى خۇمپەر، ئۆزىچە قىلغان يوغانچىلىقىنى» پىچىرلىدى ئىزا ـ نومۇسقا ئۆلۈپ ئاچچىق يۇتۇۋالغان سەنمۇجاڭ.

ــ دوكلات! ــ دېدى ئىشىكتىن كىرىپ ئون قەدەم بېسىپ تىك تۇرغان تېلېگراف خادىمى. ئۇ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە بېسىلغان تېلېگراممىنى جاۋ سەنمۇجاڭغا ئۇزاتتى. تې-لېگراممىغا ئۇن ـ تىنسىز بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈشكە ئۈلگۈر-

www.uyghurkitap.com

گەن جاۋ سەنمۇجاڭنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ دار ئالدىدى-كى جىنايەتچىدەك تاتىرىپ، يۈزىدە قان قالمىدى.

— تېلېگرامنى مۇشۇك ئۇزۇۋالمىغاندۇ، جاۋسەنمۇجاڭ، تېزرەك ئوقۇمامسىز! — دېدى گېنېرال زەردە بىلەن.

— خوپ، جانابىي گېنېرال! — سەنمۇجاڭ ئېغىر تىن ئالدى ـ دە، تېلېگراممىنى ئوقۇدى:

«جەنددىي ئۇقتۇرۇش:

ئۇرۇمچى باش سەنمۇبۇنىڭ ئايروپىلان ئارقىلىق ئالدىنقى سەپ جىڭ ـ شىخو ئەتراپىنى رازۋېدكا قىلىپ تارتقان سۈرەت ۋە ئىشەنچلىك تەكشۈرۈشچە، ئىلى ئوغرىلىرى جىڭنىڭ جەنۇبى، غەربى ۋە شىمالىنى پۈتۈنلەي قورشاپ، ئەسكىرىي كۈچىنى تولۇق يۆتكەپ جەددىي ئۇرۇش تەييارلىقى قىلماقتا. شۇنداقلا جىڭ بىلەن شىخو ئارىلىقىدىكى بورتاجى ئەتراپىدا بىر قىسىم ئوغرىلارنىڭ ھەرىكىتى بايقالغان. بۇنىڭدىن باشقا، شىخو ناھى-يىسىنىمۇ جەنۇب، غەرب، شىمال تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئال-غان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ جىڭ بىلەن شىخوغا بىرلا ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىشى ئەمەلىيەتكە يېقىن تۇرى-دۇ. مۇشۇ مىنۇتتىن باشلاپ قىسىملارنىڭ ئۆز ئىستىھكاملىرىدا جەددىي ھالەتتە تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنغان ئوغرىلارنى قايتۇرۇپ، قوغلاپ يۈرۈپ تەلتۆكۈس يوقىتىشىڭلارنى بۇيرۇي-مەن.

ئالدىنقى سەپ شىخو قوماندانلىق شتابى:

1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى»

گېنېرال گويى سوغوق تەر بېسىپ، تېنىگە قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن تىترەك ئولاشقاندى. دېمەك، «توپنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئاتنى قۇربان بېرىش» كېرەك ئىكەن ـ دە، دېگەن

خىيال كاللىسىدىن كەچكەندە ئۇنىڭ يۈرىكى توختاپ قالغاندەك تۇيۇلدى. گېنېرال ئۆزىنى زورىغا بېسىش ئۈچۈن بىر تال سىگارتنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى ـ دە، بىرنەچچە قېتىم شوراپ ئېسىنى يىغدى.

— بۇيرۇق! — دېدى گېنېرال تۇيۇقسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، خۇددى زەھەرلىك يىلاندەك ئالدىدا بۇتقا ئوخشاش قېتىپ تۇرۇشقان 100 دىن ئارتۇق ئوفىتسېرلارغا چەكچىيىپ تۇرۇپ، — بىرىنچىدىن، ھازىردىن باشلاپ پۈتۈن قىسىملار جىددىي ھالەتكە ئۆتسۇن. ئىككىنچىدىن، ئارقا سەپ تەمىنات قىسىملىرى بىر ھەپتىلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئوتۇن ـ ياغاچلارنى تەييارلىسۇن. ئۈچىنچىدىن، گۇمانلىق دەپ قارالغان بارلىق كىشىلەر مۇشۇ كېچىدىن باشلاپ تۇتقۇن قىلىنىپ يوقىتىلسۇن. مىڭى ئۆلسە ئۆلسۇنكى، بىرسىمۇ قاچۇرۇپ قويۇلمىسۇن. تۆتىنچىدىن، باجاخو ـ يونجىخوغا ئىككىدىن تۆت پولك ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ ھۇجۇمى قايتۇرۇلسۇن. ئاندىن قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ سىتەي، سەنتەيگە يەتكۈزمەي تۇرۇپ ئوغرىلار تەلتۆكۈس يوقىتىلسۇن.

گېنېرال تىلى قۇرۇپ قاتتىق قېقىلدى ـ دە، سىگارتنى ئىككى قېتىم شورىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇرۇقتۇم بولۇپ چىققان كۆكۈش ئىس سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان كۆپۈكتەك يوقاپ كەتتى.

— بەشىنچىدىن، — دېدى گېنېرال سەل دېمىنى ئالغاندىن كېيىن بۇيرۇقنى داۋاملاشتۇرۇپ، — جىڭ دەرياسى ئىلى ئوغرىلىرىنىڭ قېنى بىلەن قىپقىزىل بولۇپ ئاقسۇن. ئۇرۇشتا مەيلى كوماندىر، مەيلى ئەسكەر قاچسا، بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتسا، ھەتتا ئارقىسىغا قارىسا، شۇ جاي، شۇ مىنۇت-

ـتا ئېتىپ تاشلانسۇن. بۇ ۋەزىپە مۇئاۋىن كومانىسىرغا تاپشۇرۇلـ
ـدى. مەجلىس تۈگىدى، قايتىشتۇق.
يـۈزدىن ئوشۇق كـومـانـدىـر بىر ـ بىرسىگە مەنىلىك
قاراشتى ـ دە، ئۆلۈم خېتىنى ئېلىپ قايتقان قاتىل جىنايەتچىـ
لەرگە ئوخشاش سۆرىلىپ قايتىشتى.
— بىز قاچساق ئاتىدىغان كىشى باركەنۇ، خوجايىن قاچسا
كىم ئاتار، لاۋجاۋ؟ — دېدى پولك كوماندىرى ۋاڭ يۈرتدىشىغا
ھېسداشلىق قىلغاندەك.
— ئاتىدىغان كىشى بار، — دېدى جاۋ سەنمۇجاڭ.
— كىم ئۇ؟
— كىم بولاتتى، خوتۇنى، — دېدى سەنمۇجاڭ.
گېنېرال دېرىزىنى ئىچىپ تالاغا قارىدى. ئاسمان تۇمانلىـ
ـشىپ ئالىيېشىل سىرلانغان گۈمبەزي ئۇچۇپ يۈرگەندەك، ئىـ
ـگىسىنى تاپالماي يۈرگەندەك بىلىندى. گېنېرال دەرھال كېلىپ
ئۈستەلنىڭ تارتمىسىنى، ئاندىن ئالتۇن، كۈمۈش، قىممەتلىك
بۇيۇملارنى قويىدىغان ئىشكاپنى ئىچىپ قارىدى. ئالتۇن ـ تىللا
سېلىنغان قۇتا تېپىلمىدى. «توختا، — دېدى گېنېرال بىر
ئاز ئويلانغاندىن كېيىن ئېسىگە ئېلىپ، — ئۇ نەرسىلەر ھېلىـ
ـقى قانجۇقنىڭ زىبۇ زىنىنەت قاچىسىدا.»
گېنېرال كەتكۈزۈپ قويغان خاتالىقىغا ئەندىشىلىك ئۆكۈنـ
ـدى ـ دە، ئۇتتۇرۇپ قويغان قىمارۋازدەك بىر بېسىپ، ئىككى
بېسىپ ئايالىنىڭ خانىسىغا قاراپ ماڭدى.
گومىنداڭنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي، مەمۇرىي ئەـ
ـمەلدارلىرى ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن ئون بەش ياش كىچىك سەتەڭ
ئايالللارنى ئېلىش بىر خىل مودا ئىدى. بۇ مودا خېنىملار
يۇقىرىنى قولغا كەلتۈرۈپ مەنسىپىنى ئۆرلىتىش، تۆۋەننى

مەھلىيا قىلىپ سېپىل ـ قورغان قۇرۇش، ھەتتا دىپلوماتىيە ئۇچۇنمۇ رول ئويناتتى. گۇ گېنېرال بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن پولك باشلىقى ۋاقتىدا ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ خوتۇننى قويۇپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئىزۋوت باشلىقىنىڭ خوتۇنى-نى تارتىۋالغانىدى. گېنېرال بىلەن بۇ خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ياش پەرقى توپتوغرا ئون يەتتە ياش ئىدى.

## 2

تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىدىكى بىر چىملىق ئۈستىگە سېلىنغان بىرېزېنت ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان گېنېرال لېيتې-نانت ئىسھاقبەك مونۇنۇن پۈتۈن جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا نەزەر تاشلاپ، بۇ ئانا دىيارغا تويمىغاندەك زور ئارزۇ بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ توم قارا بۇرۇتى قان تېمىپ تۇرغان تاۋاقتەك يۈزىگە ئاجايىپ كۆركەم تۈس ئاتا قىلغانىدى. ئۇنىڭ يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن باتۇرلۇقى، نى ـ نى ئۇرۇشلاردا قوماندانلىق قىلىپ دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكى، ھەربىي ئالىم، ئالىي قوماندان بولۇشقا مۇناسىپلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— كەل باۋىرلىرىم[1]، كېلىڭلار! — دېدى گېنېرال ھەرقايسى پولك كوماندىرلىرىنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ، — بىز بۈگۈن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس بولۇپ قېنىمىزغا سىڭگەن ئادىتىمىز بويىچە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ھەربىي كېڭەشنى ئۆتكۈزسەك قانداق دەيسىلەر؟ — ئۇ بىر قاپ

① باۋىرلىرىم — قېرىنداشلىرىم مەنىسىدە.

www.uyghurkitap.com

پاپىروسنى بۇزۇپ ھەرقايسى كوماندىرلار ئالدىغا ئۇزاتتى ـ دە، ئۆزى باشلامچى بولۇپ پاپىروسنى تۇتاشتۇردى. كوماندىرلارنىڭ ئاغزىدىن چەمبىرەك بولۇپ چىققان كۆكۈش ئىسلار ئۆرلىگەنسېرى دولقۇن ياساپ كېڭەيمەكتە ئىدى.

«مېنىڭ باتۇرلىرىم» دەپ زوقى كېلەتتى ئۇزۇن يىللار ھەربىي تۇرمۇشتا ئۆتكەن ۋە ئۇرۇشتا قوماندانلىق قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا ئۈچىنچى ئاتلىق پولك نامى بىلەن شىبىڭ شىسەي، گومىنداڭ دائىرىلىرىنى ۋەسۋەسىگە سالغان گېنېرال ئىساقبېك مۇنونۇن. بۇرۇتى خەت تارتقان يىگىرمە بەش ياشلار ئەتراپىدىكى ياشلار ـــ ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، شىبە، تاتار، خۇيزۇ، رۇس مىللەتلىرىدىن بولغان بۇ باتۇرلار، ھەرقايسى شەھەر، يېزا ـ قىشلاقلاردىن پىدائىي بولۇپ سەپكە كىرگەنىدى. تېخى سەككىز ئاي ئىچىدىلا ئۇرۇشتا، ئەمەلىي ئىشتا چېنىقىپ، پىشىپ يېتىلگەن باتۇرلار ۋە ھەربىي قوماندانلار بولۇپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ روھى ئۈستۈن، يېڭىشكە ھەرقاچان ئىشەنچ كامىل، ھەقىقەتەنمۇ باتۇر دېيىشكە مۇناسىپ ئىدى.

ـــ قاراڭلار! ـــ دېدى گېنېرال ئاسمان گۈمبىزىگە قاراپ يېيىلىپ ياتقان جۇڭغارىيە ئويمانلىقىنى ئالىقىنى بىلەن ئىما قىلىپ تۇرۇپ، ـــ مۇشۇ ئالدىمىزدا پايانسىز ياتقان گۈزەل زېمىن، بىزنىڭ ئانا تۇپرىقىمىز جۇڭغارىيە، ئاشۇ گۈزەل تۇپراق ئاستىدا ياتقان نېفىت، ئالتۇن، تۆمۈر، كۈمۈش، مىس، كۆمۈر ۋە باشقا بايلىقلار، قاراڭلار! ئالتۇن ئاشلىق، كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان تۇز، يېشىللىققا پۈركەنگەن پايانسىز ئورمان، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خەلقىمىزنىڭ بايلىقىغۇ.

گېنېرال باشلىق كوماندىرلار بىر پەس تۆۋەندە سوزۇلۇپ ياتقان جۇڭغارىيە ئويمانلىقىغا قاراشتى. يىراق ـ يىراقلاردا

كۆرۈنگەن قارلىق تاغلار، خادا تاشلار، يېشىل قارىغايلىقلار، ئورمانلىقلاردىن كۆتۈرۈلگەن كۆكۈش ئىسلار بۇ گۈزەل دىيارغا تېخىمۇ ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى.

— يولداشلار، ھازىر شتاب باشلىقى دۈشمەن ئەھۋالىدىن ئاخبارات بېرىدۇ، — دېدى گېنېرال.

شتاب باشلىقى پولكوۋنىك خەسەنوپ ئادىتى بويىچە بۇرنىنى ئوڭ قولى بىلەن يېنىككىنە بىر قېتىم سىلاپ قىسقا يۆتەلدى. ئاندىن قولىغا كۆرسەتكۈچ تاياقنى ئېلىپ، ئوتتۇرىدا يېيىقلىق تۇرغان خەرىتىگە بىرقۇر قارىغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

— يولداشلار! قاراڭلار، مانا بۇ پۈتۈن جۇڭغارىيە ئويمانلىقى، بۇ تاشيول ئۈرۈمچىدىن باشلىنىپ شىخۇ، جىڭدىن ئۆتۈپ بۇ يېقى غۇلجىغا، ئۇ يېقى شىخودىن شىمالغا بۇرۇلۇپ تارباغاتاي، ئالتايغا تۇتىشىدۇ. بىز پۈتۈن ئىلى ۋىلايىتى، شۇنداقلا بورتالا، ئارشاڭ ناھىيىسىنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئۈرۈمچى دائىرىلىرى بىزنىڭ ئالتاي، تارباغاتايىنى ئازاد قىلىشىمىزنى، شۇنداقلا ئۈرۈمچىگە قاراپ ئىلگىرىلىشىمىزنى توسۇش، قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ بىزنىڭ قىسىملىرىمىزنى يوقىتىش مەقسىتىدە جىڭنى پولات ئىستىھكام قىلىپ قۇرۇپ، شىخودا ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى قۇردى، — شتاب باشلىقى كوماندىرلارغا بىرقۇر قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — دېمەك بىزنىڭ ئىگىلىشىمىزچە شىخو ئالدىنقى سەپنىڭ قوماندانى سەي يىشى ئىكەن. ئۇنىڭ ئىختىيارىدا ئىككىنچى جۈننىڭ بىر ئاتلىق دىۋىزىيىسى بىلەن يەتتىنچى زاپاس دېۋىزىيە، 45 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكى بولۇپ، 10 مىڭدىن ئارتۇق مۇنتىزىم ھەربىي كۈچ بار ئىكەن. گومىنداڭچىلار شىخو بىلەن جىڭنى بىر گەۋدە قىلىپ ئەسكىرىي كۈچىنى ئورۇنلاش-

www.uyghurkitap.com

تۆرۆپتۇ، — شتاب باشلىقى پولكوۋنىك خەسەنوپ بۇرۇننى سىلاپ قويۇپ كۆرسەتكۈچ تاياقنى جەڭ ناھىيىسى تۈستىگە توغرىلىدى، — جەڭدىكى گومىنداڭ قىسىملىرىغا گېنېرال گۇچى قوماندانلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭ قولىدا 45 - دىۋىزىيىنىڭ بىر پولكى، زاپاس 7 - دىۋىزىيىنىڭ 20 - پولكى ۋە تاغ زەمبىرەكچىلەر قىسمىدىن بولۇپ 7000 مىڭدىن ئارتۇق مۇنتىزىم ئەسكىرىي كۈچ بار، ئەسكىرىي كۈچىنى جەڭنى ئاساس قىلىپ باجاخو - يونجىخولارغا ئورۇنلاشتۇردى. جەڭنىڭ ئىستىھكامىنى كۈچەيتىپ، پوتەي، ئاكوپ، خەندەك كولىغان، سىپىل سىرتىغا يوشۇرۇن مىنا كۆمگەن، — شتاب باشلىقى مەغرۇرلانغاندەك قىلىپ ئىشەنچ بىلەن كوماندىرلارغا قارىدى، — بۇنىڭدىن ئىككى كۈن بۇرۇن بىزنىڭ ياش بالا قەھرىمان رازۋېدكىچىلىرىمىزنىڭ جەڭدىن قولغا چۈشۈرۈپ ئاچىققان ئىشەنچلىك ھەربىي ئاخباراتىدا كۆرسىتىلىشىچە جەڭدىكى گومىنداڭچىلار قىسمىدا 12 دانە مىناميوت، توققۇز دانە زەمبىرەك، 40 دانە چوڭ - كىچىك پىلىموت بولۇپ، سىپىل سىرتىغا 20 دانە مىنا كۆمۈلگەن، ئۈچ كۈن ئىلگىرىكى ھەربىي كېڭەشتە گېنېرال گۇچى بىلەن گېنېرال سەي يىشى ئاشۇ قوراللار بىلەن بىزنىڭ قېنىمىزدا جەڭ دەرياسىنى قېپقىزىل بويىماقچى.

شتاب باشلىقىنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ:

— يولداش پولكوۋنىك، «مەردنى مەيداندا سىنا» دېگەن؛ جەڭ بىلەن شىخو كىمنىڭ قېنىدا بويىلىدۇ، مەيداندا كۆرىمىز - دە، — دېدى پولك كوماندىرى ھاكىموپ قىيۇم. شتاب باشلىقىنىڭ ئاخباراتىدىن كېيىن ھەرقايسى پولك كوماندىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇش تەجرىبىلىرىگە، شۇنداقلا

ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن دۈشمەن كۈچىنى سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا ئىجابىي پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، بەس - بەستە مۇزاكىرە قىلىشتى، تەكلىپ، تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە كوماندىرلار گېنېرالنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈشۈپ گېنېرالغا قاراشتى.

— بۇيرۇق! — دېدى ئىشەنچكە تولغان گېنېرال ئىساقبېك مۇنۇن ئالىي قوماندانلىققا خاس قىياپەتتە كەسكىن ۋە ئوچۇق قىلىپ، — بىرىنچىدىن، يونجىخو بىلەن باجاخودىكى دۈشمەن ئىستىھكامىغا 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە ھۇجۇم بىرلا ۋاقىتتا باشلانسۇن. ھۇجۇم دۈشمەننىڭ ئاساسلىق كۈچىنى باجاخوغا جەلپ قىلىپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلسۇن. ئىككىنچىدىن، غۇلجا ئىككىنچى پولكى باجاخونىڭ غەربىي تەرىپىدىن، خۇيزۇ ئاتلىق دىۋىزىيىسىنى غەربىي شىمالدىن، شىبە ئاتلىق ئىسكادرونى شىمالىي تەرەپتىن، تۆتىنچى زاپاس پولكنىڭ بىرىنچى باتالىيونى جىڭ بىلەن باجاخو ئوتتۇرىلىرىدىن ھۇجۇم قىلىپ، زەمبىرەكچىلەر دىۋىزىيىسى ئارقىدا تۇرۇپ ھەر ئىككى ئورۇندىكى دۈشمەننى بومباردىمان قىلىپ، ئىككى ئورۇندىكى دۈشمەن تېزدىن يوقىتىلسۇن، — گېنېرال چۈشىنىشلىك بولدىمۇ دېگەن مەنىدە كوماندىرلارغا قارىدى - دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇرى، — ئۈچىنچىدىن، تېكەس ئاتلىق پولكى ھۇجۇمدىن بۇرۇن جىڭنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى دۈشمەننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قېچىش يولىنى توسۇپ زەربە بېرىدۇ. جىڭغا ھۇجۇم قىلىش ۋاقتى 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەتىگەن سائەت ئۈچتە.

گېنېرال قوماندانلىق شتابىنىڭ ئورنى، قىسىملار ئارا مۇناسىۋەت، جەڭدە قوللىنىلىدىغان بەلگە ئوقى، پورۇپوسكا، ئۆزئارا ماسلىشىش، زەمبىرەكلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، دۈشمەن قىسىملىرىنىڭ ئىستىھكامى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر - بىرلەپ ئوچۇق تاپشۇردى. ھەرقايسى پولك كوماندىرلىرى، سىياسىي كومىسسارلار ئۆز قىسىملىرىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا يۇكسەك مەسئۇلىيەت بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرۇشۇپ، بۇ مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋېلىشتى.

— خەير - خوش، يولداش گېنېرال!

— خەير - خوش، يولداش پولكوۋنىك، ھەممىمىز غەلىبە بىلەن كۆرۈشەيلى!

— خەير - خوش، سىلەرگە ئۇتۇق تىلەيمەن.

كوماندىرلار ھەربىيلەرگە خاس قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

## 3

ئۇرۇشتا جەڭ قانچىلىك چوڭ بولسا، غەلىبىمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. شىخو بىلەن جىڭ ئۇرۇمچى گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۇچۇن چوڭ «كوزىر» ئىدى. شىخو بىلەن جىڭدىكى دۈشمەن كۈچى يوقىتىلسا، ئالتاي، تارباغاتايدىكى دۈشمەنلەر پىلىكىدىن ئۈزۈلگەن قاپاق بولاتتى. ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى گېنېرال ئىساقبېك مۇنونىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە تۆت تەرەپتىن شىددەت بىلەن باجاخو - يونجىخودىكى دۈشمەن قىسىملىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ئۆيگە قامىلىپ قالغان ئىت جان - جەھلى بىلەن ئىشىككە قاراپ ئېتىلغاندەك، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان دۈشمە-

مەن قىسىملىرى پوتەي ـ ئاكوپلارغا تايىنىپ قارشىلىق قىلماقتا ئىدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى دۈشمەنگە قارىتا شىددەتلىك هۇجۇم قىلىپ تېز ئىلگىرىلىدى. شىمالىي تەرەپتىن هۇجۇمغا ئۆتكەن شىبە ئىسكادرونى دۈشمەننىڭ يونجىخو مۇداپىئە ئىستىهكامىغا بېسىپ كىرىپ دۈشمەن بىلەن يەنە بىر قېتىم قوچاقلاشما جەڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئوتتۇرا يۆنىلىش ئۇرۇشىدا ئاجايىپ رېكورد ياراتتى. يونجىخودىن باجاخوغا قېچىپ كىرگەن دۈشمەنلەر بىرلىشىپ پوتەيلىرىگە تايىنىپ كۆرسەتكەن قارشىلىقلىرى مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنى خېلى چىقىملارغا ئۇچراتتى.

— يولداش پولكوۋنىك، دۈشمەن پوتىيىنى پارتلىتىشقا رۇخسەت قىلىڭ!

— يولداش پولكوۋنىك، مەن باراي، رۇخسەت قىلىڭ!

تۆتىنچى زاپاس پولك بىرىنچى باتاليون جەڭچىلىرىدىن نادىروف زىخرۇللام سىيىتوف ئابدۇكېرىم، تاهىر هامۇت، ئابدۇللا مامۇت قاتارلىق يولداشلار بۇيرۇق كۈتمەكتە ئىدى.

پولكوۋنىك بۇ قىران بۈركۈتلەرنى خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك بېشىدىن ـ ئايىغىغىچە سەپسېلىپ چىقتى ۋە ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىر ـ بىرلەپ ئاتاپ:

— بۇيرۇق! دۈشمەننىڭ پوتىيى پارتلىتىلسۇن! — دېدى. پولك كوماندىرى هاكىموپ. نادىروپ زىغىرۇللام بىلەن بەش نەپەر جەڭچى گراناتنى قۇچاقلىشىپ دۈشمەن پوتىيىگە قاراپ كەتتى. دۈشمەننىڭ ئەجەللىك ئوقى ئۇلارنىڭ بىرسىنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئىككىسىنى يارىدار قىلدى.

— ئوق تەگدى! ئوق تەگدى! — يۈرەكتىن قايناپ چىققان پىغانلىق سۆزلەر جەڭچىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى.

«بوۋام سادىر دورا بىلەن شۇنداق چوك سىپىلنى پارتلاتقان ئىكەنۇ، مەن بۇ قەغەزدەك سىپىلنى پارتلىتالمايمەنمۇ؟» ناپى-روپ زىخرۇللام ئىپسىنى يىغىۋىلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ پوتەيگە شىردەك ئېتىلدى. بىر باغلام گراناتنىڭ پارتلىشى بىلەن ئەجدىھادەك ئوت چىچىۋاتقان دۈشمەن پوتىيى پارتلاپ چاك - توزان ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلدى.

— يولداشلار ئالغا! يولداشلار ئالغا!

باتۇرلارنىڭ «ھۇرا، ھۇرا» ساداسى پۈتۈن جۇڭغارىيە ئوي-مانلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كېچىسى سائەت 11 لەردە باجاخودىكى دۈشمەنلەر تەلتۆكۈس يوقىتىلىپ، 8 - كۈنى باجاخودىـكى ھەر مىللەت خەلقى شاد - خۇرام نـاغـرا داقا - سۇناي بىلەن ئازادلىق تېڭىنى كۈتۈۋالدى. يونجىخودىكى ئۇرۇشتا كۆپلىگەن دۈشمەن قىسىملىرى يوقىتىلىپ، دۈشمەن-نىڭ بىر پوتىيىنى پارتلىتىپ قىسىملارغا يول ئېچىپ بەرگەن شىبە خەلقىنىڭ قەھرىمان ئوغلى شورۇنتاي مەردلەرچە قۇربان بولدى. بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان مەردان ئەلپاتتايوپقا خۇددى يۈرىكىنى بىر قارا قول كېلىپ يۇلۇۋالغاندەك تۇيۇلدى - دە، تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆز ئېكرانىدىن باتۇر-نىڭ ھېلىقى چايانلار ئۇۋىسىدىن تارتىپ ئون كۈن ئىلگىرىكى باتۇرلۇقى، كۈرەشچان جەڭگىۋار سىيماسى بىر - بىرلەپ ئۆت-مەكتە ئىدى.

«شـورۇنـتـاي ئـاكا! شورۇنتاي ئاكا! سەن نەدە؟ سەن نەدە؟» ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئىشەنمەيتتى. مېھرىبان ئاتا، كۆيۈمچان ئانا، جانجىگەر ئاكا ئۇچۇن يۈرىكى ئۆرتىنەتتى. ئىچ - ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان كۆز يېشى دەريادەك ئاقماقتا ئىدى. مەردان

ئوڭ قول باشمالتىقىنىڭ ئۇچىنى چىشلىدى، ئۇنىڭ قىپقىزىل قېنى مۆلدۈرلەپ تۆراتتى. «قىساس! قىساس! قىساس!» ئاتىسى پولات ئەلپاتتايوپ، ئاپىسى گۈلنار ئەلپاتتايوپ، شورۇنتاي ئۇچۇن مەردان قىساس ئېلىشى كېرەك.

«قاچقان ئىتنى تۇختاتماي قوغلاڭلار!» قىسىملار 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى كېچە سائەت ئۇچتە جەڭگە ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىشتى. بۈگۈن ھاۋا شېشىمدەك ئوچۇق ئىدى. ئورماندىكى قۇشلارمۇ شوخ - شوخ سايرىشىپ جەڭچىلەرنى ئەگىشىپ يۈرگەندەك قىلاتتى. جەڭچىلەر بىر ھەپتىدىن بېرى ئۆز ئۆيلىرىدەك بولۇپ ئۆگىنىپ قالغان گەمىلەر، دەل - دەرەخلەر، قۇشلار، مۆلدۈرلەپ پىشقان بۆلدۈرگەنلەر بىلەن خوشلاشماقتا ئىدى. قايسىبىر جەڭچىلەر بولسا خاتىرىلىرىگە ئۆزلىرىنىڭ ئۈمىد، ئارزۇ - تىلەكلىرىنى يازماقتا ئىدى.

«جان بار يەردە قازا بار» دېگەندەك، ھەربىر جەڭچى ئۇرۇشتا بولىدىغان ياخشى ۋە يامان ئاقىۋەتنى بىلەتتى.

— خەير، ئورمان، سېنى قايتا كۆرۈشكە نېسىپ بولغاي، — دېدى روتا كوماندىرى رۇستەم.

— قانداق، قارىياغاچلىقتىن ئايرىلغۇڭ يوقمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى سابىتوپ.

— شۇنداق، تالىپ ئاكا، ئاشۇ جەڭدىكى گېنېرالغا قورساق كۆپۈكىم بار. بولمىسا كەتمەيتتىم، — دېدى رۇستەم.

— شۇنىڭغا قارىغاندا، ئاشۇ گېنېرالمۇ نەق سارالڭ ئوخشايدۇ، — دېدى ئابابەكرى.

— شۇنداق، ئۇ گېنېرال مىكىيان يىللىق ئەمەسمۇ، — دەپ گەپكە قىستىلدى ئوسمانوپ.

www.uyghurkitap.com

— ھەدىسىگە چاقچاق قىلسا سىڭلىسىغا دەر كەتتى، — دېدى ئەلىيوپ كەرەش.

— دەز ئەمەس، تىلغىۋەتتى دېگىنە، — دېدى سادىروپ. بىر پەس كۈلكە - چاقچاقتىن كېيىن:

— يولداشلار! ئىستورويغا تەييارلىنىڭلار! — دەپ كوماندا قىلدى باتالىيون كوماندىرى مايور ئوسمانوپ.

جەڭچىلەر بۇ قەدىناس ئورمانغا ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم قاراشقاندىن كېيىن سەپكە تىزىلدى.

— ئوڭغا قاراپ توغرىلان!

— دىققەت!

ئىسترويدا ئوڭدا بىرىنچى بولۇپ ئىسلاموپ تۇرغان، ئەلىيوپ كەرەش روتىسى، ئىككىنچى بولۇپ زامانوپ بىلەن سابىتوپ، ئۈچىنچى بولۇپ قاسىموپ بىلەن رۇستەم، تۆتىنچى بولۇپ زەيناۋىدۇنوپ بىلەن بىلياخانوپ ھېكىم روتىسى تۇراتتى. باتۇرلارنىڭ كۆكسىدىكى ئوردېن - مېداللار كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى.

— يولداشلار! — دېدى باتالىيون كوماندىرى ئىسترويىنى باشتىن - ئاخىر بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئىسترويى ئالدىدا تۇرۇپ، — بىز بۈگۈن جەڭدىكى گومىنداڭچىلارغا ئاخىرقى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىمىز، دۈشمەنلەر ئۆلۈم ئالدىدا بىز بىلەن جان تىكىپ قارشىلىشىشى مۇمكىن. بىراق، دۈشمەنلەر قانداقلا قارشىلىق قىلسۇن ھامان بىز غەلىبە قىلىمىز، چۈنكى بىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئازادلىقى، خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىۋاتىمىز. دۈشمەنگە بولسا پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە، يولداشلار، بىز جەڭ، شىنخۇنى ئازاد قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئازاد

قىلىشتەك ئۇلۇغ ۋەزىپە ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھازىر جەنۇبتىكى قېرىنداشلىرىمىزنى ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈش، قىيناش، جازالاشتەك قەبىھ ئۇسۇللىرىنى بىز ھەر قېتىمقى ئۇرۇش خارابىلىرىدە كۆردۇق. بىز ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزنى بىر كۈن بۇرۇن بولسىمۇ ئازاد قىلساق، قانچە يۈزلىگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جېنىنى ساقلاپ قالىمىز. يولداشلار! بىز بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئەڭ مۇھىمى شىنجاڭدىكى خەنزۇ، ئۇيغۇر، قازاق بولۇپ 13 مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز پەقەت گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بولۇپلا قالماي، بارلىق ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار. شۇڭا، بىزدە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق، يۈكسەك ئىنتىزامچانلىق بولۇشى كېرەك. مانا بۇلار بىزنىڭ غەلىبە قىلىشىمىزنىڭ تۈپ كاپالىتى. غەلىبە بىزگە مەنسۇپ! يوقالسۇن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى.

كوماندىر سەپ بولۇپ تۇرغان جەڭچىلەرگە يەنە بىر قېتىم ئۈمىدلىك كۆزلىرى بىلەن قارىدى. بۇ جەڭگىۋار قوشۇندا تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلىشتەك يۈكسەك غەيرەت ـ شىجائەت، مەسئۇلىيەت، ئىنتىزامچانلىق روھى چىقىپ تۇراتتى.

ـــ ئوڭغا بۇرۇل! قەدەملەپ مارش!

جەڭچىلەر ئىز بېسىپ ئالغا قاراپ مېڭىشتى. ھاۋا ئوچۇق، ئايمۇ ئولتۇرۇپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى. بۇنداق كېچىلىرى يىراقتىكى ئېگىز تاغلارمۇ يېقىنلاپ كەلگەندەك، تەڭرىتېغىمۇ يېقىنلا يەردە كۆرۈنۈپ، جەڭچىلەر بىلەن بىرگە مېڭىۋاتقاندەك قىلاتتى. قېلىن چاتقاللىق، سازلىق، قېلىن قومۇشلۇق، شورتاڭلاردا كېتىۋاتقان ئوفىتسېر ـ جەڭچى-

www.uyghurkitap.com

لەر ئائىلىسىنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىنى، ئىل ــ ئاغىنى- سىنى، ئاتا ــ ئانا، ئۇرۇق ــ تۇغقىنىنى، خوتۇن ــ بالى- سى، سۆيگەن يارىنى ئەسلىشەتتى. ئۇلارنىڭ گۈزەل سىيماسى ئاشۇ يۇلتۇزلاردەك قاراپ تۇرغاندەك، تەگرىتاغدەك بىرگە مې- ڭىۋاتقاندەك قىلاتتى.

مەردان غۇنچەمنى ئەسلىدى. «مەردان! جېنىم مەردانىم، مەن مەڭگۈ سېنىڭ غۇنچەڭ».

غۇنچەمنىڭ ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك جامالى مەردان بىلەن ياندىشىپ كېلىۋاتقاندەك، «مەردان، ئامان بولغىن، غە- لىبە سىلەرگە مەنسۇپ، مەن سېنى غەلىبە بىلەن كۈتىمەن جۇمۇ» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. مەردان قىلىن ئورمان ئىچىدە كېتىۋېتىپ غۇنچەمنىڭ بەرگەن قولياغلىقىنى ئېلىپ ئاچتى، ئاينىڭ يورۇقىدا كېپىنەك بىلەن گۈل، «سېنىڭ غۇنچەڭ» دېگەن خەت بىلەن ئۇنىڭ قۇرۇپ قالغان كۆز يېشى ئېنىق كۆرۈندى.

«ئاھ غۇنچەم»، ئۇ ياغلىقنى پۇراپ كۆكسىگە باستى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار، غۇنچەم سېنىڭ چىن مەشۇقۇڭ، سەن پەرھات، ئۇ سەن ئۈچۈن شېرىن، دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

«غۇنچەم، بىز بۈگۈن جەڭدىكى دۈشمەننى تەلتۆكۈس يو- قىتىپ جەڭنى ئازاد قىلىمىز. مۇشۇ بىر ئۇرۇش تۈگىسە مەن ھەربىي مەكتەپتە، سەن مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئوقۇيسەن. بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز» مەردان پىچىرلىدى.

قىسىملار جىڭ سېپىلىگە 200 مېتىر يېقىنلاپ بېرىپ قوماندانلىق شتابى كۆرسەتكەن ئورۇنغا جايلاشتى. جىڭنىڭ غەرب تەرىپىدە ئابلايوپ، قادىروپ باتالىيونى، ئوتتۇرىدا ئوسما- نوپ بىلەن شوختىيوپ باتالىيونى، شىمالىي تەرىپىدە ئىسمائىلوپ

بىلەن شاۋۇدۇنوپ باتالىيونى تۇراتتى. كوماندىرلار سائەتكە قا-
راشتى. سائەت 3 كە 10 مىنۇت قالغانىدى. رەھىمسىز دۈشمەن
قورغىنى ئىچىدىن زەمبىرەك، مىناميوت، پىلىموت ئوقلىرى
پات ـ پاتلا ئېتىلىپ تۇراتتى. گۇ سىلىڭ ئالتۇن ـ كۈمۈش،
زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىدىن باشقا، ئېھتىيات ئۈچۈن بىر دانە
ئايالچە كۆڭلەك بىلەن ياغلىقمۇ تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ ھېلى-
دىن ـ ھېلىغا تېلېفون بىلەن يۇقىرىغا دوكلات، تۆۋەنگە
بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى.

ئوسمانوپ باتالىيونىدا ئەڭ ئالدىدا ئىسلاموپ تۇرغان روتى-
سى بولۇپ، روتىنىڭ ئالدىدا مايور ئوسمانوپ بىلەن كاپىتان
ئىسلاموپ ھەم پىراپورچىك مەردان ئەلپاتتايوپ، ئۇلارغا
ياندىشىلا، زەربىدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھەسەنوپ
يۇنۇس بىلەن بەش نەپەر جەڭچى ياتاتتى. بەلگىلەنگەن ۋاقىت
توشتى.

قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئۈچ دانە زالپا
ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. ئۈچ تەرەپتىن دۈشمەن ئىستىھكامىغا قا-
رىتىپ ھۇجۇم باشلاندى. ئارقا دېڭىزىيە تاغ تەرەپتىن دۈشمەن
قوماندانلىق شتابىغا قارىتىپ زەمبىرەك بىلەن ھۇجۇم قىلدى.
مۇستەھكەم قورال كۈچىگە تايانغان دۈشمەن شىددەت بىلەن
قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. باش كۆتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. دۈشمەن تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان ئوق مۆلدۈردەك
ياغاتتى.

— يارەببىرىم، بۇ بالا ـ قازادىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن،
ئۆزۈڭ كۈچ ـ غەيرەت بەرگەيسەن، — دېيىشەتتى قۇم بارخان-
لىرىنى دالدا قىلىشىپ ئېتىشىۋاتقان جەڭچىلەر. ئارىلاپ نىشان-
غا تەگكەن زەمبىرەكلەرنىڭ ئوقى تەسىرىدە ئادەم تەنلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com

پارچىلىرى توپىغا قوشۇلۇپ چاك - توزانلار ئىچىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلەتتى.

دۈشمەننىڭ ئوقىنى ئىسراپ قىلىش بىلەن يېڭىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىرچە زاپىسى بار. تاڭ يورۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن، بوشۇش كېرەك!

— زەربىدارچىلار ئىشقا سېلىنسۇن! — دېدى باتالىيون كوماندىرى.

ھەسەنوپ ئابلىز باشلىق بەش نەپەر زەربىدارچىلار گراناتى، ئاپتوماتلىرىنى ئېلىشىپ تەييارلاندى. ئۇلار قۇم باراخانلىرى ئىچىدە خۇددى ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلەرگە قارىدى. ئۇلار «بىز تەييار» دېيىشىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشاتتى.

— بېرىڭلار يولداشلار! غەلىبە ھامان خەلقىمىزگە مەنسۇپ، بىز سىلەرنى جان تىكىپ قوغدايمىز!

جەڭچىلەر قوراللىرىنىڭ ئۇچىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۆز قەلبلىرىنى بىلدۈرۈشتى. ھەسەنوپ يۇنۇس 21 ياش بولۇپ، ئۆيلىنىپ ئالتە ئايدىن كېيىن پىدائىي بولۇپ سەپكە كىرگەندى.

— خەير يولداشلار! سىلەرگە سالامەتلىك ۋە غەلىبە تىلەيمەن!

— خەير يولداش كوماندىر، ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇندايمىز، — ئىسلاموپ بىلەن ھەسەنوپ قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

ئۆزىنى باتۇر دەپ ھېسابلىغان ھەرقانداق كىشى ئۆلۈم ئالدىدا ۋايىسماسلىقى كېرەك. ئۇلار ئەجدىھادەك ئوت چېچىۋاتقان دۈشمەننىڭ پوتىيىگە قاراپ كەتتى. ئوت ئۇچقۇنى ئىچىدە

بۇ قەيسەر يىگىتلەر غىل ـ پال كۆرۈنۈپ قالاتتى.

— بارلىق ئوت كۈچى پوتەيگە قارىتىلسۇن، — دېدى روتا كوماندىرى ئىسلاموپ تۇرغان.

دۈشمەننىڭ پوتىيىگە قارىتىلىپ ئېتىلغان پىلىموتلار ئارىلاپ ـ ئارىلاپ دۈشمەننىڭ ئوقىنى ئۈزۈپ قوياتتى. ھېلىگەر دۈشمەنلەر سېپىلدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىغان مايغا چىلانغان ۋە ئوت يېقىلغان يوڭ ـ پاختىلار سېپىل ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. جەڭچىلەر دەس تۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە تەييار تۇرۇشاتتى. رەھىمسىز دۈشمەنلەرنىڭ تاشلىغان بومبىسى ئون تۆت نەپەر جەڭچىنىڭ ھاياتىنى نابۇت قىلدى. پوتەيگە 20 مېتىر قالغاندا يەنە بىر جەڭچى قۇربان بولدى.

— ئالدىرىما، قۇربان بولغان سەپداشلىرىمىنىڭ قىساسىنى ئالىمەن، كۆلۈڭنى كۆككە سورۇيمەن، — ھەسەنوپ يۇنۇس يېتىۋېلىپ ھوشىنى يىغدى ـ دە، ئورنىدىن شىردەك ئېتىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى پوتەيگە ئاتتى ۋە باغلانغان ئون تال گراناتنى پوتەينىڭ تۆشۈكىدىن ئىچىگە تاشلىدى. گرانات پارتلاش بىلەن تەڭ پوتەينىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ، ئاسمانغا توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇ يەنە بىر تال گرانات تاشلىدى. ياۋۇز دۈشمەن پىلىموتى توختىغانىدى.

— يولداشلار ئالغا! ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! يولداشلار ئالغا...

ھەسەنوپ يۇنۇسنىڭ سول كۆكسىگە تەگكەن ئوق ئارقا تاغاقنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاخىرقى بىر قېتىم «ئالغا!» دەپ بولالمايلا يەرگە يىقىلدى.

ئىسلاموپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ بۇيرۇق قىلدى.

— يولداشلار ئالغا!

www.uyghurkitap.com

«ھۇررا! ھۇررا!» جەڭچىلەر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئالغا ئېتىلدى. ئۇلار 20 قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا دۈشمەننىڭ پوتىبىدىن پىلىموت شىددەت بىلەن ئېتىلدى. نىشانىنى ئوچۇق كۆرۈۋالغان دۈشمەننىڭ زەمبىرەك، مىناميوت، پىلىموت ئوقلىرى دەل جەڭچىلەر ئۈستىگە چۈشەتتى. دۈشمەن تېخىمۇ ۋەھشىلەشىپ پىلىموتلاردىن قـومـاچ قـورۇغـاندەك ئوق ياغدۇرغىلى تۇردى.

قانداق قىلىش كېرەك؟ ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ بېسىپ كىرىش چوڭ بەدەل تەلەپ قىلاتتى. چېكىنىش نومۇس!

— يولداش كوماندىر، رۇخسەت قىلىڭ، مەن باراي! — دېدى ئىسلاموپ تۇرغان.

— يـولداش كـومـانـدىـر، رۇخسەت قىلىـڭ، مـەن بارىمەن! — ئىلتىماس قىلدى سېلىم. ئۇ بۆيرۈقنى كۈتمەيلا دۈشمەن پوتىيىگە قاراپ ئېتىلدى.

— سېلىم، قايت! سېلىم، قايت!

ئوسمانوپنىڭ بۇيرۇقى سېلىمنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئوتتۇز يىللىق قۇلچىلىق بىلەن ئون كۈنلۈك ئىنقىلابىي ھايات ئۇنى قايتماس يولۋاسقا ئايلاندۇرغانىدى. يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدە سېلىم ئۆمىلەپ بېرىپ پوتەيگە چاپلاشتى. دۈشمەنلەر سېپىلدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىغان گرانات ئۇنىڭ سول پۇتى بىلەن ئىككى دانە قوۋۇرغىسىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. سېلىم پوتەيگە كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ تال گرانات تاشلىدى. پوتەينىڭ بىر قىسمى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ پوتەيدىكى يەتتە دۈشمەن بىلەن بىر پىلىموت تۇگەشتى.

— يولداشلار ئالغا! — سېلىم شۇنداق دېدى ـ دە، يەرگە يىقىلدى. ئۇ قۇربان بولغانىدى... رەھىمسىز دۈشمەنلەر-

دىن يەنە بەشى بىر ماكسىمكا بىلەن بىر دىكتاركىدا تېخىمۇ ۋەھشىيلەرچە ئوت ئېچىشقا باشلىدى.

— سېلىم ئاكا! سېلىم ئاكا! — مەردانىنىڭ يۈرىكى ئوتتا پۇچۇلىناتتى. پىلىموتتىن ئېتىلغان ھەربىر ئوق ئۇنىڭ يۈرىكىنى تېشىپ ئۆتىۋاتقاندەك قىلاتتى، — سېلىم ئاكا، سەن ئۆلمە، سەن ياشىشىڭ كېرەك، — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ سېلىمنىڭ قۇربان بولۇشىغا خۇددى ئۆزى مەسئۇلدەك.

تاڭنىڭ يورۇشىغا ئەگىشىپ ئۆلۈمنىڭ دەھشەتلىك كۆلەڭگىسى ھەممىنىڭ ئۈستىگە يېيىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ھەربىر جەڭچى بۇ سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان تاڭغا نارازىدەك قىلاتتى. ئەتراپ قانغا بويىلىپ، دەريا سۈيى قانغا ئايلانغانىدى.

— يولداش كوماندىر، رۇخسەت قىلىڭ! يولداش كوماندىر، رۇخسەت قىلىڭ! — بۇ مەردان ئەلپاتتايوپ ئىدى.

ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزى دۈشمەننىڭ ئىستىھكامىدا، قولىقى كوماندىردا ئىدى، — يولداش كوماندىر، ئاڭلاۋاتامسىز؟ رۇخسەت قىلىڭ، يولداش كوماندىر!

ئاھ خۇدا! قارىساڭ زوقۇڭ كېلىدىغان بىر نەۋقىران ياشنى ئۆلۈم خەتىرىگە بۇيرۇشقا كوماندىرنىڭ قانداقمۇ تىلى بارسۇن؟

— مەردان ئەلپاتتايوپ، قايت، بۇيرۇقنى كۈت، ئاڭلاۋاتامسەن، قايت دەيمەن!

جەڭچى ھالقىلىق پەيتتە بۇيرۇقسىزمۇ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشى مۇمكىن ئىدى. مەردان دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى.

— مەردان، قايت، مەردان، قايت، — ئوسمانوپنىڭ يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر قاشاڭ خەنجەر سانجىلىپ مىتىلغاۋاتاتتى.

مەردان قۇم بارخانلىرىنىڭ دالدىسىدا ئۆڭدىسىغا يېتىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ كىيىمىنى تۈزىدى. ئاندىن مېھرىبان كوماندىرغا، جەڭچىلەرگە قارىدى. مىللىي ئارمىيە سىپىدىكى ھەربىر كوماندىر، جەڭچى مەردانغا كۆيۈنەتتى، ئۇنىڭ ھاياتىغا ئېچىناتتى. ئۇنى بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك كۆرۈپ بېشىنى سىلايتتى. قانچە قېتىملاپ ئىسسىق ياش تۆكۈپ دەردىگە دەرمان بولۇشقانىدى.

— مەردان، قايت، مەردان، قايت! — دېيىشەتتى جەڭچىلەر پەس ئاۋازدا.

مەردان كۆكسىنى تولدۇرۇپ دېمىنى ئالدى، ئۇ يەر بېغىرلاپ پوتەيگە قاراپ ماڭدى. مەرداننىڭ دۈمبىسىدە ئاپتومات، بېلىدە ئالتە تال گرانات قىستۇرۇقلۇق، قولىدا ئىككى، جەمئىي سەككىز تال گرانات. ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى دۈشمەننىڭ پوتەيىدە ئىدى. «ئالدىرىما، مانا مەن ھازىرلا يېتىپ بارىمەن، كۈلۈڭنى كۆككە سورۇيمەن. قان ئىچكۈر جاللاتلار، ھالاك بولىدىغان ۋاقتىڭ ئازلا قالدى، قانغا قان، جانغا جان.»

ھەقىقىي قەھرىمان پەقەت جەڭ ئۈستىدە سىنىلىدۇ.

ئاھ خۇدا، كىمكى چىن شائىر بولسا، مەرداننىڭ دۈشمەنگە قاراپ ئالغا سىلجىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسا، ئۇنىڭ شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۆزىنى ياۋۇز دۈشمەننىڭ ئوت كۆچىگە ئاتقانلىقىنى، يولداشلار ئالغا! ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! دېگەن جاراڭلىق ساداسىغا سادا قوشۇپ، بۇ سادانى تىللاردا داستان قىلىپ، پۈتكۈل دۇنياغا ياڭراتقان بولسا ئىدى.

توختىيوپ ئوشەم پىلىموتنى سۆرەپ توپتىن چىقىپ ئالدىغا خېلىلا ئىچكىرىلەپ بېرىپ دۈشمەننىڭ پىلىموتچىكىنى يوقاتتى. بىراق، دۈشمەننىڭ بىرسى يوقالسا ئورنىغا يەنە ئىككىسى دەسسەيتتى. كوماندىر ئوسمانوپ پىلىموتنى ئۆزى ئالدى. ئۇ پىلى-

موتنى دۈشمەن پوتىيىنىڭ ئوت كۆچىگە توغرىلاپ، ھېلىدىن - ھېلىغا ئېتىپ تۇردى.

مەردان پوتەيگە 20 مېتىر قالغانىدى. ئۇ بىر مېتىر كۆتۈرۈلۈپ يەرگە يىقىلدى.

— ئوق تەگدى، ئوق تەگدى، — يۈرەكلەرنى يېرىپ چىققان پىغانلىق نالىلەر كۆتۈرۈلۈپ جۇڭگار ئويمانلىقىنى بويلاپ يىراقلارغا كەتتى، — مەردان! مەردان! مەردان! مەردان!

مەرداندا ياشلارغا خاس ئوتلۇق يۈرەك بار ئىدى. مەردانغا ھايات پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئۇ ھاياتنى سۆيەتتى، قەدىرلەيتتى. ھەقىقىي مۇھەببەتنى كەلگۈسىدىكى بەختلىك ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى ئويلايتتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنىلا غۇنچەمگە يازغان خېتىدە «بىز ۋەتەننىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرى، قورغۇچىلىرى بولىمىز» دەپ يازغانىدى.

— يولداش كوماندىر، مەن باراي! يولداش كوماندىر، مەن! يولداش كوماندىر، مەن!

دەرد - ئەلەمگە چىدىمىغان ئوفىتسېر - جەڭچىلەر تەرەپ - تەرەپتىن ئىلتىماس قىلىشتى. دۈشمەن ئوت كۈچىنى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى قىسىملارغا قاراتقانىدى. ئەمەلىيەتتە مەردانغا ئوق تەگمىگەنىدى.

مەردان ئېسىنى يىغدى. ئۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ دۈشمەننىڭ پوتىيىگە يېقىنلاشتى.

— مەردان! مەردان! — جەڭچىلەردە ئۈمىد يۇلتۇزى ياندى. خۇشاللىق ياشلىرى تامدى.

دۈشمەن يەنە ئوت كۈچىنى مەردانغا قارىتىپ سىپىل ئۈستىدىن ئارتىلدۇرۇپ باغلانغان ئالتە دانە گراناتنى تاشلىدى. بۇ

www.uyghurkitap.com

ۋەھشىي ئەجەل ئوقى ۋاشىلداپ پارتلاش ئالدىدا تۇراتتى. مەردان قالتىس چاققانلىق بىلەن بومبىنى ئېلىپ پوتەينىڭ تۆشۈكىدىن ئىچىگە تاشلىدى ــ دە، ئۆزىنى ئاكوپقا تاشلىدى. كۈچلۈك پارتلاش بىلەن تەڭ پوتەي ئۆرۈلۈپ، ئاسمانپەلەك چاڭ ــ توزان بىلەن دۈشمەنلەرنىڭ قىيا ــ چىيا ئاۋازى كۆتۈرۈلدى.

مەردان سېپىل ئۈستىگە ئىككى دانە گرانات تاشلاپ پارتلاتتى، ئاندىن قالدۇق پوتەي ئۈستىگە چىقتى ــ دە، بىرنەچچە دۈشمەننى ئاپتومات بىلەن تىك موللاق چۈشۈردى. پوتەينىڭ كۈچلۈك پارتلىشىدىن قورققان دۈشمەن قىسىملىرى كەينىگە قاراپ قېچىشتى.

ــ يولداشلار ئالغا! ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! ــ مەرداننىڭ جاراڭلىق چاقىرىق ساداسى سەھەرنىڭ تاغ شامىلى بىلەن قوشۇلۇپ جۇڭغار ئويمانلىقىدا، تەڭرىتاغ باغرىدا، ئورمانلاردا ئەكس سادا قايتۇرۇپ جاراڭلايتتى.

كوماندىر ئوسمانوپ ھۇجۇم قىلىش بۇيرۇقىنى بەردى.

ــ يولداشلار ئالغا!

مىللىي ئارمىيىنىڭ كوماندىرى جەڭچىلىرى ئورنىدىن دەس تۇرۇشتى. «ھۇر ــ را!! ھۇر ــ را!! ھۇر ــ را!» خۇددى زەمبىرەك ئاتقاندەك ئاسمان گۈمبىزى جاراڭلاپ كەتتى. بۇ خەلق ساداسى، ئىنقىلابىي سادا ئىدى. باتۇرلار شىردەك ئېتىلىشىپ سېپىل ئۈستىگە چىقتى. دۈشمەنلەر ئۆۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىلەردەك ئۆلگىنى ئۆلۈپ، قالغىنى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە قاراپ قېچىشتى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى دۈشمەننى سۈر ــ توقاي قىلىپ سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىردى.

دۈشمەننىڭ سول تەرەپتىكى پوتىيى ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى

يوق، جاھىللىق بىلەن قارشىلىق قىلىپ ئابلايوپ باتاليونى بى-لەن قارشىلىشىۋاتاتتى. مەردان يېنىغا قارىدى، ئۇنىڭدا يەنە تۆت دانە گىرانات تۇراتتى.

— ئىپلاسلار! — دېدى مەردان ئوت چېچىۋاتقان دۈش-مەن پوتېيىگە قاراپ، — سەنلەرنىڭمۇ ئەدىپىڭنى بەرمەيدىغان بولسام.

مەردان شۇ تۇرقىدا قايتماس يولۋاسقا ئايلانغان بولۇپ، قەلبىدىكى قىساس ئۇنىڭغا بۇ كۈچنى ئاتا قىلغانىدى. مەردان بېلىدىكى تۆت دانە گىراناتنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ سېپىل ئۈستى-دىكى تامنى ياقىلاپ پوتەيگە قاراپ ئېتىلدى.

— مەردان، قايت! مەردان، قايت! مەردان، قايت!

ئۇنىڭ قۇلىقىغا سۆز كىرمەيتتى.

مەردان سېپىلدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ تۆت دانە گىراناتنى پوتەي تۆشۈكىدىن ئىچىگە تاشلىدى. كۈچلۈك پارتلاش پوتەينى ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈپ چىقىپ، پىلىموت تۇتقان دۈشمەنلەر پار-چە - پارچە بولۇپ جىمىقتى. مەردان سېپىل ئۈستىگە چىقتى:

— يولداشلار ئالغا! ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا!

«ھۇر - را! ھۇر - را!» كۈچلۈك سادا بىلەن ئابلايوپ باتاليونى سېپىلگە بۆسۈپ كىردى.

مەردان سېپىل ئۈستىدە تۇرۇپ قاچقان - قارشىلىق قىلى-ۋاتقان دۈشمەنلەرنى ھە دەپ قىرىپ:

— يولداشلار ئالغا! ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! — دەپ جەڭچىلەرنى كۈرەشكە چاقىراتتى، ئىلھام بېغىشلايتتى.

— يولداشلار ئالغا! ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! — مەردان سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ قالدى. دۈشمەننىڭ ئوقى

ئۇنىڭ سول كۆكرىكىدىن تېگىپ ئارقا تاغاقتىن بۆسۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كېلىپ يەنە تىك تۇردى. ئۇ ئۆزىگە ئوق ئاتقان قاتىلنى ئارقا مېڭىسىدىن ئېتىپ دۈم چۈشۈرۈپ يەنە بىرنەچچە دۈشمەننى تىك موللاق چۈشۈردى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تامغا يۆلىنىپ سىيرىلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئوڭ كۆكسىگە ئوق تەگكەنىدى.

— مەردان! مەردان! مېنىڭ مەردانىم! — مەردانغا قاراپ ئېتىلدىم. مېنىڭ نالەم جۇڭغار ئويمانلىقىدا، تەڭرىتاغ ئاسمىنىدا ياڭراپ، يۈرەكلەرنى پارە ـ پارە قىلاتتى.

ئاسمان يۇلتۇزلىرى خىرەلىشىپ، كۆز يېشى تۆككەندەك قىلاتتى. تەڭرىتاغ تىترىمەكتە ئىدى.

— مەردان! مەردان قارىغىنا، كۆزۈڭنى ئاچقىنا! بىزنىڭكىلەر سېپىل ئىچىگە بېسىپ كىرىپ دۈشمەنلەرنى قوغلاپ يۈرىدۇ. مەردان كۆزۈڭنى ئاچە!

مەردان كۆزىنى زورىغا ئاچتى. دەل شۇ چاغدا تەڭرىتاغ قاپتىلىدىن ئېتىلغان زەمبىرەك ئوقى گومىنداڭ قوماندانلىق شتابىغا چۈشۈپ چوڭ پارتلاش بىلەن يانغان ئوت يالقۇنى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

— قوماندانلىق شتابى، جاللاتلار ئۇۋىسى، — دېدى مەردان.

— مەردان! كۆزىڭنى ئاچقىنا، مەردان! — ئۇنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنىڭ نۇرى، يۈرىكىنىڭ سوقۇشى پەسىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئاھ خۇدا، مەردان! مەردان! ھەممە ئىشقا بىز ئەيىبلىك، ئاتا ـ ئانىلارغا، ئەۋلادلارغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەرمىز، — ئىسسىق يېشىم ئۇنىڭ كۆكسىگە دەريا سۈيىدەك ئېقىپ تۇراتتى. بېشىنى سىلايتتىم.

— ماڭا قارىماڭلار، دۇشمەننى قوغلاپ يوقىتىڭلار! —
مەردان دۇنياغا، بۇ كەڭ جاھانغا، ئانا دىيار، تەڭرى تاغلىرىغا
تويمىغاندەك تىكىلىپ قارايتتى، پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دەيتتى. ئۇنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرى ئۆچۈپ، ئۇنى پەسسىيىشكە
باشلىدى.

— دادا، ئاپا، سىلەر نەدە؟ كېلىڭلار! مانا مەن...
غۇنچەم، ئاھ غۇنچەم، مانا مەن... قىساس، قىساس...
ئاڭلىدىڭمۇ غۇنچەم، ئاخىرىنى ساڭا تاپشۇردۇم، غۇنچەم!

ئۇنىڭ قولى لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى.

— مەردان! مەردان! — مېنىڭ نالەمنىڭ بىر ئۇچى
ئاسماندا، بىر ئۇچى يەتتە قات يەردە. كائىنات ياش تۆكمەكتە
ئىدى.

— ئىپلاسلار، قانغا قان، جانغا جان، — دەپ ئالغا
قاراپ ئېتىلدىم. ئالدىمدىكى ئەسكى تامغا يوشۇرۇنۇپ، بىزگە
قارىتىپ ئوق ياغدۇرۇۋاتقان بەش دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتقان
گراناتىم پارتلاپ دۈشمەنلەر جەھەننەمگە كەتتى. دۈشمەننىڭ
ئاتقان زەمبىرەك ئوقى ۋىژىلداپ ئۇچۇپ كېلىپ مەرداننىڭ
جەسىتى ئۈستىگە چۈشتى. ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈلگەن ئوت
ئۇچقۇنى ئىچىدە مەرداننىڭ تېنى قىيما - چىيما بولۇپ ئۇچۇپ
يۈرەتتى.

— مەردان! مەردان! — بىر ئالدىمغا يۈگۈرەيتتىم، بىر
ئارقامغا. تاپىنىم ئاستىدىنلا دۈشمەننىڭ مىناسى يېرىلدى...

قانچە كۈن ھوشسىز ياتتىم بىلمەيمەن. جۇڭغارىيە قوينىدا
غالىب جەڭچىلەر سادادسى ياڭرايتتى. «مەردان، مەردان،
ئەل - يۇرتنىڭ باتۇر ئوغلى مەردان» دەپ جۆيلۈيتتىم. كۆز-
زۇمدىن — خىيالىمدىن ئۇنىڭ مەردانە تۇرقى زادىلا كەتمەيتتى.

www.uyghurkitap.com

تى. ئۇنىڭ يۈرىكى قازاندەك يارىلىپ، ئىلى دەرياسىدەك جۇش ئۇرۇپ تۇراتتى... لېكىن ئەمدى مەردان ... پولات، گۈل-نار، مەردانلارغا ئانا ۋەتەن، خەلقى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەن، ئىلى، تارىم، ئېرتىش قان بولۇپ سىڭگەن. بۇ قانلار كۈرەشتە تۆكۈلىدۇ. تۆكۈلگەن قانلاردىن ئەۋلادلار بەختىگە گۈللەر ئۈ-نۈپ، ئىلى، تارىم، ئېرتىش دەريالىرى ئۇلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

كۆزۈمنى ئاچتىم، بىر پۇتۇمنىڭ تىزىمنىڭ ئۈستى، بىر قولۇمنىڭ جەينەك ئۈستى سىرقىراپ ئاغرىيتتى. ئىككى يېنىم-دا ئاق خالات كىيگەن جەڭچىلەر تۇراتتى.

— مەردان! بىزنىڭ مەردانىمىز قېنى؟ بىز ئانىلارغا، ئاتىلارغا، ئەۋلادلارغا نېمە دەيمىز؟ هازىرغۇ ئۇرۇش ۋاقتى، كەلگۈسىدىچۇ؟ غۇنچەمچۇ، ئۇنىڭ غۇنچىسىگە نېمە دەيمىز، غۇنچەمنىڭ مەردانى قېنى؟ — يۈرىكىم سىقىلىپ ئاغرىيتتى. جەڭچىلەر بوقۇلداپ يىغلايتتى.

توختىيوپ ئۇششەم مەرداننىڭ سومكىسى بىلەن تاپانچىسىنى قولۇمغا تۇتقۇزدى. مېنىڭ سول كۆزۈمگە مۇشۇكنىڭ كۆزىدەك يەردىن يورۇق چۈشەتتى.

«ئىھ، مەردان!» سومكىغا قولۇمنى سالدىم. سومكىدىن مەرداننىڭ ئوردېن، مېدال، پاگونى بىلەن خاتىرىسى ۋە تۆت قاتلانغان ئاق يىپەك ياغلىق، تېخى ئاغزى ئېچىلمىغان ئىككى پارچە خەت چىقتى. بۇ خەتلەرنىڭ بىرسى مەرداننىڭ غۇنچەمگە يازغىنى بولۇپ، يەنە بىرسى غۇنچەمنىڭ مەردانغا يازغان خېتى ئىدى. بۇ ئىككى خەت مەردان هايات ۋاقتىدا بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇققا ئوقۇشقا نېسىپ بولماپتۇ.

مەردان ئەلپاتتايوپ 1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئەتىگەن سائەت 3 تىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە دۈشمەن بىلەن

بولغان جېڭىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشىدا، باتۇرلۇق بىلەن دۈش-مەننىڭ ئىككى پوتىيىنى پارتلىتىپ مىللىي ئارمىيە سېپىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ قۇربان بولدى. جىڭ ناھىيىسى پۈتۈن-لەي ئازاد بولۇپ، گېنېرال گۇچى يەنزىخەي ئەتراپىغا قېچىپ كېتىپ، قازاقچە ئايال كۆڭلىكىنى كىيىپ چىغلىقتا قاڭغىرىپ يۈرگەن يېرىدە قولغا چۈشتى. جىڭدىكى 7000 دۈشمەن ئەسكە-رىدىن تۆت پولكوۋنىك، 15 مايور، 198 ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئوفىتسېر، 3487 ئەسكەر ئەسىرگە ئېلىنىپ، قالغىنى پۈتۈن-لەي يوقىتىلدى. تـوقـقـۇز زەمبىرەك، 12 مىناميوت، 38 ئېغىر - يېنىك پىلىموت، 4000 دىن ئارتۇق چوڭ - كىچىك مىلتىق ۋە باشقا ھەربىي ئەسلىھەلەر غەنىيمەت ئېلىندى.

ئىھ مەردان! سەن ئاشۇ يېشىڭدا باتۇرلۇقۇڭ، ئەقىل - پاراسىتىڭ بىلەن مىللىي ئارمىيە سېپىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇردۇڭ. ئەنە ئورمان ئىچىدە باتۇر قۇربانلار شەنىگە ئېيتقان بىر جەڭچىنىڭ مۇڭلۇق ناخشا ساداسى ياڭراۋاتىدۇ. ئانىلار يۈرىكىنى ئېزىپ پارە - پارە قىلىۋاتىدۇ:

ئون سەككىز ياشقىچە
شەربەت بېرىپ باقتىڭ مېنى،
رازى بولغىن ئانىجان
ئەمدى كۆرەلمەيسەن مېنى.

چۈنكى مەن دۈشمەن بىلەن،
مەيداندا جەڭ قىلغانىدىم.
كۆپلىرىنى ئۆلتۈرۈپ،
كۆكرەككە ئوق يېگەنىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇشبۇ خەتنى يازدىم ئانا،
جېنىم چىقارۋاغ ئالددا.
ئۇشبۇ خەت تەگكەن ھامان،
پەرياد ئۇرۇپ يىغلا ئانا.

ياق، يىغلىما جېنىم ئانا،
ھەر جايدا باردۇر بىر ئۆلۈم.
چۈنكى ئىچىلماي سولۇپتۇ
ئون گۈلۈمدىن بىر گۈلۈم.

مەردان قۇربان بولدى. قانچە ئونلىغان مەردانلار ۋەتىنى، خەلقى، ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ياشلىق باھارىنى قۇربان قىلدى. يىغلاڭلار، ئەي ئەزىز ئانىلار! باتۇرلار شەنىگە بېيىت قوشۇپ يىغلاڭلار! قۇربانلار نامى مەڭگۈگە ئۆچمىسۇن! چۈنكى، ئانىلار سىلەر يەنە قانچە مىڭلىغان مەردان، غۇنچەمدەك ئوغۇل ـ قىزلارغا ھامىلدار ئەمەسمۇ؟

مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى جىنگ، شىخونى ئازاد قىلىپ ماناس دەرياسى بويىغا بېرىپ توختاپ ئوت كۆچىنى گومىنداڭنىڭ مەركىزى دىخۇا (ئۈرۈمچى) گە قاراتتى. شىمالىي يۆنىلىش قىسىملىرى ئالتاي، تارباغاتاينى ئازاد قىلدى. جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرى مۇزتاغدىن ئېشىپ باينى ئازاد قىلىپ ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئېلىپ يېڭىشەھەردىكى گومىنداڭ قىسمىنى ئېسكەنجىگە ئالدى. ھەرقايسى جايلاردىكى دۈشمەنلەر ئەنسىزچىلىككە چۈشۈپ، داۋالغۇش پەيدا بولدى. ئەجەل ھودۇقۇشىغا چۈشكەن گومىنداڭ مەركىزىي دائىرىلىرى «تىنچلىق سۆھبىتى» ئالدامچىلىق ھىيلىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ئوتتۇرا يۆنىلىش قىسىملىرى يەنىسخەيدە ئىنقىلابىي قۇر-بانلارغا ۋە ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن قەھرىمانلارغا ئوردېن، مېدال، ئۇنۋان بېرىش يىغىنى ئاچتى.

مەردان ئەلپاتتايوپقا «مىللىي ئارمىيە قەھرىمانى»، «ئىنقىلابىي قۇربان» نامى، «ئازادلىق» ئوردېنى، «باتۇرلۇق» مې-دالى بېرىلدى. مايور ئوسمانوپ، ماناپ، ئابلايوپ زەپەرلەر پولكوۋنىك ئۇنۋانى بىلەن پولك كوماندىرى، ئىسلاموپ تۇرغانلار باتالىيون كوماندىرى، نادىروپ زىخرۇللام كۈرەش قەھرىمانى بولۇپ 50 كوماندىر - جەڭچى «باتۇرلۇق»، «ئىستىقلالىيەت» ئالتۇن مېدالى بىلەن مۇكاپاتلىنىپ، مەردان تۇرغان پولكقا «ئازاد نىشانلىق پولكى» دېگەن نام بېرىلدى.

قوماندان ئىسھاقبېك مونۇنوپنىڭ تەزىيە خېتىدە: «مەردان ئەلپاتتايوپ قۇربان بولدى! ئۇنىڭدىكى ئەڭ ئالىي خۇسۇسىيەت ئۆلۈمگە پىسەنت قىلماسلىقتا ئىدى. تەشكىللىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۇنىڭ قەلبى خەلق قەلبى بىلەن بىر ئىدى. شۇڭا، ۋەتەن، خەلق ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ، قەدىرلەيدۇ، سېغىنىدۇ» دېيىلگەندى.

پولكوۋنىك ئەخمەتجان قاسىمى خېتىدە مۇنداق دېگەندى: «مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى بارلىق كوماندىر - جەڭچىلەر!

قەدىرلىك يولداشلار! سىلەر ھەرقايسى ئۇرۇش سەپلىرىدە باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي ئۈچ ۋىلايەتتە ئىنقىلاب تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرىمىز قارلىق چوققىلاردىن ئېشىپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، باي بىلەن ئاقسۇ كونىشەھەرنى ئازاد قىلىپ يېڭىشەھەر-

دىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى قىسىملىرىنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئالدى. بىز ھەرقايسى ئۇرۇش سەپلىرىدە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنى خاتىرىلەش، ئۇرۇش غەلىبىلىرىنى تەبرىكلەش ۋە يەتتە ۋىلايەت خەلقىنى ئازاد قىلىشتەك بۈيۈك ئىشلار ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق ئىشلىرىنى ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمىزدا، گومىنداڭ مەركىزىي ھۆكۈمىتى، يەنى جياڭ جيېشى رادىئو نۇتقى سۆزلەپ، «تىنچلىق» سۆھبىتىدىن ئىبارەت ئىنتايىن رەزىل ئويۇننى ئويناپ چىقتى. شىنجاڭ خەلقى يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى بىرقانچە قېتىم قوزغىلاڭ قىلىپ، بۇ قوزغىلاڭلارنىڭ مۇتلەق كۆپى غەلىبە قىلغانىدى. بىراق، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ئالدامچىلىقى، بۆلگۈنچىلىكى، ئاغدۇرمىچىلىقى، ئىچكى قىسىمدىكى ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ساتقىنلىق، چەت ئەلنىڭ ئارىلىششى تۈپەيلى ئۇزۇنغا بارمايلا مەغلۇپ بولغانىدى.

جياڭ جيېشىمۇ «تىنچلىق» سۆھبىتىنى كۆتۈرۈپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە بىزگە قارىتا ئاغدۇرمىچىلىق، بۆلگۈنچىلىك، ساتقىنلىق ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ، تۈرلۈك پىتنە - ئىغۋالارنى تارقىتىپ ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق قىلماقتا.

بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز بىر مىللەتكە قارىتىلغان ئەمەس، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز جاھانگىرلىككە، گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىگە، بارلىق ئەكسىيەتچىلەرگە قارشى قوزغالغان ئىنقىلاب. ئىنقىلابنىڭ تۈپكى مەقسىتى جاھانگىرلارنى — گومىنداڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى، بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ، ئۆلكىنى ئازاد قىلىش، ئۆلكە خەلقى ئازادلىق، دېموكراتىيە - باراۋەرلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولۇش ئىدى. شۇڭا، بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز دۇنيادىكى تىنچلىق سۆيەر خەلقلەرنىڭ قوللىشىغا،

پۈتۈن دۆلەت خەلقىمىزنىڭ قوللىشىغا ۋە ياردىمىگە ئىگە ئىدى.
بىز ھەرگىزمۇ يېتىم ئەمەس ئىدۇق. بىز ھەرقاچان، ھەرقايسى جايدا ھوشيارلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ، قىلچىمۇ بوشاشماي، كۈرەش روھىمىزنى ئاشۇرساق، قوراللىق كۈرەشتە بولسۇن، تىنچلىق سۆھبىتىدە بولسۇن، ھامان غەلىبە قىلىمىز.
دۈشمەن بىزنىڭ جەڭچىلىرىمىزدىن ئاجايىپ قورقاتتى. چۈنكى، بىزنىڭ ئارمىيە ـ جەڭچىلىرىمىز ئۆلۈمگە، قىيىنچىلىققا پىسەنتمۇ قىلمايتتى، ئىنقىلاب يولىدا قۇربان بولغانلار، ھەرقايسى ئۇرۇش سەپلىرىدە قۇربان بولغان ئوفىتسېر ـ جەڭچىلەر ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغانلار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بولدى.
يولداشلار! بىزنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىمىز مىللىي ئازادلىق، مىللىي باراۋەرلىك ئۇرۇشىدۇر. شۇڭلاشقا ئازادلىققا، باراۋەرلىككە تەشنا خەلق مۇشۇ يولدا قۇربان بولغانلارنى قەلبىدە مەڭگۈ ساقلايدۇ، ياد ئېتىدۇ.»
مىللىي ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ئارمىيە بايرىقى ئاستىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، تىنچلىق، ئىتتىپاقلىق ئۈچۈن قەسەم قىلىشتى. مىللىي ئارمىيە پولاتتەك ئىنتىزامچان، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت بىرلىكتە ئاڭلىق چېنىقىپ ئۆسۈپ، يېتىلىپ، شىنجاڭدىكى ئون ئۈچ مىللەتنىڭ ئۇيۇشقان، باتۇر، زامانىۋىلاشقان ھەربىي قوشۇنىغا ئايلاندى.
ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى تۇرغۇزۇلدى. ئەلۋىدا، ئەي ۋەتەننىڭ ئەزىز باتۇرلىرى، سىلەر خەلقنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ھايات.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئۈچىنچى قىسىم

# مەڭگۈلۈك مۇھەببەت

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. ئۈچ ۋىلايەت 13 مىڭدىن ئارتۇق ھەر مىللەت ياشلىرىدىن قۇرالـلانـغـان ئو-فىتسېر ـ جەڭچىلەر، 10 مىڭدىن ئارتۇق ھەرقايسى مىللەت كادىرلىرى، شىنجاڭنىڭ بارلىق ۋىلايەت، ناھىيە، يېزا، كەنت، قىشلاقلىرىغىچە خۇددى باھاردىكى يامغۇر سۈيىدەك سى-ڭىپ كىرىپ، جايلاردا تارىلىپ يۈرگەن گومىنداڭ قالدۇق كۈچلىرىنى، يەرلىك باندىتلارنى، ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇرلار-نى تازىلاش بىلەن ئىجتىمائىي ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆز-گەرتىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يۈرەك قېنى بىلەن كىرىشىپ كەتتى.

مەن نۆۋەتتە غۇنچەمنى سۈرۈشتۈردۇم، چۈنكى مەردان ئەلپاتتايوپنىڭ قىسقىغىنا ھېسسىياتىغا، تارىخ بېتىدە قالدۇرغان ئۆچمەس ئىش ـ ئىزلىرىغا، پاك مۇھەببىتىگە مەن شاھىد، ئۇ مېنىڭ مۇشۇ چولاق قولۇمدا يېتىپ:

«دادا! ئاپا! غۇنچەم! غۇنچەم سەن قېنى، قىساس» دەپ تىنىقى ئۆزۈلدى. مەردان دادىسى پولات، ئاپىسى گۈلنارنىڭ بەرگەن ئاق سۈتىنى ۋەتىنى، خەلقى ئالدىدا ئاقلىدى. ئۇ تالاي قېتىمقى جـەڭلـەردە «يولداشلار ئالغا! ئازادلىق ئـۈچـۈن ئالغا!» دېگەن جاراڭلىق سادانى ياڭراتتى. ئاخىرقى قېتىممۇ «ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا! ئازادلىق ئۈچۈن ئالغا!» ساداسى ئى-چىدە كۆكرىكىگە ئوق يېدى. ئۇنىڭ مەرھۇم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئوچۇق كەتكەن كۆزى يۇمۇلدى. بىراق، مەرداننىڭ كۆزى ئو-چۇق كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى پارە ـ پارە بولۇپ ئوت ئىچىدە ئاسمانغا كۆتۈرۈلمىگىنىدە، ھايات بولغىنىدا، «مېنىڭ غۇنچەم» دەپ ۋاقىرىغان بولاتتى. چىن مۇھەببەتنىڭ ھەرقانچە كۈچلۈك ئوتىمۇ كۆيمەيدىغانلىقى، توپان سۈيىدە ئاقمايدىغانلىقى، ھەر-

www.uyghurkitap.com

قانداق قۇيۇندا ئۆچمەيدىغانلىقىنى مەرداننىڭ قەلبىسىن كۆردۈم. لېكىن غۇنچەمچۇ؟ ئۇ هايات بولسا نەلەردە مۇهەببەت ئىزابىدا يۈرگەندۇ؟

دەرۋەقە غۇنچەمنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسى 1946 ـ يىلىدىكى قىلىن ئاغرىقتا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئاكىسى ياركەنت شەهىرىگە كۆچۈپ كېتىپتۇ، غۇنچەم مەرداننىڭ خەۋىرىنى ئۇققاندىن كېيىن، نېرۋا كېسىلى قايتا قوزغىلىپ سەۋدايى بولۇپ كوچىغا چىقىپ كېتىپ ئىككى يىل مەكتەپتىن قاپتۇ. ئۇ قارىيا-غاچلىقلاردا، زاراتگاھلىقلاردا، باغلاردا ئالدىغا ئۇچرىغان نەرسىگە قاراپ: «مەردان، مەردان كەلدى! مەردان نەگە باردىسەن؟» دېگەن سۆزلەرنى قىلىپ يىغلايدىكەن، كۈلىدىكەن، بىرىدە ئالدىغا، بىرىدە كەينىگە مېڭىپ بېشى قايغان تەرەپكە كېتىدىكەن. كېيىن نېرۋا كېسەللەر دوختۇرخانىسىدا ئالتە ئاي داۋالىنىپ ياخشى بولۇپ ئوقۇشىنى تۈگىتىپ، مەكتەپتىن ئايرىلىپتۇ. هازىر هاياتمىدۇ؟ هايات بولسا ئۇنىڭ دېرىكىنى كىم بىلىدىغاندۇ؟ مەن ئىچىمدە تىت ـ تىت بولۇپ هەسرەت چېكەتتىم.

«ئاھ مەردان، سېنىڭ غۇنچەڭ هايات، مەن ئۇنى ئاخىر تاپىمەن. سېنىڭ غۇنچەڭ ئېهتىمال مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بىرەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقتا سەن قىلماقچى بولغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەندۇ، بەلكىم يەنە سېنىڭ ئوت ـ پىراقىڭدا سەۋدايى بولۇپ بىر ئالدىغا ـ بىر كەينىگە دەسسەپ يۈرگەندۇ ياكى بىرەر ياشنىڭ پېشىنى تۇتۇپ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ، تۇنجى ئوغلىنىڭ ئېتىنى مەردان قويغاندۇ».

بۇ خىيالىمنىڭ كېيىنكى ئىككىسىنى ئويلىغىنىمدا بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ، پۇت ـ قوللىرىم سىرقىراپ ئاغرىغاندەك

قىلدى. چۈنكى، غۇنچەم مەردانغىلا خاس پىچىلگەنىدى.

مەن ئىنقىلابىي قۇربانلار مۇنارى ئالدىغا بېرىپ تۇراتتىم، سۇپىدا ئولتۇرۇپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا خىيال سۈرەتتىم. خىياللىرىم بەزىدە خىيالمۇ ياكى چۈشۈممۇ بىلەلمەي قالاتتىم. بەزىدە كۈلۈمسىرەپ ئېسىمگە كېلەتتىم، بەزىدە ئىككى كۆزۈم ياش، قارا باسقاندەك چۆچۈپمۇ كېتەتتىم، پۈتۈن بەدىنىم چىپىلداپ قارا تەرگە چۆمەتتى.

— ئاكا! ئاكا! كەچ كىرىپ قالدى، تۇرۇڭ، ئولتۇرۇۋەرسىڭىز سوغۇق سېمونت پۇت - قولىڭىزغا زىيان قىلىدۇ؟

مەن ئولتۇرغان ئورنۇمدا چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم، يېرىم قەدەم ئالدىمدىلا قارا كۆڭلەك كىيىپ قارا ياغلىقنى بېشىغا ئارتىپ ئېڭىكى ئاستىدىن چىگىۋالغان بىر قىز ئولتۇراتتى.

— قاراڭ، كۈنمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سوغۇق سېمونت، — دەپ تەكرارلىدى قىز.

— رەھمەت سىڭلىم، سىز دېگەندەك خېلى ئولتۇرۇپ قاپتىمەن، — دېدىم مەن قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىمنى يوشۇرغاندەك قىلىپ.

قىز مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان تاياقلىرىمنى قولىغا ئېلىپ، باشتىن - ئۇچىغىچە قاراپ سەپسالدى - دە، ئېغىرلىقىمنى دەڭسىگەندەك قىلدى.

— ئۆيىڭىز يېقىن يەردىمۇ؟ تاياقلىرىڭىزمۇ خېلىلا ئېغىركەن - دە؟

— ئامال قانچە، ياتىقىم يېقىن، — دېدىم مەن.

— ياتاقتا دەڭ؟ ئۆيىڭىز يوقكەن - دە؟

— شۇنداق، سىڭلىم.

— سىز ئۇرۇشتا شۇنداق بولغانمۇ؟ مەن سىزنى بىرنەچچە

قېتىم مۇشۇ يەردە كۆردۈم.

— شۇنداق، سىڭلىم، ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ مىناسى پارتلاپ پۇت - قولۇمنى يۇلۇپ كەتكەن. دەل جەڭدىكى ئۇرۇشتا.

— جەڭدىكى؟ — قىز تەكرارلىدى.

— شۇنداق، سىڭلىم، جەڭدىكى ئۇرۇشتا، ئۇ ۋاقىتىدا مەن 19 ياشتا ئىدىم. يالغۇز ئانام بار ئىدى. ئۇ قېلىن ئاغرىقتا ئۆلۈپ كەتتى. ھازىر مەن 25 ياشتا. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، قەبىھ ئۇرۇش قانچىلىغان بالىلارنى ھاياتىدىن، پۇت - قولىدىن ئايرىدى.

— بىراق، سىلەر غەلىبە قىلدىڭلارغۇ؟ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، سىڭلىم، بىز غەلىبە قىلدۇق. بۇ خەلقىمىزنىڭ تەلىيى.

— شۇنداق، ئاكا، سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار، قانلار بەدىلىگە ۋەتەن، خەلققە بەخت ياراتتىڭلار، سىلەردىن كېيىنكى ئەۋلادلار مىننەتدار، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، سىڭلىم.

— سىزنىڭ سۆيگۈنىڭىز بارمۇ؟

مەن دەرھال بىر نەرسە دېيەلمىدىم. تۇكۇرۇكۇم تامىقىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك گېلىمنى قىراتتىم.

— بۇرۇن بار ئىدى، ھازىر، ھازىرچە... بۇ ھالىمدا، — مەن ئاخىرقى دېمەكچى بولغان سۆزۈمنى دېيەلمىدىم - دە، قولۇمدىكى ئىككى قولتۇق تاياقىقا قارىدىم.

— بۇ ھالىمدا دەمسىز؟ — قىز مېنىڭ ئۇرۇشتىلا ئەمەس، «مۇھەببەت» يولىدىمۇ يارىلىنىپ پۇچۇلانغان قەلبىمنى چۈشەنسە كېرەك، — بۇ ھالىمدا دەمسىز، — دەپ تەكرارلى-

دى سەل جىددىيلىشىپ.

— شۇنداق، — دېدىم مەن.

— مۇھەببەت پۇت - قولىغىلا باغلىنىدىغان «توزۇپ كېتىدىغان گۈل» مىكەن؟ — دېدى قىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، سىڭلىم، بىراق... بىراق بەش قول ئوخشاش ئەمەسقۇ، ئاخىر مۇھەببەتنىڭ، يەنى ھەقىقىي مۇھەب-بەتنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەر ئۇچۇن «مۇھەببەت» گۈلدەك تو-زۇپمۇ كېتىدىكەن، ئۇچۇپمۇ كېتىدىكەن. نېمە ئامال.

مەن ئۇمىدسىز ھالدا ئىككى ئالىقىنىمنى يايدىم.

— شۇنداق، ئاكا! بىراق، بەش قولنىڭ تۆتى ھاياتنى، مۇھەببەتنى، يەنى ئادەمنى قەدىرلەيدىغاندۇ؟ سىز كىم ئۇچۇن ئۇرۇش قىلىپ پۇت - قولىڭىزدىن ئايرىلدىڭىز؟ ھەتتا ھاياتى-دىن ئايرىلغانلارچۇ؟

قىزنىڭ سۇلغۇن يۇزىدىكى بىر جۇپ قارا كۆزدە قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن غەزەپ ئوتى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ بىر پەس مېنىڭ بېغىشىدىن ئۇزۇلگەن پۇت - قولۇمغا، سۆرۈن تاتۇق يۇزۇمگە ئىللىق مېھرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى - دە، بىر تۇرلۇك ئۇرغۇدا ئۆزىچە پىچىرلاپ: «ھۇ ۋەھشىي ھايۋان، ئۇلار ئۇچۇن ھاماقەت كېرەك ... ھاياتىدا خۇن يۇراپ يۇرىدۇ، ئاشۇ خۇن ئىچىدە لەيلەپ يۇرگەن مال - دۇنيا، پۇل - مەنسەپ، ئابرۇي ئۇچۇن قاتراپ يۇرىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن مۇھەببەتمۇ ئاشۇ قان ئىچىدە لەيلەپ يۇرگەن بىر تال سېسىق سامان» دېدى.

— ئاكا! مەن سىزنى سەن دېسەم بولامدۇ؟ چۇنكى، مەن ئەڭ يېقىن كىشىمنى سەن دەيتتىم. بىز ئۆمۇر بويى بىر - بىرىمىزنى سەن دېيىشكە ۋەدىلەشكەن، — دېدى قىز كۆزلىرى-گە لىققىدە ياش ئېلىپ.

— سىڭلىم، سەن كىم، ئۆيۈڭ نەدە؟ — سورىدىم
ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر بىر ئازابنىڭ بارلىقىنى ھېس
قىلىپ. ئۇ بىر پەس جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاخىر:

— مەن ··· ئۆيۈم يوق، ياتاقتا، يولدىشىم ئۇرۇشتا، دەل ساڭا ئوق تەگكەن جىڭدىكى ئۇرۇشتا ئۆلگەن. بىراق، ئۇ مېنىڭ قەلبىمدە ئۆلمىدى، — دېدى دانىمۇ دانە قىلىپ.

— جىڭدىكى ئۇرۇشتا؟ ئۇ كىم؟ — مېنىڭ يۈرىكىم خۇددى نېمىنىدۇر تۇيغاندەك پۇلاڭلايتتى.

— شۇنداق، جىڭدىكى ئۇرۇشتا، — قىز كېيىنكى سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، — خەير- خوش ئاكا، مەنمۇ بۇ يەرگە پات - پات كېلىپ تۇرىمەن، — دېدى - دە، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ خوش دېگىنىچە يېرىدىم كەينىگە بۇرۇلۇپ كېتىپ قالدى.

— بۇ قىز زادى كىم؟ — دەيتتىم مەن تىت - تىت بولۇپ. تاڭ ئاتقۇچە كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئۇنىڭ ئەڭ چىن قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان سۆزلىرى قۇلىقىمدا جاراڭلايتتى. ئۇستىدىكى قارىلىق كىيىملىرى، مىسكىن چىرايى كۆز ئالدىمدىن نېرى كەتمەيتتى. كارىۋاتتا ئۆيان ئۆرۈلەتتىم، بۇيان ئۆرۈلەتتىم. دەر ھەقىقەت مەنمۇ ئاشۇ ئۇرۇشقا مېڭىشتىن بۇرۇن ئۆز يېزامدىكى تەختۇشلىرىم ئالدىدا ئونىنىڭ ئالدىدا بولسام، ئونىنىڭ كەينىدە ئىدىم، قاش - كۆزۈم جايىدا، ئۇرسام تاشنى ئىككى پارچە قىلاتتىم. تەختۇش قىزلار مېنىڭ ئىسمىنى ئاتاشتىن كۆرە «ئاق پىشماق» دەپ چاقىرىشنى ياقتۇراتتى. «ئاق پىشماق» دېگىنىدە ئۇلارنىڭ لەۋلىرىلا ئەمەس، يۈرىكىمۇ شەربەت ئىچكەندەك ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتى. مەن ھەرھالدا تالاشتا ئىدىم. مېنى توپتىن مەھەللىمىزدىكى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قول ئىلكىدە بار بىر ىنىڭ چىمەنگۇل ئاتلىق قىزى يۇلۇپ ئال-دى. چىمەنگۇل ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق چىمەن ئىچىدىكى گۇل ئىدى. ئۇنىڭ مېنىڭ كويۇمدا ساماندەك سارغايغانلىقى، مۇھەب-بەت ئوتىدا كۆيۇپ ئالا تېرىگە ئوخشاش قورۇلغانلىقى، مەن ئۇچۇن سۇزۇك سۇلا ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق سېسىق قارا پاتقاقتا چۇشۇشتىن قايتمايدىغانلىقى، كۇنىگە ئەمەس سائەت ـ مىنۇت كۆرمىسە چىدىمايدىغانلىقـى، ۋەھــاكــازالار. يېزىــلـ-غان خەت ـ بېيىتلىرى ھەپتىسىگە نەچچىسى مېنىڭ يانچۇقۇمغا پوچتا ساندۇقىغا چۇشكەندەك چۇشەتتى. ھەتتا مېنى باغنىڭ تۆرىگە، ئۆگزىدىكى پاخاللارغا سۆرەپ بېرىپ ئامانىتىنى قانچە قېتىم تاپشۇرۇشقا قىستىغانمۇ ئىدى. ئۇ مەن بىلەن بىرگە بولۇشقا ماڭدامدا بىر قەسەم ئىچكەنىدى. مەن ئۇرۇشتىن قاي-تىپ كەلدىم. ئاق پىشماق چىرايىم يوق، پۇت ـ قولۇم ناكا، بىراق قەلبىم يەنىلا پاك ئىدى. راستىنى ئېيتسام، چىمەنگۇلنى سېغىنغانىدىم. يېزامغا قايتىپ كەلگىنىمگە پۇشايمىنىم يوق ئىدى. چۇنكى، چىمەنگۇل مېنىڭ گۇل ئىچىدىن تاللاپ ئۇزگەن تۇنجى مۇھەببىتىم ئىدى. يېزىنىڭ يەتتە يېشىدىن يەتمىش يې-شىغىچە مېنى يوقلاپ كېلىشىۋاتىدۇ. مەن خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك كۆزۇم چىمەنگۇلدە. كۇن ئۆتتى، ھەپتە ئۆتتى، ئاي ئۆتتى. سۇسىرىغان گۇلدەك مۇھەببىتىم سولاشتى. ئويلىسام، پۇت ـ قولۇم ئەمەس، ئەمدى دىلىم ئاغرىۋاتاتتى. ئاخىر، بىر كۇنى چىمەنگۇل مەھەللىمىزدىكى قادىر باينىڭ كەنجى ئوغلى سېيىت بىلەن توي قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ مال ـ دۇنيالىق بولغاچقا، يېقىن قوشنا ئۇچ مەھەللىنى چاقى-رىپ، كالا ـ قوي سويۇپ چاي بەردى. يېڭى كېلىن چىمەنگۇل-نىڭ تۆت بارمىقىغا تۆت تال ئالتۇن ئۇزۇك، ئوڭ قولىغا ئالتۇن

بىلەزۈك، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن قاداق، دۇخاۋا، شىپون، تاۋار، گاباردىيون دېگەندەك يېزا ئاياللىرىنىڭ تىلىمۇ كەلمەيدىغان ئالتۇن ـ تاۋارغا ئورىلىپ، ئۆز كۇنداشلىرىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىپتۇ. مەن شۇ كېچىسى ئۇخلىيالمىدىم، ئىچىم پۇشۇپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكەتتىم. ئەپسۇسلىنارلىقى، مەھەللىدىكى بالىلار سېيىتنى دەلدۈش دەيتتى. چۈنكى سېيىت تۇغۇلۇپ ئۈچ يېشىدا بوينى، ئالتە يېشىدا پۇتى ئۆرە تۇرغان، تۇغما «راخت» كېسەللى ئىدى. ماڭسا يولنىڭ ئۇ چېتىدىن بۇ چېتىدىگە، تۇرسا بىر ئالدىغا، بىر كەينىگە دەلدەڭشىپ تۇراتتى. سېيىتنى باشقىلاردىن كۆرە ئۆزىنى گۈل ئاتىغان چىمەن ئالدى بىلەن «دەلدۈش» دەپ ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشەتتى. دەلدۈش چىمەنگۈلنى كۆچۈرۈپ ھۇجرىغا ئەكىرىش بىلەن تەڭ دەلدەڭشىپ چىقىپ ئاپىسىنىڭ يېنىدا يېتىپتۇ. چىمەنگۈلگە ھەمراھ بولۇپ دەلدۈشنىڭ سىڭلىسى يېتىپتۇ. يېزىدىنىڭ شوخ بالىلىرى ھە دەپ دېرىزە ئۇرۇپتۇ. ئەلەم ـ ھەسرەت، ئىزادىن ئۇ بىر ھەپتە ئۆتمەي سېيىت دەلدۈشتىن خېتىنى ئالدى. تۆت يىل ئىچىدە ئالتە ئەرگە تېگىپ ئىككى باللىق بولۇپ، 23 يېشىدا تۇل قالدى. تەقدىر پېشانىسىگە يەنە قانچە ئەر يېزىلىدىكىن. يېنىچە يېتىپ ئوڭ قولۇم كۆيۈشۈپ كېتىپتۇ. ئوڭدامغا ئۆرۈلدۈم، چىمەنگۈل ھەققىدە چۈش كۆردۈممۇ ياكى ئويغۇممۇ، ئىشقىلىپ كۆزۈم تورۇستا.

مانا ئاشۇ تورۇستا كىنو ئېكرانىدەك بايىقى قارلىق كىيىم كىيگەن قىز «سىلەر كىم ئۈچۈن قۇربان بەردىڭلار؟ كىم ئۈچۈن پۇت ـ قولۇڭلاردىن ئايرىلدىڭلار؟» دەۋاتقاندەك قىلاتتى. «راست، بىز كىم ئۈچۈن قۇربان بەردۇق؟ كىم ئۈچۈن پۇت ـ قولىمىزدىن ئايرىلدۇق؟» دەپ ئويلىدىم مەنمۇ.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەن چۆچۈپ كەتتىم. كۆزلىرىم روشەنلىشىپ، دېرىزىدىن
قۇياش نۇرى چۈشۈپ ئۆي ئىچىنى يورۇتۇۋەتكەندەك بىلىندى.
«چولپان! چولپان! چولپان!» بىردىنلا چولپان ئېسىمگە
كەلدى. ئۇ مەن بىلەن بىر بولۇمدە، ھەر كۈنى ئۇنىڭ چولپان-
دەك كۆزلىرى، سۇمبۇل چاچلىرى، قەلەمدەك قاشلىرى مەن
بىلەن بىرگە ئىدى. ئۇ ماڭا بىر كۈنى: «مۇھەببەت پۇلغا
سېتىلىدىغان مال ئەمەس، تېگىپ بېرىدىغان پۇل ئەمەس. ئەگەر
شۇنداق بولسا مەن ئۇكۇل قىلىپ ساڭا سالغان بولاتتىم» دېگە-
نىدى. مانا شۇ مىنۇتتىن باشلاپ چولپان مۇھەببەت ئوتىنى ئاشۇ
ئوكۇل شىپىرىسى بىلەن مېنىڭ قەلبىمگە سالغانىدى.

چولپان 1943 ـ يىلى 16 يېشىدىلا 10 ياشلىق ئىنىسى
بىلەن يېتىم قېلىپ ئانىسىنىڭ قولىدا قالدى. ئۇ دادىسى ھايات
ۋاقتىدا دادىسىغا ياردەملىشىپ كەتمەن تۇتۇپ، سۇ تۇتاتتى.
ئۆيىنىڭ چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئىشلىرىغا ئارىلىشاتتى. مۆرىتى
كەلسە ئۆزى تەڭتۇش ئوغۇل بالىلارنىمۇ كۆتۈرۈپ باساتتى،
ئېشەك مىنىپ ئوغلاق تارتىشىپمۇ ئوينايتتى. 1944 ـ يىلى
ئۇنىڭ ئەمدىلا 17 ياشقا كىرگەن ۋاقتى ئىدى. شۇ مەھەللىنىڭ
كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان زومىگەرى غوجاش شاڭيۇ چولپ-
انغا چاپمۇ چاپ ئۇچراپ قالدى. غوجاش ئۇنى كۆردى ـ دە،
تۇرغان ئورنىدا قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۆلگىيى ئې-
قىپ، چولپان ئۆيىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئېسىگە كەل-
دى.

ـــ يا خۇدا! پەرى، پەرى، دەل ئاسماندىكى پەرىنىڭ ئۆزى
شۇ، ـــ ئۇ ساقىلىنى سىقىمداپ ئاغزىغا سېلىپ تامشىدى. شۇ
كېچىسى مەھەللىنىڭ ئىمامى بىلەن مەزىنىنى ھاشىخان ھەدە
ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى. خۇدانىڭ بۇ ئىككى ئەلچىسى

دوزاخ - بېھىشتىن گەپ سېتىپ ئىككى ئاخشام قاتراپ يۈرۈپ، ئانىنى مەجبۇرىي قايىل قىلدى. چولپانمۇ يىغلىدى، قاقشىدى، ئاخىر كۆڭلىگە باشقا كەلگەننى كۆرەرمەن دەپ ئويلىدى. غوجاش شائىيۇ بۇ پەردىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئالدى بىلەن نىكاھىنى ئوقۇتۇپ، ئاندىن چوڭ توي قىلماقچى بولدى. بەشىنچى خوتۇنى بولمىش چولپانغا ئاتاپ ئالاھىدە چوڭ قورۇ سېلىپ، باغ ياساشقا قەسەم قىلدى. خۇپتەن ئارىلاپ غوجاش شائىيۇنىڭ خادىمىدە ئىككى ئايال كېلىپ ھاشىخان ھەدە بىلەن چولپاننى ئېلىپ شائىيۇنىڭ قورۇسىغا كىردى. ھېلىقى ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ھاشىخان ھەدىنى باشلاپ ساراي ئۆيگە، بىرسى چولپاننى يېتىلەپ ھۇجرا ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. ھۇجرىدا دۇردانىدىن تىكىلگەن ئورۇن - كۆرپىلەر سېلىقلىق ئىدى. ھايال قىلمايلا مەزىن بىلەن ئەللىك بېشى كىردى. چولپاندىن:

— سۇنۇر قازىنى ئات تۇتتۇڭمۇ! — دەپ سورىدى مەزىن.

چولپان تەتۈر قارىغان پېتى ئۈن چىقارمىدى.

— مەزىنئاخۇن، يىغلىمىغاندىكىن تۇتتۇم دېگىنى، ئەز-بىرايى خۇدا، مەن ئاڭلىدىم، تۇتتۇم دېدى، — دېدى ئەللىك بېشى.

— مەندىن سورىغۇچە خوتۇنىڭدىن سورا ئىپلاسلار! — دېدى چولپان ئاڭلىتىپ تۇرۇپ.

ئىككى مۆمىن بەندىنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئىمام نىكاھ ئايىتىنى ئوقۇپ تاماملىدى. ئىت نەپسى تاقىلدىغان غوجاش ئاش تارتقۇغا قارىمايلا ھۇجرىغا كىردى.

— بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، — ئۇ ئىشىكنى ئىچ-چىپ ئايەتتىن كېيىن بىرىنچى قەدەمنى باستى. ئۇنىڭ ساقال-

لىرى تىترەپ، قوللىرى قاملاشمايتتى. ئۇ «ھى - ھى - ھى» دېگىنىچە ناىناقلاپ كېلىپ بۇلۇڭدا تەتۈر قاراپ ئولتۇرغان چول-پاننىڭ مۈرىسىنى تۇتماقچى بولدى. چولپان ئۆزىدىن 45 ياش چوڭ بۇ مىتە قۇرۇتنىڭ ئىپلاس قوللىرىنى پاك بەدىنىگە تەگ-كۈزمىدى. ئىرغىپ قوپۇپ تىكلىنىپ قارىدى.

— ھى - ھى - ھى، خېنىم، قاراڭ بۇ ئۆيدىكى نەرقى دۇنيا ھەممىسى سىزنىڭ بولىدۇ، مەن تېخى سىزگە ئاتاپ چوڭ قورۇ - جايمۇ سالدۇرىمەن.

چولپان يىغلىمىدى، گەپ - سۆزمۇ قىلمىدى، غوجاش شاڭيۇ خاتىرجەم ئىدى. ئۇ بېرىپ ئىشىكنى ئىلغان بولۇپ كىچىككىنە قۇلۇپنى ئىشىككە سالدى - دە چولپانغا يېقىن كەل-دى.

— شۇكۇر ئاللا، — دېگىنىچە ئورۇنغا كىردى.

«ئىپلاس قېرى جادۇ، سېنىڭ ئەدىپىڭنى بېرىپ خەلقئا-لەم ئالدىدا رەسۋايىڭنى چىقىرىپ ئاندىن ئۆلسەم مەيلى» دېدى چولپان ئىچىدە.

چولپان لامپىنى پەس قىلىپ چۇشۇردى. غوجاشنىڭ يەردى-كى كىيىملىرىنى قوزۇقتا ئاسقان بولۇپ، ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پىچىقىنى، ئىشتانبېغىنى سوغۇرۇۋالدى. ئاندىن غوجاشقا يې-قىنلاشتى.

— خېنىم، مانا بۇ يەرگە، خېنىم، خېنىم، — نەپسى تاقىلداپ شۆلگىيى ئاققان قېرى قاقۋاش يوتقاننىڭ بىر چېتىنى ئېچىپ ئۆزى بىر چەتكە سىيرىلدى.

— غوجام، مەن كىچىكىمدە ئېشەك مىنىپ ئوينايتتىم. ھازىرمۇ قىز ۋاقتىمدا ئاخىرقى قېتىم مىنىپ ئولتۇرغۇم بار. ئۆزلىرىنى مىنىپ ئوينايمۇ؟ غوجام، قېنى دۈم ياتسىلا!

— ۋاي خېنىم، باش ئۇستىگە، مانا، مانا.
غوجاش شاڭيۇ ئۆرۈلۈپ دۈم ياتتى.

چولپان يوتقاننى ئۇنىڭ ئۇستىگە يېپىپ ياستۇقنى قويۇپ ياستۇق ئۇستىگە مىندى.

— غوجام، ئاتمىش تاختا، يەتمىش تاختا دېگەنىكەن، سىز قايسى؟ — دېدى چولپان.

چولپاننىڭ سۆزىنىڭ نېگىزىنى چۈشەنمەي ئېشەك بولۇپ دۈم ياتقان شاڭيۇ:

— مەن، مەن، ئەزبىرايى خۇدا نەسىللىك بۇقا، — دېدى.

— نەسىللىك بۇقا! ياق، غوجام، مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىنى تاپالمىدىڭىز، نەسىللىك ئېشەك. مەن نەسىللىك ئېشەكنىڭ پۇتىنى چۈشەپ ئوينايتتىم. غوجامنىڭ قولىنى باغلاپ ئوينىسام خاتىرجەم ئىچىلىرىگە كىرەلەيمەن، بولامدۇ؟

— خېنىم، جان ئۇستىگە، ۋاي بىلىم، — غوجاش ئىككى قولىنى يوتقاننىڭ تېشىغا چىقاردى.

چولپان بۇ نەسىللىك ئېشەكنىڭ ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ ئىشتان بېغى بىلەن مەھكەم باغلىدى.

— ۋايجان، ئۆلدۈم، ئادەم بارمۇ؟

— نەسىللىك ئېشەك، ۋارقىرىما. مەن كىچىكىمدە ئې-شەكنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ جاڭزا ياساپ تېپىپ ئوينايتتىم. غوجام، يېتىشقا تېخى ئەتىگەنغۇ، مەن جاڭزا ياساپ بىردەم ئويناي.

چولپان غوجاشنى ئوڭدىسىغا ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ساقىلىنى ئۇچۇملاپ تۇتتى. غوجاشنىڭ كۆزى چولپاننىڭ قولىدىكى پە-چاقتا ئىدى.

— ئۇنۇڭنى چىقارما، نەسىللىك ئېشەك، مەن هازىرلا



www.uyghurkitap.com

ئىچىڭگە كىرىمەن.
— بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن، نېمە دېسەڭ شۇنى ئال.
— مېنى «ئۈچ تالاق، قويدۇم» دە!
— ئۈچ تالاق، قويدۇم.
— چوڭ خوتۇنۇڭدىن باشقا ئۈچىنى ئېتىنى ئاتاپ تۇرۇپ «ئۈچ تالاق، قويدۇم» دە.
— ئۈچ تالاق، قويدۇم.
— ئەگەردە بۇنىڭدىن كېيىن ئاپامغا، ماڭا چېقىلسام ئۆزۈم توڭگۇز، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق، دە.
— ئۆزۈم توڭگۇز، خوتۇنۇم ئۈچ تالاق.
— ھەي توخۇ يۈرەك نەسىللىك ئېشەك. مەن سېنىڭ نەۋرەڭدىن كىچىك قىزمەن، كۆزۈممۇ سەندەك نەرسىگە قاراش-تىن يىرگىنىدۇ. مەن ساڭا قۇيرۇقۇڭنى چىشلىتىپ قوياي.
چولپان غوجاشىنىڭ ساقىلىنى تۇۋۇدىن كەستى - دە، تام-بىلىنىڭ بىر پۇچقىقىنى كېسىپ ساقالنى ئوراپ نەسىللىك ئېشەكنىڭ ئاغزىغا پۇرلەپ تىقتى.
— خەير، نەسىللىك ئېشەك، مەن كەتتىم.
ئۇ قورۇغا ئاۋايلاپ چىقىپ، غوجاشىنىڭ ئېتىنى مىنىپ يولغا چىقتى - دە، ئۇتتۇر غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ شەھەرگە يېقىن كەلگەندە ئاتنى كەينىگە بۇراپ ئاتتىن چۈشۈپ بىر قامچا سالدى. ئات ئۈچقاندەك چېپىپ كەتتى. چولپان شەھەر ئىچىدىكى بىرنەۋرە ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. چولپان كېلىپ 23 كۈندىن كېيىن نىلقا پارتىزانلىرى غۇلجىغا بېسىپ كىرىپ، غۇلجا شەھىرى ئازاد بولدى. چولپان پىدائىي بولۇپ سەپكە كىردى. سېستىرا بولۇپ لەنشاڭ، ھەرەمباغ، ئايرودروم ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىپ قانچىلىغان يارىدارلارنى ئوت ئىچىدىن

يۈدۈپ چىقىپ داۋالاپ ساقايتتى. ئۇ كەڭسايدىكى ئۇرۇشتا پار-
لاندى. دۈشمەننىڭ ئوقى ئۇنىڭ سول تەرەپ بىر تال قوۋۇرغى-
سىنى يۇلۇپ كېتىپ ئېغىر يارىلىنىپ ساقايدى.

مەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدىم. تۈرلۈك خىياللار...
بىردە قارلىق ياغلىق تاڭغان قىز، بىردە چولپان كۆز
ئالدىمغا كېلەتتى.

— هوي، نېمە بولدۇڭ، شۇنچىلامۇ ئۇخلامسەن؟ —
چۆچۈپ ئويغاندىم، ئالدىمدا چولپان تۇراتتى.

— چولپان، چولپان، — دېدىم مەن هودۇققاندەك.

— قارىغىنا، كۈن چۈش بولاي دېدى. مەن تېخى سېنى
يەنە ئاغرىپ - تارتىپ قالدىمۇ دەپ ئەنسىرەپ كىرىشىم. بۈگۈن
كېچە ئۇخلىيالمىدىڭمۇ؟ — ئۇنىڭ خۇمار كۆزلىرى مېنىڭ
كۆزۈمگە قاداقلىق ئىدى.

— چولپان! سېنىڭ مېنى ئىزدەپ كىرىشىڭنى بىلەتتىم،
بۈگۈن هېچ يېرىم ئاغرىمىدى. بىراق، بىراق، قارا، مۇنۇ
پۇتۇم بىلەن قولۇم... قولۇم ساقايغاندەكلا قىلدى. چولپان،
چولپان، سەن بۈگۈن نېمانچىلا چىرايلىق - هە؟ بىر سۆز دېسەم
خاپا بولامسەن؟

چولپان قاقاقلاپ كۈلدى - دە:

— كۈن قاياقتىن چىقتى؟ — دېدى.

— چولپان، كۈن سەن تەرەپتىن چىقتى...

چوڭقۇر مۇھەببەت ئىچىدە بىر - بىرىمىزگە تويماي قارى-
شىپ تۇرۇپ قالدۇق...

2

1952 - يىلى 6 - ئاي مەزگىلى ئىدى. بىز بىر تەكلىپنا-



www.uyghurkitap.com

مە تاپشۇرۇۋالدۇق. چولپان ئىككىمىزنىڭ ئوچۇق سوت يىغىنى-
غا قاتنىشىپ بىر نىشمىز ئۇقتۇرۇلغانىدى.

— قانداقچە بۇ سوت يىغىنىغا بىزنى تەكلىپ قىلدۇ؟ — دېدى چولپان ھەيران بولۇپ.

مەن مۇرەمنى قىستىم – دە:

— ئېھتىمال ئۆتكەندىكى ئىشلار بولۇشى مۇمكىن، — دېدىم ۋە چولپاننىڭ مەسلىھەتى بىلەن مەردانىنىڭ ماڭا قالدۇ-
رۇپ كەتكەن سومكىسىنى ئېلىۋالماقچى بولدۇق. بىز ئوچۇق سوت زالىغا كىرسەك، شەھەردىن، يېزا - قىشلاقلاردىن سوت يىغىنىغا چاقىرىلغانلار كېلىپ زالنىڭ ئىچى لىق تولۇپتۇ. مەن ئىشىكتىن كىرىپ ئىككى قەدەم مېڭىشىمغىلا خەلق سوت مەھ-
كىمىسى كىيىمىنى كىيگەن بىر قىز قولتۇقۇمدىن يۆلەشتۈرۈپ بىزنى ئالدىنقى رەت، ئوتتۇرىدىكى ئىككى بوش ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئاندىن سەھنىدىكى سوتچىلار قاتارىغا چىقىپ ئولتۇردى. سەھنىنىڭ ئالدىغا ئۇزۇنىسىغا «يوقالسۇن ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇرلار» دېگەن چوڭ خەتلىك پىلاكات ئې-
سىلغان. تاملارغا «ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قەتئىي بېسىقتۇرايلى! راستىنى ئېيتقانلارغا كەڭچىلىك، قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق! » دېگەن لوزۇنكىلار چاپلانغان بولۇپ، يىغىن زالى ئاجايىپ سۇرلۇك، ھەممە كىشىنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، سەھنىدە باش سوتچى، سوت كاتىپى، ئاقلىغۇچى ئۈچ ئەر بىلەن قارىلىغۇچى بىر ئايال ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى كىچىك تاختايغا بۇگۇنكى ۋەزىپىسى بىلەن ئىسمى يېزىلغان بولۇپ، ئايالنىڭ ئىسمى يېزىلغان تاختايچىنى دېلونىڭ قەغىزى يېپىۋالغانىدى.

— بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلىمەن، — دېدىم مەن

چولپانغا، — تۇرقىغا قارىغاندا 22 لەردە بار قىزدەك كۆرۈنىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، قارا، كۆزى بىزدە، مەن تېخى ياغلىقى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتكىنىنى كۆردۈم، كۆڭلى سۇنۇق، دەردى بار، — دېدى چولپان.

— كىم بۇ؟ قاچان، نەدە كۆردۈم؟ — كۆڭلۈم غەش ئىدى.

— غۇنچەممۇ، يە؟ — يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ پۇلاڭلاپ كەتتى - دە، بەدىنىمگە ئىختىيارسىز تىترەك ئولاشتى. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇ ئۇچراشقان كۆزىنى مەندىن دەرھاللا قاچۇرۇپ جوزىغا قارىۋالدى.

— يوقالسۇن ئەكسىلئىنقىلابچىلار!

— ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى قەتئىي بېسىقتۇرايلى!

— ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرەيلى!

زالدا ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا قارشى قۇدرەتلىك خەلق ساداسى كۆتۈرۈلدى.

بىر توپ قوراللانغان ساقچىلار زالغا جىنايەتچىلەرنى سۆرەپ كىردى. ئۇلار قان ئىچكۈر جاللات غوجەك، ئەكسىلئىنقىلابچى ئەھەت باۋجاڭ، ساتقۇن ھىمىت، ئىشپىيون ئىمام بىلەن ئامىنە ئىدى. ئەقلىدىن ئازغان ھايۋاننىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى ئاسان، بىراق ھېساب بېرىشى قىيىن ئىدى. جىنايەتچىلەر ئالدىدا قىزىل قان، ئاشۇ قانلار بەدىلىگە كەلگەن ئات، كالا، قوي، ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيا سىپسىق ساماندەك ئۇچۇپ يۈرەتتى. قانچە ئۆلتۈرۈلگەن ناھەق كېسىلگەن باش، ئۈزۈلگەن پۇت - قول، كىرىشكەن چىش، تۈرۈلگەن مۇشت، ئالايغان كۆزلەر نەشتەر بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن سانجىلماقتا

ئىدى.

— غۇنچەم! قارا، غۇنچەم ئىكەن، — دېدى چولپان قىزنىڭ ئالدىدىكى تاختايچىنى كۆرسىتىپ.

غۇنچەم! دەل شۇ غۇنچەم، قايسى كۈنى مەن بۇ قىزنى مۇنار ئالدىدا كۆرگەن. راست، ئۇنىڭ سۆيگىنى جىگدىكى ئۇ-رۇشتا مەردلەرچە قۇربان بولغان، «مېنىڭ غۇنچەم» دەپ ئا-خىرقى تىنىقنى تىنغان. قىزىل قېنى بىلەن «قىساس» دەپ يېزىپ ئاخىرقى قىساسىنى ماڭا تاپشۇرغان. ئاھ، قەدىردان مەردان! مەن سېنىڭ غۇنچەڭنى قىساس مەيدانىدا ئاخىر تاپتىم. رەھىمسىز پەلەك، ۋاپاسىز دۇنيا، ئىككى گۈلنى بەرگىدىن ئۈزگەن.

ئوچۇق سوت ئېچىلدى. سوت رەئىسى جىنايەتچىلەرنىڭ ئىسمىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن غۇنچەم ئورنىدىن تۇرۇپ بۇ بەش تىرىك مۇردىغا بىر پەس تىكىلىپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى جىنايەتچىلەرگە قىساس ئوتى بىلەن نەشتەردەك سانجىلماقتا ئىدى.

— مېنى تونۇمسىلەر؟ — خىتاب قىلدى غۇنچەم. بىد-راق، تىرىك مۇردىلاردا سۆز قىلغۇدەك مادار يوق ئىدى.

— بۇگۈن مەن بۇ جىنايەتچىلەر ئۈستىدىن قارىلاش ئە-مەس، بەلكى ئەڭ قاتتىق شىكايەت قىلىمەن. مېنىڭ كىچىك دادام پولات، كىچىك ئاپام گۈلنار ۋە ئۇلارنىڭ بىر تال ئوغلى، مېنىڭ ئەزىز قېرىندىشىم مەردان بۇ تۆت ساتقۇننىڭ ساتقۇنلۇقى بىلەن قولغا ئېلىنىپ، بۇ جاللاتلارنىڭ ئىپلاس قولىدا كىچىك دادام بىلەن كىچىك ئاپام تۈرمىدە قۇربان بولغان. مەردان قېچىپ چىقىپ 15 يېشىدا ۋەتەننىڭ ئازادلىقى، خەلقىمىزنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ جىگدىكى ئۇرۇشتا قۇربان

www.uyghurkitap.com

بولغان.

— توختاڭ، — دېدى ئاقلىغۇچى ئادۋوكات ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ سۇدىن چىققان چاشقانلاردەك شۈمشىيىشىپ تىترەپ تۇرغان جىنايەتچىلەرگە قارىدى ـ دە، — سىز مۇشۇ مىنۇتتا شىكايەت قىلغۇچى ئەمەس، بەلكى قارىلىغۇچى، سىزدە ئۆلگۈچىلەرنىڭ بىرەر ماددىي پاكىتى بارمۇ؟ — دېدى.

— بەس! — دېدىم مەن غەزىپىمنى باسالماي ئېتىلىپ چىققان ۋولقاندەك، ئالىققىنىمنى كەڭ ئېچىپ ئاقلىغۇچىنىڭ ئاغزىغا سالىدىغاندەك ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، — ئەگەر بۇ بەش قاتىلغا شىكايەت قىلغۇچى ۋە پاكىت لازىم بولسا، مانا مەن شىكايەتچى ۋە پولاتتەك ماددىي پاكىت.

مەن سەھنىگە قاراپ ماڭدىم، قولتۇقۇمدىكى ئىككى تاياق بۇ قان ئىچكۈر بەش جىنايەتچىنىڭ يۈرىكىگە سانجىلغاندەك يەرگە سانجىلاتتى. غۇنچەم ئالدىمغا كېلىپ چولپان بىلەن مېنى يۆلەشتۈرۈپ سەھنىگە چىقاردى. ئۇنىڭ كۆزى ياش ئىدى.

— غۇنچەممۇ سەن؟

— شۇنداق، مەن غۇنچەم، مەن سېنى دائىم مۇنار ئالدىدا كۆرەتتىم.

— سېنىڭ مەردانىڭ جىگدىكى ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئىككى پوتىينىنى پارتلىتىپ قۇربان بولغان.

مەن سومكىدىن پولات ئەلپاتتايوپ بىلەن گۈلنارنىڭ تۇرمىدىكى قانغا مىلەنگەن كۆڭلىكى بىلەن مەردانىنىڭ ئۇرۇشقا كىرىشتىن بۇرۇنقى ئۆز قېنى بىلەن يازغان «قىساس، قىساس، قىساس» دېگەن خېتىنى كەڭ يېيىپ خەلققە كۆرسەتتىم.

— مانا بۇ قانغا مىلەنگەن ئىككى كۆڭلەك، بىر ئائىلە كىشىلىرى ئەنە شۇ تۆت ئەكسىلئىنقىلابىي خائىن ـ ئىشپىيون

تەرىپىدىن تۇتۇپ بېرىلگەن. بۇ جاللات تەرىپىدىن قولغا ئېلى-
نىپ، تۈرمىدە توغراپ ئۆلتۈرۈلگەن ئەر - ئايال ئوقۇتقۇچى
پولات بىلەن گۈلنارنىڭ كۆڭلىكى. مانا بۇ «قىساس، قىساس،
قىساس» دېگەن خەت. مۇشۇ تۆت مۇناپىق تەرىپىدىن قولغا
ئېلىنىپ تۈرمىدىن ئۆلۈم تىزىملىكىدىن قېچىپ چىققان مەردان
ئەلپاتتايوپنىڭ ئۆز قېنى بىلەن يازغىنى، بىرىنچى قىساس دادى-
سى پولات ئۈچۈن، ئىككىنچى قىساس ئانىسى گۈلنار ئۈچۈن،
ئۈچىنچى قىساس، جەڭ ئۇرۇشىدا باتۇرلارچە قۇربان بولغان
قان - قېرىنداشى شىبە مىللىتىدىن چىققان باتۇر شورۇنتاي
ئۈچۈن، — مەن بىر پەس كۆكرىكىمنى كېرىپ تۇرۇپ دېمەم-
نى ئالدىم - دە، سۆزۈمنى داۋام قىلدىم، — مەردان ئەلپاتتا-
يوپ 14 يېشىدا قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدىن قېچىپ چىقىپ،
پىدائىي بولۇپ قولىغا قورال ئېلىپ كۈرەشكە ئاتلاندى. ئۇنىڭ
ۋەتەننى ئازاد قىلىش كۈرىشى «قىساس» بىلەن باشلاندى. ئۇ
يېنىپ تۇرغان ئوت ئىدى. بىرىنچى قېتىمقى چوڭ ئۇرۇشلاردا
ئۇ ئاجايىپ باتۇرلۇق بىلەن دۈشمەن ئىچىگە بېسىپ كىرىپ
دۈشمەندىن قىساس ئالدى. جەڭدىكى ئۇرۇشتا دۈشمەننىڭ ئىك-
كى پوتىيىنى پارتلىتىپ قوشۇنىمىزنىڭ بېسىپ كىرىشىگە يول
ئېچىپ مەردلەرچە قۇربان بولدى. مەردان «ئالغا! ئازادلىق
ئۈچۈن ئالغا! قىساس، مېنىڭ غۇنچەم» دېگەن بىلەن ئاخىرقى
تىنىقىنى تىندى.

مەن سومكىدىن مەرداننىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئېلىپ،
ئاخىرقى قۇرلىرىنى ئۈنلۈك ئوقۇدۇم.

«مېنىڭ غۇنچەم، مەن مۇشۇ مىنۇتتا جەڭگە ماڭدىم، جان
بار يەردە قازا بارغۇ؟ بۇ قېتىمقى جەڭ بۇرۇنقىلاردىن چوڭ ھەم
كۈچلۈك بولۇپ، ئۆلكىدىكى پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئى-

شى ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئۇرۇش. ۋەتەنىنىڭ ئازادلىقى، خەلقى-
مىزنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن قۇربان بولۇش بىز پىدائىيلار
ئۈچۈن شەرەپلىك ئىش. ھېلىقى بەش مەلئۇننى ساڭا قالدۇر-
دۇم، سەن شىكايەتچى ھەم قىساسكار. سېنىڭ مەردانىڭ» خاتى-
رە مۇشۇ سۆز بىلەن ئۈزۈلگەن.

زالىدا يەنە كۈچلۈك سادا كۆتۈرۈلدى. قانچە ئۇنلىغان
ئەر — ئايال، ياش — قېرىلارنىڭ كۆز ياشلىرى، تۈرۈلگەن
مۇشت، كىرىشكەن چىش، ئالايغان كۆزلىرى بىلەن: «يوقال-
سۇن ئەكسىلئىنقىلابچىلار! ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بې-
رىلسۇن!» دېگەن كۈچلۈك شىكايەت ساداسى كۆتۈرۈلدى.

سوت رەئىسى ھۆكۈمنى ئېلان قىلدى. جاللات غوجەك،
ئەھەت، ھىمىتلارنىڭ دۈمبىسىگە دەرھال ئۆلۈم تاختىسى قادال-
دى. قورالىق ساقچىلار بۇ جىنايەتچىلەرنى سۆرەشتۈرۈپ ئاچى-
قىپ كېتىشتى.

— مەن سېنى ئاخىرى تاپتىم، — دېدىم غۇنچەمگە
قاراپ.

— شۇنداق، مەن سېنىڭ دائىم ئاشۇ مۇنار ئالدىدا خىيال
سۈرۈپ ئولتۇرغىنىڭنى كۆرەتتىم. ھامان بىر كۈنى ۋاقتى
كەلگەندە بومبىدەك پارتلاپ چىقىدىغانلىقىڭنى بىلەتتىم، —
دېدى غۇنچەم.

— بىز غەلىبە قىلدۇق، مەردانىنىڭ كۆزى يۇمۇلدى، —
دېدىم مەن.

— شۇنداق، بىز غەلىبە قىلدۇق. مەردان ھەرقا-
چان مەن بىلەن بىرگە. ئۇنىڭ قەلبى ھايات. ئۇنىڭ قەلبى
مېنىڭ قەلبىم، مېنىڭ قەلبىم ئۇنىڭ بىلەن كەتكەن،
ئەگەردە «ئۆلدى» دېيىلسە، مەردان ئەمەس مەن، — دېدى

غۇنچەم تىترەك ئاۋازدا.

مەن سومكىدىن مەردانىنىڭ «ئازادلىق»، «باتۇرلۇق»، «پىدائىي» ئوردېن ـ مېداللىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا:

ــ مانا بۇلار سېنىڭ مەردانىڭنىڭ ئوردېن، مېداللىرى، بۇ باتۇرلۇق، پىدائىي مېدال ـ ئوردېنلىرى غۇلجىنى ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىدا كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن بېرىلگەن. بۇ ئازادلىق، باتۇرلۇق ئوردېنى جەڭدىكى ئۇرۇشتا كۆرسەتكەن قەھرىمانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن. ئەپسۇسكى سېنىڭ باتۇرۇڭ بىۇ، بىۇ، بىۇ... ئىككىي ئالىي ئوردېنىنى كۆكسىگە تاقىيال - مىدى، ــ مەن كېيىنكى سۆزلەرنى ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ زورىغا ئاران دېيەلىدىم.

ــ شۇنداق، شۇنداق، مەنمۇ مەردانىنىڭ مۇشۇ ئوردېن ـ مېداللارنى تاقاپ كېلىپ مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشىنى كۈتەتتىم. پۇت ـ قولى يوق بىر پارچە كۆتەك بولسىمۇ، هاياتلا ئالدىمغا كەلسە، ئاغزىمدا نان چايناپ، سۇ بېرىپ، هاپاش قىلىپ مەڭ- گۈگە باقاتتىم.

غۇنچەم مەردانىنىڭ «قىساس» دەپ يېزىلغان خېتى، قىپقى- زىل قېنى بىلەن يېزىلغان خېتى، ئوردېن ـ مېداللىرىنى كۆزىگە سۈرتەتتى، پۇرايتتى، ئاغزىغا ياقاتتى، كۆكسىگە باساتـ- تى. ئۆپكىدەيتتى، ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا تېلىقىپ قالاتتى. ئانىلار، ئاپئاق ساقاللىق بوۋايلار، ياش جۇۋانلار، قىزلار، ئۇنى باغرىغا بېسىپ تەسەللى بېرىپ باشلىرىنى سىلاپ، كۆز ياشلىرى- نى سۈرتەتتى. ئۇلارنىڭمۇ ھەسرەتلىك ياشلىرى يۈرەكلىرىنى پارە ـ پارە قىلىپ يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. تەڭرىتېغى، بوغدا چوققىسى چوڭقۇر سۈكۈتتە ئىدى. غۇنچەمنىڭ يۈرىكى چوڭقۇر ھەسرەت ئىچىدە سوقاتتى.

غۇنچەم مەردان ئۇچۇن ھەسرەت چەكتى، سەۋدايى بولۇپ چۆل ـ جەزىرىلەرنى كەزدى، ئەسكى تاملىق، زاراڭگاھلىقلاردا يۈردى. ھەسەتخورلارنىڭ، شوخ، كەپسىز، نادان بالىلارنىڭ مەسخىرىسىگە قالدى. مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئۇ «مەردان، مەردان، سەن نەدە؟ مېنىڭ مەردانىم» دەپ زار ـ زار يىغلىدى، قاقشىدى. ئۆزىنى ھەر مىنۇت چۈشىدە كۆرگەندەك مەرداننىڭ قۇچىقىدا ھېس قىلىپ يۈردى. ئۇ ئويغىدا، چۈشىدە، چۆل ـ جەزىرە، ئەسكى تامدا، باغدا، ئورماندا بولسۇن مېنىڭ مەردانىم قايتىپ كېلىدۇ، مېنى قانغۇچە باغرىغا باسىدۇ، مۇشۇ ئالمىنىڭ يېرىمىنى ئۆز قولۇم بىلەن مەردانغا يېگۈزۈپ، يېرىمىنى ئۇنىڭ قولىدا ئۆزۈم يەيمەن دەپ بىر تال قىزىل ئالمىنى شېخىدا تۇرغۇزۇپ پەرۋىش قىلدى. ھەتتا مەرداننىڭ قۇربان بولغان خەۋىرىنى ئۇقۇپ قان يىغلاپ تاكى مۇشۇ مىنۇتقىچىلا ئۇنىڭغا مەردان ھاياتتەك، ئىشىكتىن غۇنچەم مەن كەلدىم دەپ كىرىپ كېلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. غۇنچەم ھازىر مەرداننىڭ «كەلگۈسىدە بىزگە نۇرغۇنلىغان سىياسىي ـ قانۇن كادىرلىرى كېرەك» دېگىنىچە سىياسىي ـ قانۇن كادىرى بولۇپ يېتىشتى. مەردانمۇ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ئورۇشتىن قايتىپ كېلىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇپ ۋەتەن چېگراسىنى پولات قورغان بولۇپ قوغدىشى كېرەك. بۇ چۈش ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىرادىسى، ھەقىقىي ۋەدىسى ئىدى.

غۇنچەم بۇ يىل تۇپتوغرا 21 ياشقا تولدى. ئۇ ئىرادىسىگە قىلچىمۇ خىلاپ ئىش قىلمىدى، ھەتتا ئويلاپمۇ كۆرمىدى، «مەردان يوق ـ قولى يوق، كۆزى كور، بىر پارچە كۆتەك بولۇپ ھاياتلا كەلسە، باغرىمغا بېسىپ يۆلەپ كۆتۈرۈپ، ئاغزىمدا نان ـ چاي بېرىمەن. بۇ مەن ئۈچۈن بەخت» دەپ يۈردى.

ئاھ خۇدا! شۇنچىمۇ رەھىمسىزمۇ سەن، كۆرۈپ تۇرۇپسى-زىلەر، شۇ تۇرقىدا ئۇ ــ چىن ئاشىقى، مۇھەببىتى، قەلبى، بىر نەۋرە قېرىنىدىشى ئورنىغا قىپقىزىل قېنىنى باغرىغا باسىدۇ. جاھاندا بۇنداقمۇ ئادالەتسىزلىك بولامدۇ؟

ــ بەزلىمەڭلار، ــ دېدىم مەن ئانىلارنى توسۇپ، ــ ئۇ پۇخادىن چىققۇچە يىغلىۋالسۇن.

غۇنچەم يىغلىدى، قاقشىدى، ئېغىر تىن ئالدى. كۆز يې-شىنى سۈرتكەندىن كېيىن ئۈن ـ تىنسىزلا تالاغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئۇتتۇر كەلگىنىچە قۇربانلار خاتىرە مۇنارى ئالدىغا كېلىپ بېشىنى ئىككى ئالىقىنى ئارىسىغا ئېلىپ خىيال سۈرگىنىچە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى. بۇ قېتىم مەردانىنىڭ ئۆلۈ-مىگە ھەققىي ئىشىنىپ، يۈرىكى ئۈن ـ تىنسىز يىغلىماقتا ئىدى.

ــ غۇنچەم! قوپقىنا، ئۆيگە كېتەيلى، قارا، كۈنمۇ ئول-تۇراي دېدى، ــ دېدى چولپان ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ بېشى-نى سىلاپ.

ــ بىز بۈگۈن غەلىبە قىلدۇق، شۇنداقمۇ غۇنچەم؟ ــ دېدىم مەن.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قارىدى ـ دە، ئېغىر تىن ئالدى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايى سارغايغانىدى.

ــ بىز يەنە غەلىبە قىلدۇق. قارا، بۇ چولپان، بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، ــ دېدىم مەن. ئۇ چولپانغا قاراپ:

ــ چولپان! چولپان! مەن سىلەرنى دائىم مۇشۇ ئەتراپتا كۆرەتتىم، ــ دېدى.

ــ شۇنداق، چولپانمۇ ئاشۇ ئۇرۇشتا بىر قوۋۇرغىسىدىن ئايرىلغان. بىز توي كۈنلىرى سېنى كۆپ ئىزدىدۇق. بىز

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

سەندىن كۆپ رازى، — دېدىم مەن.

— نېمە مەندىن دەمسەن؟ ئۆي - ئوچاقلىق بولغىنىڭلارنى تەبرىكلەيمەن. قۇرۇقلا بارسام سەت بولار؟

— چولپان، سېنى چىن يۈرىكىمدىن تەبرىكلەيمەن، — غۇنچەم بىلەن چولپان قۇچاقلىشىپ مەڭزىنى - مەڭزىگە ياقتى.

بىز قاتارىغا تىزىلىپ بىر مىنۇتچە مۇنار ئالدىدا سۈكۈتتە تۇردۇق. قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى ئېگىز تېرەكلەر ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ قارلىق چوققىلار ئۈستىدە قىپقىزىل ئوت بولۇپ يېنىپ تۇراتتى. بىز بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قايتتۇق. ماڭدامدا بىرلا ئارقىمىزدىن بىرسى ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىز ئارقىمىزغا قارايتتۇق. مۇنار ئالدىدا ئاپتومات تۇتقان، قاتارىغا ئوردىن تاقىغان، بېشىدا يۇلتۇزلۇق ئىسپانكا كىيگەن بىر جەڭچى تىك تۇرغاندەكلا قىلاتتى. ماڭساق بىزنىڭ كەينىمىزدىن ئەگەشكەندەك، توختاپ قارىساق، ئاشۇ تاغ چوققىسىدىكى قىزارغان ئوتقا قاراپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بىزنىڭ يۈرىكىمىز خۇددى «ماتەم مارشى»نى ئېيتىۋاتقاندەك بىر خىل رىتىمدا سوقۇپ تۇراتتى. پۈتىمىز بولسا ئاشۇ ماتەم مارشىغا دەسسەپ كېتىۋاتقاندەكلا قىلاتتى.

3

غۇنچەم بېيجىڭ سىياسىي - قانۇن ئىنستىتۇتىدا ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كېلىپ، مەلۇم بىر ئالىي مەكتەپنىڭ قانۇن فاكۇلتېتىدا ئوقۇتقۇچى بولدى. ئۇ مەكتەپ بىناسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئېلىپ ئۆي ئىچىنى چىرايلىق، پاكىز قىلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇۋالدى. مېھمانخانا

ئۆينىڭ تۆر تېمىغا تارتقان گىلەمنىڭ ئوتتۇرىسىغا مەردانىنىڭ ھەربىي فورما بىلەن ئىككى دانە ئوردېن مېدال تاقىغان سۈرىتى-نى ئېسىپ قويدى. قۇربان بولغاندىن كېيىن بېرىلگەن «ئازاد-لىق»، «باتۇرلۇق» ئوردېنىنى بىر پارچە قارا لاتىغا بېكىتىپ رەسىمنىڭ ئاستىغىلا ئېسىپ قويدى. ئۇ خىزمىتىگە مەسئۇل-يەتچان، تەشكىللىي ئىنتىزامچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ھەپتىسىگە بىر دېگۇدەكلا يە بىر ئىزدەپ باراتتۇق، يە ئۇ ئىزدەپ بىزنىڭكىگە كېلەتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ تېلېفوندىمۇ ئەھۋاللىشىپ تۇراتتۇق. بەزى كۈنلىرى ئۇچراشقىنىمىزدا، ئۇ بىزنى كۈلدۈرۈپ ئۇچەيلىرى-مىزنى ئۈزۈۋېتەي دەپ قالاتتى.

— قاراڭلار، بۇرادەرلەر! بۇ پوچتا ساندۇقى، — دەيتتى ئۇ ئىككى يانچۇقىنى كۆرسىتىپ، — قېنى مەن ساندۇقنى ئېچىپ خەتلەرنى ئېلىپ، قايسى ۋىلايەت، ناھىيىگە ماڭىدۇ ئايرىپ كۆرەي.

ئۇ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ خەتلەرنى ئېلىپ ئۈستەلگە قوياتتى. بەزىدە ئۇنىڭ ئىككى يانچۇقىدىن ئون پارچە، بەزىدە بەش - ئالتە پارچە، ئاز دېگەندە بىر - ئىككى پارچە خەت چىقاتتى. بۇ بىرىنچى، بۇ ئىككىنچى، بۇ ئۈچىنچى، بۇ تۆتىنچى دەپ خەتلەرنى تۈرگە ئايرىيتتى. كونۋېرت ئىچىدىكى خەتلەرنىڭ پۈكلىنىشى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى. بەزىلىرى يۈرەك شەك-لىدە بولسا، بەزىلىرى گۈل شەكلىدە ئىدى. خەت يازغۇچىلار-نىڭ بەزىلىرى ئالىي مەكتەپ پروفېسسورلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا، بەزىلىرى شائىرلار، ئىدارە كادىرلىرى، زاۋۇت ئىشچى-لىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى غۇنچەمگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ خەت يازغان بولسا، يەنە بەزىلىرى ئۇنىڭ كەچۈرمىشلى-

ـرىگە ھېسداشلىق قىلىپ، مەدەت بېرىپ خەت يازغانىدى.
— ئۇش، — دەپ باشمالتىقى بىلەن ئاغزىنى كۆرسەتتى ئۇ، — بىلىپ قويۇڭلار، بۇ بىر شەخسنىڭ ماڭا يازغان خېتى. بۇ خەتنى ئاشۇ ئىككىمىزلا كۆرۈشكە، بىلىشكە تېگىشلىك ئىش، — دەپ بىزنى كۆرۈشتىن توسۇيتتى. ئۇ بەزىدە ئاچچىقى بىلەن خەتلەرنى ئاچمايلا يەرگە تاشلاپ، — نىمە، مەن بۇ خەقنىڭ خەت سالىدىغان ساندۇقىمۇ ياكى كولدۇرلىتىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇقىمۇ؟ مەن بۇلار ئۈچۈن بىر تاختايغا «مەن خەت ساندۇقى ئەمەس، ياكى مەن بويتاق ئەمەس، ئېرىم بار» دەپ يېزىپ چاپلاپ قويايمىكىن دەيمەن، — دەپ ئاچچىقلىناتتى.
— توختا! — دېدىم مەن بىر قېتىم ئۇنىڭ ئاچچىقىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن، — بۇرۇنقىلاردا «خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىقىڭ نە كېرەك» دېگەن سۆز بارغۇ، خېرىدارىڭ بولغىنى ھەرگىزمۇ يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش. قارا، سەنمۇ ئۆمۈر بويى بۇنداق ئۆتۈپ كېتىمەن دېيىشىڭ ...
مەن دېمەكچى بولغان سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدىم.
— نىمە؟ سەن ئاشۇ خېرىدارلار ئىچىدىن بىرسىنى تاللا، توي قىلغىن دېمەكچىمۇ؟ مەن توي قىلسام، مەردان يىگىت قولدىشى بولسۇنمۇ؟ بىر ياستۇققا ئۈچ باش قويۇلىدىكەن- دە؟
— بولدى، بولدى، جېنىم قېرىنداشىم، ئەيىب مەندە، قەلبىڭنى ئەمدى تولۇق چۈشەندىم.
مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم، غۇنچەم ھەر قېتىم كەلگەن خەتلەرنىڭ بەزىلىرىگە «خەت يازغىنىڭىزغا رەھمەت، مېنىڭ قەلبىم ئۆلگەن» دېگەن قىسقىغىنا خەت بىلەن جاۋاب قايتۇردى. بەزىلىرىگە جاۋابسىز، بۇرۇنقىدەكلا ئوقۇمىغان كىشى بولۇپ



www.uyghurkitap.com

يۇرۇۋەردى. ئاردىن بىر نەچچە يىللار ئۆتتى. «ئەرلەرگە ساقال، ئاياللارغا قورۇق» دېگەندەك، غۇنچەمنىڭ چېكە چېچىغا ئىككى تال ئاقمۇ كىردى.

بىر كۈنى يەنە تېلېفون جىرىڭلىدى.

— بارمۇ سىلەر؟ — دېدى غۇنچەم.

— هوي، بىزغۇ بار، سەنچۇ، يوقاپلا كەتتىڭ، — دېدىم مەن.

— مەن ئوغۇل تۇغدۇم، يوقلاپ كېلەيمۇ دېمىدىڭلار. ئۈچ كۈن بولدى، ئوغۇل، مەن قورسىقىمنى چىڭ باغلىۋالغاندىم، شۇڭا هېچكىم سەزمىدى. ئاخشاملىققا كېلىپ ئېتىنى قويۇپ بەرگىن.

— نېمە؟ نېمە هوي، نېمدەپ پوق يەپ يۈرىسەن! — تېلېفوننى جاققىدە قويدۇم. ئەستاغپۇرۇللا، ياقامنى تۇتتۇم. ئۇنىڭ «ئوغۇل تۇغدۇم، قورسىقىمنى باشقىلار بىلىپ قالمىسۇن دەپ مەهكەم باغلىۋالغان» دېگەن سۆزىنى قارا. قۇلىقىم مۇشت ئۇرغاندەك ۋاڭىلدايتتى. ئەستاغپۇرۇللا، خام سۇت ئەمگەن بەندە، شۇنداقمۇ رەسۋا ئىش قىلغاندىمۇ؟ چىدىمايدىغان ئادەم باشتىلا بىر سىگە تەگسە بولمامدۇ؟ بۆلۈمنىڭ ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتىم. چولپانغا ئۇنىڭ سۆزىنى دېيىشكە تىلىم بارمىدى. ئاخىر كەچتە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردۇق. ئۇ جوزىلىرىغا بىرنېمىلەرنى تىزىپ راستلاپ قويۇپتۇ. ئۆيگە كىرىپ كۆزۈمنىڭ چۈشكىنى ئۇنىڭ قورسىقى بولدى.

— نېمە، ئاچچىقىڭ تېخىچىلا يانمىدىمۇ؟ تۇغۇش دېگەن بار ئىشقۇ؟ — دېدى غۇنچەم ئالدىمغا كېلىپ تۈرۈلگەن قاپاقلىرىمغا قاراپ.

— ئەگەر راستىلا شۇنداق ئىش بولسا، بوينۇڭنى چۈجى-

www.uyghurkitap.com

ـنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈۋېتىمەن، — دېسەم مەن.
— ھەي كۆنچى، — دەپ كۆلگىنىچە ئۇ مېنىڭ قولتۇ-
قۇمدىن يۆلەپ يۇقىرى ئۆتكۈزدى. ئۆيدە بوۋاق كۆرۈنمەيتتى.
— قاراڭلار! — دېدى غۇنچەم ئىچكىرىكى ئۆيدىن ئاپئاق
كەشتىلەنگەن لاتىغا زاكىلانغان ئاق پىشماق بوۋاقنى كۆتۈرۈپ
چىقىپ بىزگە كۆرسىتىپ. چولپان ئىككىمىز بۇنىڭ زادى نېمە
ئىشلىقىنى بىلەلمەي ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدۇق. بوۋاق تورۇس-
تىكى لامپۇچكىغا قاراپ كۆزلىرىنى ئېچىپ يۇمران تىللىرى
بىلەن كالپۇكلىرىنى يالاپ بىرنېمە ئىزدىگەندەك قىلاتتى.
— ساقام، ساقام، — غۇنچەم بوۋاقنى كۆكسىگە باستى.
بىز بىر دەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئاخىر سىر يېشىلدى.
بۇ بوۋاقنى غۇنچەم دوختۇرخانىدىن ئەكېلىپ بېقىۋاپتۇ.
بالىنىڭ دادىسى جەڭنى ئېلىش ئۇرۇشىدا ئېغىر ياربدار بولغاد-
لىقتىن، داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەن، چوڭلىرىنى
ھەرەمباغدا گومىنداڭچىلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن، ئاپىسى دوختۇرخا-
نىدا ئۇنى تۇغۇپ بەك قانسىراپ كەتكەنلىكتىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم
بەرمەي ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. بىچارە بوۋاق بۇ دۇنياغا كۆز ئې-
چىپلا ھېچقانداق ئىگە - چاقىسى يوق، قارا يېتىمغا ئايلىنىپ
قالغان، ئۈچ ئايدىن بېرى سېستىرالار بېقىپ كەپتۇ.
— ئـۇمـۇ خۇددى مـەردانـغـا ئوخشاشلا قارا يېتىم
ئىكەن، — دېدى غۇنچەم بوۋاقنىڭ كېلىش تارىخىنى بىر قۇر
سۆزلىگەندىن كېيىن، — دادىسى ۋەتەن، خەلقنىڭ ئازادلىقد-
نى دەپ ھاياتىدىن ئايرىلىپتۇ. شۇڭا، ئۇنى مەن تۇغقاندەك.
ئۇ مېنىڭ ئۆز بالام. ئۇنىڭ دادىسى مەردان...
بىز بالىنىڭ ئېتىنى نېمە قويۇش توغرۇلۇق پاراڭلاشتۇق.
— مەردان قويايلى! — دېدىم مەن بىرىنچى بولۇپ.

— ھوي، نېمە دەيسەنوي، ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن؟ بۇنىڭ ئېتىنى مەردان قويساڭ دادىسى كىم بولاتتى؟ — دېدى غۇنچەم.

— پولات، — دېيىشتۇق.

— ياق، كىچىك بالا، ۋارقىراشقا توغرا كېلىپ قالىدۇ، — قوشۇلمىدى غۇنچەم، ئاخىر ئۇنىڭ پىكرى بىلەن جەۋلان دېگەن ئىسمىنى قويماقچى بولدۇق.

مەن بوۋاقنى قولۇمغا ئېلىپ قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ ئەزان ئېيتتىم، ئەزاندىن كېيىن:

— سېنىڭ ئەزان ئېيتىپ قويغان ئىسمىڭ جەۋلان بولسۇن. سەن ئەھلى مۇسۇلمان. داداڭ مەردان بىلەن ئاپاڭ غۇنچەمنىڭ بىر تېنىم ھالال قېنىدىن تۆرەلگەن، شۇڭا داداڭ مەردان، ئاپاڭ غۇنچەم، سەن داداڭ مەرداندەك ۋەتەنگە، خەلققە سادىق، باتۇر بولغىن. يۈزۈڭ ئوچۇق، چىرايىڭ ئايدەك، ئاپاڭغا ئوخشاش ئۆز مۇھەببىتىڭگە سادىق بولغىن. ئاللاھۇ ئەكبەر، — دېدىم. ئاندىن جەۋلاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ ئاغزىغا سۇف دېدىم. يەرگە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ گىلەم ئۈستىگە جەۋلاننى غۇلاتتىم. جەۋلان خۇددى تۇلۇقتەك ئۈچ دومىلاپ بېرىپ دۇم ياتتى. ئۇ يىغلىمىدى، غىڭشىمىدى. ئۇ نۇرغا قارىغان پېتى كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ياتاتتى.

— مۇبارەك بولسۇن! مۇبارەك بولسۇن!

مېنىڭ خىيالىم ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىغا كەتتى. ئايرودرومغا ھۇجۇم قىلغان كېچىسى بىز ھەممىمىزلا ئاپئاق خالات كىيگەنىدۇق. مەردان ھەممىنىڭ ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ قېلىن قار ئىچىدە ئۆمىلەيتتى. خۇددى جەۋلانغا ئوخشاش، تۇلۇقچىلاپ غۇلايتتى. دۇم يېتىۋېلىپ، دۈشمەننىڭ ئوت توچكىلىرىنى باي-

قايتتى.

— نېمە بولدۇڭ؟ سېنىڭزە، يەنىلا سېنىڭ خىيالىڭ ئاشۇ ئۇرۇش يىللىرىغا كەتتى ـ ھە؟ — دېدى غۇنچەم مېنى ئۇرغۇ-زۇش ئۇچۇن قولتۇقۇمدىن يۆلەپ.

— قارا! جەۋلانغا، راستتىنلا مەردانغا ئوخشاپ كېتىدى-كەن، — دېدىم مەن.

ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتۈپ كەتتى. جەۋلان 24 ياشقا كىردى. ئۇ ئۇچ يىل ھەربىي سەپتە بولۇپ قايتىپ كېلىپ، ھەربىي ئىنستىتۇتنى تۈگىتىپ قىسىمدا قالدى. ئۇنىڭ سۆيگەن قىزىمۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى ئى-دى. ئۇلارنىڭ توينى چوڭ ئۆتكۈزۈپ بەردۇق.

غۇنچەم بىر كۈنى ئۆيگە كەلدى.

— مەن دەم ئېلىشقا چىقتىم، بارلىق رەسمىيەتلىرىم پۈتتى، — دېدى ئۇ.

— ياخشى بوپتۇ. پۈت ـ قولۇڭدا ماغدۇرىڭ بارىدا چىقىپسەن، ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن؟ — دېدىم مەن.

— ساڭا مەسلىھەت، ئىككى ئۆيدىكىلەر بالىلارنى ئېلىپ غۇلجا تەرەپكە بېرىپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەچ ئايلىنىپ كەلسەك دەيمەن. بارامسىلەر؟ — دېدى.

بىز غۇنچەمنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپ غۇلجىغا قاراپ يولغا چىقتۇق. 6 ـ ئاي مەزگىلى ئىدى. يولنىڭ ئىككى چېتى ئېگىز باراقسان ئۆسكەن دەرەخلەر؛ پايانسىز دېڭىزدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆپكۆك بۇغداي، ئارپا، كېۋەزلەر قۇياش نۇرىدا چاقناپ تۇرغان باغدىكى ئالما، نەشپۈت، ئۆرۈكلەر؛ يول ياقىسىدىكى ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالىلار؛ بۇلبۇل، كاككۇكلارنىڭ مۇڭ-

لۇق سايراشلىرى، ئاسفالت يولدا بىر - بىرسىنى قوغلىشىپ ۋە ئۆتۈشۈپ تۇرغان رەڭگا رەڭ ماشىنىلار؛ ئېگىز - ئېگىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىنالار بىزگە ئۆزگىچە بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

— پاھ - پاھ - پاھ، نېمىدېگەن زور ئۆزگىرىش بۇ، ئەينى زاماندا بىز باسقان گىياھسىز چۆل - جەزىرىلەرنىڭ ئىزناسىمۇ يوق.

ماشىنا بىر شەھەر ئىچىگە كىلىپ توختىدى.

— جىڭغا كەلدۇق، دەم ئېلىپ ماڭايلى، — دېدى شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ.

— جىڭ؟ — غۇنچەم ئىككىمىز بىر نەرسىدىن چۆچۈپ كەتكەندەك تەڭلا سورىدۇق.

— جىڭ، — دېدى شوپۇر تەكرارلاپ. مەن غۇنچەمگە قارىدىم. غۇنچەمنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ قوللىرى تىترىگەندەك، بىرسىنى ئىزدىگەندەك ئۇيان - بۇيان قارايتتى. كالپۇكلىرىنى ئۆمەللەپ بىرنېمە دېگەندەك قىلاتتى.

جىڭ ئەينى زاماندىكى بىز ئۇرۇش قىلغان جىڭ ئەمەس ئىدى. شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان كەڭ ئاسفالت يول، يولنىڭ ئىككى تەرىپى ئېگىز - ئېگىز بىنالار، ئاشخانا، ماگىزىن، كىنوخانىلار بىلەن تولغان، ئەينى چاغدىكى سېپىلنىڭ ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. جىڭ بازىرى تۆت تەرىپكە كېڭىيىپ، ئىمارەت، مەكتەپ، كىنوخانىلار ياسىلىپ تۆت - بەش ھەسسە چوڭىيىپ كىچىك بىر شەھەرگە ئايلانغان، بازارلىرى ئاۋات، بۇرۇنقى قانغا بويالغان جىڭ دەرياسى ئورنىدا يوق.

— سىلەر ئۇرۇش قىلغان جىڭ مۇشۇمۇ؟ — دېدى غۇنچەم.

www.uyghurkitap.com

— شۇنداق، بىراق بىز ئۇرۇش قىلغان جىددىي ئەسەرمۇ يوق. مەن قەيەرگە كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەي تۇرىمەن، — دېدىم.

— راست، بۇ يەردە ئۇرۇش بولغاندىن ئەسەرمۇ يوق. مەن تېخى سىلەر ئۇرۇش قىلغان يەرلەرنى بىر كۆرسەم دېگەن نىيەتتە ئىدىم. ئامال قانچە، — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا.

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى بايقىسام روهىڭ تۆۋەن، چىرايىڭمۇ شۇنداق. مىجەزىڭ يوقمۇ قانداق؟

غۇنچەم ئېغىر تىن ئالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ ۋاقتىم يېتىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، مەردان مېنى چاقىرىپ ئۇنىمايدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق دېمە، ئۇ ياش چوكّايغاندىكى بىر خىل تۇيغۇ. شۇنداقمۇ؟

— ياق، بىلمەيسەن، مەن ساڭا تېخى دېمىدىم. بىر هەپتە بولدى، ئۇخۇممۇ، چۈشۈممۇ بىلمەيمەن، سەهەردە مەردان ئالدىمغا كەلدى. چىچى ئاپئاق بولۇپتىكەن، ساقىلىمۇ شۇنداق، چىرايى جۇدەڭ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ، كىيىملىرىمۇ جۇنلا، قولىدا هاسا تاياق، قىسقا - قىسقا يۆتىلىدۇ. ئالدىمغا كېلىپ يە سۆز قىلمايدۇ، مۆلدۈرلەپ قاراپلا تۇرىدۇ. بىردە بېشىمغا، بىردە ئايىغىمغا قارايدۇ، مېنىڭمۇ كۆزۈم ياش ئوخشايدۇ. ئۇ يېنىدىن ئاپئاق كەشتە بېسىلغان ياغلىقنى ئېلىپ مېنىڭ كۆزۈمنى سۈرتۈپ، بېشىمنى سىلىدى. قارىسام، مەن بەرگەن ياغلىق. مەن چىداپ تۇرالمىدىم، ئۆزۈمنى باغرىغا ئاتتىم. ئۇ بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، «مەن سېنى چاقىرتىپ خەت

يازغان، بارمىدىڭ، ئۆزۈم كەلدىم» دېدى. ياق، مەن خېتىڭنى ئالمىدىم، بىراق، قاچان كېلىسەن» دەپ مەنمۇ خەت يازغان، سەندىن جاۋاب يوق، دېدىم. «مەنمۇ ئالمىدىم، مەن چىرايـ-لىق ئۆي سېلىپ باغ قىلىپ سېنى كۈتتۈم» دېدى. «مېنى ئەكېتەمسەن؟» دېدىم. «قارا، چىرايىڭ خويمۇ جۇ-دەڭ، باشلىرىڭ ئاپئاق بولۇپتىنىڭ ئۆزىلا، نېمانچىلا ئالدىراپ ئاقاردى؟» دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق كۆرۈنگەن ئوخشاي-مەن. «يور، كېتەيلى دەپ قولۇمنى تۇتۇپ يېتىلىدى، ئاپئاق بۇلۇت كېلىپ بىزنى قاپلىدى، ئاستىمىزدا يەر - جاھان كۆپ-كۆك دېڭىزنىڭ ئۆزىلا. ئەتراپىمىزدا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىر-لايدۇ. «قارا، مۇشۇ بىزنىڭ بېغىمىز» دېدى مەردان. قارىسام، ھەر ئىككىمىز ئاپئاق خەسىدىن كىيىم كىيىۋاپتىمىز. ئاشۇ يۇلتۇز قاپلىغان باغدا ئاق خالات كىيگەن ھۆر - پەرىلەر ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئوغلۇم جەۋلان «ئاپا» دېدى، قارىسام، ئۆزۈم ساپادا ئولتۇرىمەن. مانا شۇنىڭدىن بېرى بۇرۇنقى كىچىك مەردان بىلەن كىچىك غۇنچەم يوق. ئاپئاق ساقال مەردان بىلەن ئاق چاچلىق غۇنچەم ماڭىسىمۇ، تۇرسىمۇ بىرگىلا.

ئۇ بۇ سۆزلەرنى توختاپ - توختاپ دېدى.

— دېگەنلىرىڭ چۈشمۇ، ياش چوڭايغانسېرى ھامان شۇ ياقنى ئويلايدىغان ئىش. ھەممىمىز بارىمىزغۇ ئاخىر.

بىز ئولتۇرغان ماشىنا ئۇچقاندەك غەربكە قاراپ كېتىۋاتات-تى. ئەنە بىز ئەينى يىللىرى ئاپتومات، مىلتىق، پىلىموتلارنى يۈدۈپ يۈرۈپ بېسىپ ئۆتكەن قارلىق تاغلار، يېشىل قارىغايلىق سايلار، شېغىل تاشلىق قىر - ئېدىرلار، مانا ئالدىمىزدا ئۇپۇققا تۇتىشىپ كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇرغان سايرام كۆلى.

شوپۇر دەل داۋاننىڭ ئۈستىگە چىقىپ ماشىنىنى توختاتتى.

— قارا، — دېدىم مەن غۇنچەمگە ئوڭ قولۇم بىلەن سايرام تەرەپنى كۆرسىتىپ، — بىز باياندايدىن چىقىپ ئىككىنچى كۈنى نامازدىگەردىن بۇرۇن مۇشۇ داۋاندىن ئېشىپ ئاشۇ ئاق ياغاچ ئۆيىنىڭ يېنىدا بىر كېچە قونغان. شۇ كېچىسى ئوتيۇن، كۈلكە، ناخشا - چاقچاق بىلەن هاردۇقىمىز چىقتى. بىراق، ئايغا قاراپ ئاتا - ئانىلارنى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتنى، سۆيگەن يارلارنى، خوتۇن - بالىلارنى ئويلاتتۇق. ئۇلار ئاشۇ ئون بەش كۈنلۈك ئايدا بىزگە ئەكس ئېتىپ كۆرۈنەتتى. يۇرتكىمىزگە باغلانغان يىپنىڭ ئۇچى ئاشۇ ئايغا باغلانغاندەك قىلاتتى. ئەتىسى ھەربىر روتىدىن 10 دىن جەڭچى چىقىپ ئاشۇ پەللىدىن مۇشۇ يەرگىچە تاغقا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى بولدى. مۇسابىقىگە 200 گە يېقىن جەڭچى قاتناشتى. مەردان ھەممىسىدىن ئالدىدا بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ پەللىگە چىققانىدى.

— شۇنداق، ئۇ كىچىكىدىنلا يۈگۈرۈك ئىدى. يېزىدا مەكتەپ بويىچە ئالدىدا ئىدى، — دېدى غۇنچەم.

مەن غۇنچەمنى باشلاپ قاپتالدىكى يوغان تاشنىڭ يېنىغا ئاپاردىم - دە، تاشنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدىم:

— بىز داۋانغا چىققاندىن كېيىن جەڭچىلەر سايرام بويىغا چۈشۈپ كەتتى. كوماندىرىمىز ئوسمانوپ بىلەن مەردان مۇشۇ دۆڭدە تۇرۇپ كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان قىسىملارغا قاراپ ئۇزۇنغىچە تۇردى. قارىسام، مەردان مۇشۇ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا ئاشۇ ئېگىز قارلىق چوققىلارغا، خادا - تاشلارغا، يېشىل قارىغايلىق سايلارغا، ئاشۇ مەخمەلدەك ئىلى ۋادىسىغا تىكىلىپ قاراپ تۇردى، ئۇ يىراقتىن خۇددى خادا تاش ئۈستىدە ئولتۇرغان قىران بۈركۈتتەك كۆرۈنەتتى. كېيىن تاشتا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشى ئىككى ئالقىنى ئوتتۇرىسىدا

خىيال سۈرگەندەك ئىدى.

بىز تاشنىڭ يېنىدا تۇرۇپ پەسكە قارىدۇق. تەبىئەت ئۆزى-نىڭ گۈزەل ھۆسنىنى مۇشۇ ئالدىمىزدا تۇرغان ئېگىز - پەس تاغلارغا، ياپيېشىل سايلارغا ئاتا قىلغاندەك قىلاتتى.

— قارا، نېمىدېگەن چىرايلىق - ھە؟ — دېدىم مەن.

— شۇنداق، چىرايلىقتا كىمنىڭ كۆزى چۈشمەيدۇ دەي-سەن. مەردان مەشەدە ئولتۇرغانمۇ؟ — سورىدى غۇنچەم.

— شۇنداق، دەل مۇشۇ يەردە.

غۇنچەم يانچۇقىدىن ياغلىقنى ئېلىپ تاشنى سۈرتتى - دە، باغرىنى بېسىپ تاش ئۈستىدە ياتتى. مېنىڭ كۆز ئالدىمدا خۇد-دى پەرھاتنىڭ تاۋۇتى ئۈستىدە شىرىننىڭ ياتقانلىق ھالىتى گەۋدىلەندى. غۇنچەم مەرداننىڭ دۈمبىسىنى سىلىغاندەك تاشنى ئالىقىنى بىلەن سىلايتتى. مەڭزىنى - مەڭزىگە باسقاندەك مەڭ-زىنى سوغۇق تاشقا ياقاتتى. مەردان ھېلىمۇ ئاشۇ تاش ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك پۈتى ئالدىغا قاراپ ماڭسا، كۆزى ئاشۇ تاشتا ئىدى.

مەن ئاشۇ تاشقا قارىدىم. 40 - يىللاردىن بېرى قۇياش نۇرىدا كۆيمىگەن، بوران - چاپقۇندا ئۇچمىغان ئاشۇ تاش ياپيې-شىل چىمەن ئىچىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. مۇھەببەت، چىن مۇھەببەت، غۇنچەمنىڭ مەردانغا بولغان مۇھەببىتى ئاشۇ «تاش» تەك ئۆچمەس ھەم ئۆيۇل ئىدى.

بىز ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ماڭدۇق. ئەينى يىللىرى مۇشۇ كەڭسايىنىڭ تولغىماچ يوللىرىدا بىز ماڭغانىدۇق. ئاشۇ ئېگىز قىيا تاشلارغا، يېشىل قارىغايلارغا قاراپ ھوزۇرلانغانىدۇق. مانا ئالدىمىزدا پايانسىز يېشىللىققا تولغان ئىلى ۋادىسى، ئەنە بىز ئويناپ كۈلگەن تەڭرىتاغ باغرى. ئەنە يىراق - يىراقلاردىن

قارىيىپ كۆرۈنگەن ئەۋلىيا چوققىسى مەغرۇر تۇرۇپتۇ. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى رەت - رەت تىكىلگەن ئالما، شاپتۇل، نەش-پۈتلەر شاخلىرىدا خۇددى جانان قىزلار يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋات-قان ئۆز سۆيگۈنىنى تامدىن بېشىنى چىقىرىپ مارىغاندەك مار-شىپ تەنگە ھۇزۇر بېغىشلايدۇ.

غۇنچەم بۇ ئەزىز دىيارغا تويمىغاندەك ۋە ئىككىنچى كۆرۈش-كە نېسىپ بولمايدىغاندەك تىكىلىپ قارىماقتا. ئۇ پات - پاتلا قەيەرگە كەلدۇق، دەپ سوراپ قوياتتى.

— ئەنە، ئاشۇ ئالدىمىزدا كۆرۈنگىنى باياندای، — دېدىم مەن ئۇنىڭ ئاخىرقى سوئالىغا جاۋابەن.

ئۇ باياندای دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ سەل جىددىيلەشكەندەك بولدى.

— باياندای، — تەكرارلىدى ئۇ، — مۇشۇ ئەتراپتا يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە چوڭ بىر توپ قارىياغاچ بولىدىغان.

مەن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندىم. ئالدىمىزدا بىر توپ قارىياغاچ كۆرۈندى. ئۇ باشقا سۆگەتلەردىن چوڭ، باراقسان، ئېگىز بولۇپ ئايرىملا، يولغا يېقىن تۇراتتى. غۇنچەم ئولتۇرال-مىدى. ماشىنا ئاستا مېڭىۋاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ ئالدىرايتتى.

— شۇ، دەل شۇ، — دېدى ئۇ.

ماشىنا قارىياغاچتىن ئازراق ئۆتۈپ توختىدى. ئىككىمىز ماشىنىدىن چۈشتۇق. ئۇ مەندىن بۇرۇن بېرىپ قارىياغاچنى بىر ئايلىنىپ چىقتى.

— قارا، — دېدى ئۇ قارىياغاچ شېخىدىكى بىر جۈپ پاختەكنى كۆرسىتىپ، — بۇ ئىككى جانىۋار تېخىچە بار ئى-كەن.

— بۇلار سەن كۆرگەن پاختەكلەرنىڭ قانچىنچى ئەۋلاد

بالىلىرىدۇ؟ — دېدىم مەن.

— شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە.

— مەن ئاشۇ ئايلانمىدىن ئايلانسام، مەردان مېنى مەشەدە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ...

بەلكىم ئۇنىڭ نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرى باردۇر. لېكىن، مەنمۇ سوراشنى بىئەپ كۆردۈم، ئۇمۇ دېمىدى. بىر پەس جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يانچۇقىدىن مەرداننىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ:

— مانا مۇشۇ سۈرەتنى ئۇ ماڭا بەرگەندە، ئارقىسىغا «سېنىڭ مەرداننىڭ» دەپ خەت يېزىلغان. مەنمۇ ئۇنىڭغا قولياغلىق بەرگەن. ياغلىققا مەنمۇ «سېنىڭ غۇنچەڭ» دەپ كەشتىلەپ خەت يازغانىدىم. سۈرەت بىلەن ياغلىق بىزنىڭ بۇرۇنقى دوستلۇقىمىزنىڭ، قېرىنداشلىقىمىزنىڭ بەلگىسى ئىدى... بۇلارغا بىر تۈپ قارىياغاچ، ئەنە بىر جۈپ پاختەك، مۇشۇ ئانا تۇپراق شاھىد.

— راست دەيسەن، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ئۇ قارىياغاچقا، بىر جۈپ پاختەككە، ئانا تۇپراققا تويمىغاندەك سەپسېلىپ قارايتتى، سۆيگۈنىنى كۈتۈپ تۇرغان قىزدەك ئەتراپقا تەلمۈرەتتى.

— بىر كۆرۈش ئارمىنىم بار ئىدى، كۆردۈم، — ئۇ ئېغىر تىن ئالدى.

«مېنىڭ غۇنچەم»، «مېنىڭ مەردانىم». غۇنچەم مەرداننىڭ باغرىدا، مەردان ئۇنى كۆكسىگە چىڭ بېسىپ تۇرۇپتۇ. ئەنە بىر جۈپ پاختەك ھېلىمۇ قاناتلىرىنى قېقىشىپ ئۇلارنى ئالقىشلىغاندەك قىلدى. غۇنچەم 40 نەچچە يىللىق ھاياتىدا ئىسسىق تومۇز كۈنلىرى، قەھرىتان قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرى، ھېلىقى رەھىمسىز بوران - چاپقۇن يىللىرى تۈگىمەس خىيال

دېڭىزىدا ئۈزۈپ، دوستلۇق، قېرىنداشلىق مېھرىدە كۈلەتتى، ئەركىن غۇلاچ يېيىپ ئۈزەتتى. «قارا يىپ»، «ئەكسىيەتچىنىڭ پۇشتى»، «قېرى قىز»، «ئەركەكزەدەك»، «جىنىنىڭ ئوينىشى»، ۋەھاكازا دېگەن قىرلىق ـ سىرلىق دوقمۇشلارغا ئۇرۇلغىنىدا ئازابلىنىپ تولغىناتتى. خىيال دېڭىزى ھەر قېتىم ئۇنى دولقۇن ئۇرۇپ قىرغاققا چىقىراتتى. بۇ قىرغاق بۈگۈنكى ئاقباش موماي ئەينى يىلى تۇرغان دەل مۇشۇ قارىياغاچ تۈۋى ئىدى. قاراڭلار، بۈگۈن ئاشۇ سانسىز يوپۇرماقلار، ئاشۇ بىر جۈپ پاختەك بۇلۇتتەك ئاقارغان چاچقا قاراپ، تۇرۇپ مەيۈسلەنسە، تۇرۇپ ساداقەت يولىدا ئاقارغان بۇ چاچتىن پەخىرلەنمەكتە.

— مېنىڭ ۋاقتىم توشۇپ قالغان ئوخشايدۇ. قارا، ئەمدى جان بار يەردە قازا بار دېگەندەك، ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق. ئۇلار مېنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، خۇدايا توۋا، ئوڭۇممۇ يا چۈشۈممۇ، ئەنە يوپۇرماقلار ئارىسىدا تۇرغان دادامنى، ئاپامنى، كىچىك دادام، كىچىك ئاپامنى، مەرداننى كۆرگەندەك قىلىۋاتىمەن. ئۇلار مېنى چاقىرىشىۋاتىدۇ. مەردان ئاپئاق ساقال ـ چاچلىرىنى بۇلۇتتەك قولىنى سوزۇپ، مېنى تارتىۋاتىدۇ.

چولپان ئىككىمىز ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدۇق. ئۇنىڭ چىرايى تاتارغان، كۆزلىرى يوپۇرماقلار ئارىسىغا قادالغان بولۇپ، ئوڭ قولى سەل ئالدىغا سوزۇلۇپ تەلمۈرۈپ تۇرغاندەك ئىدى.

— بۇ قولىياغلىق سىزنىڭمىدى؟ — مەن ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدۈم ـ دە، سومكامدىكى ياغلىقنى ئېلىپ كۆرسەتتىم.

— شۇ، شۇ، مەن مەردانغا دەل مەشەدە بەرگەنىدىم. قارىغىنا، مەن سىزنىڭ غۇنچەڭ دەپ خەتمۇ يازغان. سىزنىڭ،

نېمە دېسەم بولار، قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى.

— راست دەيسەن، قىرىق نەچچە يىلدىن بېرى تېخى سەن ھەيران قالارلىق يەنە بىر ئىش بار. قـارىـغـىـنـا، بـۇ ئىككـى خەتنى، — مەن قولۇمدىكى ئىككى پارچە كونۋېرتنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇ كونۋېرتنى ئېلىپ بىر پەس كۆكسىگە بېسىپ تۇردى - دە:

— سىېنىڭ يۈرىكىڭ خۇددى ئاشۇ قولۇڭدىكى تۇمۇر تاياق-تە، ئەگەردە مەن تاسادىپىي ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇ ئالەمگە بارغاندا بېرەتتىڭمۇ؟ قارىغىنا، مەردانىنىڭ خېتى بىلەن مېنىڭ خېتىم-نىڭ ئوخشاشلىقىنى، بىزنىڭ پۈچۈركىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە مۆھۈر بولۇپ سىڭگەن.

— سۆزۈڭچە، سەن مەردانىنىڭ ئالدىغا... — مەن دېمەك-چى بولغان سۆزۈمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدىم. ئۇ دېمەكچى بول-غىنىمنى دەررۇلا چۈشەندى - دە، خۇددى جاھانغا يىغىدىن كۆز ئاچقان سەبىي بالىلاردەك كۆك ئاسمانغا بىر پەس تىكىلىپ قارىغاندىن كېيىن دېدى:

— مەن ئانامدىن قانداق تۇغۇلغان بولسام، مەردانىنىڭ ئالدىغا شۇ پېتى بارىمەن. ھاياتلىق بىلەن مۇھەببەت ھەر بىر كىشىگە بىر قېتىملا كېلىدۇ، ھاياتلىقنى قەدىرلەش مۇھەببەتنى قەدىرلەش ئەمەسمۇ؟ قارىغىنا، ئەنە ئاشۇ ئاسماندىكى قۇياش، كېچىسى ئاي بىلەن چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار، ئۇنىڭدىن قالسا مەردان بىلەن مېنىڭ قەلبىم گۇۋاھ.

— راست دەيسەن، — دېدىم مەن غۇنچەمنىڭ قەلبىگە قايىل بولۇپ. ئۇ ئاستا بېرىپ قارىياغاچقا يۆلەندى - دە، خىيالغا چۆكتى.

— مـوما، مـوما، ماڭايلـچـۇ! يـۈرە، مـوما، ئاپئاق

موما! — دېدى بۇ چاغدا ئۆنىڭ نەۋرىسى ئۆمتۈل كېلىپ. ئۆنىڭ كەينىدىن قۇياشمۇ ئۆمتۈلغا جورا بولۇپ، بىزنى ئالدىراتقاندەك ئېگىز تېرەكلەر ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈپ تەگرىتىكى ئۈستىدە چوغدەك يېنىپ تۇرۇپتۇ. غۇنچەم ئاشۇ چوغدەك يېنىپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىغا، پايانسىز ئىلى ۋادىسىغا تەبەسسۇم بىلەن قارايتتى. ئىلى دەرياسىدىن كۆتۈرۈلگەن شاۋقۇن، تاغ شاملى بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ ئۆنىڭ كۇمۇشتەك ئاقارغان چېچىنى يەلپۈيتتى.

بۈگۈن 9 ـ سېنتەبىر، هاۋا ئوچۇق ئىدى. ئىلى ۋادىسى ئاسمىنىدا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. قارىدۆڭ، تۆپىدەڭدىن قويۇپ بېرىلگەن كەپتەرچىنىڭ موللاقچىلىرى كۆك ئاسماندا خۇددى بىر ـ بىرسى بىلەن بەسلەشكەندەك موللاق ئېتىپ پەرۋاز قىلىپ تۇرۇپتۇ.

«گۆشگىردە يەيسەن، ياغ يەيسەن، زىماتاڭگا، ئىسسىق نان، تاماكا، قەغەز، سەرەڭگە، ئەرزان» دېگەن سادالار بىلەن باققالنىڭ تەنزىسىدىكى ئاپورت، لىموق، مەنپەزىلەر كۆزنىڭ يېغىنى يەپ، بازارنىڭ مولچىلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرۇپتۇ.

بۈگۈن مەردان ئەلپاتتايوپنىڭ قۇربان بولغىنىغا توپتوغرا 45 يىل بولدى. غۇنچەم ئەتىگەن تۇرۇپ ئەرۋاھلارغا ئاتاپ يىت سېلىپ بىر قازان ئاش قىلدى. ئەتىگەنلىك بامدات نامىزىدىن يانغان جامائەت نەزىرگە ئېغىز تېگىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشىپ قايتىشتى. ئاندىن بىز ئاخشامقى مەسلىھەتىمىز بويىچە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا قاراپ ماڭدۇق. شەھەر كوچىلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئاسفالت يوللار، ئاسمانپەلەك ئىمارەتلەر، يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋە ئىككى چېتىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۈللەر خۇش پۇراق

چېچىپ ھاياتقا خۇشاللىق بېغىشلاپ تۇرۇپتۇ.
ئاھ، غۇلجا! بىز سېنىڭ بۈگۈنىڭ ئۈچۈن جەڭ قىلىپ قانچىلىغان قۇربانلارنى بەردۇق ـ ھە، مۇشۇ باغچىدىكى ئاشۇ قۇربانلار قېنى بەدىلىگە چېچەكلەپ ئېچىلغان گۈللەر، ئاخىر.
ــ قارا! ــ دېدىم مەن غۇنچەمگە ئىنقىلابىي قۇربانلار بېغىنى كۆرسىتىپ، ــ مانا باغىنىڭ ئالدى تەرىپى. ئاۋۇ يەر چوڭ ئىسپورت مەيدانى ئىدى. 1945 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى مىللىي ئارمىيە قۇرۇلدى، شۇ كۈنى چوڭ پارات بولۇپ، ئەنە ئاۋۇ ئۆيلەر ئورنىغا ئېگىز سەھنە ياساپ، سەھنىدە ھۆكۈمەت رەئىسى، ئەزالىرى، ھەربىي قوماندانلار تۇرغان. بىز قاتارىغا 15 تىن تىزىلىپ پاراتتىن ئۆتكەن. پاراتتا، بىرىنچى بولۇپ مايور ئوسمانوپ، ئىككىنچى بولۇپ مەردان مېڭىپ سەھنە ئالدىغا كەلگەندە «ياشىسۇن ئازادلىق» دەپ شوئار توۋلىغان.
غۇنچەم سۆز قىلمايتتى. پەقەت سەبىي بالىدەك ئەتراپقا قىزىقسىنىپ قارايتتى.
بىز ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىسىگە قاراپ ماڭدۇق. قېلىن تېرەكلەر ئارىسىغا، ئۇ يەر، بۇ يەرلەرگە ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئورۇندۇقلاردا قىز ـ ئوغۇللار ئولتۇرۇشاتتى.
مانا ئالدىمىزدا ئىنقىلابىي قۇربان ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق «قۇربانلار قەبرىسى چوڭ مەيدان بىلەن قوشۇلۇپ ئاپئاق چاقچۇق بىلەن قاتۇرۇپ ياسالغان. قەبرە ئالدىغا ئاسمانپەلەك مۇنار ياسىلىپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار مەڭگۈ ھايات» دەپ خەت يېزىلغان. ئوقۇغۇچىلار قەبرە سۇپۇرۇپ گۈللەر قويۇپ يۈرەتتى. بىز قەبرە ئالدىدا بىر پەس سۈكۈتتە تۇردۇق.
«دۈشمىنىمىزنىڭ دۈشمىنى بىزنىڭ دوستىمىز.»، «كەل

باۋۇرلىرىم.» ئىنقىلابىي قۇربان رەئىس ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن قوماندان گېنېرال لېيتنانت ئىسھاقبېكنىڭ جاراڭلىق ساداسى قۇلىقىمدا ھازىرقىدەكلا جاراڭلايتتى. ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسەتلىك، باتۇر سىماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

غۇنچەم قەبرە سۇپىسىدا بىر پەس ئولتۇردى. ئۇ قۇياشقا، ئەتراپتىكى رەڭگارەڭ گۈللەرگە قارايتتى. سۆز قىلىشقا خۇشياقمىغاندەك، بېشىنى لىڭشىتىپلا قوياتتى.

بىز قەبرە ئالدىدىن يېنىپ چىقىپ ئۈچ ۋىلايەت مۇزېيىغا قاراپ ماڭدۇق. ئىشىك ئالدىدا بىر قىز، بىر ئوغۇل ئولتۇراتتى. ئۇلار بىر - بىرسىنىڭ ئاغزىغا نېمىدۇر بىر نەرسىنى سېلىشىپ قوياتتى. بىر - بىرسىنىڭ جامالىغا تويمىغاندەك قارىشىپ كۈلۈشۈپمۇ قوياتتى.

— قارا! — دېدى غۇنچەم يېنىمدا كېلىۋېتىپ قىز بىلەن يىگىتنى شەرەت قىلىپ، — ياشلىق، ياشلىق دېگەن نېمىدېگەن يارىشىملىق - ھە؟ ئۇچۇم بولۇش ئالدىدىكى قارلىغاچنىڭ بالىلىرى.

— شۇنداق، گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، چىن مۇھەببەت خۇددى ئاسماننىڭ زىننىتى يۇلتۇزلار بولغىنىدەك ياشلىقنىڭ زىننىتى، — دېدىم مەن.

بىز قىز بىلەن يىگىتنىڭ شېرىن سۆھبىتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن يانداپ كىرىپ كەتمەكچى بولدۇق. بىراق، ئۇلارمۇ بىزنىڭ ئويىمىزنى سەزگەندەكلا ئىتتىك ئالدىمىزغا كېلىپ، ئەدەپ بىلەن سالام قىلىشتى - دە، زالغا ئەكىردى. قىزنىڭ مەيدىسىگە ئېسىۋالغان كارتىسىدا «ئازادە» يىگىتنىڭ كارتىسىدا «بەختىيار» دېگەن خەت يېزىلغانىدى. ئازادە بىلەن بەختىيارنىڭ

تۇرقىدىن ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق دەۋر ياشلىرى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. بىزگە ئورۇندۇق قويۇپ يۆلەشتۇرۇپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۇسسۇزلۇق تۇتۇشتى. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئېكسكۇرسىيىمىزدىن تەسىرلەنگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

— ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، — دېدى ئازادە جاراڭلىق ئاۋازى، پاك قەلبى بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تارىخى، غەلىبىسى، جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، — 1944 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نىلقا ناھىيىسىنىڭ ئۇلاستاي يېزىسىدا ئىنقىلاب ئوق ئاۋازى ئېتىلىپ، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پارتىزانلار غۇلجا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، غۇلجا شەھىرى ئازاد بولدى. ئىنقىلابىي بازىلار تېزدىن كېڭىيىپ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ 20 مىڭغا يېقىن ئەسكىرىي كۈچىنى تەلتۆكۈس يوقاتتى، 1945 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئىلى، ئالتاي، تارباغاتاي تەلتۆكۈس ئازاد بولۇپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى شىنجاڭنىڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولۇشى ئۈچۈن ئاساسىي شارائىت ھازىرلىدى. 1949 ـ يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولدى. رەئىس ماۋزېدۇڭ: ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىيە ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمى» دېدى.

ئازادە «چۈشىنىشلىك بولغاندۇ؟» دېگەندەك بىزگە قارىدى ـ دە، بىزنى تامدىكى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا ئائىت سۈرەتلەرنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى. تامدا مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىنىڭ پارتىزان ئەترىتى ۋاقتىدىن تارتىپ جەڭ، شىخولار ئازاد بولغانغا قەدەر بولغان توققۇز قېتىملىق چوڭ ھۇجۇمنىڭ مودېللىرى، سۈرەتلىرى، سىزما رەسىملىرى چاپلاق-

www.uyghurkitap.com

لىق بولۇپ، ئاستىغا ئۇيغۇرچە، قازاقچە، خەنزۇچە چۈشەندۇ-رۇشلەر يېزىلغانىدى. ئازادە تامدىكى نىلقا پارتىزانلىرىنىڭ نىلقا ناھىيىسىدىكى گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسىگە قىلغان ھۇجۇمى، مازار، سۇپتايدىكى ئۇرۇش، پىدائىيلارنىڭ غۇلجا شەھرىگە قىلغان ھۇجۇمى، سىلىڭبۇ، باش ساقچى، لەنشاڭ، ھەرەمباغ، ئايرودروم، سۇيدۇڭ، كۇرە، جىڭ، شىخولارغا بولغان ھۇجۇم ۋە ئۇ يەرلەرنىڭ ئازاد قىلىنىشىدىن ئىبارەت توققۇز قېتىملىق چوڭ ھۇجۇمنىڭ تەپسىلىي ئەھۋالىنى فوتو سۈرەت، سىزما رەسىملەر بويىچە چۈشەندۈردى ـ دە:

— ئەينى ۋاقىتتا بىزدە سىنئالغۇ، ئۈنئالغۇ قاتارلىق نەرسىلەر بولمىغاچقا، ئەينى ئەھۋال ئېلىنمىغان، مانا بۇ رەسىملەر شۇ چاغلاردا ئاپپاراتتا تارتىلغان. بۇ جەسەتلەر گومىنداڭ باش ساقچىسىنىڭ قورۇقىدىن تارتىپ چىقىرىلغان 87 نەپەر ئەر ـ ئايالنىڭ جەسىتى. بۇ 72 جەسەت بىرىنچى رايون ساقچى قورۇقىدىن چىققان، بۇ تۇراخۇن دېگەن كىشىنى يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا تۇتۇپ ئەكىرىپ تىرىكلا قۇدۇققا تاشلىغان، بۇ كىشى ئۈچ كۈن ئۆتكەندە پارتىزانلار تەرىپىدىن تىرىك پېتى تارتىپ ئېلىنغان. قاراڭلار، بۇ 35 جەسەت ھەرەمباغ، بۇ 46 جەسەت لەنشاڭ، بۇ 53 جەسەت ئايرودرومدىكى تام ئاستىدىن چىققان.

بۇلارنى كۆرۈپ غۇنچەمنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆ-كۈلۈشكە باشلىدى.

— چوڭ ئاپا، چوڭ ئاپا، نېمە بولدىڭىز؟ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭچۇ! بۇنداق زۇلمەتلىك كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى، — دېيتتى ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز بولغان ئازادە تەسەللى بېرىپ. بۇ كۈنلەر دەر ھەقىقەت كەلمەسكە كەتتى.

ئازادە بىزنى ئىككىنچى ئۆيگە باشلاپ كىردى. بۇ ئۆيدىكى تامدىكى سۈرەتلەر پىدائىي قىسىملارنىڭ، شۇنداقلا مىللىي ئارمىيە بولۇپ قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەرقايسى پولكلار بويىچە چۈشكەن سۈرەتلەر ئىدى.

— مانا بۇ تېكەس 1 - ئاتلىق پولك كوماندىر - جەڭچىلىرى، بۇ سۈيدۈڭ پولكى، بۇ غۇلجا بىرىنچى ئاتلىق پولكى، بۇ رەسىم غۇلجا زاپاس پولكى.

مېنىڭ يۈرىكىم چىقىپ كېتەي دېدى. چۈنكى رەسىملەر ماڭا تونۇش ئىدى.

ئازادە ھەرقايسى پولكنىڭ پولك كوماندىرلىرى، ئۇلارنىڭ قايسى ئۇرۇشلاردا قايسى ئورۇنلارنى ئازاد قىلىپ، قانچىلىك دۈشمەننى يوقىتىپ، ئۇرۇشتا غەنىيمەت ئالغان ھەربىي ئەسلىھەلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈردى:

— مانا بۇ كىچىك بالا مەردان ئەلپاتتايوپ، ئۇ 14 يېشىدا پىدائىي بولۇپ ئىنقىلابقا قاتناشقان. لەنشاڭ، ھەرەمباغ، ئايرودرومدىكى ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، ئايرودرومنى ئازاد قىلىشتا گومىنداڭنىڭ بىر گېنېرالىنى ئەسىرگە ئالغان. شۇڭا، قوماندانلىق شتابى مەردان ئەلپاتتايوپقا «باتۇرلۇق پىدائىي» ئوردېنى بەرگەن. مەردان ئەلپاتتايوپ جېڭدىكى دۈشمەن قىسمى ئىچىگە رازۋېدكا ئىشى بىلەن كىرىپ جېڭنىڭ ھەربىي خەرىتىسىنى قولغا چۈشۈرۈپ ساق - سالامەت قايتىپ چىققان. جېڭدىكى ئۇرۇشتا قىسىملىرىمىز ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان پەيتتە دۈشمەننىڭ ئىككى پوتىينى پارتلىتىپ قىسىملارنىڭ جېڭغا بېسىپ كىرىشىگە يول ئېچىپ بەرگەن، ئەپسۇسكى...

ئازادە يۈرىكى پۇلاڭلاپ ئاغزىغا تىقىلغاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي بىردەم تۇرۇپ قالدى.

— قۇربان بولۇپ، — دېدى ئۇ ئاندىن سۆزىنى داۋام-
لاشتۇرۇپ، — ئۇنىڭ جەسىتى توپ ئوقى بىلەن ئاسمانغا
كۆتۈرۈلۈپ، كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان، باتۇر دەل 15 يېشىدا
قۇربان بولدى. قۇربان بولغاندىن كېيىن قوماندانلىق شتابى
ئۇنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن «خەلق قەھرىمانى» دېگەن ئۇنۋان بىلەن
«ئازادلىق» ، «باتۇرلۇق» ئوردېنى تەقدىم قىلغان. بىراق، بۇ
قەھرىماننىڭ مۇشۇ رەسىمدىن باشقا بىزدە ھېچ نەرسىسى يوق.
ئازادەنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى غۇنچەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزمەكتە
ئىدى. مەردان، مېنىڭ مەردانىم دەپ زاراتگاھلىقلارغا، تاغۇ
تاش، چۆل - جەزىرىلەرگە ئۆزىنى ئېتىشقا تەييار ئىدى.

ئازادە سۆز ئارىلاپ غۇنچەمگە، ماڭا قارايتتى. بىز ئۇنىڭغا
قانداقتۇر بىر خىل سىرلىق تۇيۇلاتتۇق. غۇنچەمنىڭ كالپۇكلى-
رى تىترەپ، چىشى بىلەن كالپۇكىنى چىشلەپ ئۆزىنى زورىغا
بېسىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ قولى تىترەپ مەردانىنىڭ ياغلىققا ئورال-
غان رەسىمى بىلەن ئوردېن - مېداللىرى شاراقلايتتى. ئالدىم-
دىكى رەسىم ماڭا تونۇش ئىدى. ئوتتۇرىدا پولك كوماندىرى
ھاكىموپ قېيۇم، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىلا مايور ئوسمانوپ، ئۇ-
نىڭ ئارقىسىدا ئوسمانوپنىڭ مۇرىسىنى تۇتۇپ ئۆرە تۇرغان
مەردان ئەلپاتتايوپ، ئۆرە ئىككىنچى رەت تۇرغانلا ئىچىدە جىڭ
ئوتتۇرىسىدا قۇربان بولغان ھەسەنوپ بىلەن خۇسۇرۇپ ئابلىز.
ئەڭ چەتتە ئۆرە تۇرغان مەن پۇتۇمدا خۇرۇم ئۆتۈك، ئوڭ پۇتۇم
ئالدىمغا سەل چىققان. ئوڭ قولۇم يېنىمدا، سول قولۇم ئول-
تۇرغان كاپىتان توختىيوپنىڭ مۈرىسىدە، ئىككى مەڭزىم خۇد-
دى پورچاق نانىدەك.

ئاھ خۇدا، مېنىڭ ئاشۇ بىر قول، بىر پۇتۇم، پورچاق
نانىدەك يۈزۈمنىڭ يېرىمى نەدە؟

ئۇن سېلىپ ۋارقىرىغۇم، يىغلىغۇم كېلەتتى. چاقماق چې-
قىلىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، ئۆيلەر، دەل - دەرەخلەر
ئاستىن - ئۈستۈن پىرقىرىغاندەك قىلاتتى. ھېلى مەردانىغا
قارايمەن، ھېلى غۇنچەمگە قارايمەن، 40 يىلدىن بېرى غۇنچەمگە
ئوخشاش تۇل خوتۇن بولۇپ ئولتۇرغان ئانىلارنى ئويلايمەن.
غۇنچەمنىڭ يۈرىكى يىغلايتتى، مېنىڭ كۆزۈمدىن يامغۇردەك
ياش قۇيۇلاتتى.

— چوڭ دادا، چوڭ ئاپا، سىلەر مەردانىنىڭ ئاتا - ئانى-
سىمۇ؟ — دېدى نېمە دەپ، نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەن ئازادە.
ئىككى كۆزى لىق ياش غۇنچەمنىڭ ئىككى قولىنى ئالىقىنى
ئىچىگە ئېلىپ تۇرۇپ. بىز بىر پەس جاۋاب بېرەلمىدۇق.

— ياق، — دېدىم مەن بىر پەس ئىچ - قارنىم ئۆرتىنىپ
بېسىلغاندىن كېيىن، — مانا بۇ مەردان ئەلپاتتايوپ 15 يېشىدا
قۇربان بولغىنىدا، بۇ ئالدىڭلاردا ئولتۇرغان ئاق چاچلىق قىز
غۇنچەممۇ 15 ياشتا ئىدى. مەردان بىلەن مۇشۇ غۇنچەمنىڭ
يالغۇز ئوغلى جەۋلان، بۇ دىلناز بولسا مەردان بىلەن غۇنچەمنىڭ
كېلىنى، بۇ ئۈمتۇل پولات ئۇلارنىڭ نەۋرىسى، — مەن ئۇلار-
نى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردۇم - دە، ئاخىرىدا تامدىكى رەسىم-
نى كۆرسىتىپ، — مانا بۇ تۇرغان مەن، — دېدىم.

بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ئۇلىشىپ تۇرغان ئونلىغان پىئونېر-
لار، ياش ئوغۇل - قىزلار، ياشىنىپ قالغان ئەر - ئاياللارنىڭ
ھەممىسىنىڭ چىرايىدا ئېچىنىش ۋە تەشۋىش ئالامىتى ئەكس
ئەتتى - دە، ئوقۇغۇچىلار بىرىدە مېنىڭ پۈت - قول، يۈزۈمگە،
بىرىدە تامدىكى رەسىمىمگە، بىرىدە تامدىكى مەردانىنىڭ رەسىمى-
گە، بىرىدە ئالدىدا ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرغان ئاق چاچلىق قىزغا
قاراپ ئېچىنىشلىق ئۇھ تارتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا

دېگۈدەك 70 ـ يىللارنىڭ، ئازلا قىسمى 50 ـ يىللارنىڭ بەختلىك ئوغۇل ـ قىزلىرىدىن بولۇپ، ئۇرۇشنى، ئۇرۇشنىڭ ۋەھشىيلىكىنى كىنو ـ تېلېۋىزورلاردىنلا كۆرگەنىدى. مانا شۇ تۇرقىدا ئۇلار ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىكىنى، ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ قانچىلىك ۋەھشىي، يىرتقۇچلۇقىنى، ئۇرۇشنىڭ قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى ئۈزۈپ، ئاتىسىدىن بالىنى، قىزىنى ئانىسىدىن جۇدا قىلىپ، قانچە يۈزلىگەن مۇھەببەتنى دەپسەندە قىلىپ ۋەيران قىلغانلىقىنى، بۇگۈنكى بەختلىك ھايات، گۈزەل تۇرمۇشنىڭ ئاشۇ ئۇرۇشتا تۆكۈلگەن قانلار بەدىلى ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئاشۇ تامدىكى خۇرۇم ئۆتۈك كېيىپ تۇرغان پۇتۇم بىلەن ئاق پەلەي كىيگەن قولۇمدىن، پۇرچاق ناندەك يۈزۈمدىن ۋە ھازىرقى بىلىكىدىن ئۈزۈلگەن پۇت ـ قول، يۈزۈم بىلەن مۆلدۈرلەپ تۇرغان مۇنۇ ئاق چاچلىق قىزنىڭ ئاپئاق ئاقارغان چىچىدىن كۆرۈپ تۇراتتى.

ئوقۇغۇچى ئوغۇل ـ قىزلار غۇنچەمنىڭ بېشىنى، قوللىرىنى سىلاشتۇرۇپ، يۈزىنى يۈزلىرىگە ياقاتتى. مېنىڭ پۇت ـ قوللىرىمنى، تاتۇق يۈزۈمنى سىلايتتى. كۆزلىرى لىق ياشقا تولغان، تەلمۈرۈشۈپ قارايتتى. «بىز ۋە كەلگۈسى ئەجدادلار سىلەردىن مىننەتدار» دېيىشىپ پىچىرلىشاتتى. ئۇرۇش ئەھۋالىنى ھەر كۈنى قانچە قېتىم سۆزلەپ چۈشەندۈرگەن ئازادە بىلەن بەختىيارمۇ ئۇرۇشنىڭ كەلتۈرگەن بالايىئاپىتىنى بۇگۈنكىدەك كۆرۈپ بىلمىگەنىدى. چېچەن قىز مېنىڭ مەردان بىلەن ئاق چاچلىق قىز ئۈستىدە دېگەنلىرىمنى دەررۇلا بىلدى.

«مەردان 15 يېشىدا قۇربان بولغىنىدا غۇنچەممۇ 15 ياشتا ئىدى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ يالغۇز ئوغلى» ئازادە پىچىرلايتتى.

— شۇنداق، — دېدى بىر قانچە يىل ئۆمرىنى ئوقۇتقۇچى-

لىق بىلەن، ياش ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن پروفېسسور ئاق چاچلىق قىز غۇنچەم ئالدىدا توخۇنىڭ چۈجىلىرىدەك تەلمۈرۈشۈپ ئولتۇرغان پىئونېرلارغا قاراپ، — مەن مەرداندىن تۆت ئايلىق كىچىك، شىرەم تۇغقانلار ئىدۇق. ئىككىمىز بىر كۈندە مەكتەپكە بېرىپ بىر پارتىدا ئولتۇردۇق، مۇئەللىم بىزگە بىرىنچى كۈنى «ئا»، «ب» بىلەن «1»، «2»نى يېزىپ بەردى. بىز مەشىق قىلىپ يازدۇق. مەردان مەندىن چىرايلىق يازدى. بىز ئۆيگە كەلگەندە، مەن مەرداننىڭ خېتىنىڭ ئۈستىگە «ئا، ب، 1، 2»نى قايتا-قايتا يېزىپ ئوپمۇ ئوخشاش قىلىپ يازدىم. بىز دائىم شۇنداق مەشىق قىلاتتۇق. كېيىن بىز ئۆز پوچىركىمىزنى ئايرىيالماي قالدۇق. بىزنىڭ 14 يىللىق بالىلىق ھاياتىمىز بىرگە ئۆتتى. رەھىمسىز جاھان، كىچىك دادام پولات بىلەن كىچىك ئاپام گۈلنار، مەردان ئۇچىسىنى ۋەھشىي، يىرتقۇچ گومىنداڭ جاللاتلىرى قولغا ئېلىپ، قوللىرىنى باغلاپ ئېلىپ ماڭدى. يېزىدىكى يەتتە ياشتىن 70 ياشقىچە خەلق كۆز يېشى قىلىپ ئۇزىتىپ قېلىشتى، مەن ھارۋىغا ئېسىلىپ سۆرىلىپ ماڭدىم، چېرىكلەر مېنى ئۇرۇپ، تىللايتتى. ماڭا تاياق، تىللاشلار ئاڭلانمايتتى. دادا، ئاپا، مەردان دەپ يىغلايتتىم، ۋارقىرايتتىم، ھالىمدىن كېتىپ يىقىلدىم. سەنتۇرۇلۇپ يۇرۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. «غۇنچەم»، «مەردان»، بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى چاقىرىشىمىز بولدى، مەرداننى تۇرمىگە ئەكەتتى. مېنىڭ قولۇمدا بىر تال چىۋىق، چاچلىرىم چۇۋۇلغان پېتى ئۇتتۇر قەبرىگاھقا قاراپ كەتتىم. ئاتا-ئانام مېنى بىر قەبرە ئۈستىدە ياتقان يېرىمدىن تېپىپ ئەكەتتى. غۇلجا شەھىرى ئازاد بولدى. كىچىك دادام بىلەن كىچىپ ئاپامنىڭ جەسىتىنى يۇرت-جامائەت ساقچىنىڭ قورغىنىدىن ئېلىپ

يېزىغا ئاچىقىپ دەپنە قىلدى. مەرداننى تۇرمىدىن قېچىپ چى-قىپ پارتىزانلارغا قوشۇلۇپ كېتىپتۇ دېگەن سۆزلەر بولدى. دادام بىلەن شەھەرگە چۈشۈپ ئىزدەپ دېرىكىنى ئالالماي، ئاخىر مىللىي ئارمىيە جىنك ـ شىخو ئالدىنقى سېپىگە ماڭغان كۈنى يولدىكى قارىياغاچ تۈۋىدە مەرداننى تاپتىم.

ــ ئاپا! بۇ رەسىم بىلەن ياغلىق، ... ــ ئازادە سۆزىنىڭ ئاخىرىسىنى دېيەلمىدى.

ــ شۇنداق قىزىم، سۆزۈڭگە چۈشەندىم. ئاشۇ مەن دېگەن يەردە مەردان ئاشۇ رەسىمنى ماڭا بەرگەن. ئارقىسىغا قاراڭلار «سىنىڭ مەردانىڭ» دەپ يازغان. ئۇ قۇربان بولدى، مەن يەنە سەۋدايى بولۇپ كوچىغا چىقىپ كەتتىم. ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كېتىپ تونۇر، ئات ئوقۇرى، سامانلىقلاردا ياتتىم. ھاياتلىق يەنىلا ھەممىدىن غالىب كېلىدىكەن. ھۆكۈمىتىمىز مېنى داۋا-لاپ ساقايتىپ ئوقۇتتى. ماڭا پروفېسسور، ئەمگەك نەمۇنىچى-سى، مەملىكەتلىك ئايال تۆھپىكار دېگەن ئالىي ھۆرمەتنى بەر-دى. كەسىپ ئەھلى بولۇپ، ھايات يولۇمدا جەمئىيەتكە ئۆز بۇرچۇمنى قوشتۇم. مەردان مەن ئۈچۈن ھازىرمۇ ھايات، ئۇ 15 ياشلىق دوستۇم پېتى يېنىمدا.

غۇنچەم يۇقىرىقى سۆزلەرنى بىر ـ بىرلەپ دېدى. سۆز ئارىلاپ ئېغىر تىن ئېلىپ، ھەسرەت چەكتى. ئۇ سۆزىدىن كېيىن جەۋلانغا قارىدى.

ــ ئوغلۇم! ــ دېدى غۇنچەم ئوغلىغا قاراپ ئۆتۈنگەندەك قىلىپ، ــ بۇ «ئازادلىق» ئىستىقلالىيەت ئالتۇن مېدالى بىلەن بۇ «باتۇرلۇق»، «ساداقەت» ئوردېنلىرى داداڭلار مەرداندىن قالغان. داداڭلار ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى، خەلقىمىزنىڭ ئەر-كىنلىكى، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن

ئىنقىلابتا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ئۈچۈن خەلق بەرگەن ئوردېن ـ مېداللار، بۇ ئوردېن ـ مېدالларنى داداڭلار تاقاشقا نېسىپ بولمىدى، شۇڭا خەلققە مەنسۇپ، مەن سىلەرنىڭ كۆ-زۈڭلارچە، بۇلارنى ئازادەمگە تاپشۇرۇپ بېرەي. بۇگۈنكى ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلار ئۆزلىرىگە بەخت ـ سائادەت يارىتىپ قۇربان بولغان ئەجدادلىرىنىڭ ئاققان قانلىرىنى، ئۇلارنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇپ بىلسۇن، پەخىرلەنسۇن، ياد ئەتسۇن.

غۇنچەمنىڭ ئالىقىنىدا ئىككى دانە ئالتۇن، بەش دانە كۈ-مۈش ئوردېن مېداللار پارقىراپ تۇراتتى.

غۇنچەمنىڭ مەردانىغا، ۋەتىنىگە، خەلقىگە بولغان ساداقىتى بۇ ئاق چاچلىق قىزغا ئاپىرىن ئوقۇپ تۇرغان ياش غۇنچە-لارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرمەكتە ئىدى.

مەن قولۇمدىكى ئىككى پارچە خەتنىڭ بىرسىنى بەختىيار-غا، بىرسىنى ئازادەمگە بەردىم. بەختىيار كونۋېرتنى ئېلىپ، ئىچىدىن تورمارچە قاتلانغان خەتنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ئاچتى.

ــ ئوقۇ، ــ دېدىم مەن.

بەختىيار خەتنىڭ باش ـ ئايىغىغا بىر قۇر قارىغاندىن كې-يىن قىسقا يۆتىلىپ ئۈنىنى توغرىلىدى.

«جېنىم غۇنچەم!»

بەختىيار ئالدىدا تۇرغان ئازادەمگە قارىدى. «جېنىم» دې-گەن بۇ بىر ئېغىز سۆز بەختىيارنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ چىقىپ، ئازادەمنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ كىرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇنىڭ خام قايماقتەك يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ غىل ـ پال قىلىپ بەختىيارغا قارىدى.

«جېنىم غۇنچەم! ياخشىمۇ سەن؟ مەن سېنى يەنىلا سەن دېدىم. چۈنكى، بىزنىڭ تىلىمىز سەن، مەن بىلەن چىققان.

www.uyghurkitap.com

14 يىللىق دوستلۇق ھاياتىمىز سەن بىلەن، مەن بىلەن ئۆتـ-
كەن. جېنىم غۇنچەم! مەن سېنى سېغىندىم... بىراق خەت يازال-
مىدىم. بىلىسەن، يول ئازابى گۆر ئازابى، دېگەن گەپ بار.
مەن سېنىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئىككى كۆزۈم ئارقامدا
قالغاندەك بولدى. بىز ئېگىز تاغلارنى، يېشىل ئورمانلىقلارنى،
گۈلگە تولغان پايانسىز يايلاقلارنى، ئېگىز قىرلارنى، قۇم بار-
خانلىرىنى بېسىپ، يول بويىدىكى دۈشمەننىڭ قـورغـان تـو-
زاقـلىرىـنى بىتچىت قىلىپ ئاخىر 25 كۈن دېگەندە جىڭ
ناھىيىسىدىن سەككىز كىلومېتىر بېرىسىدىكى ئورمان ئىچىگە
كېلىپ ئورۇنلاشتۇق. بىز بېسىپ ئۆتكەن تاغلار، سۇلار، يې-
شىل ئوتلاقلار نېمىدېگەن گۈزەل، ۋەتەننىڭ بىر تال گىياھى،
بىر سىقىم توپىسى، بىر تال تېشى بىز ئۈچۈن ئەزىز جاندىنمۇ
قىممەت.

غۇنچەم، مەن ئىككى كۈن بولدى كوماندىرىم بىلەن جىڭدى-
كى دۈشمەن ئىچىگە رازۋېدكا ئىشى بىلەن كىرىپ ئىككى كېچە
قونۇپ چوڭ نەتىجە بىلەن ساق ـ سالامەت قايتىپ چىقتۇق.
قوماندانلىق شتابى بىزنى بىرىنچى دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەت-
تى دەپ ئەنگە ئالدى.

غۇنچەم! بولدىلار مەن ئۇرۇش ئىشىنى دېمەيلا قوياي.
چۈنكى ئۇرۇش سۆزى ھامىنى كۆڭۈلسىزغۇ.

غۇنچەم! بىز جۇڭغار ئويمانلىقى ئىچىدىكى پايانسىز كەت-
كەن قېلىن ئورمان ئىچىدە تۇرىمىز. ئورمان ئىچىدە ئوڭدا
يېتىپ كۆپكۆك ئاسماندىكى تولۇن ئايغا كۆز قىسىشىپ تۇرغان
سانسىز يۇلتۇزلارغا قارايمىز. خىيالىم ئاشۇ تولۇن ئايدا، ئاس-
ماندا سەيلە قىلىپ يەلكەنلىك كېمىدەك ئۈزىدۇ. بىلەمسەن،
سەن بىلەن 15 يىل بىرگە ئۆتكەن ھايات، شۇ ئۆتمۈشتىكى

ئىشلار ئېسىمگە كېلىدۇ. جېنىم غۇنچەم! مەن بۇگۇن خېتىمدە يەنىلا سەن بىلەن ئۆتكەن ئاشۇ بەختلىك كۈنلەرنى ئەسلەپ يازاي.

جېنىم غۇنچەم! ئېسىڭدىمۇ؟ بىز ئەتە بىرىنچى قېتىم مەكتەپكە بارىمىز دېگەن كۈنى كېچىدە چوڭ ئاپام سېنى يۇيۇندۇ-رۇپ چاچلىرىڭنى تاراش ئۇچۇن بىزنىڭ باغدىكى سۇپىدىن يېتىد-لەپ ماڭدى. مېنىڭ كۆزۈم سەندە، سەن ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ، ‹ مەردان، خوش، كىچىك دادا، كىچىك ئاپا، خوش › دەپ ماڭدىڭ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاپام ماڭا ئاق كۆڭلەك، قارا ئىش-تان، پۇتۇمغا قارا خۇرۇم تـوپـلـي كىيگۇزدى. سومكامغا دەپتەر ـ قەلەملەرنى سېلىپ بوينۇمغا ئاستىم. ئاپام قولۇمدىن يېتىلدى، بىز ئىشىك ئالدىغا چىقتۇق. چوڭ ئاپامۇ سېنى يېتىلەپ بىزنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەپسىلەر، سەن ئاق كوپتا بىلەن قارا يوپكا، پۇتۇڭغا خۇرۇم توپلي كىيىپسەن، بوينۇڭدا سومكاڭ، چېچىڭ ئىككى تال قىلىپ ئۆرۈلۈپ قىزىل لېنتا بىلەن باغلانغان. سەن ماڭا مەن قانداق بوپتىمەن دېگەندەك، مەنمۇ ساڭا شۇنداق دېگەندەك ئۇستۈېشىمىزغا قاراشتۇق. ئاپام ‹ هەدە! مېنىڭ قىزىمنى قونچاقتەكلا ياساپسەنغۇ ›، دەپ چېقىش-تى. دېمىسىمۇ سەن قونچاقتەكلا چىرايلىق ئىدىڭ. چوڭ ئاپام سېنىڭ قولۇڭنى ئاپامغا تۇتقۇزۇپ، ‹ قىزىڭنى بۇگۇنلا قولۇڭغا ئال، بەربىر سېنىڭغۇ، قىز قىلامسەن، كېلىن قىلامسەن ئىختىيارىڭ›، دەپ چېقىشتى ـ دە، مېنىڭ پېشانەمگە سۆيدى. سەن لىپپىدە قىلىپ ماڭا قارىدىڭ، چىرايىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مېنىڭ ئىككى مەڭزىم سەل قىزارغاندەك ئىدى. ئاپام ئىككىمىزنى ئىككى قولىدا يېتىلەپ مەكتەپكە قاراپ ماڭدۇق. بىردەم سەن تاقلاپ ماڭاتتىڭ، سەن توختىساڭ مەن. ئاپام

بىزگە «تىنچ مېڭىش»، دەپ قوياتتى.

ئاپام بىزنى بىر پارتىغا ئولتۇرغۇزدى. غۇنچەم، بىنو تىنە-پۇستا مەيدانىغا چىقىپ، «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك، بىزدىن سىزگە كىم كېرەك»، دەپ ئويناپتتۇق. مەن بىر تەرەپكە باش بولاتتىم. سەن باللارغا تۇيدۇرماي «مېنى ئال»، دېگەندەك بۇر-نىڭنىڭ ئۇچىدا شەرەت قىلاتتىڭ. مەن بىرىنچى بولۇپ «غۇن-چەمنى ئالدىم»، دەيتتىم. سەن خۇددى ئۆز جۇپتىڭگە قاراپ يۈگۈرگەن چۈجىدەك ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئوڭ قولۇمنى تۇتاتتىڭ. بىز تەنەپپۇس ۋاقتىلىرىدا مەكتەپ ئارقىسىدىكى بېدى-لىك قورۇقتىن گۈل تېرىپ ئويناپتتۇق. مەن ساڭا «كاككۇك-گۈلى» ئۈزۈپ بېرەتتىم. سەن گۈلنى ماڭا پۇرىتىپ ئاندىن ئۆزۈڭ پۇرايتتىڭ. بىلەمسەن، كاككۇكگۈلى ھەممە گۈللەرنىڭ سەرخىلى، گۈزىلى ئىدى. سەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىڭ. سەن بىر تۇتام كاككۇكگۈلىنى پۇرىغىنىڭدا، مېنىڭ كۆزۈمگە كاك-كۇك گۈلى سېنىڭ ئايدەك جامالىڭ ئالدىدا خىجىل بولغاندەك كۆرۈنەتتى. بىر كۈنى سەن مېنىڭ ئارقامدا ئىدىڭ، مەن بىر تال گۈلنى ئۈزۈۋېلىشۇمگە ھەجەر دېگەن قىز قول ئۇزاتتى. مەن گۈلنى ئارقامغا قىلدىم، سەن كېلىپ گۈلنى ئالدىڭ، ھەجەر ئۆزىچە سېنى مازاق قىلىپ كالپۇكىنى پۈرۈپ «قىزغانچۇق» دېدى.

بىر كۈنى ئىككىمىز باغدىن بىر چىنە جىنەستە تېرىپ سۇپىدا ئولتۇرۇپ يېيىشتۇق. سەن مېنىڭ ئاغزىمغا، مەن سې-نىڭ ئاغزىڭغا سالاتتۇق. جىنەستىنىڭ قىزىلى سېنىڭ ئىككى كالپۇكىڭنى قىپقىزىل بويىغاندەك ئىدى. ھۆسنۈڭگە تېخىمۇ چىرايلىق ھۆسن قوشقانىدى. ئاغزىڭغا جىنەستە سالغان بولۇپ قېشىڭغا، كۆزۈڭگە، ئوڭ مەڭزىڭدىكى زىنقىڭغا قارايتتىم.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدىڭ سەن.

— دەيمۇ؟ خاپا بولماسسەن؟ — دېدىم مەن. كۆزۈڭنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ.

— دە، نېمە گەپ؟ — دېدىڭ سەن.

— سەن، سەن، سەن، نېمانچىلا چىرايلىقسەن غۇنچەم؟ — دېدىم مەن.

— كىچىك ئاپامغا دەيمەن، — دېدىڭ سەن مىيىقىڭدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— يالغان بولسا مېنىڭ كۆزۈمدە ئۆزۈڭگە بىر قاراپ باقە غۇنچەم، — دېدىم مەن.

غۇنچەم ئېسىڭدىمۇ، بىر كۈنى مۇئەللىم ھېسابتىن ئىمتىھان ئالدى. مەن بىر سوئالغا جاۋاب يازالمىدىم. ئالدىنقى كۈنى سەن تەكرار قىلايلى، دېگەندە مەن ئوينايمەن دەپ تەكرار قىلمىغانىدىم. ئاخىر مەن ئاستا بوينۇمنى سوزۇپ سەندىن كۆچۈرمەكچى بولدۇم. سەن ھېچقاچان قىلمىغان قىلىقنى قىلىپ مېنى جەينىكىڭ بىلەن نېرى ئىتتىرىپ قەغىزىڭنى كۆرسەتمىدىڭ، «خەپ» دېدىم مەن ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ساڭا، سەن يېزىپ بولۇپ چىقىپ كەتتىڭ. ئاخىردا مەن ھېلىقى ھېسابنى توغرا ئىشلەپ سېنىڭدىن يېرىم سائەت كېيىن چىقتىم. مەن سېنى كەتتى دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق سەن قاراپ تۇرۇپسەن. مەن گەپمۇ قىلماي ماڭدىم، سەنمۇ ماڭدىڭ، بىز بىر- بىرىمىزگە تەتۈر قاراشقاندەك گەپ- سۆزمۇ قىلىشمىدۇق. ئاپام بىزنىڭ كەينىمىزدىن يېتىشىپ كەپتۇ. بىز بىلمىدۇق، «نېمە بولۇشتۇڭ» دېدى ئاپام، بىز چۆچۈپ ئارقىمىزغا قاراشتۇق. سەن «كىچىك ئاپا» دېگىنىڭچىلە پاڭگىدە قىلىپ يىغلىۋەتتىڭ.

— غۇنچەم، يىغلىمىغىنا، يىغلىما، مەن دەي، —

www.uyghurkitap.com

دېدىم ـ دە، ئـەھـۋالـىـنـى ئـاپامغا دەپ، ـــ ئىككىنچى ئۇنداق قىلمايمەن، ـــ دېدىم. ئاپام سېنىڭ ياشلىرىڭنى سۈر-تۈپ سۆيۈپ قويدى. مەن خاتالىقىمنى تونۇپ ئىككىنچى ئۇنداق قىلمىدىم.

غۇنچەم، بىر كۈنى تەنەپپۇستا سىلەر «قاشقانچۇق» ئوينىۋې-تىپسىلەر، مەن چىقسام سەن قاچتىڭ، ئۇرغان پومزەك ھاپىز-نىڭ ئالدىغىلا چۈشتى. ھاپىز پومزەكنى ئېلىپ سېنى قوغلىسا يېتەلمىگەندىن كېيىن پومزەككە ئېتىلدىم ـ دە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن پومزەكنى ئېلىپ ئويۇن قىلغان بولۇپ قارىسىغىلا ئاتتىم. قې-رىنشقاندەك پومزەك بېرىپ سېنىڭ دۇمبەڭگە تەگدى. سەن بۇ-رۇلۇپ ماڭا قارىدىڭ ـ دە، زوڭزىيىپ بېشىڭنى تىزىڭغا قويۇپ يىغلىغاندەك ئولتۇرۇۋالدىڭ. مەن سېنى راستتىنلا يىغلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم ـ دە، يېنىڭغا بېرىپ:

ـــ يىغلىمىغىنا غۇنچەم، مەن ھاپىز سېنى ئۇرۇۋەتمىسۇن دەپ ئانچىكىم ئاتسام تېگىپ كەتتى، ـــ دەپ يالۋۇردۇم. سەن بولساڭ ئۆپكىدەپ يىغلىغاندەك قىلاتتىڭ.

ـــ غۇنچەم! جېنىم غۇنچەم، ئىككىنچى سېنى ئۇرماي-مەن، تۇرە ـــ دەپ قولۇڭنى تۇتۇپ تارتتىم. بىراق، سەن يىغلاش ئەمەس، پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرۇپسەن.

ـــ ئىككىنچى، ـــ دەپ ئورنۇڭدىن تۇردۇڭ.

غۇنچەم، مۇشۇ ئىش ئېسىمگە كەلسىلا، نېمىشقىمۇ ئاشۇ پومزەكنى ئاتقان بولغىيدىم، دەپ پۇشايمان قىلىمەن.

غۇنچەم، ئۆتكەن ئىشلارنى مۇشۇنچىلىك يازاي. قىسقىد-سى، ئايغا، يۇلتۇزلارغا قاراپ خىيال دېڭىزىدا ئۈزىمەن. ئاخىر خىيالىم ئۈزۈپ كېلىپ قىرغاققا چىقىدۇ. ئۇ قىرغاق ھېلىقى ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈپ قارىياغاچ تۈۋى. ھەر كۈنى ئوڭۇمدا

كۆرىمەن، چۈشۈمدىمۇ كۆرىمەن.

سەن سېغىندىڭمۇ مېنى،
خويما سېغىندىم مەن سېنى.
سەن يۈرەكىڭدە سېغىنساڭ،
مەن جىگەرىمدە سېنى.

دەپ ناخشا ئېيتىمەن. جېنىم غۇنچەم، سېنى سېغىندىم، سې-
غىندىم، سېغىندىم.
غۇنچەم، گىمنازىيىگە كىرىشىڭ قانداق بولدى؟ بىز ئەتە
جىڭ بىلەن شىخوغا ھۇجۇم قىلىمىز. ئۇرۇش تۈگىسىلا مەن
قايتىپ بېرىپ ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن، چۈنكى كەلگۈسىدە
بىزگە ۋەتەنىنىڭ چېگراسىنى قوغداشقا، دۆلەتنىڭ تىنچ - ئامان-
لىقى، خەلقىمىزنىڭ مال - مۈلكىنى ساقلاشقا قانچە يۈزلىگەن
ھەربىي، سىياسىي - قانۇن كادىرلىرى كېرەكقۇ؟
غۇنچەم! خەت ياز، چوڭ دادام، چوڭ ئاپاملارغا مەندىن
سالام، ئۇلارنى تولىمۇ سېغىندىم.
غۇنچەم، مەن سېنى بىر كۈن، بىر سائەت، بىر مىنۇت
بولسىمۇ بۇرۇن كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. سەن مېنى ئاشۇ
قارىياغاچ تۈۋىدە ئالدىمغا چىقىپ كۈتۈۋالغىن، مەن ساڭا نېمە
ئاپىراي؟
جېنىم غۇنچەم، مەن ساڭا «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت،
سېنىڭ مەردانىڭ
1945 - يىلى 9 - ئاينىڭ 7 - كۈنى. جىڭ»
بەختىيار مەردانىنىڭ خېتىنى بىر خىل ئېچىنىشلىق ئاھاڭدا
ئوقۇدى. غۇنچەم ياشلىق ھاياتىنىڭ دېڭىزىدا ئۈزمەكتە ئىدى.

ئۇ ئۆزىنى مەردان بىلەن بىرگە يۈرگەندەك ھېس قىلىپ ئاشۇ ياشلىق باھارىدىكى ئىشلارنى ئەسلىگىنىدە، ئۇنىڭ يۈرىكى خۇ-شاللىق ئىچىدە ئەمەس، بەلكى ئېچىنىش بىلەن قالايمىقان رى-تىمدا سوقماقتا ئىدى.

ئازادە كونۋېرت ئىچىدىن يۈرەك شەكلىدە پۈكلەنگەن خەتنى ئېلىپ ئاچتى ـ دە، غۇنچەمگە قارىدى. ئۇنىڭ قورۇق چۈشكەن يۈزلىرى خەتنىڭ ئىچىدىن چىققان بىر تال پاخالغا ئوخشاش سارغۇچ، نۇرى ئۆچۈپ پاختەك تۈكىگە ئوخشاش نۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈندى. ئازادە قىسقا يۆتىلىپ ئاۋازىنى توغرى-لىدى ـ دە، خەتنى ئوقۇدى:

«جېنىم مەردان! ياخشىمۇ سەن؟ مەن سېنى يەنىلا سەن دېدىم. ‹سەن ـ مەن› دېگەندە، سەن ھەرقاچان مېنىڭ يېنىمدا تۇرغاندەكلا، سەن پەقەت مېنىڭكىدەكلا تۇيۇلىسەن.

جېنىم مەردان! مەن بۈگۈن سەھەردىلا تۇرۇپ كەتتىم. ئۆزۈم بۆلەكچىلا، ئاخشام يېتىپلا چۈشۈمگە كىرىپسەن، راستى-نى دېسەم، كېچىچىلا سەن بىلەن بىرگە. ئاپاممۇ مېنىڭ كۆ-زۈمگە قاراپ ‹قىزىم، كېچە مەردان چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، چىرايلىرى باشقىچىلا، بىچارە قەيەرلەردە يۈرىدىغاندۇ، قايتىپ كەلسە سەن بىلەن بىرگە قايناق سۇ ئىچسەكمۇ بىرگە ئىچىپ يۈرەي، دەيدۇ. بىلمەيمەن، كۆزۈمدىن ياش ئەگىپ يۈرىكىم بىر نەرسىدىن ئەنسىرىگەندەكلا قىلىدۇ، دېدى. مەردان، بۇ ئىشلار بەلكىم سېنى سېغىنغىنىمدىن بولسا كېرەك، دەيمەن. شۇنىڭدىن كېيىن باغقا كىرىپ، ھېلىقى ئىككىمىز بىرگە ئولتۇرىدىغان مەنپەز ئالما ئاستىدا ئولتۇرۇپ رەسىمىڭنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، راستىنى ئېيتسام ‹مېنىڭ مەردانىم› دەپ سۆيۈپ باغ-رىمغا باستىم، قارىسام، يۈرىكىم ئىختىيارسىز سوقۇپ

ئۆكۈنۈپ كەتتىم ـ دە، ئاھ خۇدا! بارلىق دەرد ـ ئەلەم بىزگىلا كېلەمدۇ؟ بىز نېمە گۇناھ قىلغانىدۇق، دەپ نالە قىلدىم.

جېنىم مەردان! بۇ يىلقى كۈنلەر، ئايلار، يازلار قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، بىلمەيمەن. سىنىپتىكى باللار مەيداندا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ. باغلارغا كىرىپ گۈللەرنى تېرىشتى. ئۇلارغا زادىلا قوشۇلغۇم كەلمەيدۇ، خىيال سۈرگىنىم سۈرگەن. ئىچىم پۇشىدۇ، خىيالىمنىڭ باش ـ ئايىغى چىقمايدۇ.

مەردان! بۇ يىل 5 ـ ئايدا بىزنى غول يۇقىرىسىغا باراۋەتكە ئەچىقتى. ئوغۇللار چوغلۇق تېرىپ كېلىشكە تاغقا كەتتى. قىزلارنىڭ سۇ چېچىشقىنى سۇ چېچىشىپ، سۇغا چۈشكىنى سۇغا چۈشتى دېگەندەك. مەن ئاشۇ چوغلۇق تەرگىلى كەتكەن باللار تەرەپكە قارايمەن. سەن ئاشۇ ئېگىز تاغ بېشىدىن چاقپەلەك ئېتىپ ئۇچۇپ كېلىدىغاندەكلا قىلىسەن، ئىلاجىم يوق، سۇ بويىغا بېرىپ، سۇغا قاراپ ئولتۇرۇپ قانغۇچە يىغلىدىم. ئاندىن يۈزۈمنى سوغۇق سۇدا يۇدۇم ـ دە، باللاردىن بۇرۇنلا يالغۇز ئۆيگە قايتتىم.

جېنىم مەردان! سەن ۋە مەن باھارغا نەقەدەر ئامراق ئىدۇق ـ ھە؟ ئېسىڭدىمۇ؟ بىر يىلى ئاشۇ غول يۇقىرىسىغا چىقتۇق. سەن باللار بىلەن ماڭا چوغلۇق تېرىپ كېلىمەن دەپ تاغقا كەتتىڭ. مەن قىزلار بىلەن سۇ چېچىشىپ ئويناپ قالدىم. پۇتۇم تۇيۇقسىز تېيىلىپ كېتىپ تىزىمنى تاش قىيىۋېتىپ قاناپ كەتتى. مەن قاندىن يامان قورقاتتىم. ئۆكسىلىم يوق، غال ـ غال تىترەپ يىغلايتتىم. كىچىك ئاپام كېلىپ مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قاننى ئېرتىپ بەزلەۋاتاتتى، بىراق مېنىڭ كۆزۈم سەندە ئىدى. سەن كىمدىن ئۇقتۇڭ بىلمەيمەن، دۆڭدىن

ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتىسەن، كۆزلىرىڭ چىقىپ كېتىپتۇ، ھاسىرايسەن، بىر مېنىڭ كۆزۈمگە، بىر پۇتۇمغا قارايسەن. كىچىك ئاپام شۇ كۈنىلا بەرگەن ئاق يىپەك ياغلىقنى يانچۇقىڭدىن ئېلىپ، مېنىڭ پۇتۇمدىكى قاننى ئېرتتىڭ. ياغلىق قىپقىزىل كەشتە باسقاندەكلا بولۇپ كەتتى. سەن ياغلىقنى ياڭدۇرۇپ يانچۇقۇڭغا سالدىڭ. مېنىڭ پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى توختىغاندەك بولدى. كۆزۈڭگە قارىدىم، سەن مېنىڭ قېنىمنى ئۆزۈڭنىڭ قېنىدەك كۆردۈڭ، سەسكەنمىدىڭ، يات كۆرمىدىڭ. كىچىك ئاپام ياغلىقى بىلەن پۇتۇمنى تاڭماقچى بولۇۋىدى، سەن بىر تارتىپلا كۆڭلىكىڭنىڭ پېشىنى ئۈزۈپ كىچىك ئاپامغا بەردىڭ. كىچىك ئاپام پۇتۇمنى تېڭىپ قويدى. سەن خۇددى يۈرىكىڭنى تارتىپ ئېلىپ مېنىڭ يۈرىكىم ئورنىغا سالغاندەك تۇيۇلدى. مەن ساڭا نېمە دېيىشنى بىلمەي قارايتتىم.

سەن بىز قايتقۇچە يېنىمدىلا ئولتۇردۇڭ. بىز قايتتۇق. بالىلار كۆكى ئېلىنغان قوزىلار قىيا - چىيا مەرىشىپ ئانىسىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك ۋارقىرىشىپ مەھەللىگە قاراپ چېپىشتى. سەن ماڭا تالدىن ھاسا تاياق ياساپ بەردىڭ، مەن تاياققا تايىنىپ ماڭدىم، بىراق ئاقساپ تىزىم ئېچىشىپ ئاغرىيتتى. پېشانەمدىن چىپىلداپ تەر چىقىپ تۇراتتى. بىز بالىلاردىن خېلىلا كېيىن قالدۇق. مەن ئۇنىمىغانغا قويماي سەن مېنى ھاپاش قىلىپ كۆتۈردۈڭ. دۈمبەڭدىن ئۆتكەن ئىسسىق ھارارەت خۇددى ئىسسىق قاندەك مېنىڭ كۆكسۈم ئارقىلىق يۈرىكىمگە ئۆتۈپ تومۇرلىرىمدا قان بولۇپ ئايلانغاندەك قىلاتتى. سەن ماڭا ئەيسا تاغامدىن ئاڭلىغان پەرھات ۋە شىرىن چۆچىكىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپ، پەرھاتنىڭ «كاككۇك»، شىرىننىڭ «زەينەپ»، قارا مەلئۇننىڭ «توك قاغا» بولۇپ قەبرىدىن ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى

سۆزلەپ بەردىڭ.

— ئۇلار نېمىشقا بۇ دۇنيادا مەقسەت ـ مۇرادىغا يەتمەپتۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن نېمىشقىدۇر مەيۇسلىنىپ. بۇ ۋاقىتتا مەن پۈتۈمنىڭ ئاغرىقىنىمۇ ئۇنتۇغانىدىم.

— چىن ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇ دۇنيادا مەقسەت ـ مۇرادىغا يېتەلمەيدىكەن. ئەيسا تاغامنىڭ دېيىشىچە، بۇ دۇنيا رەزىللىك، ساختىلىقتىن خالىي ئەمەس، پۇل، مال ـ دۇنيا، مەنسەپ ئۇچۇن مۇھەببەتنى، ئىززەت ـ نومۇسىنى ساتىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس... دەيدۇ، — دېدىڭ. مەن سېنىڭدىن شېرىن بىلەن پەرھات تايىنلىق چىرايلىق بولۇشى كېرەك، دەپ سورىدىم. سەن ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ:

— گەپ چىرايلىق ـ سەتتە ئەمەس. ئەيسا تاغامنىڭ دېيىشىچە، مەجنۇن تېخى بەزىدە سەۋدايى كىشىلەردەك يۈرىدىكەن. قارا، مەن سەتقۇ، راستمۇ! — دېدىڭ. مەن سېنىڭ ئوڭ قولىقىڭنى تۇتۇپ چىڭ تارتتىم. سەن بۇرۇلۇپ ماڭا قارىدىڭ. سەن كۈلۈمسىرەپ تۇراتتىڭ. «هى» دەپ مەڭزىڭنى سىلاپ قويدۇم.

مەردان! مەن هەر كۈنى مۇشۇنداق ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئويلاپ كۈندۈزنى كېچىگە، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلايمەن ـ دە، خۇشال بولۇپ سەن بىلەن بىرگە يۈرگەندەك هېس قىلىمەن.

بىراق، سېنى شۇ ۋاقىتتا نېمانچىلا ئاۋارە قىلغان بولغىيدىم، دېسەم پۇشايمان قىلىمەن ـ دە.

ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم،
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم،

www.uyghurkitap.com

دەپ ناخشا ئېيتىمەن.

جېنىم مەردان! بولدىلا، ئۇ ئىشلارنى شۇنچىلىكلا دەي. تېخى سەن بىلەن مېنىڭ ئالدىمدا ۋاقىت ئۇزۇن، ئىشلار تېخى ئالدىمىزدىغۇ؟

مەردان! سەن هازىر ئوفىتسېر، ۋەتىنىڭ، خەلقىڭ، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئۈمىد ـ ئارزۇسى پەقەت سىلەردە، شۇڭ- داقلا بىزدە، غەلىبە ئەلۋەتتە بىزگە مەنسۇپ.

مەردان! مەن ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىنىڭ قانۇن سى- نىپىغا 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى كىرىمەن. ئىمتىھان بېرىپ بىزنىڭ سىنىپتىكى بالىلاردىن ئالتە ئوغۇل، ئىككى قىز ئۆت- تى. تۆت بالا ھەربىي سەپكە چاقىرتىلدى. مەن يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن مەكتەپ قوينىغا كىرىپ، ئىلىم ـ پەن يولىدا يېڭى قەدەمنى تاشلايمەن.

جېنىم مەردان! مەن مۇشۇنداق خۇش خەۋەر بىلەن ئالدى بىلەن سېنى، ئاندىن ئۆزۈمنى تەبرىكلەيمەن. مەردان، ئېسىڭگە سېلىپ قوياي، سېنىڭ ھېلىقى كۈنى قارىياغاچ تۈۋىدە ‹غۇن- چەم! مەن ئۇرۇشتىن قايتىپ كەلسەم ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇي- مەن› دېگەن سۆزۈڭ ھېلىمۇ ئېسىمدە.

جېنىم مەردان! خېتىمنى بولدى قىلاي. قىسقىسى، سېنى سېغىندىم، سېغىندىم، سېغىندىم، سېنى بىر مىنۇت، بىر سائەت بولسىمۇ بۇرۇن كۆرۈش ئۈچۈن ئاشۇ قارىياغاچ تۈۋىدە ئالدىڭغا چىقىپ كۈتىمەن.

جېنىم مەردان! مەن ساڭا نېمە سوۋغا تەييارلىدىم بىلەم- سەن؟ جېنىم مەردان! ئۇ قىپقىزىل يۈرەك!

سېنىڭ غۇنچەڭ

1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى»

غۇنچەمنىڭ خېتىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن بىر پەس جىمجىت تۇرۇپ كېتىشتۇق. بولۇپمۇ ئازادە ئالدىدا ئولتۇرغان پروفېسسور، جەمئىيەتتە ھۆرمەتكە ئىگە ئاق چاچلىق ئانىنىڭ سۇنماس قەلبىگە قايىل ئىدى.

— ئانا! جېنىم ئانا! مەنمۇ سىزنىڭ ئۆز قىزىڭىز، جەۋلان ئاكام سىزنى ئۆمۈر بويى ئانام دېسە، مەنمۇ سىزنى ئۆمۈر بويى ئانام دەيمەن، — ئازادە ئانىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ سۆيەتتى.

— شۇنداق قىزىم، مۇشۇ ھەممىڭلار مېنىڭ ئۆز ئوغلۇم، ئۆز قىزىم، بىلەمسىلەر؟ مەردانىنى ئاپىسى ھەممە ئاق كۆڭۈل ئانىلارغا، دادىسى خەلققە تاپشۇرغانىدى. مېنىمۇ ئاپام «سېنى ئاق كۆڭۈل ئانىلارغا تاپشۇردۇم» دەپ جان ئۈزگەن. مەن ھاياتىمدا بارلىق ئېسىل ئانىلارنى ئانا دېدىم. بۈگۈن مەن ئانا، ھەممىگە ئانا!

غۇنچەم ئازادەنىڭ بېشىنى ئانىلىق مېھرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ، بۇ سۆزلەرنى بىر - بىرلەپ دېدى - دە، ئاندىن مەردان بىلەن ئۆزىنىڭ خېتىنى سىلىدى.

ئۇ خەتنى ئەمەس بەلكى مەردانىنىڭ دۇمبىسىنى سىلىغاندەك ھېس قىلاتتى.

— قاراڭلار! — دېدى غۇنچەم سۆزىنى داۋام قىلىپ، — مۇھەببەت پۈۋلىسە يېنىپ، پۈۋلىمىسە ئۆچۈپ قالىدىغان ئوت ئەمەس، شۇنداقمۇ قىزىم. ئاھ خۇدا، جەۋلان، دىلناز، ئۇمتۇل بالام، قېنى سىلەر؟ ۋاي بېشىم بۆلەكچىلا ئاغرىۋاتىدىغۇ، ئۇمتۇل بالام، بوۋاڭنىڭ خېتىنى قارىغىنا، مېنىڭ خېتىم بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش، «مەڭگۈلۈك مۇھەببەت»، «قىپقىزىل يۈرەك»، — ئۇ ئۇمتۇلنىڭ پېشانىسى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گە سۆيدى ـ دە، يېنىچە قىيسىيىپ بېشى مېنىڭ بىلىكىمگە چۈشتى.

— غۇنچەم، نېمە بولدۇڭ؟ كۆزۈڭنى ئاچ، غۇنچەم! — ئۇ بىر پەستىن كېيىن كۆزىنى قىيا ئاچتى ـ دە، نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن ئەتراپقا قارىدى. ئاندىن:

— جەۋلان، قېنى سەن قوزام، مەن سەندىن رازى. سېنى خەلقىمگە تاپشۇردۇم، قارا، داداڭ كەلدى. مېنى ئەكېتىمەن دەيدۇ، ئاھ، «مەڭگۈلۈك مـۇھـەبـبـەت»، مـەردان قولۇمـنى تۇت، — ئۇنىڭ ئالدىغا سۇنغان قولى لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى.

— غۇنچەم! غۇنچەم!

— ئاپا! جېنىم ئاپا!

— موما، جېنىم موما!

مېنىڭ مۇشۇ بىلىكىمدە يېتىپ مەردان جان ئۈزگەنىدى. مانا بۈگۈن غۇنچەممۇ مۇشۇ بىلىكىمدە جان ئۈزدى.

مەردان بىلەن غۇنچەم ئاپئاق ياستۇق ئۈستىدە بېشى بىر ياستۇقتا ياتقاندەك قىلاتتى...

ئەزىز ئوقۇرمەنلەر، مۇشۇ قۇرلارنى يېزىۋېتىپ، چەكسىز ھەسرەتتە كۆز يېشىم قۇرۇمىدى، يۈرىكىم تىترەپ، داۋاملىق يېزىشقا ئامالسىز قالدىم. قىسقىسى، مەردان ئۆلمىدى، ئۇ ھايات، چۈنكى، ئۇ تېخى سەبىي ئوقۇغۇچى، شۇنداقلا ۋەتەننى، خەلقنى قولىغا قورال ئېلىپ قوغداۋاتقان جەڭچى.

پولات، گۈلنار، غۇنچەملەرمۇ ئۆلمىدى، ئىسمى ئۆچمىدى، ئىزى يوقالمىدى. چۈنكى ئۇلار ۋەتەنگە سادىق ئوقۇتقۇچىلار ئىدى.

ئاڭلاڭلار! مەن ئۆزۈمنى ئەلپاتتايوپنىڭ ئورنىدا كۆردۈم. ئوغلۇم پولات بىلەن كېلىنىم گۈلنار ئالىي ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگىتىپ هازىر مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئۇلاردا ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئالىملار، ئىنژېنېرلار، دوختۇرلار، گېنېراللار، ئوقۇتقۇچىلار، شائىر - يازغۇچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ هەرقايسى جايلىرىدا زور تۆهپىلەرنى قوشۇۋاتىدۇ، شۇنداقلا ياراتقان يېڭى تۆهپىلىرى بىلەن ئوقۇتقۇچى - ئۇستازلىرىنى ياد ئېتىپ تۇرىدۇ.

هاياتىمدا نەۋرە كۆردۈم، ئەزان ئېيتىپ ئىسمىنى مەردان قويدۇم. شىرەم تۇغقىنىمنىڭ قىزىنى، تۇغۇلۇپ ئۈچىنچى كۈنىلا قىز قىلىپ سوراپ ئېلىپ، ئەزان ئېيتىپ ئىسمىنى غۇنچەم قويدۇم. غۇنچەم مەرداندىن تۆت ئايلىقلا كىچىك. ئۇلار ئەتىدىن - كەچ كىرگۈچە قوشكېزەكلەردەك بىرگە ئويىنايدۇ. بىر - بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلمايدۇ، كېچىسى ئىككىسى ئىككى يېنىمدا ياتىدۇ. ئۇلار هازىر چوڭ بولۇپ، مەردان هەربىي ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ 4 - يىللىقىدا، غۇنچەم بولسا سىياسىي - قانۇن كەسپىنىڭ 4 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتىدۇ، هەر ئىككىلىسىنىڭ يەنە بىر يىلدىن ئوقۇشى بار. ئۇلار هازىر ئەڭ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ، بىر - بىرىگە خەت يېزىشىپ تۇرۇپتۇ. بۇ يىل تەتىلگە كەلسە مەن ئېپىنى تېپىپ ئۇلارنىڭ دوستلۇق رىشتىنى مۇهەببەت ئىزىغا بۇراپ قويىمەن - دە، ئوقۇشنى تۈگىتىپلا كەلسە، كۆزۈمنىڭ ئۇچۇقىدا چوڭ توي قىلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويىمەن.

هۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مانا ئاخىر بۇ ئارزۇيۇممۇ ئەمەلگە ئاشتى. بۈگۈن ئۇلارنىڭ توي مەرىكە كۈنى، سىلەرنىڭ ئوغلى-

مىز مەردان بىلەن قىزىمىز غۇنچەمنىڭ توي مەرىكىسىنىڭ ئەزىز مېھمىنى بولۇپ قاتنىشىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن: پولات ئەلپاتتايوپ
گۈلنار ئەلپاتتايوۋا

ئورنى: ۋىسال ئارامگاھى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

[General Information]
书名=相聚　维吾尔文
SS号=40300807